ياسىنجان سادىق

# ئەتە يەنە پوچتاليون كېلىدۇ



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ياسىنجان سادىق

# ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


**图书在版编目(CIP)数据**

邮递员明天再来：维吾尔文 / 牙森江·沙迪克著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2013.9
ISBN 978-7-228-17045-6

Ⅰ. ①邮… Ⅱ. ①牙… Ⅲ. ①中国文学 — 当代文学 — 作品综合集 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I217.2

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第238441号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 孜来汗·艾则孜 |
| 责任校对 | 再米拉·裴达依 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出　　版 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 发　　行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 14.875 |
| 版　　次 | 2013年9月第1版 |
| 印　　次 | 2013年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 41.00 元 |


— ياسىنجان سادىق چوغلان

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ ........................ 3
ئېھ، سەھرا ........................ 13
بىچارە ئانام ........................ 23
باھار ........................ 25
گۈللۈكتىكى پاراڭلار ........................ 29
باغلىنىش ھەققىدە لەتىپە ........................ 34
ئوغرىدىن كەلگەن تېلېفون ........................ 44
ئاقىبالىخان ........................ 50
كېپىش ........................ 55
ئارمان ........................ 60
قاناتسىز كېپىنەك ........................ 64
ھالاكەت ........................ 69
خىجىللىق ........................ 72
ۋەسىيەت ........................ 74
پۇل ........................ 78
تەمەگەرلىك كومېدىيەسى ........................ 82
خىيال ۋە چۈش ........................ 86
ساخاۋەتلىك قار ........................ 90
گۈلسۈم پاناق ........................ 99
قىزىلگۈل ........................ 108
تەخەللۇس ماجىراسى ........................ 114

تەڭرى پېشانەڭگە سۆيىدۇ ........................ 119
«ئىسىت، ئىسىت» ........................ 124
هازىدارلار ........................ 127
ئىككى پارچە خەت ........................ 129
دوستۇمنىڭ لايىقى ........................ 131
«توغرا چۈشىنىڭ» ........................ 133
مودا ........................ 135
شوپاڭ كۈچۈكى ........................ 142
ئۆچۈر، تېلېۋىزورنى ........................ 145
ئوغرى ........................ 148
جازا ........................ 153
ئاھ، سۇ ........................ 161
ئاق تۇمان ........................ 165
نۇرەك نادان ........................ 172
ئۇلار ساۋاب تاپماقچى ........................ 179
سەپەردىكى لەتىپە ........................ 189
ئېمىزگۇ ........................ 194
«ئىلاھ» ۋە «مۇخلىس» ........................ 199
ئۇۋچى ........................ 205

## نەسرلەر

سۆيگۇ قەسىدىسى ........................ 209
سادا ........................ 217
سۇرەت ........................ 219
تۇن پەردىسىگە مەدھىيە ........................ 220
ۋىناسىنىڭ سىرى ........................ 221
ئالتۇن قەسىدىسى ........................ 222
ئەما I ........................ 223

ئەما II ........................................ 224
بەخت ۋە بەختسىزلىك ........................................ 225
سۇ ........................................ 226
ئېقىن ۋە قىرغاق ........................................ 228
ئانا ........................................ 230
گادىرماچ كۆرۈنۈشلەر ........................................ 231
قۇرت ........................................ 234
يولۇچى، يول ۋە مەنزىل ........................................ 236
ياش ۋە كۆلكە ........................................ 237
دوستلۇق رىسالىسى ........................................ 238
سەدىقە ........................................ 240
جانان — يۈرەك ........................................ 241
مەڭگۈلۈك ھىجران ........................................ 243
سۆزۈك ........................................ 244
كۆچكەن ئاشىقلىق ........................................ 246
ئەتە... ........................................ 248
ئاتەش ........................................ 249
مىراس ........................................ 250
بۇلبۇلنىڭ ئېيتقانلىرى ........................................ 252
ھايات يولى ........................................ 254
... غا ........................................ 255
ئەزرائىلنىڭ ئېيتقانلىرى ........................................ 257
ئۈچ بۇرجەك ھايات ........................................ 258
ۋىسال ........................................ 259
ناخشا ........................................ 260
مەھبۇسلار ........................................ 261
بۆشۈك ........................................ 262
زەرەپشان ........................................ 263
تىلەكلەر ........................................ 266

چاقماق ........ 267
تەن ۋە روھ ........ 268
ئىنساب ........ 269
ئالتۇن بۇلاقلار ئويغاتقان ھېسلار ........ 270
تەكلىماكان ........ 274
تىلەمچى ........ 275
ياۋا چېچەكلەر ........ 276
يۈرىكىم يىغلايدۇ ........ 281
ئۈچ تال ئەتىرگۈل ........ 294
نورۇزغا تىلەك ........ 300
گۈل بەرگىدىن تۆكۈلگەن شەبنەم ........ 305
باھار ........ 307
ئەسسالام، يېڭى يىل ........ 309
پۇشايمان ........ 310
ئەمەل تەگكەندە ........ 312
ئىلتىجا ........ 314
بىز ۋە ئۇلار ........ 316
تويلۇق ........ 317
تىنىقلىرىم ........ 318
كۆتۈش ........ 319
ياۋا چېچەك ........ 321
بوران ........ 327
مەسخىرە ........ 329
مېۋە ........ 330
ئالدىنىش ........ 331
تۈگمەن ........ 332
سۆيگۈ ئىلاھى بىلەن سۆھبەت ........ 334
مۇھەببەت، خىيانەت ۋە جىنايەت ........ 335
ئالقىش ........ 336

ئېھ، پۇراقسىز گۈل ........................ 338
پىنھان كېچىدە كۆرگەن چۈشلىرىم ..................... 340
ئەقىدە ۋە ئۈمىد ................................ 343

## ماقالە ۋە ئەسلىمە

يازغۇچىنىڭ ۋاقتى ................................ 353
شېئىر ئۇلۇغ، شائىر مۇقەددەس ..................... 364
ئۆمرىمىز بەرىكەتلىك بولغاي ......................... 368

## سۆھبەت ۋە دىل بايانلىرى

ئارزۇيۇم: خەلق ئېتىراپ قىلغۇدەك يازغۇچى بولۇش (1) ... 409
ئارزۇيۇم: خەلق ئېتىراپ قىلغۇدەك يازغۇچى بولۇش (2) ...415
ئارزۇيۇم: خەلق ئېتىراپ قىلغۇدەك يازغۇچى بولۇش (3) ... 431
ئارزۇيۇم: خەلق ئېتىراپ قىلغۇدەك يازغۇچى بولۇش (4) ... 455
ئارزۇيۇم: خەلق ئېتىراپ قىلغۇدەك يازغۇچى بولۇش (5) ... 459

# هېكايىلەر

# ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ

ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ، كىملەرگىدۇر خۇشاللىق، كىملەرگىدۇر ئازاب، كىملەرگىدۇر خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى خەتلەرنى ئەكېلىدۇ، لېكىن كىشى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن خەتلەرنى تولىمۇ كېچىكتۈرۈپ ئەكېلىدۇ.

ۋارىس ۋېلىسىپىت پىدالىنى كۈچەپ تېپەتتى. ۋېلىسىپىت ئۇنىڭ قارام كۈچىدىن غۇيۇلداپ ئۇچاتتى. ئۇ قول سائىتىگە يەنە قارىدى. ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىتتىن ئوتتۇز بەش مىنۇت ئېشىپ كېتىپتۇ. پوچتالىيون چوقۇم كېلىپ بولدى. ھازىر خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى قىزچاق خەتلەرنى ھەرقايسى بۆلۈم - ئىشخانىلارغا تارقىتىپ بولدى. ئىشخانىنىڭ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭ تەرەپتىكى سىرى چۈشۈپ كەتكەن ئەبجەق ئىش ئۈستىلىگە ئاق رەڭلىك بىر پارچە كونۋېرتنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئىشخانىدىكىلەر پەرۋاسىز، ئۆز ئىشلىرىغا بەند. پەقەت ھەنىپەنىڭ ئوغرى مۈشۈكنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى خەتكە چاشقان مارىغاندەك تىكىلمەكتە. ئەنە ئۇ ئوتتۇز بەش ياشلىق ئاياللارغا خاس سېمىز، مىختا بەدىنىنى ئورۇندۇقتىن چاققانلىق بىلەن كۆتۈردى. ئەتراپىدىكى ئىشداشلىرىغا ئاستىرتىن كۆز يۈگۈرتۈۋېلىپ، قاراڭغۇ بۇلۇڭدىكى ئىش ئۈستىلىگە — ئىگىسىنىڭ قەدىرلەپ ئېلىشىنى، تەشنالىق بىلەن ئاۋۋال باغرىغا، كېيىن لېۋىگە بېسىشىنى كۈتۈپ تۇرغان خەتكە قاراپ، كۆڭلەككە پاتماي قالغان، كانارىغا ئېسىپ قويغان قوينىڭ قۇيرۇقىدەك كۆكسىنى لىغىرلاتقىنىچە يەڭگىل قەدەم تاشلىدى. مۈشۈكنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى كونۋېرتتىكى چىرايلىق

پوچېركا بىلەن يېزىلغان ئادرېسقا نەشتەردەك تىكىلدى. كونۋېرت ئىچىدىكى خەتنى ئوقۇۋاتقاندەك ئۇزاق تىكىلدى.

ۋارىس بىر خىل يوشۇرۇن تۈيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە ۋېلىسىپىتنى جىددىي تورمۇزلىدى. ۋېلىسىپىتنىڭ بىر نەرسىگە جالاقشىدە سوقۇلۇشى ئۇنى تولۇق ئېسىگە كەلتۈردى.

— ۋېلىسىپىتنى ئاستىراق ھەيدىسىلە، ئىنىم، ھېلىمۇ خۇدا ساقلىدى.

ئۇ ئالدىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە ئەيىبكارلاردەك قارىدى. ۋېلىسىپىت بىلەن ۋېلىسىپىت سوقۇشقان، ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يوق. لېكىن، ھېلىقى كىشىنىڭ كۆزلىرى ئۇنى ئەيىبلىمەكتە...

— كەچۈرسىلە...

ئۇ بۇ سۆزنى بوغۇزىدىن ئارانلا تارتىپ چىقاردى ـ دە، ۋېلىسىپىتكە لىككىدە قوندى. ئۇنىڭ قارام كۆچىدىن ۋېلىسىپىت يەنە غۇيۇلداپ ئۆتتى.

ئۇنىڭ كۆزى ئىشخانىغا كىرىپلا ئىش ئۈستىلىگە تىكىلدى. ئۈستەل ئۈستىدە تۈنۈگۈن يىغىشتۇرۇلماي قالغان ماتېرىياللارنى بىردىن ـ بىردىن ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئاختۇردى. ئۈستەلدە ئۇنىڭ تۈنۈگۈن ئېلىپ تاشلىۋەتكەن تىرناقلىرى تۇراتتى. چىرايلىق پوچېركا بىلەن ئادرېس يېزىلغان ئاپپاق كونۋېرت يوق. ئۇ ھەمىيەنىڭ ئۈستىلىگە غەزەپ بىلەن چەكچەيدى. ھەمىيە مەيدىسىنى ئۈستەلنىڭ قاتتىق قىرىغا تىرىگىنىچە، قولىدىكى بىر پارچە خەتكە قاراپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى.

«بىزەڭ، شاللاق خوتۇن، خەقنىڭ خېتىنى تەپ تارتماي ئوغرىلىقچە كۆرسۇنۇ، يەنە تېخى كۆزىنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ كەتكىنىنى. رەسۋايىڭنى كېلىشتۇرۇپ... ئوغرى مۈشۈك...»

ۋارىسنىڭ قانلىرى قىيان ياسىدى. كۆزىگە ئوتقاشتەك قىزىللىق تېقىلدى. ئالتە قەدەم ئارىلىقنى بىر قەدەمدىلا

چامدىدى.

— بۇ خەت...

«مۇشۇك كۆز» بىلەن «ئوت كۆز» توقۇنۇشتى.

— قاراڭ، ۋارىس، جاھاندا شۇنداقمۇ ئىپلاس ئادەملەر بولىدىكەن. مەندەك ھالال، پاك بىر ئايالغا قارا چاپلاپ... شۇمۇ ئەر بولدىمۇ؟ خىزمەتنى دەپلا، كېلىشكەن چىرايلىق خوتۇنىنى ئالتە ئايلاپ تاشلىۋەتكىنىنى ئاز دەپ، يەنە تېخى خەقنىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ يازغان خېتىنى، ۋاي كىمگە ئېيتاي بۇ دەردىمنى؟! ھېلىمۇ ئالتە ئايدىن بېرى ئىككى شۇمىنى بېقىپ، كېچىلىرى يالغۇز ۋاسا ساناپ يېتىپ، ئىچ پۇشۇقىدا ساراڭ بولۇپ قالمىدىمغۇ؟...

ۋارىسنىڭ كۆزىدە يانغان گۈلخان سۇ قۇيۇۋەتكەندەك لاپپىدە ئۆچتى. پاراسىدە ئۇزۇلۇپ كەتكۇدەك چىڭىغان ئەسەبلىرى پىلىكتەك يۇمشىدى. ئىشخانىدىكى ئۈستەل - ئورۇندۇقلار پىرقىرايتتى...

ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ، كىملەرگىدۇر خۇشاللىق، كىملەرگىدۇر ئازاب، كىملەرگىدۇر خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى خەتلەرنى ئەكېلىدۇ. لېكىن، كىشى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن خەتلەرنى تولىمۇ كېچىكتۈرۈپ ئەكېلىدۇ.

پايانسىز يېشىل ۋادا، جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى غۇر - غۇر شامال، ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سوزۇلغان ئەزىم دەريا چىمەن قىرغاقلارغا ئۇنچە چاچرىتىپ، يېقىملىق قەدىمكى سىمفونىيەسىنى ياڭراتقىنىچە، قىز كۆكسىدەك دولقۇن ياساپ ئاقماقتا. ئالىقانچىلىك بۇلۇت يوق زۇمرەتتەك ئاسماندا بىر ئاق قۇ ئۇچۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ گۈزەل قاناتلىرى گويا ئۇسسۇلغا چۈشكەن قىزنىڭ نازۇك بىلەكلىرىدەك نەپىس پەر قاقماقتا. ئۇ بىر تال ئاپپاق كونۋېرتنى چىشلىۋالغان.

— ۋارىس ! ۋارىس !...

ئاق قۇنىڭ ئاۋازىمۇ ياكى غايىب سادا، بۇنىسى نامەلۇم.

لېكىن، چىمەن قىرغاقتا تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان زىلال قەترىلەرگە قاراپ ئولتۇرغان ۋارىس تېزدىنلا خىيالدىن باش كۆتۈردى. كۆزى ئاق قۇغا چۈشۈشى بىلەن، كۆكرىكىگە قوياش كۆچكەندەك، ۋۇجۇدى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر يالقۇن ئىچىدە قالدى. ئۇ غۇلاچلىرىنى كەڭ كېرىپ ئاق قۇغا قاراپ يۈگۈردى. بىرنەچچە قەدەم چامداش بىلەن تەڭلا ھېلىقى ئاق قۇ كېلىشكەن بىر ئەركەك ئاق قۇغا قاراپ قانات قاقتى. زۇمرەتتەك ئاسماندا ئالىقانچىلىك بۇلۇت يوق ئىدى. ئىككى ئاق قۇ بىر ـ بىرىگە قاراپ كۆچەپ قانات قاقاتتى. جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى غۇر ـ غۇر شامال ئۇلارنىڭ قاناتلىرى ئارىسىدا يېقىملىق غۇيۇلدايتتى. ئىككى ئاق قۇ ئاخىر ئۇچراشتى. قاناتلىرى بىر ـ بىرىگە چىپىسلاشتى. ئەركەك ئاق قۇ چىشى ئاق قۇنىڭ ئاغزىدىكى خەتنى ئالماقچى بولۇپ، تۇمشۇقىنى ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا يېقىن ئەكەلدى. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى. غايىبتىن پەيدا بولغان دەھشەتلىك قارا قۇيۇن چىشى ئاق قۇنى ئورىۋالدى. ئەركەك ئاق قۇنىڭ قاناتلىرى بوغقۇچلانغاندەك بولۇپ ماغدۇرسىزلاندى. ئاسمان قاپقارا تۇتەك ئىچىدە قېتىپ قالغان بولۇپ، چىشى ئاق قۇ غايىب بولغاندى.

— ئانار! ئانار! ...

ۋارىس مېھرىبان بىر قولنىڭ يەڭگىل تۇرتۇشىدىن ئېسىگە كەلدى. ياشتىن نەملەنگەن كىرپىكلىرىنى تەستە ئاجراتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا خاتىرجەمسىزلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— قارا بېسىۋالغان ئوخشايدۇ، بالام، ئەجەب ئاتا ـ ئانا دەپ توۋلاپ كەتتىڭ.

ئانا ئوغلىنىڭ پېشانە ۋە قاڭشارىدا پەيدا بولغان چېكىم ـ چېكىم تەرلەرنى سۆرتكەچ ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى. ۋارىس ئانىسىنىڭ ئورۇق، قوۋزاقتەك قوللىرىنى تۇتۇپ مەڭزىگە ئاستا ياقتى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئانا ئالىقانلىرى

بىلەن ئۇنىڭ قويۇق ساقال باسقان يۈزىنى، قوڭۇر رەڭ بۇجغۇر
چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى ـ دە، يۈز ـ كۆزلىرىگە
بىرنەچچىنى سۆپلىدى.

— خۇدا دەردىڭگە داۋا، رەنجىڭگە شىپا بېرەر، بالام.

ئېلىېكتىر لامپا ئۆيىنىڭ تۆت تېمىنى ۋە ۋارىسنى خۇددى
قۇياشقا ئوخشاش ئۆزىنىڭ سۈزۈك، تالا ـ تالا نۇرلىرىغا
كۆمۈۋەتكەنىدى. ۋارىس لامپىغا ئۇزاق تىكىلدى. لامپا ئۇنىڭغا
بىردە قىزنىڭ شوخلۇق بىلەن قىسىلغان كۆزىدەك، بىردە
ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرغان گۈزەل چېھرىدەك كۆرۈنەتتى. «ئانارنىڭ
كۆزى، ئانارنىڭ چېھرى... ھازىر سەنمۇ ئۆيۈڭنىڭ تورۇسىدىكى
لامپىغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتامدىغانسەن، ئانار...»

— يۇرتىڭىزغا راستلا كېتەمسىز، ۋارىس؟

قىزنىڭ قىيالماسلىق، ئېلتىجا ئارىلاش ئاۋازى تىترەيتتى.
قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدا گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك ياش
تامچىلىرى لىغىرلايتتى. ۋارىس قىزدىن كۆزىنى ئەپقاچتى.

— شۇنداق، يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىمنى بېجىرىپ بولدۇم.

— كەتمەڭ، ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈنۈپ قالاي.

قىزنىڭ كىرپىكلىرىدىكى ياش تامچىلىرى ئاق يېغىندەك
تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ، ئانار، يۇرتتا ئانام تىكەندەك يالغۇز
قالدى. مەن ئۇنىڭ بىر تاللا يۈرەك پارىسى.

— ئانامنى قېشىمىزغا ئەكېلىۋالايلى. ئىشىنىڭ، سىزگە
ئىمانىم بىلەن قەسەم قىلىپ بېرەي. ئىككىمىز توي
قىلالايدىغانلا ئىش بولسا، ئانىڭىزنىڭ ھەرقانداق تەلىپىگە مەن
رازى. كۆڭلىنى تېرىقچىلىكمۇ رەنجىتمەيمەن. ماقۇل دەڭ.
قېشىمىزغا قايتۇرۇپ كېلەيلى.

— سىزگە ئىشىنىمەن، ئانار، — يىگىت ھاياجاندىن
گەدەنلىرىگىچە قىزاردى، ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترىدى، —
بىراق، تەلىپىڭىزنى ئورۇنلىيالمايمەن. مەرھۇم دادامنىڭ تېنى

تېخى تۇپراققا قوشۇلۇپ كېتىپ بولالمىدى. ئانامنىڭ دادامنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنى قويىنىغا ئالغان تۇپراقنى تاشلاپ يىراق يۇرتقا كېتىشكە يۈرىكى چىدىمايدىكەن. ئانامغۇ: «قېشىمغا قايتىپ كېلەلمىسەڭ مەيلى، سەندىن قىلچىلىك رەنجىمەيمەن. پات ـ پات خەت يېزىپ تۇرساڭ بولىدۇ. مەن بۇ يەردە داداڭنىڭ قەبرە بېشىنى يوقلىغاچ، بەختىڭگە دۇئا قىلىپ تۇرىمەن، بالام» دەيدۇ. بىراق، ئويلاپ بېقىڭ، مەن ئانامنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، بۇ يەردە قانداقمۇ خاتىرجەم خىزمەت قىلالايمەن؟ سىزنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرىمەن، ئانار، بىراق ئوغۇللۇق بۇرچۇم، ئانىلىق مېھرى ھەممىدىن غالىب كەلدى. ئەگەر مەن بىلەن بىللە كېتىشنى خالىسىڭىز، مەن بېرىپلا، سىزگە ئىش ئورنى ئۇقۇشۇپ خەت يازاي. ئۇنىڭغىچە سىز ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرۈڭ.

— ماقۇل، — دېدى قىز يىگىتنىڭ يوغان ئالىقانلىرىغا يۇمران مەڭزىنى سۈركىگەن ھالدا، — چۈشىنىمەن، خۇددى سىز ئانىڭىزغا قىيىنغاندەك مەنمۇ ئاتا ـ ئانامغا، شەھىرىمگە قىيالمايدىكەنمەن. شۇڭلاشقىمۇ سىزنى قېلىپ قېلىشقا قىستىغانىدىم، بوپتۇ، سىز خاتىرجەم بېرىپ ماڭا ئىش ئورنى ئىزدەڭ. ئۇنىڭغىچە مەنمۇ ئاتا ـ ئانامنى قايىل قىلاي. ھەرقانداق ئەھۋال يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر چوقۇم خەت يېزىشىپ تۇرايلى. ۋاقتى كەلگەندە مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا خۇددى ئاق قۇغا ئوخشاش ئۇچۇپ بارىمەن.

ئېلېكتىر لامپا ئۆينىڭ تۆت تېمىنى ۋە ۋارىسنى خۇددى قۇياشقا ئوخشاش سۈزۈك، تالا ـ تالا نۇرلىرىغا كۆمۈۋەتكەنىدى. لامپا ئۇنىڭغا بىردە ئانارنىڭ شوخلۇق بىلەن قىسىلغان كۆزىدەك، بىردە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرغان گۈزەل چېھرىدەك كۆرۈنەتتى. ۋارىسنىڭ ھەم ئازابلىق، ھەم شېرىن ئەسلىمىلىرى كاللىسىدا: «ئاق قۇ، خەت»دىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى. ۋارىس ئويلايتتى،

ياق، تىنماي نىدا قىلاتتى. «ئاق قۇ، خەت، ئانارنىڭ خېتى...»
ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ. كىملەرگىدۇر خۇشاللىق، كىملەرگىدۇر ئازاب، كىملەرگىدۇر خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى خەتلەرنى ئەكېلىدۇ. لېكىن، كىشى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن خەتلەرنى تولىمۇ كېچىكتۈرۈپ ئەكېلىدۇ.
— ۋارىس، كۆزۈڭنى ئاچ، بالام.
ۋارىس مەھكەم كىرىشىپ كەتكەن كىرپىكلىرىنى تەستە ئاجراتتى. ئانىسىنىڭ شاپتۇل ئۇچكىسىدەك يول - يول قورۇقلار باسقان مېھرىبان چىرايىغا قاراپ يېقىملىققىنا كۈلۈمسىرىدى.
— مىجەزىڭ يوقمۇ، بالام؟
— ياق، ئانا.
— قارا، ساقال - بۇرۇتلىرىڭ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ئوغۇل بالا دېگەن پاكىز، راۋرۇس يۈرىدىغان، داداڭ رەھمەتلىك ھەپتىدە ئىككى قېتىم چاچ - ساقىلىنى ياسىتاتتى. تۇر، ناشتا قىلىۋېلىپ خىزمەتكە ماڭ.
ئانا ناشتىلىق داستىخاننى پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا راسلىغانىدى. سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە تىزىلغان تەشتەكتىكى گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان بولۇپ، سەھەرنىڭ ساپ، نەمخۇش ھاۋاسىدا خۇشبۇي ھىد چېچىپ دىماقنى غىدىقلايتتى. ۋارىس تەشتەكتىكى پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈلگە ئۇزاق تىكىلدى. قۇياش نۇرىدا گۈلنىڭ بەرگىدىكى شەبنەم تامچىلىرى رەڭدار جۇلالايتتى. ۋارىس شەبنەم تامچىلىرى تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن دېگەندەك، ئاستا بويىنى ئېگىپ، گۈلنى قېنىپ - قېنىپ پۇرىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېسىگە بىر چاغلاردا ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن قىزىلگۈل ھەققىدىكى چۆچەك كەلدى.
... بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق بولغانىكەن، ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنداق ئامراق، ساداقەتمەن ئىكەنكى، تەڭرىدىن بۆلەك ھېچقانداق كۈچ ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە قادىر ئەمەس ئىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرسىدە ئۇلارنىڭ ئېلىگە يات

ئەل باستۇرۇپ كەپتۇ، يىگىت يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن مەشۇقىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. يىگىتنى جەڭگاھقا ئۇزىتار ۋاقتىدا قىز يىگىتكە بىر تال قىزىلگۈل يوللۇق تۇتۇپتۇ. «بۇ گۈلنى يېنىڭىزدا مەھكەم ساقلاڭ، — دەپتۇ قىز يىگىتكە جېكىلەپ، — ھەر كۈنى سەھەردە بۇ گۈلگە بىر قېتىم قاراڭ ۋە قانغۇچە پۇراڭ، بۇ گۈل سىزگە ھەرقاچان مەن يېنىڭىزدا تۇرغاندەك تۇيغۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەت، خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ. ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ مەن بالا ـ قازاغا يولۇقسام ياكى سىزگە ساداقەتسىزلىك قىلسام، گۈل بەرگىلىرى قۇرۇپ، توزۇپ كېتىدۇ، خۇش پۇراق چاچمايدۇ...»

— چېنىڭ سوۋۇپ قالدى، بالام.

ئانىنىڭ سۆزى ۋارىسنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ تەشتەكتىكى قىزىلگۈلگە قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. گۈل توق قىزىل ئېچىلغان بولۇپ، يۇمران بەرگىلىرى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى.

ۋارىس ۋېلىسىپىت پىدالىنى كۈچەپ تېپەتتى. ۋېلىسىپىت ئۇنىڭ قارام كۈچىدىن غۇيۇلداپ ئۇچاتتى. سەھەرنىڭ غۇر ـ غۇر شاملى قويۇق ساقال باسقان چېھرىنى يەڭگىل سۆيەتتى. ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپلا دېرىزىگە قويۇلغان گۈل تەشتىكىگە نەزەر تاشلىدى. تەشتەكتە بىر تال قىزىلگۈل پورەكلەپ ئېچىلغانىدى. ئۇنىڭ يۇمران بەرگىلىرى ئوتقاشتەك جۇلالايتتى. ئەتراپقا خۇشبۇي ھىد چاچاتتى. ۋارىس گۈلنى قېنىپ ـ قېنىپ پۇرىۋالغاندىن كېيىن تۇۋىگە سۇ قۇيدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئېيتقۇسىز بىر خىل ئۈمىد ۋە خاتىرجەملىك بىلەن لىق تولدى.

مانا يېرىم سائەت، بىر سائەتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ۋارىس پات ـ پات بويۇنداپ ئىدارە دەرۋازىسى تۈۋىدىكى خەۋەرلىشىش ئۆيىگە قاراپ قوياتتى. تېخىچە پوچتالىيوندىن ھېچقانداق شەپە يوق، ئۇ بىر تال تاماكىنى لېۋىگە قىستۇردى ـ دە، ئالدىدىكى جەدۋەللەرنى تولدۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ ھەر قېتىم ئىشتىن باش

كۆتۈرگەندە، دېرىزىدىكى قىزىلگۈلگە مېھرى بىلەن نەزەر تاشلايتتى. ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان يۇمران گۈل بەرگلىرى كۆزىنى قاماشتۇراتتى. ئۇنىڭدىن تارىغان خۇشبۇي ھىد دىماقنى غىدىقلايتتى.

دولىسىغا تەگكەن يۇمشاق نەرسىدىن ۋارىسنىڭ ۋۇجۇدى تاتلىققىنا جۇغۇلدىدى ـ دە، چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ھەنىپە ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، كۆڭلىكىگە پاتماي قالغان يوغان كۆكسىنى دولىسىغا تەگكۈزۈپ، مۇشۇك كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرغىنىچە ھىجىيىپ تۇراتتى. ۋارىس ئوڭايسىزلانغان ھەم ھودۇققان ھالدا سەل ئالدىغىراق ئېڭىشىپ دولىسىنى قاچۇردى.

— قىزىق بالىسىز ـ دە، ۋارىس، — دېدى ھەنىپە چاڭىلداپ سۆزلەپ، — بىر بولسا سائەت ـ سائەتلەپ خىيالدىن باش ئالالمايسىز، بىر بولسا باش چۆكۈرۈپ بىر ئىشلىسىڭىز دەم ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىسىز. مەن چۈشتىن كېيىن كېلەلمەيمەن. بۆلۈمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقىردىم. بۈگۈن كەچتە ئوسمان ئاكىڭىز قايتىپ كېلىدىكەن. تۈنۈگۈن خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى قىزچاق ئۇنىڭ تېلېگراممىسىنى ماڭا بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، بايا تاپشۇرۇۋالدىم. خۇشاللىقىمنى تەبرىكلەپ بىر ئولتۇرۇش قىلىپ بېرەي دەۋاتىمەن. كەچتە چوقۇم بېرىڭ.

— بۈگۈن پوچتاليون كەلمىدىمۇ؟


ۋارىسنىڭ جۆيلۈگەندەكلا سورىغان سوئالىغا ھەنىپە تۈزلا جاۋاب بەردى:

— كەلمىدى، بەلكىم ئەتە كېلىپ قالار، كەچتە چوقۇم بېرىڭ ھە.

ھەنىپەنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ۋارىسنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىكى قىزىلگۈلگە مېھرى بىلەن قارىدى. گۈل ئەتىگەندىكىدىنمۇ يوغانراق ئېچىلغان

بولۇپ، يۇمران بەرگىلىرى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى.
ۋارس گۈل بەرگىلىرىگە لەۋلىرىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ
پىچىرلىدى: «بەلكىم، پوچتاليون ئەتە كېلىپ قالار...»

ھەئە، ئەتە پوچتاليون يەنە كېلىدۇ. كىملەرگىدۇر خۇشاللىق، كىملەرگىدۇر ئازاب، كىملەرگىدۇر خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى خەتلەرنى ئەكېلىدۇ. لېكىن، كىشى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن خەتلەرنى تولىمۇ كېچىكتۈرۈپ ئەكېلىدۇ.



# ئېھ، سەھرا

قۇياش ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا توختاپ، زېمىنغا ھېسابسىز كۆيدۈرگۈچى ئالتۇن نۇرلارنى چاچاتتى...

ئاقمەھەللە ئۇخلاۋاتقان بوۋاقتەك تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. نە قوينىڭ مەرەشلىرى، نە كالىنىڭ مۆرەشلىرى، نە ئىتنىڭ قاۋاشلىرى، نە توخۇنىڭ قاقىلداشلىرى، نە قۇشلارنىڭ ناۋالىرى ئاڭلانمايتتى.

تۇيۇقسىز مەھەللە چېتىدىكى بۇلاق بويىغا جايلاشقان ھويلىنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلدى ـ دە، بەستلىك بىر يىگىت لىققىدە ئۆرۈك سېلىنغان ئەپچىلگىنە يۇلغۇن سېۋەتنى كۆتۈرگىنىچە بۇلاق بېشىغا قاراپ ماڭدى.

بۇلاق سۈيى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. يىگىت سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچتى. قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ، مىس رەڭدە پارقىراپ تۇرغان يۈزىنى يۇدى. ئاندىن سېۋەتنى بۇلاق سۈيىگە چىلىدى. ئۆرۈكنىڭ ئۈستىنى ياپقان ياپراقلارنى پاكىز يۇدى ـ دە، بۇلاق سۈيىدە مۇزلىغان ئۆرۈكلەرنىڭ ئۈستىنى يېپىپ، مەھەللىنىڭ شەرقىگە — ئالتۇن دېڭىزدەك بۇغداي ئېتىزلىقىغا قاراپ ماڭدى.

بۇغدايلىق ئورمىچىلار بىلەن قايناپ كەتكەنىدى. بۇغداي ئورۇۋاتقان ياشلار، ئۇنچە توشۇۋاتقان، باغ باغلاۋاتقان ئوتتۇرا ياش ۋە قېرىلار، باش تېرىۋاتقان باللار پىژ ـ پىژ ئىسسىقتا خۇشال كۈلكە، ناخشىلار بىلەن ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل ئىدى.

يىگىتنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بۇغدايلىقتىن قىزنىڭ شوخ ئورما ناخشىسى باشلاندى:

ئورما ئورۇيسەن كۆندە،
تالمامدۇ بىلەكلىرىڭ.
مەن يادىڭغا يەتكەندە.
سالمامدۇ يۈرەكلىرىڭ.

قىزنىڭ ناخشىسى يىگىتنىڭ يۈرىكىنى بۇلاق سۈيى ئىچكەندەك يايرىتىۋەتتى. ئۇ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ قىزنىڭ ناخشىسىغا جور بولدى:

ئورما ئورۇدۇق ئېتىزدا،
ئالتىنچى ئايدا تومۇزدا.
راست گېپىڭنى قىل، يارىم،
بۇغدايلىقتا ـ ئېگىزدا.

يىگىت ناخشا ئېيتقاچ قىزنىڭ قېشىغا كەلدى. قىز بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي بۇغدايغا ئورغاق سالاتتى. ئورغاق بىسى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان تۇم ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى زىلۋا قامىتى بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى.

يىگىت قىزنىڭ قېشىدا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كالتە يۆتەلدى. شۇ ھامان قىز بۇغدايغا ئورغاق سېلىشتىن توختاپ، قىزىل ئەينەك رومالدا مەھكەم تېڭىۋالغان بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى ـ دە، چىرايلىق بادام قاپاقلىرىنى سۈزدى:

— ھۇ بېشىنى يەيدىغان.

— كىم؟ — دېدى يىگىت شوخلۇق بىلەن.

— سەن بولماي كىم بولاتتى، كۆزۈم سەتى.

قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، يىگىت گەدىنىنى قاشلاپ ھىجايدى:

— قېشىڭغا مېنى تىللاپ، ھاردۇقىنى چىقىرىۋالسۇن دەپ

كەلگەن ئوخشايمەن. دەيدىغان گېپىڭ شۇمىدى؟
قىز يىگىتكە زەردە بىلەن چەكچەيدى:
— راست گېپىڭنى قىل دەپ ھاڭراپ كەلمىسەڭمۇ...
— توۋا، — دېدى يىگىت ئۇۋال بولغاندەك قىياپەتتە قىزنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ناھايىتى شۇ ساڭا جور بولۇپ ناخشا ئوقۇدۇمغۇ؟ شۇنىڭغىمۇ خاپا بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟
— باشقىلار ناخشا ئوقۇغاندا ئاغزىڭنى بىرسى بوغۇپ قويغانمىدى؟ — دېدى قىز چىرايىنى ئاچماي، — مەن ناخشا ئوقۇسام لا ئايىغىنى تارتىۋالىسەن سەت كاركىراپ.
— خاپا بولمىغىن، خۇمار، مەن ناماقۇل بولاي، — يىگىت شۇنداق دېگىنىچە ئوڭ قولىنى يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قىزغا ئېگىلدى.
— ئۆتۈپ بارە، سەت توڭكاي، — قىز شۇنداق دېگىنىچە ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى.
— مە، ئۆرۈك يېگىن، — دېدى يىگىت قىزنىڭ كۈلكىسىنى كۆرۈپ، — بۇلاق سۈيىگە چىلاپ، مۇزدەك قىلىپ ئەكەلدىم.
— رەھمەت، ئۆرۈك يېگۈسى بارلارغا ئاپىرىپ بەرگىن، — دېدى قىز چىرايىنى يەنە تۈرۈپ، — مەن سېنىڭ ئۆرۈكۈڭگە خۇشتار ئەمەس.
قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يىگىتنىڭ سېۋەت تۇتۇپ تۇرغان تومۇ، قارامتۇل بىلەكلىرى تىترىدى. شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرغان قوي كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىش، خورلۇق، ئىلتىجا نۇرلىرى بالقىدى.
قىز يىگىتنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ يەنە ۋىلىققىدە كۈلدى ـ دە، سېۋەتنى يىگىتنىڭ قولىدىن كاپپىدە ئالدى.
— ۋاي بىچارە تاۋى نازۇكەي، — دېدى قىز ئۆرۈكتىن بىر تالنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — ئىككى ئېغىز چاقچاقنا قىل قالدىڭ يىغلاپ بەرگىلى.
يىگىت ھىجايدى. چاققانلىق بىلەن قىزنىڭ ئورغىقىنى

قولىغا ئالدى:

— سەن ئۆرۈك يېگەچ بىردەم ھاردۇق ئال. ئورمىنى مەن ئوراي.

— ئاۋارە بولما، — دېدى قىز قەتئىيلىك بىلەن، — ئۆزۈم ئورۇيمەن.

قىز سېۋەتنى يەردە قويۇپ، قىر تۇۋىدىكى چىغىرتماقنىڭ دالدىسىغا ئوت - چۆپلەر بىلەن يۆگەپ قويغان كومزەكنى ئېلىپ يىگىتكە ئۇزارتتى:

— تۇنۇگۈن ئۇيۇتقاق قېتىق. ئىچىۋالغىن، ئىسسىق ئۆتۈپ قالمايدۇ.

يىگىت كومزەكتىكى مۇزدەك قېتىقنى بىر قوشۇق، بىر قوشۇقتىن ئىچىشكە باشلىدى. ئۇلار بىرنەچچە مىنۇت جىمجىت ئولتۇرۇشتى. يىگىتنىڭ قوي كۆزلىرى قىزنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل چېھرىگە، ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدىكى زىلۋا قامىتىگە، گاچا ئىشتىنىنىڭ كەڭ پۇچقىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان پاقالچاقلىرىغا تويماي تىكىلەتتى. قىز ئۆرۈكتىن ئون نەچچە تال يېگەندىن كېيىن، سېۋەتنى ياپراقلار بىلەن چىرايلىق ئوراپ يىگىتكە تەڭلىدى.

— مەن بۇ بىر سېۋەت ئۆرۈكنى يەپ بولالمىغۇدەكمەن. باشقىلارغا ئاپىرىپ بەرگەچ سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئورماڭنى تۈگىتىۋال. ھاۋا يەنە ئۈچ - تۆت كۈن مۇشۇنداق بولۇپ بەرسە، ئۇنچىلەر جاڭ - جاڭ قۇرۇيدۇ. سوپىكىڭدە خامىنىمنى تېپىپ بېرەرسەن.

— بۇغدايلىرىڭنىمۇ مەن ئورۇپ بېرەي، — دېدى يىگىت يېلىنغان ھالدا.

— ئۆزۈڭنىڭكىچۇ؟

— ئانام بىلەن دادام بار. سەن يالغۇز قىينىلىپ قاپسەن. ھاۋاخاچامنىڭ كېسىلى تولۇق ساقىيىپ بولالمىدى. بەربىر ساڭا ياردەملىشىپ بېرەلمەيدۇ.

— ياق، ئاۋۋال ئۆزۈڭنىڭكىنى ئورۇ، تېز تۇتۇش قىلمىساڭ باشاقلار تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. مەن يېتىشەلەيمەن. ئەخمەت تۇنۇگۇن كەچ ناھىيەگە كەپتۇ. بۈگۈن يېزىغا چىقماقچى، قالغىنىغا ئەخمەت بار.

قىز شۇنداق دېدى ـ دە، خىجىللىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

يىگىتنىڭ يۈرىكى ھەرە چېقىۋالغاندەك ئېچىشتى.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى يىگىت پەس ئاۋازدا، ئۇنىڭ كۆزىگە غىللىدە ياش كەلدى، ئاۋازى تىترىدى، — ئورمىنى ئورۇپ بولۇپ خەۋەر قىل. ئۇنچىنى سوپەكتە توشۇپ، تېپىپ، سورۇپ بېرەي. ئەخمەت ئورما ئورۇيالىسىمۇ خامان ئالالمايدۇ.

قۇياش ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا توختاپ، زېمىنغا ھېسابسىز كۆيدۈرگۈچى ئالتۇن نۇرلارنى چاچاتتى...

قىز بۈگۈنمۇ ئورمىلىقتا تورغاي چۇچۇلماستا چىققانىدى. مانا چىڭقىچۈش بولدى. قۇياشنىڭ تەپتى تۈنۈگۈنكىدىن قېلىشمايتتى. قىز بۇغدايلارغا غەيرەت بىلەن ئورغاق سالاتتى. ئورغاق بىسى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان توم ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى زىلۋا قامىتى بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى. ئۇ ئاش ۋاقتىغىچە ناخشىنى بولدى دېگۈچە توۋلىدى. يېقىملىق ئاۋازىدىن پۈتكۈل ئورمىلىق جاراڭلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىگە سىغمايتتى. ھارماي ناخشا ئېيتاتتى. ئورما ئورۇيتتى. پات ـ پات مەھەللە ئىچىگە ئىنتىزارلىق بىلەن قارايتتى. خۇمار كۆزلىرى مەھەللە تەرەپتىن ئەخمەتنىڭ ئورغاق كۆتۈرۈپ چىقىشىنى، ناخشىسىغا جور بولۇپ ئورما ئورۇشىنى ئىزدەيتتى. كۈن ئاش ۋاقتىدىن قىيىلغان بولسىمۇ تېخىچىلا ئەخمەتنىڭ ئۆزى تۈگۈل سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قىزنىڭ بارا ـ بارا ناخشا ئېيتىشقا تاقىتى قالمىدى. ئېيتقان ناخشىلىرى ئۆزىگە مەززىسىز تۇيۇلدى. ئۇ ئۇسساپ كەتكەننى باھانە قىلىپ، ئەخمەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئورما

ئورۇۋاتقان ئىتىزلىقتا باردى. ئىتىزلىقتا بىر ئائىلىلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بار، پەقەت بىر ئەخمەتلا يوق ئىدى.

ئاخشام ئۇ ئورمىدىن يېنىپ مەھەللە ئىچىگە كىرگەندە، ئەخمەتنىڭ ئورۇمچىدىن ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ ئاقمەھەللىگە كەلگەنلىك خەۋىرى ھەممە ئۆيلەرگە تارقالغانىدى. گەرچە ئۇ ئەخمەتنىڭ دىدارىغا شۇنچە تەشنا بولغان بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى. «ئەخمەت ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلدى، ئەمدى ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ. دىدار كۆرۈشىدىغان پەيتلەر كۆپ...» دەپ ئۆزىنى بەزلىگەنىدى. بۈگۈنچۇ؟ ئۇ ئەتىگەن قانداق تاتلىق خىياللار بىلەن ئىتىز بېشىغا چىققانىدى ـ ھە!

خۇمار ئورما ناخشىسىنى جاراڭلىق توۋلىسا، ئەخمەتمۇ ئورما ئورۇغاچ ئۇنىڭ ناخشىسىغا جور بولسا، يۈرەك سىرلىرىنى ناخشىلىرى ئارقىلىق ئىزھار قىلىشسا... نېمىدېگەن گۈزەل كۆرۈنۈشلەر ئىدى ـ ھە! ئەپسۇس، بۈگۈن ئۇنىڭ ناخشىسى يېگانە، جاۋابسىز قالدى. مەخمۇتچۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ يۇز قىزنىڭ ئارىسىدىنمۇ خۇمارنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلەيتتىغۇ؟ خۇمارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئورنىدا تېپىرلاپ تۇرالماي ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا جور بولاتتىغۇ؟ يۈرەك سىرلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ناخشىسى ئارقىلىق بايان قىلاتتىغۇ؟

خۇمار تۈنۈگۈن مەخمۇت بىلەن ئۆرۈك يېگەن ئىتىزغا ئىختىيارسىز نەزەر تاشلىدى.

ئورمىچىلار ھاۋا يانغۇچە چۈشلۈك تاماق يەۋالغاچ، بەللىرىنى تۈزلەپ ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن مەھەللە ئىچىگە قاراپ مېڭىشتى.

— ئالمىخاچا، — دېدى خۇمار ئۆيگە مېڭىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقان ئايالنى توۋلاپ، — ئانامغا دەپ قويسىلا، ماڭا ئاش ئەكېلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن. ماۋۇ ئىتىزنىڭ ئىككى سوللۇق يېرى قالدى. باشقا ئاچىقىۋېتىپلا تاماققا ئۆزۈم بارىمەن.

قىز شۇلارنى دېدى ـ دە، يەنە ئورما ئورۇشقا كىرىشتى.

ئورغاقنىڭ بىسى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. كەينىدە بىر قولتۇق ـ بىر قولتۇق ئۇنچىلەر رەتلىك يىقىلاتتى. ئورغاقنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى خېلى بىر يەرگىچە ئاڭلىناتتى...

تۇيۇقسىز قىزنىڭ يۈرىكى سىيلىپ كەتتى. ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئۆزىگە ئاشىقانە تەلمۈرۈپ تۇرغان يىگىتكە ــ زامانغا لايىق مودا كىيىنىۋالغان، كۆپتۈرۈلگەن قوڭۇر رەڭ بۇجغۇر چاچلىرى، قىزلارنىڭكىدەك ئاق، يۇمران چىرايىغا ھۆسن قوشقان ئەخمەتكە ئەندىكىپ قارىدى.

ــ ھارمىغىن، سالامەت كەلدىڭمۇ؟

قىز شۇلارنى دېدى ـ دە، خىجىللىق بىلەن پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىدى. بىر يىللىق ھىجراندىن كېيىنكى تۇنجى يۈز كۆرۈشۈش قىزنى ھاياجانلاندۇرۇپ، تارتىنچاق قىلىپ قويغانىدى.

ــ سەنمۇ سالامەت تۇردۇڭمۇ، خۇمار؟

قىز ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ يىگىتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. ئۇماققىنا كۈلۈمسىرىدى. ۋۇجۇدىدىكى تارتىنىش، قورۇنۇش، ھودۇقۇش تۇيغۇلىرى ئاستا ـ ئاستا يوقالدى. قىز ئەتراپىغا خۇدۇكسىرەپ قارىدى. ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇلار قىردا يانمۇيان ئولتۇردى.

ــ ئاخشام كەلگەنىدىم، ــ دېدى يىگىت.

ــ خەۋىرىم بار، ــ دېدى قىز پىچىرلاپ.

ــ مەھەللىدە سېنى خېلى ئۇزاق ساقلىدىم. ئۆيگە يانمىدىڭ. ھەرقاچان ئورما ئورۇۋاتىدۇ دەپ ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلىشىم.

ــ يولۇڭغا ئەتىگەندىلا قارىغانىدىم، ــ دېدى قىز تارتىنىپقىنا.

ــ ئورنۇمدىن تۇرغۇم كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەندىلا ئورنۇمدىن تۇرسام، مەنمۇ قولۇمغا ئورغاق ئېلىپ ئورمىلىققا چىقسام بولىدىكەن. شۇڭا، بېشىمنى چۆمكەپ جىملا يېتىۋالغانىدىم، ــ يىگىت قىزنىڭ قاپىرىپ كەتكەن ئالىقانلىرىنى مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ سۆزىنى

داۋاملاشتۇردى، — كىشىلەر سەھرايىقىيامەت دېسە نېمە دېگىنىكىن دەپتىكەنمەن. ئەمدى بىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن سېنى ئورما ئورۇغۇزمايمەن. شەھەردىكى ئىش ئورنۇم ھەل بولسىلا، تويىنى غاچچىدە قىلىپ سېنى شەھەرگە ئەكېتىمەن.

يىگىتنىڭ بۇ سۆزلىرى قىزنى شېرىن تۇيغۇلار قاينىمىدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇ يىگىتكە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— شەھەردە قالىمەن دەمسىنا؟

— ھەئە، — دېدى يىگىت مەغرۇرلۇق بىلەن، — ئۆتكەن يازلىق تەتىلدە تاغام بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەت قىلىشقانىدىم. تاغام يول مېڭىپ بۇ ئىشنى ئاساسىي جەھەتتىن توغرىلاپ بوپتۇ. مەن ھازىر ئاشۇ ئىشنى سۆيلەپ، تېزرەك بىر ياقلىق قىلغىلى شەھەرگە كىرىمەن.

— سەن دېھقانچىلىق كەسپىدە ئوقۇغانىدىڭغۇ؟

— كەسىپ ئالماشتۇرىمەن. شەھەردە قالالىسىلا ھەرقانداق ئىش بولسا مەيلى. ئوقۇغان كەسپىنى قىلمىغانغا نېمە بوپتۇ، — يىگىت ئەزۋەيلەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — سەھرايىقىيامەتتە ئىشلەش بىزگە ئاتا - ئانىمىزدىن تارتىپ پېشانىمىزگە پۈتۈلمىگەن بولغىيدى. بىلەمسەن، خۇمار، شەھەر دېگەن قانداق گۈزەل - ھە ! ھايات...

— بولدى، سەن مېڭىۋەرگىن.

قىز يىگىتنىڭ سۆزىنى سوغۇقلا بۆلدى - دە، قولىنى يىگىتنىڭ ئالىقانلىرى ئارىسىدىن تارتىۋالدى.

— ئەمىسە مېنىڭ خۇش خەۋىرىمنى كۈتكىن، — دېدى يىگىت مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— توختاپ تۇر، ئەخمەت، — دېدى قىز قوپاللىق بىلەن. ئۇ ئەلەملىك تىناتتى. كۆزلىرىدىن ئازاب، ھەسرەت، ئىچىنىش ھېسلىرى بالقىيتتى، — بىلىپ قوي، مەن ئەمدى سېنى مەڭگۈ كۈتەلمەيمەن. ھازىردىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسى ئوچۇق. سەنمۇ ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر.

يىگىت قىزنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي تېڭىرقىدى، قىزاردى، كۆزلىرىنى قىزغا ھەيرانلىق بىلەن تىكتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، چاقچاق قىلىۋاتامدىغانسەن؟

— ياق، چاقچاق قىلمىدىم.

— ئەمىسە ساڭا ۋىجدانسىزلىق، ۋاپاسىزلىق قىلغان يېرىم بارمۇ؟

— ياق، ماڭا ۋىجدانسىزلىق قىلمىدىڭ، — دېدى قىز تەمكىنلىك بىلەن، — بىراق يېزىمىزغا، بىزنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئانا سەھرايىمىزغا ۋاپاسىزلىق قىلدىڭ. بىلەمسەن، ئەخمەت، ئاقمەھەللە بىزنىڭ ئانىمىز. ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەمگە ئەزەلدىن مېنىڭ قەلبىمدە ئورۇن بولغان ئەمەس.

يىگىت قىزغا بىرھازا تىكىلىپ تۇردى - دە، ئاغزىدىن قانداقىسىغا «ئەخمەق» دېگەن سۆزنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

قىز پەرۋاسىزلىق بىلەن قولىغا ئورغاقنى ئالدى - دە، جان - جەھلى بىلەن ئورما ئورۇشقا باشلىدى. ئورغاق بىسى قۇياش نۇرىدا يالتىراپتى. شارتىلدىغان ئاۋازلار يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان توم ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى زىلۋا قامىتى بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى.

قۇياش ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا توختاپ، زېمىنغا ھېسابسىز كۆيدۈرگۈچى ئالتۇن نۇرلارنى چاچاتتى...

خۇمار بۈگۈنمۇ ئورمىلىقتا تورغاي چۇچۇلىماستا چىقتى. ئۇنىڭ تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى غەمكىن، روھسىز، يۈلۈپ تاشلىۋەتكەن گىياھتەك سولغۇن ھالىتىدىن بۈگۈن ئىزنامۇ يوق ئىدى. گەرچە ئۇ ناخشا ئېيتمىغان بولسىمۇ، بۇغدايغا غەيرەت بىلەن ئورغاق سالاتتى. قۇياش كۆيدۈرەتتى، ئورغاق بىسى يالتىرايتتى. ئۇنىڭ چېھرىدە قايغۇ تۇمانلىرى يوق ئىدى.

ئۇ چۈشكە يېقىن ئۆيگە بېرىپ، بىر تاۋاق ئۆرۈكنى شاختىن

زىدە قىلماي بىردىن - بىردىن پۇتاپ ئۈزدى - دە، بۇلاق سۈيىگە خېلى ئۇزاق چىلاپ، ئۇستىنى ئۆرۈك ياپراقلىرىدا چۈمكەپ، ئورمىلىققا قاراپ ماڭدى.


ئۇ مەخمۇتنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، مەخمۇت ئەڭ ئاخىرقى بىر سول بوغداينى باش كۆتۈرمەي ئورۇۋاتاتتى.

— ساڭا ئۆرۈك ئەكەلدىم، — دېدى خۇمار مەخمۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ.

يىگىت چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، قىزنىڭ جامالىغا ھەيرانلىق ئىلكىدە تەلمۈرۈپ قارىدى. غەمكىن، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە بەخت نۇرلىرى بالقىدى.

— ھاڭۋېقىپ تۇرىسەنغۇ؟ — دېدى قىز شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ، — ئۆرۈك يە، بۇلاق سۈيىدە چايقاپ ئەكەلدىم.

قۇياش ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا توختاپ، زېمىنغا ھېسابسىز كۆيدۈرگۈچى ئالتۇن نۇرلارنى چاچاتتى...



# بىچارە ئانام

بىز ــ مەن، چوڭ ئاكام، ئوتتۇرانچى ئاكام، كىچىك ئاكام، چوڭ يەڭگەم، ئوتتۇرانچى يەڭگەم، كىچىك يەڭگەم، چوڭ ئاچام، كىچىك ئاچام، چوڭ كۈيۈ ئوغۇل، كىچىك كۈيۈ ئوغۇل، سىڭلىم ۋە ئىنىم ــ ھويلىنى بېشىمىزغا كىيىپ، ئالىتاغىل ۋارقىرىشىپ قارتا ئوينىماقتىمىز. يېڭىلىپ قالغانلارنىڭ ئورنىغا كىرىش ئۈچۈن نۆۋەت تالىشىپ، بىر ـ بىرىمىزگە تەتۈر قارىشىپ ئولتۇرماقتىمىز. ئانام بىچارە چىپ ـ چىپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، بىر قولىنى ئون قىلالماي، قازان بېشىدا باپكارنىڭ موكىسىدەك چاپماقتا...

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىنتاڭ، تاماقنى پىشۇرۇپ بولغان ئانام داستىخان سېلىپ، پاكىز چايقالغان جانان تەخسىلەردە ئاش ئەكەلدى.

ــ بۇ ئانامغا تۇزنى كىم بەرمىدىكىنە؟ ــ دېدى ئاشتىن بىر چوكا ئاغزىغا سالغان چوڭ ئاچام.

ــ ھە راست، تۇزسىز بولۇپ قاپتۇ، ــ دېدى ئوتتۇرانچى كۈيۈ ئوغۇل.

ــ كۆكتات تېپىلمىغاندەك چامغۇر توغراپ... ــ غودۇڭشىدى كىچىك ئاكام.

ــ مۇچ كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ، ــ دېدى كىچىك يەڭگەم.

ــ ئاچچىقسۇنى شۇنداقمۇ كۆپ قۇيۇۋەتكەن بارمۇ؟ ــ دېدى كىچىك ئاچام.

ــ ئاشنى شۇنداقمۇ سوغۇق چايقامدۇ؟ ــ دېدى چوڭ ئاكام.

ــ ئاشقىمۇ چوكىنى يەكپاي سالامدۇ؟ ــ غودۇڭشىدى چوڭ

كۆيۈ ئوغۇل.

— گىرۋىكى پۆچۈلۈپ كەتكەن تەخسىدە ئاش ئەكېلىپ... — دومسايدى چوڭ يەڭگەم.

مەن بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ چىقىرىلىۋاتقان بۇ قوشۇرلارنى ئاڭلاپ، شۇ ئان ئانامغا قارىدىم. ئانامنىڭ ھارغىن چىرايى بەئەينى گۇناھكارلار سىياقىغا كىرىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئويلاپ قالدىم: «شۇ تۇرقىدا ئانام خورلۇق ھېس قىلىۋاتامدىغاندۇ ياكى ئەپسۇسلىنىۋاتامدىغاندۇ؟»

1998 ـ يىلى ئىيۇن، يەكەن

# باھار

## 1

بىرىنچى باھار.

ئاسمانمۇ يېشىل، زېمىنمۇ يېشىل. گۈل - چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان. تەبىئەت خۇددى رەسىمدە بولغان قىزلاردەك رەڭدار. سۇمبۇل چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتقان چوكانتالنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا قىز بىلەن يىگىت ياندىش ئولتۇرۇشىدۇ. كۆزلەر كۆزلەرگە تويماي قارىشىدۇ. بارماقلار بارماقلارغا كىرىشكەن. يۈرەكلەرگە ئۇرۇلغان تاتلىق - تاتلىق زەخمەكلەردىن تۇنجى سۆيگۈنىڭ شوخ سىمفونىيەسى ياڭرىماقتا...

## 2

ئىككىنچى باھار.

ئاسمانمۇ يېشىل، زېمىنمۇ يېشىل، گۈل - چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان. تەبىئەت خۇددى رەسىمدە بولغان قىزلاردەك رەڭدار. سۇمبۇل چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتقان چوكانتالنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا قىز بىلەن يىگىت تەتۈر قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. كۆزلەر جۇت - شىۋىرغان ئۇۋۇسى. كىرپىكلەردىن تۆكۈلگەن قاردا يۈرەكلەر مۇزلىغان...

## 3

ئوننچى باھار.

ئاسمانمۇ يېشىل، زېمىنمۇ يېشىل. گۈل ـ چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان. تەبىئەت خۇددى رەسىدە بولغان قىزلاردەك رەڭدار. سۇمبۇل چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتقان چوكانتالنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقنىڭ ئىككى بېشىدا ياش ئەر بىلەن ياش جۇۋان خىيالچان كۆزلىرىنى يىراق ـ يىراقلارغا تىككىنىچە ئولتۇرۇشىدۇ.

ئەر تاماكىسىغا ئوت ياققان بولۇپ جۇۋاننىڭ چىرايىغا خۇپىيانە قارىدى. جۇۋاننىڭ مەڭزىدىكى ئۆز ۋاقتىدا يىگىتنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرگەن چىرايلىق خالىنىڭ ئورنى تاياق زەربىسىدىن كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، خالىنىڭ سېھىرلىك جۇلاسى غايىب بولغانىدى. ئەرنىڭ يۈرىكى ۋىژژىدە ئېچىشتى. «تەگكەن ئېرىنى كۆڭلۈكى يامان، تاياقچى دەۋاتقان، راست ئىكەن ـ دە! ئىككى بالىغا ئاتا ـ ئانا بولغاندىمۇ...»

دەل شۇ پەيتتە جۇۋانمۇ ئەرنى خۇپىيانە كۆزىتىۋاتاتتى. «ئىككى بالىغا دادا بولا ـ بولمايلا ساقال ـ بۇرۇتىنى بوۋايلاردەك ئۆستۈرۈۋالغىنىنى، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى كىر قىلماي، ساقىلىنى كۈندە بىر قىردۇرۇپ چاقماقتەك يۈرىدىغان ۋاقتىغۇ بۇ ئۇنىڭ، تازىمۇ بىر بولۇمسىز خوتۇنغا ئۆيلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ...»

جۇۋان ئەرنىڭ يۈزىدىكى روشەن تىرناق ئىزىنى كۆرۈپ، خۇددى يۈرىكى تاتىلانغاندەك ئازابلاندى.

— ئەھۋالىڭ ياخشىدۇ؟ — سورىدى ئەر چىرايىغا زورغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ياخشى، — جۇۋان ئالدىراپ ـ تېنەپ جاۋاب بەردى، — بالىلىرىمۇ شۇنداق تاتلىق، ئەقىللىك چوڭ بولۇۋاتىدۇ.

ئېرىممۇ بەك كۆيۈنىدۇ. ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىچۇ؟
— مېنىڭ ئەھۋالىممۇ ياخشى. تۇرمۇشۇم كۆڭۈللۈك. ئايالىم بەك ھالىمغا يېتىدۇ.
شۇ تاپتا ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

## 4

ئوتتۇزىنچى باھار.
ئاسمانمۇ يېشىل، زېمىنمۇ يېشىل. گۈل - چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان. تەبىئەت خۇددى رەسىدە بولغان قىزلاردەك رەڭدار، سۇمبۇل چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەر سۇپۇرۇۋاتقان چوكانىتالنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا بوۋاي بىلەن موماي ئولتۇرۇشىدۇ. بوۋاينىڭ چاچ - ساقاللىرى تامام ئاقارغان، تاماكا تۇتقان قولى ئاجىز تىترەيدۇ. مومىينىڭ مەڭزى سولاشقان ئالمىدەك رەڭسىز، كۆزلىرى نۇرسىز، بويىنى خالتىلاشقان، چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاپپاق.
بوۋاي نۇرسىز كۆزلىرىنى مومايغا تىكتى: «خىيالچان قاراشلىرى مەرھۇمەگە ئېمىدېگەن ئوخشاپ قالغان - ھە! ئۆمرى ئوخشاپ قالمىغاي ئىلاھىم...»
مومىينىڭ كۆڭلىمۇ ئەنسىز: «ياش بىر يەرگە بارغاندىمۇ تاماكىنى تاشلىمىغىنىنى، مەرھۇم دوختۇرنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي تاماكىنى تاشلىمىغانىدى. ئاخىر ئۆپكە راكى بىلەن... خۇدايىم ئۇنىڭ تېنىنى سالامەت قىلار...»
— ئەھۋاللىرى قانداقراق؟ — سورىدى بوۋاي كۆيۈنگەن ھالدا.
— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى موماي، — باللار، نەۋرىلەر يوقلاپ تۇرىدۇ. بوۋاينىڭ سالامەتلىكىمۇ ياخشى. ماڭا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك كۆيۈنىدۇ. ئۆزلىرىچۇ؟
— مېنىڭ ئەھۋالىممۇ ياخشى. بىر نەۋرەم داۋاملىق

قېشىمدا. مومايمۇ تىمەن تۇردى. چاي ـ تامىقىمنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئىسسىق تەييارلاپ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ.


— ئۇنداقتا بەك ياخشى ئىكەن.

ھەر ئىككىلىسى شۇنداق دېگەچ بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ كۈلكىسى تولىمۇ ياسالما ئىدى. چۈنكى، بوۋايمۇ مومايىنىڭ تۇللۇقىنى، مومايمۇ بوۋاينىڭ بويتاقلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

## 5

يەنە بىر باھار.

ئاسمانمۇ يېشىل، زېمىنمۇ يېشىل. گۈل ـ چېچەكلەر ھۇپپىدە ئېچىلغان. تەبىئەت خۇددى رەسىمدە بولغان قىزلاردەك رەڭدار. سۇمبۇل چاچلىرى نازاكەت بىلەن يەر سۈپۈرۈۋاتقان چوكانتال ئاستىدىكى ئورۇندۇق قۇپقۇرۇق...



# گۈللۈكتىكى پاراڭلار

## 1

گۈررىدە كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ئاۋازى خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەرشىدىن ئەپەندىمنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ رېشاتكىسىغا قونۇۋالغان ئاۋۇت ئەپەندىم ئەتراپىغا ئولاشقان بىر توپ خىزمەتداشلىرىغا كۈلكىلىك پاراڭ قىلىپ بېرىۋاتسا كېرەك، ياشلاردىن بىرنەچچىسى تېلىقىپ قالغانىدى.

«ھاراق سورۇنلىرى ئاز كەلگەندەك ئەپسانە - لەتىپىلىرىنى ئەمدى ئۇدۇل كەلگەن يەردىلا سۆزلەيدىغان بوپتۇ - دە، دېمەتلىكلىرى ئارىسىدا سۆزلىسىغۇ بىر نۆرى. ئەمما، قىز - ئوغۇللىرى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ياش خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىنى ساقلىغىنى تۈزۈك ئىدى. ئاغزىنى «ھا» قىلىپ ئاچسىلا كىندىكىنىڭ تۆۋىنىدىن پاراڭ باشلىغان...»

— ئەرشىدىن، ھاي ئەرشىدىن! — ئاۋۇ ئەپەندىم ئۆزىگە بويۇنداپ قاراۋاتقان ئەرشىدىن ئەپەندىمنى كۆرۈپ توۋلىدى، — مەن تېخى سىلىنى ئىزدەي دەپ تۇرغان. مۇنداق گەپ، ئاداش. بايا سەن يوق بىرقانچىمىز مەسلىھەت قىلىشتۇق. ئىدارىدە يېشىمىز ئەللىككە تاقىشىغان ھەم ھالقىغانلاردىن ئون نەچچەيلەن بار ئىكەنمىز. بىرنەچچە سايىماخۇننى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەل بىر ئۇستەللىك بولىدىكەنمىز دەڭلا. شۇڭا، ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم ئەللىك كويدىن پۇل چىقىرىپ خاس رېستوراندىلا چاي

ئوينايلى دېيىشتۇق. سىلىچە بوپتۇمۇ؟

— ۋاقتى - قەرەلىنى بەلگىلىۋېلىپ، ۋەزىپە قىلىپ تۇرۇپ هاراق ئىچمىز دەڭلا، — دېدى ئەرشىدىن ئەپەندىم مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا.

— ئەلۋەتتە، ۋاقتىدا قاتناشمىغانلارنىڭ، كېچىككەنلەرنىڭ جەرىمانىسىمۇ بار تېخى. قانداق، ئۆيگە كىرىپ قوشناچىمدىن سوراپ چىقامسىلە ياكى گەپنى مۇشۇ يەردىلا كېسەمسىلە؟

— خوتۇندىن سورايدىغان ئىش بولۇپ قالسا ئەلۋەتتە سورىمىساق بولمايدۇ.

— ھە، ئۇنداق بولسا ئەكېلىڭلا ئەللىك كويىنى. بىرىنچى سورۇننى مەن باشلاپ بېرىدىغان بولدۇم.

— يېنىمدا بار پۇلغا ھېلىراقتا ئۆيگە بىر خالتا ئۇن ئەكېلىۋېتىپتىمەن، — دېدى ئەرشىدىن ئەپەندىم، — باشقىلاردىن يىغقاچ تۇرۇڭلار، ئۆيدىن ئاچىقىپ بېرەي.

— خوتۇندىن سوراپ ئاچىقىمەن دەڭلا، قىخ... — ئاۋۇت ئەپەندىم قاقاھلاپ كۈلگىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — تېزرەك بولۇڭلا ئەمىسە. سىلىنىڭغۇ ئۆيدىن پۇل ئاچىقمىغىڭلا خوتۇنۇڭلىنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرمىغىڭلىدىنمۇ تەس، ھا - ھا - ھا...

## 2

يەنە شۇ ئىشخانا بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈك، تۆمۈر رېشاتكىغا قونۇۋالغان ئاۋۇت ئەپەندىمنىڭ ئەپسانە - لەتىپىلىرى كۈلكە قوزغىماقتا. تۇيۇقسىز گۇرۇلدەپ ئوت ئالغان موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاۋۇت ئەپەندىمنىڭ سۆزلەۋاتقان لەتىپىسىگە تەسىر يەتكۈزدى. ئۇ بىزارلىق بىلەن قارىدى. ياپونىيەنىڭ ئوتقاشتەك قىزىل «HONDA» ماركىلىق يېپيېڭى موتوسىكلىتى بىر خىل ئاۋازدا گۇرۇلدەيتتى. ياش يىگىت موتوسىكلىتنى قوزغاپ

ئۇچقاندەك كۆزدىن غايىب بولدى. ئاۋۇت ئەپەندىم سۆزلەۋاتقان لەتىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئېسىدىن چىقارغان بولۇپ، چىرايى غورا يەۋاتقاندەك پۇرۇشۇپ كەتكەنىدى.

— ماۋۇ سويمىنىڭ تۇنۇگۈن خىزمەتكە چىقىپ موتوسىكلىت مىنىۋېلىشلىرىنى، مائاشىغۇ تايىنلىق، — ئاۋۇت ئەپەندىم غوتۇلداشلىرىغا ھېچكىمنىڭ پىكىر قاتناشتۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — پارىغۇ باشلىقلاردىن ئاشمايدۇ. ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلدىمۇ يا!

— ئۆزىنىڭ ئەمەس، دوستىنىڭ موتوسىكلىتى، — دېدى ياشلاردىن بىرسى ئىزاھات بېرىپ.

— ھە، مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېگەن، — دېدى ئاۋۇت ئەپەندىم تۇرۇلگەن چىرايىغا ۋاللىدە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — خەقنىڭ موتوسىكلىتىنى تىلەپ مىنىپمۇ ئۆزىنى بىلەلمەي قالغىنىنى، ئەدەپسىز. پوچىلىق قىلىپ غارقىراپ كېتىشلىرىنى. ناۋادا ئۆزىنىڭ شەخسىي موتوسىكلىتى بولغان بولسا قانچىلىك قىلاتتىكىن؟ ئېشىكى يوققا ئېشەك ئېلىپ بەرسە، مىنىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، دېگەندەك...

ئاۋۇت ئەپەندىمنىڭ گېپى تۈگەپ بولغۇچە سىرتتىن ۋېلىسىپىت مىنىپ كەلگەن ئەرشىدىن ئەپەندىم ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. ئەرشىدىن ئەپەندىمنىڭ ۋېلىسىپىتى بەكمۇ كونا بولۇپ، مىنمەي يېتىلەپ ماڭسىمۇ غىچىرلاپ تۇراتتى.

— بىر ئايلىق مائاشىڭغا يېڭى ۋېلىسىپىتتىن ئۈچى كېلىدۇ، — دېدى ئاۋۇت ئەپەندىم ئەرشىدىن ئەپەندىمنىڭ ۋېلىسىپىتىگە قاراپ، — بۇ ئەبجەق ۋېلىسىپىتنى غىچىرلىتىپ مىنىۋەرمەي يېڭى ۋېلىسىپىتتىن بىرنى ئېلىڭلا ئەمدى.

— ئۇنداق دېگىنىڭلا بىلەن، ئادىشىم، — دېدى ئەرشىدىن ئەپەندىم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ھازىر چىققان ماللارغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. بازارنى پۈتۈنلەي ساختا مال قاپلاپ

كەتتى. مېنىڭ بۇ ۋېلىسىپىتىم كونا بولغىنى بىلەن جىڭ مال. قاراڭلا ماركىسىغا، شاڭخەينىڭ ھەقىقىي «كەپتەر» ماركىسى. يېڭىلىدىم دەپ جا ۋېلىسىپىتكە مىنگۈچە كونا بولسىمۇ جىڭىغا مىنگەن ياخشى ـ دە.

## 3

— ھەي، تازا ئىشەنگىلى بولمايدۇ جۇمۇ، ھازىر ئادەملەر پۇل تېپىش ئۈچۈن نېمە ئويۇنلارنى ئوينىمايدىغان بولۇپ كەتتى دەيسىلەر، — ئاۋۇت ئەپەندىم ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ رېشاتكىسىغا قونۇۋېلىپ قولىدىكى بىر پارچە گېزىتنى پۇلاڭلاتقىنىچە، ئالدىدا بىر تىزىملىكنى تۇتۇپ تۇرغان ئىدارە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرىغا سۆزلەۋاتاتتى، ئەتراپىغا بىرمۇنچە خىزمەتداشلار ئولاشقانىدى، — ئىشەنە دېسە خەقكىمۇ بولۇپ بېرىدىكەن. ئەمدى بالىسى ئاغرىپ قالسىمۇ كېسەلنى قەستەن ئېغىر كۆرسىتىپ ياردەم قىلىڭلار دەپ گېزىتكە خەۋەر بېرىۋاتقان. دېسەم ـ دېمىسەم ھەرقاچان گېزىتخانىدىكىلەرنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئويناۋاتقان ئويۇنىدۇ بۇ. ھەي... مۇشۇ ئىشىنىمىزە، — ئاۋۇت ئەپەندىم نېرىراقتا ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئەرشىدىن ئەپەندىمنى كۆرۈپ قېلىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە تووۋلىدى، — ئەرشىدىن، ھاي ئەرشىدىن، كېلىڭلا مۇشۇ يەرگە، گەپ چىقىپ قالدى، — ئۇ ئەرشىدىن ئەپەندىم يېقىن كېلىشى ھامان ئەزۋەيلەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — قېچىپ تۇرماي يېقىنراق كېلىڭلا، ئادىشىم. سىلى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشىيادىن ئۆتۈشكە ياردەم بېرىمەن دەپمۇ پۇل ئەۋەتكەن نوچى بولغاندىكىن، ماۋۇ ئىشقىمۇ پۇل ئىئانە قىلىڭلا نېرى تۇرۇۋالماي.


— نېمە ئىش ئىكەن؟ — دېدى ئەرشىدىن ئەپەندىم قىزىققان ھالدا.

— ماۋۇ ئاداشنىڭ خۇپسەنلىكىنى. پۇل بېرىش ئېغىر كېلىۋاتىدۇ - ھە سىلىگە، — دېدى ئاۋۇت ئەپەندى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا، — نېمە ئىش بولاتتى، خەقنىڭ بالىسى ئېغىر كېسەل ئىكەن، داۋالىتىشقا ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇلى قالماپتۇ. گېزىتكە ئىئانە قىلىڭلار دەپ «مۇراجىئەتنامە» چىقىرىپتۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر بىكارچىلىقتا زېرىكىپ، قىلغىلى ئىش تاپالماي ئىئانە جۇغلاشقا كىرىشىپتۇ.

ئەرشىدىن ئەپەندىم ئۈن - تىنسىزلا ئاۋۇت ئەپەندىمنىڭ قولىدىكى گېزىتنى ئېلىپ «مۇراجىئەتنامە»نى تېزلا ئوقۇپ چىقتى - دە، قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ، بىر قۇر ساناپ چىققاندىن كېيىن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرىغا تەڭلىدى.

— مەڭ، بەش يۈز سەككىز كوي. يېنىمدا بارى شۇ ئىكەن.

ئەرشىدىن ئەپەندىم شۇلارنى دېدى - دە، ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىدىن چىققان غىچىرلىغان ئاۋاز خېلى بىر يەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى...



# باغلىنىش ھەققىدە لەتىپە

— داد! باغلاشماڭلار، باغلاشساڭلارمۇ ماڭا ئوخشاش تالاشتا قالغانلىكى ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئويلاپ باقمايلا دو تىكمەڭلار!

باغلىنىش، دو تىكىشلەرگە مەن ئانچە خۇشتارمۇ ئەمەس. لېكىن «ئۆزۈمنىڭلا راست» دەيدىغان يامان ئادىتىم ھەردائىم ئەل - ئاغىنىدارچىلىق سورۇنلىرىدا بىرەر مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ قالساق، باشقىلارنى شەخسىي قارىشىمغا ئىشەندۈرۈش، قايىل قىلىش ئۈچۈن ئەنە ئاشۇنداق چوڭچىلىق بىلەن دو تىكىشكە، باغلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ.

چۈنكى، سەن ئۆزۈڭنىڭ قارىشىڭنىڭ خاتا، ئىسپاتىڭنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساڭمۇ قارشى تەرەپكە: «ئىشەنمىسەڭ، مانچە پۇل دو تىكتىم»، «پالانى ئىشنى قىلىشتىن باغلىشايلى» دەپ بىرلا پوپوزا قىلساڭ، قارشى تەرەپ ئاسانلا بوشاپ قالىدۇ. شۇ سورۇندا سېنىڭ گېپىڭ راست بولىدۇ. باشقىلار ساڭا قايىل بولىدۇ. مەن بۇنى كۆپ قېتىم سىناپ كۆرگەنمەن.

ئەپسۇس، بۇ قېتىم ئىش ئەپلەشمىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئۈرۈمچىدە قېلىپ قالغان بىر شائىر ئاغىنىمىز ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ، يۇرتىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. بىز يۇرتتىكى بارلىق ئاغىنىلەر جەم بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە زىياپەت ئۇيۇشتۇردۇق. سورۇن تازا ئەۋجىگە چىققاندا، كىمدۇر بىرسى شائىر ئاغىنىمىزنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر

ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭ سېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سورۇننىڭ پارىڭى بىراقلا يازغۇچى - شائىرلار ئۈستىگە مەركەزلەشتى. ئۇ يازغۇچىنىڭ، بۇ شائىرنىڭ پارىڭى بولۇپ، زۇنۇن قادىرىنىڭ گېپى چىقىۋىدى، قاندىقى قانداق بولدى، ئاغىنىمىز باتۇر ئۆزىچىلا زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدە «چىلەي، چەنتۇ» دېگەن سۆزنىڭ بارلىقى ھەققىدە پاراڭ سېلىپ قالدى. ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن شائىر ئاغىنەمنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى كۆرسىتىۋالغۇم كېلىپ قالدىمۇ دەرھاللا:

— قۇرۇق گەپ قىلما، ئاغىنە، زۇنۇن قادىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇنداق گەپ يوق، «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدە تېخىمۇ يوق، — دەپلا چۈشتۈم.

شۇنىڭ بىلەن سورۇندا قىزغىن مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. سورۇندىكىلەرنىڭ يېرىمى مېنىڭ قارشىمغا قوشۇلدى. يېرىمى باتۇرنى ياقلىدى. ئاخىر ئۆزۈمنىڭكىنى راست قىلىش ئۈچۈن «باغلىنىش» تاكتىكامنى قوللانماقچى بولدۇم - دە:

— ئەگەر ئىشەنمىسەڭلار زۇنۇن قادىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئەكېلىڭلار، سېلىشتۇرۇپ كۆرىمىز، يېڭىلىپ قالسام بەش يۈز كويلۇق زىياپەت بېرىمەن، — دەپ تاشلىدىم.

بۇ گېپىم بىلەن باتۇر بىرئاز تەمتىرىدى:

— بەلكىم زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايىسىدە بولمىسا تۇردى سامساقنىڭ ھېكايىسىدە بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى بىر ھېكايىدە ئاشۇنداق گەپ بار. بەلكىم زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدە بولۇشى مۇمكىن، — دېدى تاققا - تۇققا سۆزلەپ.

ئۇنىڭ دۇدۇقلاشلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جانلاندىم. تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدىم.

— ھە، گەپنى كېسىپ قىل، ئاداش. مىكى - مىكى دەپ ئولتۇرساڭ بولمايدۇ، بەش يۈز كوي تىكىشىپ قويامدۇق يا؟

ئىلگىرىكى مۇنازىرىلەردە مېنىڭ مۇشۇ گېپىم بىلەن قارشى تەرەپ ياكى ماڭا قايىل بولاتتى، ياكى مۇنازىرىدىن چېكىنىپ چىقاتتى. مەنمۇ مەغرۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ ھاراقنىڭ كەيپىنى سۈرەتتىم. بىراق، بۇ قېتىم ئەھۋال ئۇنداق نەتىجىلەنمىدى. باتۇر ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ قانداق، زۇنۇن قادىرىنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدە شۇنداق سۆزنىڭ بارلىقىنى، ئەمما تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئوقۇغانلىقىنى دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

— ھەي ئاغىنىلەر، — دېدى دوستىمىز ئۆمەرجان راسا قىزىشىۋاتقان مۇنازىرىنى توختىتىپ، — بۇنداق قۇرۇق مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرماي، سورۇنىمىزنى يېرىم سائەت توختىتايلى. ئىككىمىز بېرىپ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكى بىلەن زۇنۇن قادىرىنىڭ كىتابلىرىنى تېپىپ كېلەيلى، شۇ ۋاقىتتا كىمنىڭ راستلىقى ئايرىلىدۇ.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، — دېدىم مەن تازا ئىشەنچ قىلالمىساممۇ قۇم چالمىغا دەسسەپ تۇرۇپ. شۇ تۇرقۇمدا بەش يۈز كوينى ئۇتتۇۋېلىش ئەمەس، ئۇتتۇرۇۋېتىش ۋەسۋەسىسى ۋۇجۇدۇمغا بەكرەك ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. ئارىدىن بىرەيلەننىڭ سەكرەپ چىقىپ بۇ ئىشنى مۇشۇ يەردىلا توختىتىپ قويۇشىنى، كىتاب تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭماقچى بولغانلارنى توسۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق، بۇ تەكلىپكە ھەممەيلەن ئاۋاز قوشتى.

— بولىدۇ، ناۋادا يېڭىلىپ قالسام، ناھايىتى بەش يۈز كوي ئۇتتۇرىدىكەنمەن. ئەمما، بىر شەرتىم بار، — دېدى باتۇر، — قايسىمىز ئۇتتۇرۇۋەتسەك، مۇشۇ سورۇندىكى ئاغىنىلەرنى بەش يۈز كويلۇق مېھمان قىلايلى.

ئۇنىڭ بۇ شەرتى قىزغىن چاۋاك بىلەن ماقۇللاندى. ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتمەيلا كىتاب ئىزدەپ كەتكەنلەر قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتابقا بۇركۈتتەك چاڭ سالدىم. ئاۋۋال

«زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى»نى ۋاراقلىدىم، «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىنى قۇرمۇقۇر تەكشۈردۈم، «چىلەي، چەنتۇ» دېگەن سۆز يوق. «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى ۋاراقلىدىم. «چىلەي، چەنتۇ» دېگەن سۆز يەنە يوق. يۈرىكىم ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا دۈكۈرلەيتتى. مانا تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىنى ۋاراقلاۋاتىمەن. ھاياجاندا تىترەۋاتقان بارماقلىرىم «چىلەي، چەنتۇ» دېگەن سۆزنى قۇرمۇقۇر ئاختۇرماقتا. تۇيۇقسىز يۈرىكىم ئامبۇردا قىسقاندەك چىممىدە قىلىپ قالدى. كۆزلىرىمگە بىر دەقىقە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. بارلىق زېھنىمنى يىغىپ قايتىدىن نەزەر سالدىم. ئەپسۇس، «چىلەي، چەنتۇ» دېگەن سۆز مانا مەن دەپ قاراپ تۇراتتى. يۈزۈم ئىپادىلەپ بەرگۈسىز بىر خىل ھېس ــ تۇيغۇدا كۆيۈشكە باشلىدى. لام ــ جىم دېيەلمىدىم.

سورۇندىكىلەر تالاش ــ تارتىش قىلىشقا باشلىدى.

ــ «چىلەي، چەنتۇ» دېگەن سۆز «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» دېگەن توپلامدا يوق ئىكەن.

ــ «چېنىقىش» دېگەن كىتابىدىمۇ يوق ئىكەن...

ــ بىراق، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى «ماغدۇر كەتكەندە» دېگەن ھېكايىسىدە بار ئىكەن.

ــ بۇ قانداق بولغىنى؟ تەھرىرنىڭ خاتالىقىمۇ...

ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

ــ ئىشقىلىپ، «ماغدۇر كەتكەندە» دېگەن ھېكايىدە «چىلەي، چەنتۇ» دېگەن سۆز بار ئىكەن، ــ دېدى ئۆمەرجان تالاش ــ تارتىشنى كېلىشتۈرمەكچى بولغاندەك ۋەزمىن ئاھاڭدا، ــ بايا بىز «چىلەي، چەنتۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەيلى قايسى كىتابتا بولمىسۇن، زۇنۇن قادىرنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدە بار ــ يوقلۇقى ھەققىدە باغلاشقان. مانا ئەمدى خۇلاسىسى چىقتى. بەش يۈز كويلۇق زىياپەتنى ياسىنجان بېرىدۇ، ــ دېدى گەپنى كېسىپلا.

ئۇنىڭ ئوت قۇيرۇقلۇق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى سورۇندىكىلەرنى قايتىدىن جانلاندۇردى. بايا مەن تەرەپ بولغانلارمۇ ئەمدى ماڭا رودىپايدەك يېپىشىۋالدى.

— ھە ئاغىنە، بەش يۈز كويلۇق زىياپەتنى قاچان يەيمىز؟

— ۋاقتى كەلسۇن.

— ۋاقتى كەلسۇن؟ يېنىۋالماقچىمۇ سەن. ئوغۇل بالا دېگەن لەۋزىدە تۇرىدىغان.

— مېنىڭمۇ ياق دېگەن يېرىم يوققۇ...

— تولا بېلىشىڭلىق قىلما، ئاغىنە.

— راست، سەن بىزنى مۇشۇنداق زېرىكتۈرسەم، زىياپەت بەر دەپ كەينىمگە كىرىۋالمايدۇ، دەپ ئويلىما.

— شۇنداق، ئەڭ ياخشىسى ئىسسىقىدا ۋاقتىنى بېكىتىپ، زىياپىتىڭنى بېرىۋەت. بىز سېنى بەش يۈز كويلۇق زىياپەت بەر دەپ قىستىمىغان، ئوغۇل بالىچىلىقتا...

— سەن مېنى گېپىدە تۇرمايدۇ دەمسەن؟ بولدى، ئالدىمىزدىكى شەنبە «ئاق توشقان» رېستوراندا بىر جوزىلىق زىياپەت ھازىرلاپ بېرىمەن. گېپىم گەپ.

— ياشاپ كەت، ئوغۇل بالا !

ئۇلار مەندىن ۋەدە ئېلىۋېلىپ، مەمنۇنلۇق بىلەن بىر ئېغىزدىن ماختاشتى ـ دە، كېلەر شەنبە «ئاق توشقان» رېستوراندا كۆرۈشىدىغان بولۇپ تارقاشتى.

ئۆزۈم يالغۇز قېلىۋىدىم، كېلەركى شەنبە خەجلەيدىغان بەش يۈز كوي پۇل كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، ئىچىم مۇشۇك تاتىلىغاندەك ئېچىشىشقا باشلىدى. نېمە ئامال؟ ئۇلارغا ۋەدە بەرمەي قۇتۇلالمايدىغىنىم راست. ۋەدە بەرگىنىكەنمەن، بەش يۈز كوينى جېنىمنى سۇغۇرغاندەك خەجلەيدىغىنىممۇ راست. بۇپتۇ، مەنمۇ كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىسىنى ئەتمەي، مەيدەمنىڭ ئەركەك تۈكىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرگەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، بىرەر قېتىملىق زىيانغا چىداي.

مانا ھايت – ھۆيت دېگۈچە شەنبىمۇ يېقىنلاپ قالدى. ئىدارە باشلىقىغا يېلىنىپ يۈرۈپ، مائاشىمدىن بۆلۈپ تۆلەيدىغان بولۇپ بەش يۈز كوي قەرز ئالدىم. ئايالىم بىلەن قىزىمنىڭ چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ پۇل تۇتقان قولۇم خۇددى چوغ تۇتقاندەك كۆيۈپ، تىترەپ كەتتى.

«ئاق تۇشقان» رېستورانىغا پەرىشان ھالدا يېتىپ كەلدىم. بىر ئۇستەل قورۇما بىلەن ئىلى ئالىي ھارىقىدىن تۆت بوتۇلكا بۇيرۇدۇم. كۇتكۇچى ھاراق بىلەن سوغۇق سەيلەرنى ئاچىقىپ ئۇستەلگە تىزىشقا باشلىدى. باشقا قورۇمىلارنى مېھمانلىرىم كېلىپ بولغۇچە ئۈلگۈرتۈپ بېرىدىغان بولدى. سائەتكە قارىدىم. دېيىشكەن ۋاقىتقا يەنە يېرىم سائەت قاپتۇ. يەنە ئوتتۇز – قىرىق مىنۇتتا باشقا قورۇمىلار تەييار بولىدۇ. ئۇلار كېلىشى بىلەنلا بەش يۈز كوينى كۇتكۇچىگە شاراقشىتىپ ساناپ بېرىمەن – دە، ئالدى – كەينىمگە قارىماي چىقىپ كېتىمەن. ئۇلار نېمە دەپ قالسا مەيلى، ئىشقىلىپ، بەش يۈز كوي پۇلۇمنىڭ ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قانداق كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزۈم كۆرمىسىلا بولىدى. ئايالىم بىر كۆڭلەكلىك «كىيىمىسەڭ ئۆلىسەن» دېگەن رەختنىڭ جېدىلىنى قىلغىلى خېلى ئۇزاق بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئوماققىنا كۇلكىسىنى يەنە ئۈچ – تۆت ھەپتە كۆرەلمەيدىغان بولدۇم...

تۇگىمەس غەملىرىمنى رېستورانغا كىرىپ كەلگەن بىر جۈپ قىز – يىگىتنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئۈزۈپ قويدى. يىگىت پاكىنەك، توپتەك سېمىز، قىز زىلۋا، ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى. بەدىنىنىڭ ئوي – دۆڭلىرى بىلىنىپ تۇرىدىغان مودا كۆڭلىكى زىلۋا قامىتىگە شۇنداق ياراشقانىدى. ئۇلار يېنىمدىكى ئۇستەلگە بېرىپ ئولتۇردى. مەن قىزغا قاراۋېرىشنى بىئەپ كۆرۈپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدىم. لېكىن، بارلىق سەزگۈلىرىم ئاشۇ تەرەپكە مەركەزلەشكەنىدى. تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا «ئىچەلەيدۇ»، «ئىچەلمەيدۇ» دېگەن پىچىرلىشىشلار كىرىپ قالدى. «ئىچەلەيدۇ»

دېگىنى قىزنىڭ، «ئىچەلمەيدۇ» دېگىنى يىگىتنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن دەرھال ئۇلارغا قارىدىم. دېيىشىپ قويغاندەكلا قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن كۆزۈم ئۇچرىشىپ قالدى. قىز ماڭا ئوماققىنا تەبەسسۇم يوللىدى. مەن قىزىقىپ سورىدىم:

— نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟

— بىز سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتىمىز، — دېدى قىز ماڭا ناز بىلەن بېقىپ. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان قارا كۆزلىرى يۈرەكنىڭ بېغىشىنى كۆيدۈرەتتى.

— مېنىڭ ئۈستۈمدە؟

— ئەجەبلىنىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، — دېدى قىز يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئۇ قىز چىرايلىق ئېگىكى بىلەن ھېلىقى پور كۆتەك يىگىتنى ئىما قىلدى، — سىزنى تەمبەل بەستى بولغان بىلەن، ھاراقنى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىغا قويۇپ ئوتتۇز قېتىم ئىچەلمەيدۇ، دەيدۇ. مەن سىزنى قىرىق قېتىممۇ ئىچىۋېتەلەيدۇ، يەنە تېخى ھېچنېمە بولماي بەرجەس ئولتۇرىدۇ دېدىم، شۇنىڭ بىلەن تالىشىپ قالدۇق.

قىزنىڭ ماڭا ئالاھىدە ئىشەنچ باغلىشى ۋۇجۇدۇمغا قايتىدىن ماغدۇر كىرگۈزدى. پور كۆتەككە مەغرۇرلۇق بىلەن نەزەر تاشلىدىم. ئۇ مېنىڭ قاملاشقان بەستىمگە ھەسەتخورلۇق بىلەن قارىدى ـ دە، كۆزىنى قىزغا يۆتكەپ ياراتماسلىق بىلەن سۆزلىدى:

— ئەگەر ئۇ راستلا ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىدا قىرىقنى ئىچەلىسە، ئۇنىڭغا بەش يۈز كوي تىكتىم.

بەش يۈز كوينىڭ ئېتى چىقىشى بىلەن شەيتىنىم بىردىنلا كۈچەيدى. مانا ھازىر يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇپ، خەجلىمەكچى بولغان بەش يۈز كوينى ئاسانلا تىرىلدۈرىۋالىدىغانلىقىمنى ئېسىمگە ئېلىپ، خۇشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ كەتتىم. «بوتۇلكىنىڭ ئاغزىدا قىرىق قېتىم قويغان ھاراق ناھايىتى كەلسە يۈز گىرام كېلەر. يۈز گىرام ھاراقنى ئىچمەك قانچىلىك

تەس. بوتۇلكىنىڭ ئاغزىدا ساناپ تۇرۇپ قىرىقنى ئىچىمەن ـ دە، بەش يۈز كوينى يانچۇققا سالىمەن. ھېلىقىلار كەلسە، كۆزىدىلا بەش يۈز كوينى كۆتكۈچىگە شاراقشىتىپ ساناپ بېرىمەن. يەنە تېخى چىداپ تۇرۇپ يەتتە كويغا چەت ئەلنىڭ تاماكىسىدىن بىر قاپ ئالىمەن...»

قىزنىڭ يەڭگىل يۆتىلىشىدىن تېزلا ئېسىمنى يىغدىم. قىزنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرى ماڭا: «جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ، بىر گەپ قىلمامسىز؟» دەۋاتاتتى.

— چاقچاق قىلمايۋاتىدىغانسەن، ئاغىنە؟ — دېدىم يىگىتكە سىناش نەزىرىم بىلەن.

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى پور كۆتەك يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — بىراق، بىرنەچچە تۇرلۇك شەرتىم بار، قىرىق قېتىم هاراق ئىچىش جەريانىدا ئاغزىڭغا بىر يۇتۇم سۇ چاغلىق نەرسە ئالمايسەن، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ ئىچىسەن. جۇغلاپ ئىچمەيسەن. قانداق؟

— چاتاق يوق، — دېدىم مەن مەغرۇرلۇق بىلەن، — قېنى باشلايلى.

— توختا، ئاۋۋال سەنمۇ بەش يۈز كوي پۇل چىقار، ناۋادا ئىچەلمىسەڭ، بەش يۈز كوينى مەن ئالىمەن.

مەن ئۇنى گېپىدىن يېنىۋېلىشقا باھانە تاپالماي، مۇشۇنداق دەۋاتىدۇ دەپ ئويلىدىم ـ دە، يېنىمدىكى بەش يۈز كوينى ئېلىپ ئۇستەل ئۇستىگە پاققىدە قويدۇم.

پور كۆتەكمۇ يانچۇقىدىن بەش يۈز كوي پۇلنى ئېلىپ، مېنىڭ پۇلۇمنىڭ ئۇستىگە قويدى. ئۇستەلدىكى پۇل توپتوغرا مىڭ كوي بولدى.

ئۇ ئۇستەلدىكى بىر بوتۇلكا هاراقنىڭ ئاغزىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، هاراق قۇيدى ـ دە، ماڭا تەڭلىدى.

— قېنى باشلىدۇق ئەمىسە.

بوتۇلكا ئاغزىدىكى هاراقنى بىر كۆتۈرۈپلا ئاغزىمغا قۇيدۇم.

تىلىم سەل ـ پەللا نەمدەلدى. پور كۆتەك يەنە قوّيدى.

«ئەخمەق بىكاردىن ـ بىكارغا بەش يۈز كوي تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىدىغان بولدى. تېخى مۇنۇ پەرىمۇ بار، ئاھ! بۈگۈن ئامەت قۇشى مېنىڭ بېشىمغا قونغان ئوخشايدۇ. بوپتۇ، بۈگۈن ئاخشام ئايالىمغا بىر قېتىم خىيانەت قىلاي، مۇنۇ پەرىنىڭ شەھلا كۆزلىرى نائۈمىد قالمىسۇن...»

ساناپ ئون بەشنى ئىچىۋىدىم كانايلىرىم قۇرۇپ، قىزىشقا باشلىدى. پىيالىدىكى چايغا پات ـ پات قارايمەن. لېكىن، ھېلىقى مىڭ كوي پۇل ۋە قىزنىڭ قارا كۆزلىرىگە قارىساملا ھەممىنى ئۇنتۇيمەن. مانا كۆزلىرىم پۇرۇلۇپ، بېشىم قېيىشقا باشلىدى. ھەربىر قېتىملىق ھاراق كانىيىمنى ئەزرائىلدەك بوغىدۇ...

قىز سول قولۇمنى ئوتتەك قىزىق، نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئاستا سىلىدى ـ دە، ياقۇتتەك لەۋلىرىنى قۇلىقىمغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— يەنە ئون قېتىملىقى قالدى، غەيرەت قىلىڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، جېنىم، ھېچ ئىش بولمايدۇ. مانا ساپساق ئولتۇرۇپتىمەنغۇ؟

مەن شۇنداق دېدىم ـ دە، قىزنى مەھكەم قۇچاقلاپ لېۋىگە لەۋ ياقتىم. يېقىملىق پىچىرلاشلار، ئاتەش لەۋلەر... ئاھ، مەن سامادا پەرۋاز قىلىۋاتامدىمەن ياكى مۇنۇ پەرىنىڭ باغرىدا ئېرىپ كېتىۋاتامدىمەن؟

تۇيۇقسىز كىمدۇر بىرسى ياقامدىن سىلكىشلەپ تارتىپ، شېرىن چۈشۈمنى بۇزۇۋەتتى.

— قوپەۋە، ئاداش. مېھماندىن بۇرۇن مەست بولۇپ يېتىۋالغىنىنى.

— بەش يۈز كوي خەجلىگەندىكىن، ئىچمىسىمۇ مەست بولىدۇ ـ دە.

قۇلىقىم تۇۋىدە گۇررىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئاستا ـ ئاستا ھوشۇمنى يىغدىم.

— ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلىماي، كۆزۈڭنى ئاچقىنا، ئاداش.

كىمدۇر بىرسى يۈزۈمگە مۇزدەك سۇ چاچتى. ئەندىكىپ كۆزۈمنى ئاچتىم، ئەتراپىمدا دوستلىرىم ماڭا مەسخىرىلىك قاراپ تۇرۇپتۇ.

— مەست بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى ئۆمەرجان ماڭا قول ياغلىقىنى ئۇزارتىپ تۇرۇپ.

— ياقەي، — دېدىم مەن.

دېمەكلىكىمۇ ھازىر بېشىمنىڭ سەل - پەل ئاغرىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خېلىلا ئېسىمگە كېلىپ قالغانىدىم. سائىتىمگە قارىدىم. دېيىشكەن ۋاقىتتىن قىرىق مىنۇت ئۆتۈپتۇ. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بوپتۇ.

— قانداق باشلىمدۇق؟ — دېدى شائىر ئاغىنەم نېپىز كالپۇكلىرى بىلەن ئۇستەلنى ئىما قىلىپ، — زىياپەتنى بىزگە بېرىدىغانغا ۋەدە بېرىپ قويۇپ، باشقىلارنىمۇ مېھمان قىلىۋالغان ئوخشايسىلە، بوپتۇ، ئېيىشىپ قالغىنى بولسىمۇ كۆڭلىمىزگە ئالمايلى.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن دەرھاللا ئۇستەلگە قارىدىم. ئۇستەل ھەر خىل قورۇمىلار بىلەن لىق تولغانىدى. ئىككى بوتۇلكا ھاراقنىڭ پېچەتى بۇزۇلمىغان بولۇپ، بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ ئاغزى ئوچۇق ئىدى.

بىردىنلا يۈرىكىم ئوتتا كۆيگەندەك ۋىژژىدە ئېچىشىپ، پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى. چۈنكى، ئۇستەلنىڭ ئۇستىدىكى مېنىڭ كوي پۇل قويغان يەر قۇپقۇرۇق ئىدى. ھېلىقى شەھلا كۆز بىلەن پور كۆتەكمۇ غايىب بولغانىدى.

# ئوغرىدىن كەلگەن تېلېفون

تۈن تەڭ بولغاندا شىرىن چۈش كۆرۈپ ئۇخلاۋاتقان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقىنى تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشى ئويغىتىۋەتتى.

— ئاناڭنى... كېچىدىمۇ خاتىرجەم ئۇيقۇ يوق كىشىگە، — ئۇ غودۇڭشىغىنىچە تېخىچە توختىماي جىرىڭلاۋاتقان تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى - دە، زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— ۋەي، نېمە گەپ؟

— سىلى رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقىمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق.

— ئەپۇ قىلسىلا، ئۇيقۇلىرىنى بۇزۇۋەتتىم. ئەسلىدە مۇنداق بىر ئىش بار ئىدى... — قارشى تەرەپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىز ئاكا - ئۇكا ئۇچەيلەن يېرىم سائەت ئاۋۋال «يىپەك يولى» سودا سارىيىغا كىرىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ چىققانىدۇق. ئىنىم ئېھتىياتسىزلىقتىن، سېلىپ قويغان چاپىنىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بىر چاپاننىڭغۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى، بىراق ئۇ چاپاننىڭ مەيدە يانچۇقىدا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بار ئىكەن، بىز ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كەينىمىزگە يېنىپ سودا سارىيىغا كەلسەك، ساراي كۆزەتچىلىرى سودا سارىيىغا سوغۇق قول تەگكەنلىكىنى تۇيۇپ قاپتۇ. شۇڭلاشقا، بىز ھېلىقى چاپاننى ئېلىۋېلىشقا ئامال تاپالماي قالدۇق. ئاخىر مەسلىھەتلىشىپ سىلىدىن ياردەم سوراش قارارىغا كەلدۇق. ئىككى ئىنىم ئوغرىلىغان ماللار ئارىسىدىن بىر رەڭلىك تېلېۋىزورنى ئۆيلىرىگە... ھە، ئاشخانا ئۆيلىرىگە

ئېرىپ قويۇپ كەلدى. بەلكىم بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن سودا سارىيى دېلو مەلۇم قىلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، سىلى ھېلىقى تېلېۋىزورنى قوبۇل قىلىپ، نەق مەيداننى تەكشۈرگىلى بارغاندا ھېلىقى چاپاننى بىر ئامال قىلىپ يوقىتىۋەتسىلە. ۋەي، ساقچى باشلىقى، گەپ قىلمايلىغۇ؟ ئېسىلىرىدە مەھكەم تۇتسىلا، ئىنىم ئۇ چاپاننى سودا سارىيىنىڭ بىرىنچى قەۋەت ئوڭ تەرەپتىكى ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى تىجارەت بۆلۈمىدىكى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپتىكەن، ئاسانلا تاپالايلا. چاپان توپا رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن. ۋەي، ساقچى باشلىقى، گېپىمنى ئاڭلاۋاتاملا؟ يەنە بىر گەپ، چاپاننى قوللىرىغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئەتە كەچ سائەت سەككىز يېرىمدا تېلېفون ساقلاپ تۇرسىلا، مەن تېلېفوندا كۆرۈشىدىغان جاينى ئېيتىپ بېرىمەن. سىلى ئىنىمنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرسىلە، قوللىرىغا يەنە توڭگۇز قولاقتىن بەش مىڭ كوي كېلىدۇ. خوش ئەمىسە، ئۇمىدىمنى يەردە قويماسلىقلىرىغا ئىشىنىمەن.

— ۋەي... ۋەي...

رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى ئەمدىلا گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ بولغۇچە، قارشى تەرەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئۇ بىر دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال چاپىنىنى يېپىنچاقلىدى ـ دە، ئاشخانا ئۆيىگە يۈگۈردى، دېگەندەك ئۆيدە يىگىرمە دىيۇملۇق بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور تۇراتتى. رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى تېلېۋىزورنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ تۇرۇشىغا يەنە تېلېفون جىرىڭلىدى.

— ۋەي، قەيەر؟

قارشى تەرەپنىڭ جىددىي ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋەي، بۆلۈم باشلىقىمۇ؟

— ھە، مەن، سىز قەيەر؟

— ۋەي، باشلىق، مەن ج خ ئىدارىسى رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ

كىچىلىك نۆۋەتچىسى.

— ھە، ئابلاجانما؟ نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى باشلىق جىددىي قىياپەتتە.

— «يىپەك يولى» سودا سارىيىدا ئوغرىلىق دېلوسى يۈز بېرىپتۇ.

— ھە، ئۇقتۇم، — ئۇ بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ نۆۋەتچىگە بۇيرۇق قىلدى، — ۋەي، ئابلاجان، سىز دەرھال باشقا يولداشلارغا خەۋەر قىلىڭ. ھازىرلا نەق مەيدانغا بارىمىز، سودا سارىيىدىكىلەرگە دەپ قويۇڭ، نەق مەيدانغا ھېچكىم كىرمىسۇن.

* * *

ساقچى ماشىنىسى شەھەرنىڭ كىچىلىك ئۈيقۇسىنى بۇزۇپ، ئەنسىز سىگنال بەرگىنىچە ئۇدۇل «يىپەك يولى» سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ساقچى باشلىقى بىرىنچى بولۇپ ماشىنىدىن چۈشتى - دە، يۈگۈرگىنىچە سودا سارىيىغا كىردى ۋە ساقچىلارغا:

— يولداشلار، دەرھال تەكشۈرۈشنى باشلاڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى - دە، ئۆزى دەرھال ئېلىپكتىر ئۈسكۈنىلىرى سېتىلىدىغان بۆلۈمگە قاراپ يۈگۈردى.

ھېلىقى چاپان دېگەندەكلا ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇ چاقچاقانلىق بىلەن چاپاننى ئېلىپ سومكىغا سالدى.

* * *

ئۆي ئىچىدە توختىماي ئۇيياندىن - بۇيانغا مېڭىۋاتقان رازۋېدكىچىلار باشلىقى نېمىگىدۇر تەقەززا بولۇۋاتقاندەك پات - پات سائەتكە قاراپ قوياتتى. كۆن ئولتۇرۇپ، ئەتراپ كۆگۈم پەردىسىگە ئورالدى. ئۇ قولىدىكى سائەتكە يەنە بىر قېتىم قاراپ،

دەل سەككىز يېرىم بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇزاققا قالماي تېلېفون جىرىڭلىدى.

— ۋەي، قەيەر؟ — دېدى ئۇ تېلېفوننى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئېلىپ.

— ۋەي، ئۆزلىرى ساقچى باشلىقىمۇ؟

— ھەئە، مەن شۇ.

— قانداق، ھېلىقى چاپان بىلەن سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى قوللىرىغا چۈشۈرەلىدىلىمۇ؟

— ھەئە، ئۇ نەرسىلەر ھازىر مېنىڭ قولۇمدا.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى. مەنمۇ سىلىگە ۋەدە قىلغان بەش مىڭ كوي پۇلنى تەخلەپ قويدۇم... ماقۇل، ئۇنداق بولسا سىلى دەل سائەت توققۇزغا ئۇلگۇرۇپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى كۆۋرۈك بېشىغا كەلسىلە، مالنى شۇ يەردە ئالماشتۇرىمىز.

— بولىدۇ، بىراق... بىراق، — ساقچى باشلىقى بىرئاز تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىراق، مېنىڭ مۇنداق بىر تەلىپىم بار. سىلەر سودا سارىيىدىن ئوغرىلىغان زاڭ مال يۈز مىڭ كوي ئاشىدىكەن. شۇڭلاشقا، ماڭا يەنە بەش مىڭ كوي قوشۇپ بېرىڭلار. ئەگەر ياق دەيدىكەنسىلەر...

— بولىدۇ، قوشۇپ بېرەيلى، — ساقچى باشلىقىنىڭ تەلىپىگە قارشى تەرەپ تالاشمايلا ماقۇل بولدى، — بىراق، ئىنىمنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى چوقۇم ئەكېلىلا، ئەگەر بىزنى ئالدايمەن دەيدىكەنلا، سىلىدىن ئەڭ قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ئۆچ ئالىمىز.

— خاتىرجەم بولۇڭلار.

ساقچى باشلىقى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇۋېتىپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تاپانچىسىنى تولۇق ئوقلىۋالدى.

ئۇنىڭ ئۆيىدىن شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى كۆۋرۈككىچە پىيادە ماڭسا يىگىرمە مىنۇتلۇق يول ئىدى. ئۇ كۆۋرۈك بېشىغا دەل سائەت توققۇزدا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئادەملەر تولىمۇ شالاڭ

ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىغا بىر موتوسىكلىت ئۇچقاندەك كېلىپ توختىدى. موتوسىكلىت مىنىۋالغان كىشى بېشىغا بىخەتەرلىك قالپىقى كىيىۋالغانلىقى ئۈچۈن، چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى.

— قانداق، ئۇ نەرسىلەرنى ئەكەلدىڭمۇ؟

— دېيىشكەن ھېلىقى ئون مىڭ كوي پۇلنىچۇ؟

ھېلىقى يوچۇن كىشى موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە قىستۇرۇۋالغان ماتېرىيال سومكىسىنى ساقچى باشلىقىغا تەڭلىدى.

— مانا نەق ئون مىڭ كوي، ئېچىپ كۆرۈپ باقسىلا.

ساقچى باشلىقى سومكىنى ئاچتى. سومكا باغلام - باغلام پۇللار بىلەن لىق تولغانىدى.

— قېنى ئەمدى ماڭا بېرىدىغان ئامانەتنى چىقارسىلا، — دېدى ھېلىقى كىشى ساقچى باشلىقىغا كۆرەڭلىك بىلەن قولىنى تەڭلەپ.

— ساڭا بېرىدىغان ئامانەت مانا.

ساقچى باشلىقى چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كېلىپ، ھېلىقى يوچۇن كىشىنىڭ قولىغا كويزا سالدى - دە، تاپانچىسىنى كۆكرىكىگە تەڭلەپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا توۋلىدى:

— ياۋاش بول !

دەقىقە ئىچىدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن ھوشىنى يوقاتقان جىنايەتچى بىر ئازدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن سۆزلىدى:


— ساقچى باشلىقى، كارامەتلىرىگە راستلا قايىل بولدۇق. بىراق، مېنى قويۇپ بېرىدىغان بولسىلا يەنە ئون مىڭ كوي بېرىمەن.

— ئاغزىڭنى يۇم ! — ساقچى باشلىقى جىنايەتچىگە غەزەپ بىلەن چەكچەيدى، — بىلىپ قوي، مەن دېگەن خەلقنىڭ

ساقچىسى. خەلق ماڭا ئىشىنىپ ئامانلىقنى تاپشۇرغان. سەن پۇلغا ھەممە نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسەن؟ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى پۇلغا ۋىجدان، غۇرۇرىنى تېگىشمەيدۇ. بولۇپمۇ خەلق ساقچىلىرى.

ئۇ جىنايەتچىگە قاراپ شۇلارنى مەغرۇرلۇق بىلەن ئېيتقاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن بۇيرۇق قىلدى:

— ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ!



# ئاقبالىخان

## 1

ئۇ بېشىغا ھەربىيچە شەپكە، ئۇچىسىغا ھەربىيچە ئىشتان ـ چاپان كىيىپ، چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى كانىيىغىچە ئېتىپ يۈرەتتى. پۈتىدىكى لاتا ئايىغى ھەمىشە لاي ـ پاتقاق يۇقى تۇراتتى. ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان بولۇپ، ئاق پۇسىلاق چىرايىنى كىشىلەرگە تېخىمۇ يۇمران كۆرسىتەتتى. يۇقىرالارنىڭ بۇ ياش يىگىت ئىشقا باشلىغىنىغا مەستلىكى كېلىپمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇر «ئاقبالىخان» دەپ ئىسىم قويۇۋالغانىدى.

ۋۇجۇدىدىن ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغىنىغا قارىماي ئاقبالىخان ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن، كەم سۆز ئىدى. خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى. شۇڭا، مەيلى يۇقىرا ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر بولسۇن، ئۇنى «قابىلىيەتلىك، ئىستىقباللىق، خەلقپەرۋەر كادىر» دەپ تەرىپلىشەتتى.

ئاقبالىخان تاماق خىللىمايتتى. شۇڭلاشقىمىكىن يۇقىرىدىن رەھبەرلەر، مېھمانلار كەلسە، ياخشىراق تاماق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا — يېزىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن رەھبەرلەر كەلگەندە، كاتىپ ئۆدۈل ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرەيتتى.

— باشلىق، مېھمانلارنىڭ تامىقىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىمىز؟

— ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا توخۇدىن ئىككىنى سويۇپ تاماق

قىلىڭلار. ئاشپەزگە تاپىلاپ قويسىلا، تاماقنى كۆپ ئېتىپ، ئىسراپ قىلىۋەتمىسۇن، — دەيتتى ئاقبالىخان يوليورۇق بېرىپ.

## 2

ئۇ دائىم بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا كانۋا كۆڭلەك كىيىپ يۈرەتتى. شىمىنىڭ قىرى ھەر كۈنى پىچاقنىڭ بىسىدەك تۇراتتى. سەھرا يوللىرىنىڭ توپا بولۇشىغا قارىماي ئايىغى ئەينەكتەك پارقىرايتتى. ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئىككى كۈندە بىر قىرىپ تۇرغاچقىمۇ ئۇنىڭ ئاق پۇسمىلاق كەلگەن چىرايى تېخىمۇ سۈزۈك كۆرۈنەتتى. ھەپتىدە بىر قېتىم شەھەرگە كىرىپ ئائىلىسىنى يوقلاپ چىققىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان قورۇسى ئىچىدىن سىرتقا چىقمايتتى. كىشىلەر بىلەن ئاز ئارىلىشاتتى. گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشى بەكمۇ سىپايە ئىدى.

يۇقىرىلارنىڭ ئۇنىڭ ياشلىقىغا، ئاق پۇسمىلاق چىرايىغا مەستلىكى كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇنىمۇ ئاقبالىخان دەپ ئاتاشقانىدى.

ئاقبالىخان كەنتلەرگە ئاندا ـ ساندا چۈشۈپ خىزمەت ئىشلىگىنى بىلەن، كەنت كادىرلىرىنى ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىغا چاقىرتىپ مەجلىس ئېچىپ، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇراتتى.

يۇقىرىلار ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. گەپ ـ سۆزلىرىنى يۈرەكلىك، يۈزتۇرا ئېيتالمايتتى. ھەردائىم يۇقىرىدىن رەھبەرلەر كەلسە، ئاقبالىخان ئۇلارغا باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولاتتى. يېزىدىكى داڭلىق سازەندە، ئۇسسۇلچىلارنى يىغىپ مەشرەپ قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى تۈزۈپ بېرەتتى. ياز ـ كۈز پەسلىدە باغ سەيلىسىگە، قىش ـ ئەتىياز پەسلىدە كاۋاپ

بەزمىسىگە باشلاپ باراتتى. ئاقبالىخان ئەنە ئاشۇنداق سورۇنلاردا خىزمىتىدىن دوكلات قىلاتتى. يولىيورۇق سورايتتى، يېڭى خىزمەت پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسلىھەت ئالاتتى. شۇڭلاشقىمىكىن بۇ يېزىغا كەلگەن ھەرقانداق رەھبىرىي كادىر ئۇنى «قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدۇ، مېھماندوست، كەمتەر» دەپ تەرىپلەيتتى.

## 3

ئۇنىڭ يارىشىملىق بوْدوْر چېچى ھەردائىم مايلاپ قويغاندەك پارقىراپلا تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى ئالا بالداق مودا كۆڭلىكى بىلەن پادىچى شىمى ئۇنىڭغا يېزا باشلىقلىق سالاھىيىتىدىن كۆرە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا خاس سالاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى. پۇتىدىكى دائىم ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئايىغىغا قاراپ ئۇنىڭ زادى قانچە ئايىغى بارلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قىزىل رەڭلىك پىكاپى ھەردائىم يېزا بىلەن شەھەر، يېزا بىلەن كەنت ئارىلىقىدا قاتناپ تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ پىكاپنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقىدا مەغرۇر ئولتۇرغان بولاتتى.

ئۇنىڭغا بىرەر ھەپتە ھەمراھ بولغان ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ داۋاملىق ھاراق پۇراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاسانلا سېزىۋالاتتى. ھاراقنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئاق پۇسمىلاق چىرايى قىزىرىپلا تۇراتتى. پۇقرالار بۇ يېزا باشلىقىنىڭ ياش تۇرقىنى ۋە ئاق پۇسمىلاق چىرايىنى ئىلگىرىكى يېزا باشلىقلىرىغا ئوخشىتىپ قېلىشتىمۇ، ئەيتاۋۇر بۇنىڭغىمۇ «ئاقبالىخان» دەپ ئىسىم قويۇۋېلىشقانىدى.

ئاقبالىخان ھاراقكەش، مودا قوغلىشىدىغان كۆرۈنگىنى بىلەن دېھقانلارغا يېلىمدەكلا يېپىشاتتى، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە تارتىنمايلا كىرەتتى. داستىخىنىدا نېمە بولسا شۇنى يەيتتى. ھەتتا دېھقانلار قويۇپ بەرگەن ئەرزان باھالىق ناچار ھاراقلارنىمۇ

سوغۇق سۇ، بىرەر تىلىم قوغۇن ـ تاۋۇزنى زاكۇسكا قىلىپ ھۇزۇرلىنىپ، داڭلاپ ئىچەتتى. ئۇنىڭ زاغرا ناننى قېتىق بىلەن يېيىشكە ئامراقلىقىنى پۇتكۇل يېزا خەلقى بىلەتتى.

ئاقبالىخان يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ياكى پۇقرالار ئالدىدا بولسۇن ئۆزىنى تولىمۇ ئەركىن تۇتاتتى. كۆڭلىدىن نېمە كەچسە شۇنى دەيتتى. گەپ ـ سۆزلەرنى بەكمۇ يۇمۇرلۇق قىلاتتى. ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى كۇلدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ بىر قىسىم مەجلىسلەرنى مەجبۇرىيەت يۇزىسىدىن ئاچمىسا، ئالدىراپ كەلسە ـ كەلمەس ئاچمايتتى.

بەزىلەر ئاقبالىخاننى ئەدەپسىز دېسە، بەزىلەر تۈز كۆڭۈل، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، دېيىشەتتى. بەزىلەر ئۇنى ھېيلىگەر، پو ئېتىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ، دېسە، بەزىلەر ساددا، پۇقرالارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايدۇ، قۇرۇق ۋەدىدىن ئەمەلىي ئىشنى كۆپ قىلىدۇ، دېيىشەتتى، ئىشقىلىپ، مەيلى يېزىدىكى پۇقرالار بولسۇن، مەيلى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاقبالىخانغا بولغان كۆزقارىشى، باھاسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

يۇقىرىدىن رەھبەرلەر كەلگەن ھامان ئاقبالىخاننىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى، كاتىپنى شەھەرگە يۈگۈرتۈش بولاتتى.

— تېز بولۇڭ، — دەيتتى ئاقبالىخان كاتىپنى ئالدىرىتىپ، — ھازىرلا شەھەرگە كىرىپ ×× رېستوراننىڭ ئالىي دەرىجىلىك بۆلۈمىدىن ×× شىرەلىك زىياپەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويغاچ تۇرۇڭ. ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، زىياپەت شىرەسىدىكى قورۇمىلارنىڭ تۈرى كۆپ، ھاراقلىرى ئېسىل بولسۇن. مېھمانلارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالمايلى يەنە.


ئاقبالىخان مەجلىس ئېچىپ سۆزلەشكە قېرىقتەك قىلغىنى بىلەن، رېستوراندىكى زىياپەت سورۇنلىرىدا قەدەھ سۆزى سۆزلەشكە تولىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ خىزمەت دوكلاتىنى قەدەھ سۆزى بىلەن بىرلەشتۇرۇۋېتەتتى. كۇلكە ـ چاقچاقلار ئارىسىدا

رەھبەرلەرنىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىگە بولغان باھاسىنى ئۇقۇۋالاتتى. ئىشقىلىپ، بۇ خىل زىياپەتكە داخىل بولغان ھەرقانداق رەھبەر ئۇنىڭ خىزمىتىگە رازىمەنلىك بىلەن يۇقىرى باھا بېرەتتى. دادىل ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرەتتى.

* * *

مەزكۇر يېزىنىڭ يېقىنقى تارىخىدا ئۆتكەن بۇ ئۈچ نەپەر يېزا باشلىقىنىڭ ئەھۋالىدىن بىلىدىغانلىرىم شۇنچىلىك. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق كىشىلەر يېزا باشلىقى بولۇپ چىقىدۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، ناۋادا يەنە يېڭى يېزا باشلىقلىرى چىقىپ قالسا، ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ يېڭى بىر «ئاقبالىخان» بىلەن تونۇشۇۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشكە مانا مەن كېپىل.

1995 ـ يىلى ئاۋغۇست، يەكەن



# كېپىش

رېستوران، مېھمانخانا، ئاشخانا قاتارلىق مۇلازىمەت سورۇنلىرىنىڭ ھەر خىل ئۇسلۇبتا، ھەشەمەتلىك بېزىلىشىگە ئەگىشىپ، ئولتۇراق ئۆيلەرنى بېزەشمۇ خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدەك يامراپ كەتتى. كىشىلەر گەدىنىگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ سېتىۋالغان ئۆيلىرىنى لېۋىنى چىشلەپ، يەنە بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ تۇرۇپ بېزەپ كۆچۈپ كىرىشتى. ئەلۋەتتە، ئالدىنقىسى سودا، رىقابەت ئېھتىياجىدىن بولسا، كېيىنكىسى خۇددى «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك داغۋازلىقتىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس.

قايسىبىر «ئەقىللىك» ئىدارە باشلىقى خىزمەت بىناسىنىڭ سىرتىغا رەڭدار چىنە خىش چاپلاپ، ئىچىنى ئالىي دەرىجىدە ھەشەمەتلىك بېزەپ، خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئىدارە ـ ئورگانلاردا بۇ ئىش يەنە بىر مودىغا ئايلاندى. ھەرقايسى ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرى بېزەكچىلىك شىركەتلىرىنى تەكلىپ قىلىپ خىزمەت بىنالىرىنى بېزەشكە كىرىشتى. خىزمەت بىناسىنى سالغىلى ئەمدىلا بىر ـ ئىككى يىل بولغان ئىدارە ـ ئورگانلاردىن تارتىپ، خىزمەتچىلىرىگە مائاش تارقاتمىغىلى بەش ـ ئالتە ئاي بولۇپ قالغان ئىدارە ـ ئورگانلارغىچە ھەممىسى بۇ مودىغا قېتىلدى.

باشلىقىمىزنىڭ قېرىلىقىدىنمۇ ياكى مۇتەئەسسىپلىكىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر بۇ مودا بىزنىڭ ئىدارىگە ئەسىر ئاتلاپ ئاران يېتىپ كەلدى. ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىدارىمىزنىڭ تۆت

قەۋەتلىك خىزمەت بىناسىنىڭ سىرتىغا، كارىدور، ئىشخانا پوللىرىغا رەڭدار چىنە خىش چاپلاندى. تام ـ تورۇسلىرى ئاللىقانداق نەقىشلىك تاختاي، گۇللۇك قەغەزلەر بىلەن بېزەلدى. ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلىرىمىز ئالماشتۇرۇلدى. ئىشخانىلىرىمىز يېڭى، ئازادە بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇ ئىشتىن ئىدارىمىزدىكى خىزمەتچىلەر ئانچە خۇش بولۇپ كەتمىگەندەك قىلاتتى.

— ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىڭمۇ؟ — سوراپ قالدى خىزمەتدىشىم يالقۇن.

تومتاقلا سورالغان بۇ سوئالدىن بىرئاز گاڭگىرىدىم.

— قانداق دەيسەن؟

— باشلىقنىڭ ئىشخانىسى ئاجايىپ ئېسىل بېزىلىپتۇ. بەئەينى ئوردىنىڭ ئۆزى دېگىنە.

يالقۇننىڭ تاڭلايلىرىنى چاكىلدىتىپ تورۇپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىرئاز خاتىرجەم بولدۇم.

— ھە، شۇ گەپمىدى...

پەرۋاسىزلىق بىلەن لېۋىمگە بىر تال تاماكا قىستۇردۇم ـ دە، يالقۇنغىمۇ بىر تال ئۇزارتتىم. ئۇ ئوڭ قولىدىكى يالتىراق خالتىنى چاقنانلىق بىلەن سول قولىغا يۆتكەپ تاماكىنى ئالدى. خالتىنى ئىما قىلىپ مۇنداقچە سوراپ قويدۇم:

— نېمە ئۇ؟

— كېپىش①، — دېدى ئۇ خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، — قانداق، بولامدىكەن؟

يالقۇننىڭ خۇددى قىممەت باھالىق بىرنەرسىنى كۆرسەتكەندەك ئەستايىدىللىقى زىتىمغا تەگدى.

— بولۇپ ـ بولماي ناھايىتى بىر كېپىش ئىكەنغۇ، ئۆيگە ئەكەتمەي ئەجەب ئىشخانىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپسەنغۇ،

① كېپىش — ساپما كەش دېگەن مەنىدە (ئاپتوردىن.)

قاملاشمىغان...

يالقۇن دەرھال چۈشەنچە بەردى:

— ئۆزۈمگە ئالمىدىم. بۆلۈم باشلىقىمىز بۇيرۇغان، ئەڭ ئېسىلىدىن تاللاپ ئال دېگەنىدى. ئوتتۇز بەش كويغا ئالدىم.

— ئوتتۇز بەش كوي؟ بىر خورۇم بەتىنىكنىڭ پۇلىغۇ بۇ.

كېپىشنى ئالدىراپ قولۇمغا ئېلىپ ئىنچىكىلىك بىلەن قارىدىم. ئەمما، قولۇمدىكىسى ئادەتتىكىچىلا بىر كېپىش ئىدى.

— ناھايىتى بىر كېپىش ئىكەنغۇ شۇ؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بۇ كېپىشنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بار، — دېدى يالقۇن دەرھال چۈشەندۈرۈپ، — كۆردۇڭمۇ، ئالىقىنىغا ئورنىتىلغان ئاۋۇ ماگنىتلىق مېتال قان بېسىمنى تەڭشەش رولىغا ئىگە. ماۋۇ تاپىنىغا ئورنىتىلغىنى يۈرەك كېسىلىگە شىپا بولىدۇ. چەمىنىڭ ئارىلىقىغا ئورنىتىلغان مېتال باش قېيىش، كۆز تورلىشىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ھارغىنلىقنى تۈگىتىدۇ. بۇ كېپىشنى داۋاملىق كىيىپ مېڭىپ بەرسە سېمىزلەرنى ئورۇقلىتىدۇ، ئورۇقلارنى سەمرىتىدۇ. مېڭە قان تومۇر قېتىشىش، دىيابېت كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ...

— پاھ ! ئۇنداقتا بۆلۈم باشلىقىمىزغا كېپىش ئەكەلمەي، «خاسىيەتلىك دوختۇر» ئەكەلدىڭمۇ نېمە؟ — مەسخىرىلىك تەلەپپۇزۇمدىن يالقۇن ۋاللىدە قىزاردى ـ دە، لام ـ جىم دېمەي چىقىپ كەتتى.

ھەپتە ئۆتكەندە بىر ھۆججەتكە ئىمزا قويدۇرۇش ئۈچۈن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپلا كۆزلىرىم راستلا ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى. كۆز ئالدىمدىكىسى ئىشخانا ئەمەس، بەئەينى بىر ھەشەمەتلىك ئارام ئېلىش زالى ئىدى. ئالىي دەرىجىلىك پولنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان قىپقىزىل گىلەمگە قانداق دەسسىشىمنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— ئىشىكنىڭ تۈۋىدىكى كېپىشنى كىيىپ كىرىڭ، — دېدى

باشلىقىم.
ئىشىك تۈۋىدە ھەر رەڭ، ھەر خىل پاسوندىكى سەككىز ـ ئون جۈپتەك كېپىش تۇراتتى. پۇتۇمغا ئەڭ يېقىن تۇرغان كېپىشكە ئالاھىدە كۆزۈم چۈشتى. بۇ دەل خىزمەتتىشىم يالقۇن بولۇم باشلىقىمىز ئۈچۈن مەخسۇس سېتىۋېلىپ ئەكەلگەن ھېلىقى «خاسىيەتلىك دوختۇر» كېپىش ئىدى. مەن ئۇنى ئىككىلەنمەيلا كىيدىم.
ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندە ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ ئىشخانىسىغا يەنە بىر كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ قېتىم ئىشىك تۈۋىگە مەخسۇس ئاياغ ئىشكاپى قويۇلغان بولۇپ، ئاز دېگەندىمۇ يىگىرمە جۈپتەك كېپىش تۇراتتى. خۇرۇم، ئالىي دەرىجىلىك يىپەك رەختلەردىن تىكىلگەن بۇ كېپىشلەرنىڭ ئاللىقانداق ساقلىق ساقلاش، داۋالاش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بارلىقىنى پەملىدىم.
بىرەر يىل ئۆتكەندە ئىدارە باشلىقىمىز يېشى توشۇپ پېنسىيەگە چىقتى. يېڭى باشلىقىمىز خېلىلا ياش ئىدى. ئەلۋەتتە كونا ـ يېڭى رەھبەرلەرنىڭ ئالمىشىشى نورمال ئىش بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىش بىزنى خېلىلا ئۆرىتۆپە قىلىۋەتتى.

*　　*　　*

ئەخلەتلەرنى تۆكۈۋېتىش ئۈچۈن ئەخلەتخانىغا كەلدىم. ئەخلەتنى تۆكۈۋېتىپ كۆزۈم بىرنەرسىگە چۈشۈپ قالدى. ئەخلەتلەرنىڭ ئارىسىدا بۇنىڭدىن بىر يىل ئاۋۋال خىزمەتدىشىم يالقۇن سېتىۋالغان ھېلىقى «خاسىيەتلىك دوختۇر» كېپىش تۇراتتى. مەن ئۇنى قىزىقىپ قولۇمغا ئالدىم. كېپىش سېتىۋېلىنغان ۋاقىتتىكىدەك يېڭى، ھەتتا ئازراقمۇ سۇرۇلگەن، قىرىلغان يېرى يوق ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى ئەخلەتخانىغا تاشلاپ قويغۇم كەلمىدى ـ دە، ئېلىپ ئەخلەت چېلەكمىگە

سىلىنىۋالدىم. كاللامنى كېپەش توغرۇلۇق تەگسىز خىياللار ئەسىر قىلىۋالدى.

ئىشخانىغا كىرىپ ئەمدى ئولتۇرۇشۇمغا قوشنا ئىشخانىدىن خىزمەتدىشىم يالقۇننىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىشخانىدا ئولتۇرۇپلا ئادەم چاقىرىش ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىنكى يېڭى ئادىتى ئىدى.

— مۇنداق ئىش، — دېدى ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىشىمگىلا خەت يېزىۋاتقان قەلىمىنى تاشلاپ قويۇپ، — دەرھال بازارغا چىقىپ بىر جۈپ كېپەش سېتىۋېلىپ كەل. باھاسى قانچە پۇل بولسا مەيلى، ئەمما ئەڭ ياخشىسى بولسۇن.

— «دوختۇر كېپەش» بولسىمۇ بولامدۇ؟ — سورىدىم مەن كۈلكەمنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

— ساقلىق ساقلاش كېپىشلىرىدىن بولسا تېخى ياخشى، داڭلىق ماركىلىق ئاياغ زاۋۇتلىرىدا ئىشلەنگەن، ساقلىق ساقلاش ئۆلچىمى خەلقئارا سەۋىيەگە يەتكەنلىرىدىن بولسۇن. چەت ئەلنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن بولسا تېخىمۇ ياخشى...

شۇ تاپتا كېپەش سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازار ئارىلاپ كېتىۋاتىمەن. ئەڭ ئېسىل، ئەڭ داڭلىق ماركىلىق، قىممەت باھالىق كېپەش سېتىۋالالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل. ئەمما، بۇ كېپەشنى ھازىرقى باشلىقىمىزنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدىغان كەلگۈسىدىكى نامەلۇم يېڭى باشلىقنىڭ كىيىدىغان - كىيمەيدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. نېمىلا بولمىسۇن بىر ئىشنى ئېسىمدە مەھكەم تۇتىمەنكى، قاچانكى ھازىرقى باشلىقىمىزنىڭ ئورنىغا يېڭى باشلىق ئالمىشىدىكەن، شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئىدارىمىزنىڭ ئەخلەتخانىسىغا ئەڭ بۇرۇن بېرىپ ساقلاپ تۇرىمەن.

2003 - يىلى يانۋار، يەكەن

# ئارمان

شەھەرلىك N ئىدارىسىنىڭ كادىرى ھەسەنوۋ ئۆڭگى قارامتۇل، ئوتتۇرا بوي، ئورۇقلۇقىدىن بەدىنىدە ئەت قالمىغان، ئىسكىلىتقا ئوخشاش ئادەم ئىدى. ئۆز ۋۇجۇدىدا يوق نەرسىلەرگە ئىنتىلىش ئىنسانلارغا ئورتاق خاراكتېر بولسا كېرەك، پاكار ئېگىز بولۇشنى، مېيىپ بېجىرىم بولۇشنى ئارمان قىلغاندەك، ھەسەنوۋنىڭ قىسىق كۆزلىرى ھەرقاچان قورساق سالغان سېمىز ئەرلەرگە ھەۋەس بىلەن تىكىلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ كىشىلەرگە خېلى ئۇزاق ھاڭۋېقىپ قارايتتى. ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئېغىر پۇشۇلداپ تىنغىنىچە تېگى يوق خىياللارغا پاتاتتى. ئورۇق بارماقلىرى بولسا، كۈنسايىن ئىچىگە تارتىلىپ كېتىۋاتقان، خۇددى راۋابقا ئوخشاش قورسىقىنى ئىختىيارسىز سىلايتتى.

ئۇنىڭ تېنى ساغلام، ئىشتىھاسى ياخشى ئىدى. ئىككى - ئۈچ تەخسە لەڭمەننى كۆرمىدىم دەپلا سوقۇۋېتەتتى. بەلكىم سەمرىپ قالارمەن، دېگەن ئۈمىد بىلەن تاماقنى زورلاپ يەيتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر ھەسەنوۋنىڭ بەدىنىگە پەقەتلا ئەت قونمىدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپ قوشنىسى (ئىدارە باشلىقى) بىلەن، سول تەرەپ قوشنىسى (بۆلۈم مەسئۇلى) ياش قۇرامىغا ماس يارىشىملىق ئۇستىخان سالغان، كاستۇملىرىنىڭ تۈگمىلىرى ئاران يەتكۈدەك سەمرىگەن ئادەملەر بولۇپ، گويا قامەتلىرىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك (بەلكىم ھەسەنوۋنىڭ ئۇلارغا داۋاملىق قارىغۇسى كېلىدىغاندۇ) ھەسەنوۋنىڭ كۆزىگە ھەردائىم چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئۇياندىن - بۇيانغا

ئۆتۈشلىرى بولسا ھەسەنوۋنىڭ ئەسلىدىلا قارا چىرايىنى تېخىمۇ قارىدىتىۋېتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشلىق بولالماسلىقىنى سەمرىىپ يوغىنالمىغان قورسىقىدىن كۆرگىنىنى ئاز دەپ، تېخىمۇ ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن قورسىقىغا ئاداۋەت بىلەن تىكىلەتتى. يېقىندا ئىدارىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش ھەسەنوۋنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ، دەرد ـ ھەسرىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى.

ھەسەنوۋ بۆلۈم باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلگەن نامزاتلار ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن ئاۋازغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا بېلەت تاشلىمىغانىدى. ئەمما، خېلى بۇرۇنلا كۆزىنى قىزارتىپ، ئۇستىخان سېلىپ سەمرىگەن، ھەسەنوۋنىڭ دېمەتلىك خىزمەتدىشى ئەڭ يۇقىرى ئاۋازغا ئېرىشىپ بۆلۈم باشلىقى بولغانىدى. ئەسلىدىغۇ ھەسەنوۋ بۇ ئىشقا ئاللىبۇرۇن ئوبدان كاللا قاتۇرۇپ، ئامال تېپىپ، يىگىرمە بەش يىل ئىلگىرى ئالتە ئاي تەربىيەلەنگەن مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىرىنى يوقلىغان بولۇپ سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپ پۈتكۈزگەنلىك دىپلومىنى ئەكەلگەن. ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن بۆلۈم باشلىقلىق نامزاتىغا ئېرىشكەنىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ ھېلىقى «غورا»دىن قانچىلىك يېرى كەمكىنە؟ دۇرۇس، پەقەت بىرلا كەم يېرى بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئەمەلدارلىق سالاپىتى بېغىشلىيالمايدىغان زىيادە ئورۇقلۇق. بۇ پاكىتنى ھەسەنوۋمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ. ھەسەنوۋنىڭ كەسپىتە ئىقتىدارسىزلىقى، خىزمەتداشلىرى بىلەن چىقىشالماسلىقى قانچىلىك چوڭ ئىش ئىدى دەيسىز؟

ھەسەنوۋ بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، پۈتكۈل جەددى ـ جەمەتى ئارىسىدىن بىرمۇ سېمىز ئادەمنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەمرىيەلمەسلىك كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغانىدى. بۇ ئىش جانابىي ھەسەنوۋنىڭ ھەسرىتىنى بەكلا ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

ھەسەنوۋنىڭ چوڭ شەھەردە «خوتۇن يەرلىك» بولۇپ قېلىپ قالغان ئوغلى بوگۇن ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئۇ كۆرۈشمىگىلى

ئالتە يىل بولغان ئوغلى ۋە كېلىنى بىلەن دىدارلىشىپ خۇشاللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ھەددىدىن زىيادە ئورۇق ـ يالپاقلىقى ئەرۋاھىنى قىرىق گەز ئۇچۇردى.

ھەسەنوۋ زادى كارغا كەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ جەمەتىدىن يارىشىملىق ئۇستىخان سالغان بىرەر باشلىق چىقماسمۇ؟ ھەسەنوۋنى چاڭقىتىپ ئازابلىغان ئەمەلپەرەسلىك تەشنالىقىنى قاندۇرماسمۇ؟ ھەسەنوۋ ئارمىنىغا يەتمەي بۇ دۇنيادىن كېتەرمۇ؟ ئۇ تۇيۇقسىز، كوچىدا ئوينىپ كىرگەن نەۋرىلىرى قاتارىدا، يېشىغا مۇناسىپ كەلمەس، توپتەك سەمرىپ كەتكەن بەش ـ ئالتە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر بالىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

— بۇ بالا...

— سىزنىڭ نەۋرىڭىز، ئىسمى ئارمان، — دېدى ھەسەنوۋنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەستىنلا چاققانلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ.

— نى... نېمە... بۇ راستلا سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ؟ — ھەسەنوۋ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك نەۋرىسىنىڭ قېشىغا كەلدى.


بۇ بالىنى دەل ھەسەنوۋنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ، ئىچىنى ئادىتىپ سەمرىگەن ھېلىقى باشلىقلارنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى دېيىشكە بولاتتى. ھەسەنوۋ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى، نەۋرىسىنىڭ سېمىزلىكىدىن چاپىنىنىڭ تۈگمىسى قورسىقىغا ئارانلا يەتكەن بولۇپ، ئۇ ھەسەنوۋ جەمەتىنىڭ مەڭگۈ سەمرىمەسلىك تارىخىغا خاتىمە بەرگەنىدى. خۇدا ھەرھالدا ھەسەنوۋغا ئوڭ كۆزى بىلەن قاراپتۇ. مانا ئۇنىڭ جەمەتىدىنمۇ باشلىققا ئوخشاش سېمىز، سالاپەتلىك كىشىلەر چىقتى. كەلگۈسىدە ئۇنىڭ چوقۇم باشلىق بولۇشىدا گەپ يوق. كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس...

— ئارمان! مېنىڭ نەۋرەم...

ھەسەنوۋ ئۆيدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، نەۋرىسىنى ئېگىز

كۆتۈردى ـ دە، يەرگە قويۇشقا ئۈلگۈرمەيلا، كەينىگە دارائگىدە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنى ئوغلى، كېلىنى، ئايالى بولۇپ كۆتۈر ـ كۆتۈر قىلغىنىچە دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرلار ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق «قاتتىق خۇشاللىق ۋە ھاياجانغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بۇ بىمارنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن مەڭگۈلۈك توختىغان» دېگەن دىياگنوزنى قويدى.

1989 ـ يىلى ماي، يەكەن



# قاناتسىز كېپىنەك

ئۆتنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭكىدەك نۇقسانسىز قامىتىگە تىزى ۋە كاسىسى سۇرۇلگەن پادىچى شىمى بىلەن ئەرەنچە كاستۇمى ۋە ئاق رەڭلىك ساياھەت ئايىغى ئىنتايىن ماس كەلگەنىدى. كىرپىكلىرى شالاڭ، كىچىكرەك، ئانچە جەلپكارلىقى يوق قوي كۆزى ئېرىقتىكى لايقىلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا غەمكىن تىكىلگەن بولۇپ، قېلىن، قىيسىقراق لەۋلىرى قانداقتۇر بىر يۇرەك سىرىنى يوشۇرغاندەك مەھكەم يۇمۇلغانىدى. ئۆتنىڭ يېنىدىكى تېرەككە يۆلىنىپ تۇرغان يىگىت بىر تال سارغايغان ياپراقنى ئوينىغىنىچە شوخ بىر ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا ئىسقىرتىۋاتاتتى. يىگىت ئىسقىرتىپ زېرىكتىمۇ، قولىدىكى ياپراقنى ئېرىق سۈيىگە تاشلىۋېتىپ، پېشانىسىغا چۈشۈۋالغان چېچىنى بارماقلىرى بىلەن تارىۋەتكەندىن كېيىن، كوماك چىشىنىڭ ئارىلىقىدىن چىقىرىپ چىرتتىدە تۈكۈرۈۋەتتى - دە، يانچۇقىدىن تاماكا قەغىزى ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بىر تال چېكىپ قويامسەن؟

— بولدى چەكمەيمەن.

— ھۆرلىقا كەلمەيدۇغۇ؟

ئۇ يىگىتنىڭ يېرىك ساقال باسقان چىرايىغا لاپپىدە بىر قارىۋالدى - دە، كۆزىنى يەنە ئېرىقتىكى سۇغا تىكىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— تېخى بالدۇر.

يىگىت تاماكىسىغا سەرەڭگە ياقتى. قارچىغا كۆزلىرى

تەقەززالىق، سېغىنىش، تېت ـ تىتلىق بىلەن يىراقلارغا تىكىلدى. قانداقتۇر بىر تاتلىق خىياللار ئىلكىدە ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى، سائىتىگە بىتاقەتلىك بىلەن قارىدى.

— ھېچ چۈشەنمىدىم، — دېدى يىگىت بىردىنلا ئۇنىڭغا بۇرىلىپ، — سەن نېمىشقا داۋاملىق ئوغۇللارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ يۈرىسەن؟ خۇددى ئوغۇللارنىڭ كىيىمى قىزلارنىڭ كىيىمىدىن چىرايلىقتەك.

ئۇ يىگىتنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. لېكىن، بۇ كۈلكىسى تولىمۇ ياسىما، ئازابلىق كۈلكە ئىدى. كۆزلىرىدىن مۇڭ بىر خىل ئىچكى ئازاب تۆكۈلەتتى. يىگىت ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇ جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان سوئالنى سوراپ قالغانىدى.

— مەنمۇ ئوغۇللارنىڭ كىيىمى قىزلارنىڭ كىيىمىدىن چىرايلىق دەپ قارىمايمەن.

— ئەجەب...

يىگىت گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى. كۆزلىرى ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئەرەنچە كىيىمگە تىكىلدى. ئۇ قوپال، نىمكەش كىيىملەر ئۇنىڭ نازۇك قامىتىگە ھېچقانداق نۇقسان يەتكۈزەلمىگەنىدى. لېكىن، يىگىت يەنىلا نارازى ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسىدەك كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنى بۇنداق ساڭگىل ـ سۇڭگۇل كىيىملەر بىلەن ئەمەس، بەلكى چىرايلىق كۆڭلەكلەرنى كىيىپ قىزلىق لاتاپىتى بىلەن كېپىنەكلەردەك يايرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تونۇشقىنىغا خېلى بولغان بولسىمۇ، قىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەرەنچە كىيىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى.

— قىزلارنىڭ كىيىم مودىسى كۆندە بىر يېڭىلىنىپ تۇرغان مۇشۇنداق شارائىتتا، قىزلارچە كىيىنىپ يۈرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس، بىلىشىڭىز كېرەك، مەن قىزلارچە كىيىنسەم چوقۇم يېڭى ـ يېڭى مودىدىكى كىيىملەرنى كىيىپ تۇرۇشۇم،

ھەپتىسىگە ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم كىيىم ئالماشتۇرۇشۇم، ساۋاقداشلىرىم، دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالماسلىقىم كېرەك. بۇنىڭغا ئىقتىسادىي شارائىتىم يار بەرمەيدۇ.

— ئەخمەق، نېمىشقا بۇ گەپنى بۇرۇنراق دېمىدىڭ؟

— سىزنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىڭىزگە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى يىگىتكە غۇرۇر بىلەن تىكىلدى. سۇزۇك گىرىمسەن چېھرى چىددىي تۈس ئالدى. يىگىت بۇ قاراشلارغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. تاماكىسىنى چىڭ - چىڭ شورىدى. خۇددى ئۆزىگە سۆزلىگەندەك غودۇرىدى.

— ساراڭ، ھەقىقىي ساراڭ... ھېچبولمىغاندا ئىسمىڭنى نۇر دېمەي، نۇرگۇل دېيىشىڭ كېرەك ئىدى، — دېدى يىگىت.

— نېمىشقا؟ — سورىدى قىز پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— چۈنكى، سەن بەربىر قىز - دە، ماھىيىتىڭنى يوشۇرۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق.

— مەن قىز بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەرگىز ئەپسۇسلانمايمەن. ئۆمرى ئىنتايىن قىسقا بىر گىياھنىڭ نامىنىڭ ئىسمىمنىڭ كەينىگە سۆرىلىپ يۈرۈشىنى خالىمايمەن. خۇدا گۈل دېگەن بۇ نامنى قىزلارنىڭلا ئىسمىغا قوشۇپ ئاتاشنى بەخشەندە قىلمىغان.

يىگىت ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى خالىمىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇن - تىنسىز كەچكى ئۇپۇققا كۆز تىكتى. ئۇپۇق ئوت كەتكەندەك تاۋلانغانىدى. يىگىتنىڭ قارىچۇغا كۆزلىرىدە سېغىنىش، ئىنتىزارلىق، تەلمۈرۈش، بىتاقەتلىك ھېسلىرى بالقىيتتى. ئۇنىڭغا ھۆرلىقا ئاشۇ قان چېچىۋەتكەندەك رەڭلەنگەن ئۇپۇقتىن قۇياشقا ئوخشاش بالقىپ، كۈلۈمسىرەپ چىقىدىغاندەك بىلىنەتتى.

قىز يىگىتنىڭ چىرايلىق قارا بۇرۇتلىرىغا تەلمۈرۈپ نېمىنىدۇر خىيال قىلدى - دە، شۇ ئانلا خىيالىنى يىگىت بىلىپ قالغاندەك خىجىل بولۇپ، ئۇپۇققا پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ رەڭگىدە ۋىللىدە قىزاردى. بىئىلاجلىق، يوشۇرۇن كۆيۈك ئازابىدا يۈرىكى

تاتلىق ئېچىشتى. كىرپىكلىرى شالاڭ، جەلپكارلىقى يوق كىچىك كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش كەلدى. مىنۇت ئاۋۋالقى مەغرۇرلۇقىغا يات هالدا، كىشىنىڭ هېسداشلىقىنى قوزغىغۇدەك دەرىجىدە ئىدا قىلدى:

— ئېھ، خۇدا، ئۆزۈڭ بار!

تاتلىق خىياللار ئىلكىدە ئەللەيلىنىۋاتقان يىگىت قىزنىڭ ئىداسىنى ئۇچۇق ئاڭلىيالماي سورىدى:

— ماڭا گەپ قىلدىڭمۇ؟

— ياق، — دېدى قىز پەس ئاۋازدا.

قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدا پۈتۈنلەي غايىب بولدى. قىزغۇچ بۇلۇتلار ئاستا - ئاستا قارىيىشقا باشلىدى. قىز بۇ مەنزىرىلەردىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ يىگىتتىن سورىدى:

— هۆرلىقا ئاچامنى راستلا ياخشى كۆرەمسىز؟

— سەنمۇ ئىشەنمەمسەن؟ — يىگىت ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى. ئۇ يىگىتنىڭ سۆيۈملۈك قارچىغا كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ تۇرۇپ سورىدى:

— هۆرلىقا ئاچام سىز ئۈچۈن شۇنچە قەدىرلىكمۇ؟

بۇ سوئال يىگىتنى روهلاندۇردى. كۆزلىرىدە قەتئىيلىك، ئىشەنچ نۇرلىرى جىلۋە قىلدى.

— هۆرلىقاغا بولغان مۇهەببىتىم ۋە ئەقىدەم ئاتا - ئانامغا بولغان مۇهەببىتىم ۋە ئەقىدەمدىن قېلىشمايدۇ، مەن ئۇنى ئۆز هاياتىمنى سۆيگەندەك سۆيىمەن.

بۇ جاۋابتىن قىزنىڭ ۋۇجۇدى تىترىدى. يۈرىكى پارتىلاپ چىقىدىغاندەك كۆكرەك قەپىسىگە سىغمىدى. ئېرىقنىڭ لايقىلاپ ياۋاشلىق بىلەن ئېقىۋاتقان سۈيى بىردىنلا مەۋج ئۇرۇپ قىنىدىن چىقتى.

قىز يىگىتنى هۆرلىقا بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سورىغان سوئالىغا يىگىتنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن بىرنەچچە دەقىقە ئېسىنى يوقاتتى.

ھۆرلىقا ئۆزىگە قاراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ ھۇپپىدە قىزاردى.

قىز ئۆزىنى دەرھاللا تىزگىنلىۋالدى. ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كۆزىنى ئېرىقتىكى سۇغا تىكتى.

— يۇرگەن يىگىتىڭ بارمۇ؟

— يوق.

— ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭچۇ؟

— ياخشى كۆرگەن يىگىتىم بار.

ئەللىك قەدەم يىراقلىقتا زىلۋاغىنا بىر قىز ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. قىز ئۇنى كۆردى ــ دە، يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدىدى. قىيماسلىق، يەنە ۋاز كېچىش تۇيغۇلىرى ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ دەقىقە ئىچىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يىگىتكە ئاستا پىچىرلىدى:

— ئەنە، ھۆرلىقا ئاچام كېلىۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن سىز ئەپۇ سوراڭ. ئەمدى تايىنى يوق ئىشلارغا رەنجىشىپ قالىدىغان بولساڭلار ھەرگىز ئاراڭلارغا چۈشمەيمەن.

ئۇ شۇلارنى دېدى ــ دە، يىگىتنىڭ ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى ئاغزىدىن شارتتىدە تارتىۋېلىپ، ئېرىقنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ ماڭدى.

ئەرەنچە كاستيۇم بىلەن پادىچى شىمى ئۇنىڭ نازۇك قامىتىگە ھېچقانداق نۇقسان يەتكۈزەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئېغىز ــ بۇرنىدىن چىقىۋاتقان قويۇق، كۆكۈچ تاماكا ئىسى كەچكى گۇگۇمغا تېزلا سىڭىپ كەتتى.

1992 ــ يىلى ئاپرېل، يەكەن

# ھالاكەت

مەتىمىننىڭ قورسىقىدا پەيدا بولغان «جىن» ئاخىر ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزدى. ئۇ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئاشۇ موتوسىكلىتىنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالغىنىدا، «جىن» ئۇنىڭ كاللىسىغا سالغان پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە تەقەززا بولاتتى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئاخىر بۇ پىلاننى دوستى نۇرمۇھەممەتكە ئېيتىش قارارىغا كەلدى. نۇرمۇھەممەتنىڭ شەخسىي ماشىنىسى بار ئىدى. ناۋادا ئۇ ھەمكارلىششقا ماقۇل بولسىلا، بۇ پىلان ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشاتتى. مەتىمىن نۇرمۇھەممەتنى ئوڭايلا تاپتى ۋە كۆڭلىدىكىنى ئۇنىڭغا ئەينەن دېدى.

— ماڭاۋە ساراڭ گۆي، كېيىن چاتاق چىقسا مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى نۇرمۇھەممەت مەتىمىننىڭ پىلانى كاللىسىدىن تازا ئۆتمەي.

لېكىن، مەتىمىن نىيىتىدىن پەقەتلا يانماي پىلاننى نۇرمۇھەممەتكە قايتا بىر رەت ئېزىپ ئىچۈردى، ھەتتا «ئىش كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەنسە نەق ئىككى يۈز يۈەن بېرىمەن» دەپ ئەسكەرتىش بەردى.

ئادەتتە بىر يەردە بولسا ئانچە پېتىشالماي گەپ تەرگىشىپلا يۈرىدىغان بۇ ئىككى دوست بۇ قېتىم ئارتۇق تالاش ـ تارتىش قىلماي ئاسانلا كېلىشتى.

مەتىمىن ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن موتوسىكلىتىنى نۇرمۇھەممەتنىڭ ماشىنىسىدا باستۇرۇش ئارقىلىق، سۇنئىي قاتناش ۋەقەسى توغدۇرۇپ، سۇغۇرتا شىركىتىدىن تۆلەم پۇلى

ئېلىپ موتوسىكلىتىنى يېڭىلىۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ قالغانىدى.

ئۇلار ئالدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە، بۈگۈن پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرسى ماشىنىسىنى، بىرسى موتوسىكلىتىنى ھەيدەپ، شەھەر سىرتىغا — ئادەملەر شالاڭ، سەھرا يولىغا چىقتى.

— قېنى ئەمىسە بىر سىناپ كۆر، بىلىپ قوي، مەن پەقەتلا زەخىملەنمىسەم، سۇغۇرتا شىركىتىدىكىلەر ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا، يەڭگىلرەك زەخىملەنمىسەم بولمايدۇ. ئەمما، موتوسىكلىتنى باستۇرۇپ، قانچىكى ئەبجىقىنى چىقىرىۋەتسەڭ شۇنچە ياخشى، — دېدى مەمتىمىن سەل ئىككىلىنىپ تۇرغان نۇرمۇھەممەتكە.

نۇرمۇھەممەت ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىپ، مەمتىمىننىڭ موتوسىكلىتىنى سوقۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، قولى تىترەپ، ماشىنىسىنى توختىتىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى مەمتىمىننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

— بولمامسەۋە، قورقۇنچاق سېرىق ! — دېدى ئۇ نۇرمۇھەممەتنى ئەيىبلەپ.

— ئازراق گەپ قىل، كاسكى، — دېدى نۇرمۇھەممەتمۇ بوش كەلمەي.

بۇ ئىككىيلەن شۇ يەردە، بىر - بىرىنىڭ باش - كۆزلىرىنى يېرىشىپ، خېلى قاتتىق مۇشتلاشقانمۇ بولار ئىدى. لېكىن، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ئۇلارنى كېلىشتۈردى.

— ئەمىسە ماشىنىنى يانداپ قېشىڭغا ئەكېلىشىم بىلەنلا، دەرھال ئۆزۈڭنى بىر تەرەپكە ئال، — دېدى نۇرمۇھەممەت مەمتىمىنگە جېكىلەپ.


— ھە قېنى بول ئەمىسە، — دېدى مەمتىمىن موتوسىكلىتقا مىنىپ.

ئاچ كۆزلۈك، دۇنيا پەرەسلىك ئادەمنىڭ ئەقىل كۆزلىرىنى

ئېتىۋالىدىكەن. نۇرمۇھەممەت مەتىمىنىنىڭ پىلانى بويىچە ماشىنىسىنى يۇقىرى سۈرەتتە ھەيدەپ كەلدى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا مەتىمىنىنى باستۇرۇۋەتتى. ئۇ كۆڭلىدە «دوستىنىڭ موتوسىكلىتىنى راسا بېسىپ جۇلۇقىنى چىقىرىۋەتتىم» دەپ مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، ماشىنىسىنى توختىتىپ يەرگە چۈشتى ـ دە، كۆز ئالدىدىكى پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. چۈنكى، ئۇ مەتىمىنىنىڭ موتوسىكلىتىنى ئەمەس، دەل ئۆزىنى بېسىپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتكەنىدى.

نۇرمۇھەممەت دوستىنىڭ جەسىتىگە تىكىلگىنىچە ماشىنىسىغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىلا ئاپپاق كەلگەن چىرايى تېخىمۇ بەك ئاقىرىپ، بەئەينى ئۆلۈكنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالدى.

1989 ـ يىلى مارت، يەكەن



# خىجىللىق

ئۇ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلنى غەللىدىن ساناپ ئېلىپ پوكەي تۇۋىگە كەلگەندە، ھېلىلا ئۇنىڭدىن چەينەك سېتىۋالغان موماي غايىب بولغانىدى. ئۇ ماگىزىن ئىچىگە يىڭنە ئىزدىگەندەك قاراپ چىقىپمۇ ھېلىقى مومايىنى ئۇچرىتالمىدى.

«ھوي، بۇ موماي نەگە كەتتىكىنە؟ — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ۋە مومايغا قايتۇرۇپ بېرىمەن دەپ قولىغا ئالغان ئالتە كوي يىگىرمە يەتتە پۇڭغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ قويۇپ، — تازىمۇ بىر ئالدىراڭغۇ قېرىمۇ نېمە بۇ. بولدىلا، ‹چىمۋىنىمۇ گۆش، قۇشقاچنىڭ گۆشىمۇ گۆش› دەپتىكەن. يېنىمغا سېلىپ قويسام بىقىنىمغا ئۇسمەس، ھېچ بولمىسا ئۆتكەن ھەپتە تىككۈچىگە ئاپىرىپ بەرگەن كۆڭلىكىمنىڭ سىمكىرىغا بەرسەممۇ ھېساب ئەمەسمۇ.» ئۇ كاللىسىدىن ئەنە شۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاز بولسىمۇ نېسىپ بولغان بۇ ئامەتتىن مەمنۇن بولغىنىچە پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ پوكەي تۇۋىدە، باشقا خېرىدارلار قاتارىدا قىستىلىپ تۇرغان ھېلىقى مومايغا كۆزى چۈشتى - دە، ھېچنېمىنى سەزمىگەن بولۇۋالدى. مومايغا قاراپمۇ قويمىدى. لېكىن، ئارىدىن ئون - ئون بەش مىنۇت ئۆتمەيلا خېرىدارلار ئازلاپ ئەڭ ئاخىرىدا مومايلا قالدى. موماي ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي سەۋرچانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— موما، سىلىگە نېمە لازىم ئىدى؟ — دېدى ئۇ ئاخىر مۇغەمبەرلىك بىلەن مومايىنى تونۇمىغان بولۇۋېلىپ.

— توۋا، خېنىم قىزىم، مەن تېخى ھەمسائەت ئالدىدىلا

سىلىدىن بۇ چەينەكنى ئالغان ئەمەسمۇ؟

— پەقەتلا ئېسىمگە ئالالمىدىم، — دېدى ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، — يەكشەنبە كۈندە ماگىزىندا خېرىدار كۆپ بولىدىكەن. ئۇلاردىن قايسى بىرسى ئەستە قالىدۇ دەيلا.

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان، خېنىم قىزىم، — دېدى موماي ئېزىلىپ سۆزلەپ، — يانلىرىغا كىرسەم ئالدىلىرى بەكمۇ بېسىق ئىكەن، خېلى ئۇزاق ساقلاپ تۇردۇم. مانا ئەمدى سەل ئارىسال بولۇپ قالدىلا، قارىسىلا خېنىم قىزىم، — موماي چەينەكنى پوكەي ئۈستىگە ئالدى، — بۇ چەينەكنى...

— موما، سىلى ئېزىلىپ قالغان ئوخشايلا، سىلىگە چەينەك ساتقىنىم ئېسىمدە يوق، — دېدى ئۇ ئالاقزەدىلىك بىلەن مومايىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— يېڭىلىشتىلا، قىزىم، — دېدى موماي سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — مەن بۇ چەينەكنى بايا ئۆزلىرىدىن سېتىۋالغان. مەن سىلىدىن چەينەكنى ئېلىپلا سىرتقا چىقىپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، ئۆزۈممۇ بىلمەيلا ئاغزىنى ئېچىپ قاپتىمەن. قارىسام، چەينەكنىڭ ئىچىدىن مانا بۇ پۇل چىقتى. ساناپ باقسام ساقمۇساق يۈز يۈەن ئىكەن. شۇڭا، سىلىنى پۇلنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئالدىراپ كېلىشىم.

ئۇ مومايىنىڭ بۇنداق دەپ كېلىشىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. شۇڭلاشقا مومايىنىڭ قولىدىكى پۇلغا قاراپ قېتىپلا قالدى. ئۇ ئەتىگەن دۇكان ئاچقاندا بۇ پۇلنى كاسسىرغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن دەپ چەينەككە سېلىپ قويغانىدى. ئۇ ئۆمرىدە باشقىلار ئالدىدا بۈگۈنكىدەك خىجالەتكە قالمىغانىدى. خىجىللىق ۋە نومۇس كۈچىدىن ئۆزىنى مومايىنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئەرزىمەس سەزدى. خۇددى چوڭ بىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك سەزدى ـ دە، يانچۇقىغا سېلىپ قويغان ھېلىقى ئالتە كوي يىگىرمە يەتتە پۇڭ پۇلنى گويا چوغ تۇتقاندەك ئېلىپ مومايغا ئۇزارتتى.

1988 ـ يىلى ئۆكتەبىر، يەكەن

# ۋەسىيەت

— خۇداغا شۈكۈر، ھەرنېمە بولسا ئۆيدە ئىكەنسىلە، ئولتۇرنۇۋەرمەي چاققان ئورنۇڭلىدىن تۇرۇڭلا، تەييارلىق قىلايلى.

— ھوي، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمانچە ئىت قوغلىغان گاچىدەك پالاقلاپ كەتتىڭ؟ بىرەرسى مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىپتۇمۇ يا؟

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانلا، مېھماندارچىلىققا تەييارلانمايمىز، دوختۇرخانىغا تەييارلىنىمىز.

— دوختۇرخانىغا نېمىشقا بارىمىز؟

— يائاللا، سىلىنىڭ مۇشۇ ئەزمىلىكلىرىدىن جاق تويدۇم. دوختۇرخانىغا سىلىنىڭ ئانىلىرىنى يوقلىغىلى بارىمىز.

— نى... نېمە ... دېدىڭ؟ مېنىڭ... ئا... نامنى؟ بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى جەمىلە؟ سەن ئەزەلدىن ئانامنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كېلىشنى خالىمايتتىڭغۇ؟ چاقچاق قىلىۋاتامدىغانسەن؟

— چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق. راست گەپ قىلىۋاتىمەن. چاققان بولسىلا، بولمىسىلا ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز.

— نېمە دېدىڭ؟ ئانامنىڭ كېسىلى...

— شۇنداق، شۇنداق، ئانىلىرىنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ قاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ماڭا دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان دوستۇم يەتكۈزدى. قېنى تېزرەك ماڭايلى.

— ياق، توختا، جەمىلە، بىز ئانامنى ئىككى ئايىنىڭياقى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ بارماي، مۇشۇنداق ۋاقىتتا يوقلاپ بارساق قانداق بولىدۇ؟

— تازا جايىدا بولىدۇ. يائاللا، سىلىنىڭ بۇ ئەقىللىرىنى،

هازىر تېزرەك بېرىپ ئانىلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىسىلە، چوڭ
ئۆي ۋە ئۇنىڭ ۋەجى ئىنىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەمدۇ؟
شۇڭا دەرھال بېرىپ ئانىلىرى قالدۇرغان ۋەسىيەتنى قوللىرىغا
ئېلىۋېلىشلىرى كېرەك. ماڭا قارىسىلا، كېسەلخانىغا كىرگەندە،
ئۆزلىرىنى كاچاتلاپ راسا يىغلىسىلا، ماقۇلما؟ !...

* * *

— ئاھ، ئانا... ھو - ھو - ھو... مەندەك بىچارە ئوغلۇڭنى
يالغۇز تاشلاپ كەتتىڭغۇ... ھو - ھو - ھو... مېنى غېرىب
قالدۇرۇپ... ھو - ھو - ھو...
— بۇ ئادەم ئەجەب يىغلاپ كەتتىغۇ، رەھمەتلىك موماينىڭ
نېمىسى بولغىيدى؟
— ئوغلى ئىمىش، چوڭ ئوغلى ئىكەن.
— نەدىكى چوڭ ئوغلى بولسۇن؟ موماينى ئىككى ئايدىن بېرى
ھېلىقى يىگىت يوقلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرمىدىمۇ؟
— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما مەن موماينىڭ ئۆز ئاغزىدىن چوڭ
ئوغلىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئاڭلىغان، نېمىشقىدۇر بۇ ئادەم
رەھمەتلىك موماينى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىغانىدى.
— ئەمىسە ھازىر نېمىگە كەپتۇ؟
— ھە - ي - ي سىڭلىم، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا بىرنېمە دەپ
بولغىلى بولمايدۇ. بەلكىم...
— ئاكا، جېنىم ئاكا، سەنمۇ كېلىدىكەنسەن، ئانام گېپىڭنى
تولا قىلىپ، مانا ئاخىر كېتىپ قالدى. سەن...
— ئانامنىڭ مېيىتى نەدە؟ مەن بىر...
— ھوي ئادەم، ماۋۇ يەرگىرەك كەلسىلە، قۇلاقلىرىغا ئىككى
ئېغىز گېپىم بار.
— ھە، نېمە دەيسەن؟
يائاللا، سىلىنىڭ مۇشۇ ئەقىللىرىنى... بولسىلا.

ئىنىلىرىدىن ئانىلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى سورىماي، ئۆي ـ جاي، مۈلۈك ھەققىدە قالدۇرغان ۋەسىيىتىنى سورىسىلا. كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمايلى يەنە.

ــ ھە راست، بۇ گېپىڭمۇ توغرا، شۇنداق قىلاي... ئۇكام ماۋۇ يەرگە كېلە، ساڭا دەيدىغان كىچىككىنە گەپ چىقىپ قالدى.

ــ نېمە دەيسەن ئاكا؟

ــ ھە... ھە... ئانام بىرەر ۋەسىيەتمۇ قالدۇردىمۇ؟

ــ قالدۇردى.

ــ ئاله، مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

ــ ئاكا، ئاۋۋال ئانامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى، ئاندىن كېيىن...

ــ قېيىنئىنىم، ئاۋۋال ۋەسىيەتنى چىقارسىلا، ئاكىلىرى بىر كۆرۈپ باقسۇن، ئاندىن ئاخىرەتلىكنىڭ تەييارلىقىنى قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز. ھە... چىقارسىلا.

ــ قانداق، سىڭلىم، ئۇلارنىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىنى ئەمدى بىلگەنسىز.

* * *

ــ ئۇھ... تاس قالدۇق ـ دە، ئۇتتۇرۇۋەتكىلى.

شۇنى دېمەمسەن ئۇبدان خوتۇن، سەن راستلا ئەقىللىك جۇمۇ!

ــ قاپىقىمنى ھۇرپەيتىپ جىم تۇرمىغان بولسام، تاس قالاتتى ئىنىلىرى دېگەن تۈمۈر تىرناق ۋەسىيەتنامىنى بەرمەي قويغىلى. سىلىنىڭزە مۇشۇ بوشاڭلىقلىرى قاچان تۈگە، ھە، قېنى ۋەسىيەتنامىنى ئاچسىلا، كۆرۈپ باقايلى، نېمە دەپ يېزىلىپتىكىن؟

ــ ھە، مانا. ئاۋۋال ئۆزۈڭ كۆرۈۋال.

ــ ئەلۋەتتە، ئاۋۋال ئۆزۈم كۆرىمەن ـ دە، ۋەسىيەتنامىنى قولىمىزغا چۈشۈرۈۋالغاندىكىن، قانداق قىلىمىز دېسەك شۇنداق


قىلالايمىز. ھېچبولمىغاندا ئاشۇ زېمىننىڭ ئۆزىنى ساتسىمۇ يىگىرمە مىڭ كويغا يارايدۇ دېگەن گەپ. قانداق ھا ـ ھا ـ ھا... ۋايجان! ۋاي خۇدايىم، ئىسسىت ـ ئىسسىت... بۇ... بۇ...

— ھوي جەمىلە ساڭا نېمە بولىدى؟ كۆزۈڭنى ئاچە... ۋەسىيەتنامىنى بىر كۆرۈپلا ھوشۇڭدىن كەتتىڭمۇ؟

— چا... تا... ق... بول... دى ... ئا... ئىلىرى دېگەن خوتۇن زېمىننى سېتىپ پۇلىغا داۋالىنىپتۇ. بۇ ۋەسىيەتتە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئېشىپ قالغان قەرزلىرىنى سىلىنىڭ تۆلەشلىرىنى بۇيرۇپ يازغان ھۆكمى بار ئىكەن.

— ھە... نېمە دېدىڭ؟ ! ...

1991 ـ يىلى ماي، يەكەن



# پۇل

جاھاندارچىلىق دېگەن پۇل بىلەنلا ئوخشايدىغان نەرسىمىكىن ياكى بۇ جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پۇل ئۈچۈنلا تۇغۇلغانمىكىنتاڭ ھېچ بىلەلمىدىم. ئىشقىلىپ، مەن ئۇچراتقانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ رادارىدەك ئۆتكۈر سىېزىمچانلىقا ئىگە كۆزلىرىنىڭ پۇلنى كۆرگەندە ئاچ كۆزلۈك بىلەن چەكچىيىپ كېتىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن.

شۇڭلاشقىمىكىن، كاللامغا ئۇزاقتىن بېرى شۇ پۇل توغرىسىدا ئاجايىپ بىر ئەسەر يېزىش خىيالى كېلىۋالدى. «پۇل — ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يەتكۈزگۈچى قۇدرەتلىك ئىلاھ! دەپ يازىمەن، — پۇل ئۈچۈن ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكىدۇ. قېرىنداشلىقتىن كېچىدۇ. ئار ـ نومۇس، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىدۇ؛ مەيلى ئەمەلدار، مەيلى سودىگەر، مەيلى مەدىكار، مەيلى قاسساپ، مەيلى ناۋاي... مەيلى كىم بولسۇن، پۇلنى كۆرگەندە ۋىجدان لوغىتىدىن ‹ئىنساپ› دەيدىغان سۆزنى چىقىرىۋېتىدۇ. مەسىلەن، سىز گەزمال ساتقۇچى خېنىمغا سەپسېلىڭ. كۆزىڭىزگە ‹مۇلايىم› كۆلۈپ قاراپ تۇرۇپ، ئۆگىنىپ كەتكەن قوللىرىنىڭ ئەپچىللىكىنى ئىشقا سېلىپ، تۇيدۇرمايلا ھەر مېتىردىن تۆت ـ بەش سانتىمېتىر رەختنى ئوغرىلاپ قالىدۇ. قاسساپ ئاغىنە تارازىدا كەم بەرگەننى ئاز دەپ ‹ئەركەك قوينىڭ گۆشى !› دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ، سىزگە ئۆچكە گۆشىنى جىڭلاپ بېرىدۇ. ئەمەلدارنىڭ قېشىغا سوۋغا ـ سالامسىز داد ئېيتىپ بېرىپ بېقىڭچۇ. قۇرۇق گەپنى ئاڭلىسا

ئۇلارنىڭمۇ چىرايى پۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ھەي پۇل، ھەي پۇل ! ...»

بىر ھەپتە ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ پۇل توغرىسىدىكى ئەسىرىمنى يېزىپ پۈتكۈزدۈم. تەھرىر بۆلۈمىگە ئۆز قولۇم بىلەن ئاپىرىپ تاپشۇرماقچى بولۇپ، ئەتىسى ئورنۇمدىن سەھەر تۇردۇم — دە، ساقال — بۇرۇتۇمنى كۆڭۈل قويۇپ قىرىپ، بىر كۈن ئاۋۋال دەزماللاپ قاتۇرۇپ قويغان كىيىملىرىمنى كىيدىم. ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئانام ئۆيدە بىر چىمدىممۇ ئۇن قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ قالدى.

«ئاپلا، تازا قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەك ئىش بولدى — دە» دەپ ئويلىدىم. ئانامنىڭ گېپىنى يىرغۇم كەلمىدى. قېرىشقاندەك ۋېلىسىپىتىمنىڭمۇ يېلى قاچقانىكەن. ئۇن خالتىسىنى ئۆزۈمدىن يېرىم مېتىر نېرى قىلىپ، چىمداپ تۇتۇپ ئۇن ماگىزىنىغا قاراپ ماڭدىم.

ماگىزىندىن قىرىق كىلوگىرام ئۇننى ئېلىپ، ئەمدىلا خالتىنىڭ ئاغزىنى بوغۇۋېتەي دەپ تۇراتتىم، «ئۇكام، ئۇنىڭىزنى مەن ئاپىرىپ بېرەيمۇ؟» دېگەن غاراڭ — غۇرۇڭ ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە خىرقىرىدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز ئىگىسىگە نەزەر سالدىم. ئالدىمدا ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان، چىرايى شاپتۇل قېقىدەك قورۇلغان بىر ئادەم ئىككى — ئۈچ غولاچ كەلگۈدەك قىل ئارغامچىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ سۆلتىمنى كۆرۈپ ئۇننى ئۆزۈم كۆتۈرۈپ ماڭمايدىغانلىقىمنى پەملىدىمۇ، جاۋابىمنى كۈتمەستىن، قولىدىكى ئارغامچىنى يەرگە ئىككى قات قىلىپ سېلىپ، ئۇننى ئۈستىگە ياتقۇزۇپ تېڭىشقا باشلىدى.

چاقىرتقۇزماي ئۆزى كەلگەن بۇ ھامالغا خالتىنى نېرىدىن تۇتۇپ يۇدۇگۇزۇپ قويۇپ، تۇرۇشلۇق كوچىمىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردىم. نەزىرىمدە بۇ ئادەممۇ ئوخشاشلا پۇلنىڭ قۇلى ئىدى. دوقمۇشتىكى مەسچىتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، نېمىنىڭكىدۇر بىرنەرسىنىڭ باھاسىنى تالىشىپ، بىر — بىرىگە شالىنى

چاچرىتىپ، ھېلىلا سوقۇشۇپ قالىدىغان خورازلاردەك بازغىنىشىپ تۇرغان ئىككى كىشىگە كۆزۈم چۈشتى ـ دە، ئالدىمدا ئۇننى يۈدۈپ كېتىۋاتقان مۇنۇ ئادەم بىلەن ئىش ھەققىنى كېلىشىۋالمىغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالدىم. بېشىم پىررىدە قايغاندەك بولدى. ئۇننى ئۆيگە يەتكۈزۈۋېتىپلا «پالانى كوي بېرىسەن» دەپ گۆشىيىپ تۇرۇۋالسا نېمە دېگىلى بولىدۇ؟!

— ئۇننى ئاپىرىپ بەرگەنگە قانچە پۇل ئالىلا؟ — دېدىم ئالدىراپ ئۇنىڭغا يېتىشىپ.

— بەش ـ ئالتە موچەن بەرسىلە بولار، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا.

«ھەرھالدا ئىنساب بىلەن گەپ قىلدى» دەپ كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى. شۇنداق بولسىمۇ:

— بەش ـ ئالتە موچەن دېگەن مۇجمەل گەپنى قويسىلا، بەش موچەن بېرىمەن دەپ تالىشىپ قويدۇم.

— بوپتۇ، — دېدى ئۇ.

ئۆيگە ھېچ يېرىمنى ئۇن قىلماي، دېگەن ۋاقتىمدىن خېلىلا بۇرۇن كېلىۋالدىم. خۇشاللىقىمدىن ھاممالغا بىر كوي بېرىۋەتمەكچى بولدۇم. پۇلنى ساناۋاتقىنىمدا كاللامدىن «كىم بىلىدۇ، بۇمۇ بىر شۇنداق بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالغان كاززاپمۇ تېخى» دېگەن خىيال يالت قىلىپ ئۆتتى ـ دە، قولۇمغا ئېلىپ بولغان بىر كوي پۇلدىن ئۈچ موچەننى ئايرىپ قېلىپ، «بوپتۇلا نامەردلىك قىلماي، يەتتە موچەن بېرەي، شۇنىڭدىمۇ ئىككى موچەن ئۇشۇق بەرگەن بولىمەن» دەپ يەتتە موچەن پۇلنى ھاممالغا سۇندۇم. نېمىشقىدۇر، پۇل تۇتقان قولۇم بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ كەتتى.

— خاپا بولماي، مۇشۇ ئۇننى تايىنلىق كۆتۈرۈپ ئاشخانىغىلا جايلاشتۇرۇۋەتسىلە، دېدىم.

ھاممال كەتتى. ئەسىرىمنى ئېلىپ مەنمۇ يولۇمغا ماڭماقچى بولۇپ، ئۆيگە كىرىپ تۇرۇپلا قالدىم. قارىسام، ھاممال مەن

ئارتۇق بەرگەن ئىككى موچەن پۇلنى ئۇن خالتىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ كېتىپتۇ... ئاشۇ پۇرلىشىپ كەتكەن ئىككى موچەن پۇلغا قاراپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيالغا پاتتىم - دە، پۇل توغرىسىدىكى ھېلىقى ئەسىرىمنى تەھرىر بۆلۈمىگە ئاپىرىشتىن يالتايدىم.

1989 - يىلى ئاۋغۇست، يەكەن

# تەمەگەرلىك كومېدىيەسى

— نېمە، نېمە؟ ئىشىنە دەمسىز؟ ۋاي - ۋۇي نېمانچە تولا ئىشىنە بۇ، مائارىپقا ئىشىنە دەۋاتقان، ھېلى ئاپەتكە ئۇچرىغان جايلارغا ئىشىنە دەۋاتقان، ھېلى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا ياردەم دەۋاتقان. ھازىر بىر ئايلىق مائاشىم ئائىلەمنىڭ بىر ئايلىق خىراجىتىگە يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. رەنجىمەڭ، مەن بىر تىيىنمۇ ئىشىنە قىلالمايمەن.

ئۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن بۇنىڭدىن ئۇچ ئەسىر ئىلگىرى مۇشۇ شەھەردە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشاپ مول مەنىۋى مىراس قالدۇرغان ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئىشىنە توپلىغىلى كەلگەن قىزنىڭ گېپىنىڭ شېخىغا قوپاللىق بىلەن ئۇرۇپ بىر پاتمان دادلىدى.

قىز ئۇنىڭ مۇزغا داراڭگا ئاتقاندەك سۆزلىرىگە زورغا كۈلۈمسىرىدى - دە، يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— بۇ قېتىمقى ئىشىنە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ مىللىتىمىزنىڭ...

— بولدى قىزچاق، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، مىللەت ئۇچۇن دېمەكچىغۇ سىز؟ ھازىر تىلەمچىلەرمۇ مىللىتىنى، قان قېرىنداش ئىكەنلىكىنى شېپى كەلتۈرۈشۈپ تىلەيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ ئەپچىل چارىنى تىلەمچىلەر سىلەردىن ئۆگەندىمۇ ياكى سىلەر تىلەمچىلەردىن ئۆگەندىڭلارمۇ؟

— نېمانچە سېسىق سۆزلەيلا ! — قىز پەش قىېقىپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

*　　*　　*

— شۇنداق، ئالىمنىڭ مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كېتىدىغان مەبلەغنى كۆپرەك توپلاش ئۈچۈن شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن كېلىشتۇق. ئۇن يۈەندىن ئەللىك يۈەنگىچە ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئىسمىلىكى تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىنىدۇ. ئەللىك يۈەندىن يۈز يۈەنگىچە ئىئانە قىلغانلارنى سۈرىتى بىلەن تېلېۋىزوردا تونۇشتۇرىمىز.

ئۇ ھېلىقى قىز كىرىپ كەتكەن ئۇدۇلدىكى ئىشخانىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرالمايلا قالدى. «پاھ، ئىسمىمنىڭ تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىنىشى، سۈرىتى تېلېۋىزور ئېكرانىدا، يەنە كېلىپ پۈتكۈل شەھەردىكى نەچچە ئونمىڭ دانە تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئالاھىدە كۆرۈنۈشى، تېخى دىكتور قىزچاقنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرگە تونۇشتۇرۇشى نېمىدېگەن ئالىي شەرەپ — ھە !»

ئۇ بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى شەھەر بويىچە چاقىرىلغان يىغىنغا قاتنىشىپ، سۈرىتى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇشۇ يىغىن ئەھۋالىنى خەۋەر قىلغان ۋاقىتتا غىل — پاللا كۆرۈنگەن ۋە ئۈچ — تۆت كۈن قانغۇچە ھوزۇرلانغانىدى. بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ قېتىمدا سۈرىتى تېلېۋىزور ئېكرانىدا لاپلا قىلىپ كۆرۈنگەن بولسا، مانا ئەمدى يىگىرمە — ئوتتۇز سېكۇنت ھەتتا بىر — ئىككى مىنۇت كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئېكراندا كۆرۈرمەنلەرگە كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ. دىكتور ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئاتاقلىق ئالىمنىڭ مەقبەرە قۇرۇلۇشىغا يۈز يۈەن ئىئانە قىلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئاھ! بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار كۆرۈنۈش — ھە!

ئۇ ئەنە شۇلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى — دە، يانچۇقىدىن

ئوغلىغا ۋىلىسىپىت ئېلىپ بېرىش ئۇچۇن ساقلاپ قويغان ئۇچ يۈز يۈەن پۇلدىن يۈز يۈەننى مەردلىك بىلەن ئايرىدى.

* * *

ئۇ ئىدارە بويىچە پەقەت بىر ئۆزىنىڭلا يۈز يۈەن پۇل ئىئانە قىلغانلىقىدىن ماختاندى. خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىشخانىسىغا گىدىيىپ كىردى. ھەرقانداق پاراڭنى ئاتاقلىق ئالىمنىڭ مەقبەرە قۇرۇلۇشىغا يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ يۈز يۈەن ئىئانە قىلغانلىقىنى ئەسكەرتەتتى. ئىشقا ماڭغاندا، ئىشتىن چۈشكەندە شەھەر كوچىسىدىكى كىشىلەرگە مەغرۇرلۇق بىلەن قارايتتى، كۈلۈمسىرەيتتى. «بىلىپ قالىسىلەر، ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە تېلېۋىزوردا كۆرۈنسەم، ھازىرقىدەك پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتمەي، ئېگىلىپ سالام قىلىدىغان، يىراقتىن ھۆرمەت بىلەن كۈلۈمسىرەيدىغان بولىسىلەر...» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر «ئەتە - ئۆگۈن»دىن بىرنەچچىسى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى ئۇنى زىيارەت قىلغىلى، سۈرەتكە ئالغىلى پەقەتلا كەلمىدى. ئەمما، ئۇ ئاشۇنداق بىر كۈننىڭ ھامان كېلىشىنى كۈتۈپ، شېرىن ئارمانلار قوينىدا ئۆزىنى بەزلەيتتى.

* * *


بۈگۈن ئۇ تولىمۇ كۆڭۈلسىز بىر ئىشقا يولۇقتى. ھەممە كۆڭۈل ئاغرىقىنى ئۆزى تەمە قىلغان تېلېۋىزور ئېكرانىدىن تېپىۋالدى. چۈنكى، تېلېۋىزور ئېكرانىدا تاماشىبىنلارغا ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرماستىن، ھېلىقى ئىئانە توپلاشقا كەلگەن قىز كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. دىكتور تاماشىبىنلارغا ئۇنى

تونۇشتۇرماستىن، ھېلىقى قىزنى مەقبەرە قۇرۇلۇشىغا ئەڭ كۆپ ئىئانە توپلىغان دەپ تونۇشتۇرۇۋاتاتتى.

— ھۇ ئالدامچى جومباق! تېخى ھىجىيىپ كېتىشلىرىنى، مانا ساڭا!

ئۇ غەزەپتىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقانىدى. شۇڭلاشقا، ھېلىقى قىزنىڭ سۈرىتى ئېكرانغا تولۇپ چىقىشى ھامان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، قولىدىكى چاي ئىچىۋاتقان ئىستاكاننى تېلېۋىزور ئېكرانىغا قارىتىپ زەرب بىلەن ئاتتى.

1991 - يىلى، 12 - ئىيۇل



# خىيال ۋە چۈش

... خالىدەمنىڭ پەلتوسىدىن رەيھان پاناقمۇ سىڭىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟ كىيگەن پەلتوسى ياراشقان بولسا قانچىلىك غادىيىپ ماڭاتتىكىن سەت دوڭغاق سۆگەت؟! مارجان پاپا بىلەن باھار كاۋىنىڭ پوچىتىدىن كەلگەن پۇل چېكىنى ئېلىپلا سىنىپتىن غايىب بولغىنىغا قارىغاندا، ئۇ ئىككىسىمۇ چوقۇم ھېلىقى پەلتودىن ئالغىلى كېتىشتى. ۋاي قوۋۇرغامەي، قانچىلىك قاملاشقان چىراي ۋە فىگۇرىغا كىيىم تاللاپ يۈرىدىغاندۇ ئۇ ئىسكەتى يوق نامرات چىرايلار... «ھۆسنارىخاننىڭ توققۇز كۆڭلىكى بار، بىر كۆڭلەكچىلىك ھۆسنى يوق» دېگەن ماقال ئەجەب راستىكىنە. كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئېسىلىنى سىڭىۋالغان ھېساب ئەمەس، جايلاپ ـ ياراشتۇرۇپ كىيەلىسە ھېساب. كىيىم ـ كېچەكمۇ چىراي، ئۇستىخانىغا بېقىپ يارىشىدىغان نەرسە... دەرھال ئۆيگە خەت يازاي. تېزدىن ئىككى يۈز يۈەن... ياق، ياق، ئۇ بەك ئاز بولۇپ قالغۇدەك ئۈچ يۈز يۈەن ئەۋەتىپ بېرىڭلار، جىددىي لازىم بولۇپ قالدى دەپ يازاي، خەپ ئاشۇ دامكەشلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام...

— گۈزەل ! ھاي گۈزەل !

گۈزەل خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ساۋاقدىشى نۇرمۇھەممەتنى كۆردى ـ دە، ۋۇجۇدىغا بىر خىل تاتلىق سىزىم تارالدى. غەمكىن چىرايىدىن يۇمشاققىنا كۈلكە بالقىدى. دەردلىك يۈرىكى ھاياجانلىق دۈپۈلدىدى.

— مەڭ، سىزنىڭ خېتىڭىز ئىكەن.
— رەھمەت، ئاۋارە...
گۈزەلنىڭ «رەھمىتى» تۈگەپ بولغۇچە، نۇرمۇھەممەت كەينىگە بۇرۇلۇپ بولغانىدى. ئۇ گېپىنىڭ داۋامىنى قېينىلىپقىنا غۇرتتىدە يۇتۇۋەتتى ـ دە، يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ئازاب ۋە ھەسرەت بىلەن قاراپ قالدى. خەت ئۇنىڭغا ئۆيدىن كەلگەنىدى. ئۇ كونۋېرتنى ئېچىپ خەتكە كۆز يۈگۈرتتى.
«قەدىرلىك قىزىم، سالامەت تۇرۇۋاتامسەن، ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىڭ تىنچلىقمۇ؟
... قىزىم، ئاز بولسىمۇ پوچتىدىن ئەللىك كوي ئەۋەتتىم، تېجەپ خىراجەت قىلغاچ تۇرغىن. داداڭنىڭ كېسىلى ئۆزگىرىپ قېلىپ...»
گۈزەل خەتنىڭ ئايىغىنى ئوقۇمايلا، نازۇك بارماقلىرى بىلەن مىجىپ پۇرلىدى ـ دە، تىرناقتەك ـ تىرناقتەك قىلىپ تىتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

*        *        *

چوڭ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسى. قاشتاشتەك سۈزۈك ئاپپاق بويىنىغا تىزىق ـ تىزىق مەرۋايىتلارنى ئاسقان، چۆچۈرىدەك قۇلىقىغا ئالتۇن ھالقا سالغان، ئۇچىسىغا قىممەت باھالىق ئەڭ مودا كۆڭلەك كىيگەن گۈزەل ئىمپورت قىلىنغان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپتا كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرىدۇ. قېشىدا ساۋاقدىشى نۇرمۇھەممەت، ئۇنىڭ قولى رولدا بولغىنى بىلەن كۆزى گۈزەلگە ئاشىقانە تىكىلگەن. گۈزەلنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن ھىجايماقتا. گۈزەل بۇلارغا پەرۋاسىز ھالدا مەغرۇرانە ئولتۇرىدۇ. ئەنە كوچىدا پىيادە كېتىۋاتقان رەيھان پاناق ئۇلارنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. پىكاپ كاتتا سودا سارايىنىڭ ئالدىدا توختىدى. گۈزەل سودا سارايىدىن

كۆڭلى تارتقانلىكى، كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلىكى قىممەت باھالىق، ئالىي دەرىجىلىك كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتلەرنى سېتىۋالماقتا. پۇلنى غازاڭدەك سورۇپ خەجلىمەكتە. ئەنە مارجان پاپا بىلەن باھار كاۋا ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرۇشىدۇ... نۇرغۇنلىغان قىز ـ يىگىتلەرگە تولغان ھەشەمەتلىك تانسا زالى. پەرىزاتلاردەك ياسانغان گۈزەل زالغا كىرىش بىلەن ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى، ئەنە قىزلارنىڭ كۆزلىرىدە ھەسەت ئۇچقۇنلىرى، يىگىتلەر ئۇنىڭغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلمەكتە. زال ئىچىدە شوخ، جۇشقۇن، دىسكو مۇزىكىسى ياڭرىماقتا. ئەنە گۈزەلنى ساۋاقدىشى نۇرمۇھەممەت تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ پىرقىرىماقتا. ھەممىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن تىكىلگەن. ئۇ بەخت، خۇشاللىق ئىلكىدە قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكىسىدىن پۈتكۈل تانسا زالى جاراڭلاپ كەتتى.


— گۈزەل، گۈزەل كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — كىمنىڭدۇر تۇرتۇپ ئويغىتىشى بىلەن گۈزەل چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، ئەتراپىغا ئۆندەرەپ نەزەر تاشلىدى. ئۆزىنى ھېلىقى ھەشەمەتلىك تانسا زالىدا ئەمەس، بىرسىنىڭ ئۈستىگە بىرسىنى چېتىپ قۇراشتۇرغان ئالتە كىشىلىك كارىۋات قويۇلغان، توخۇ كاتىكىدەك تارغىنا مەكتەپ ياتىقىدا كۆرۈپ، يۈرىكى ھەرە چاققاندەك پىژژىدە ئېچىشتى. ئۇنىڭغا رەيھان پاناق گۇمانسىراپ قاراپ تۇراتتى:

— چۈش كۆرگەن ئوخشىمامسىز؟

رەيھاننىڭ سورىغان بۇ سوئالىغا ئۇ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ بايا كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئەمەس رېئاللىق بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە! بىراق رېئاللىق ئۇنىڭ شېرىن خىيالىغا مەسخىرە ئارقىلىق جاۋاب بەردى. گۈزەل بىرئاز ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، مەيدىسىگە چىڭ تىگىۋالغان دەپتەرگە ھەيران

بولۇپ قارىدى. تۇۋا، دەپتەرنىڭ ۋارىقى «پۇل، پۇل» دېگەن خەت بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كىم يازدىكىنە؟ ئاخشام ئۇ كارىۋاتقا چىقىپلا، ئۆيىگە ئۈچ يۈز يۈەن پۇل ئەۋەتىڭلار دەپ خەت يازماقچى بولغانلىقىنى غىل - پال ئېسىگە ئالدى - دە، يۈرىكى پىچاقتا كەسكەندەك ئېچىشتى. گۈزەل يوتقىنىغا بېشىنى چۆمكىدى - دە، ئاۋۋال ئۆكسۈپ، ئاندىن ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يوتقىنىنىڭ بىر قول پاتقۇدەك يىرتىقى خۇددى ئىگىسىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ھىجىيىپ تۇراتتى.

1990 - يىلى 18 - يانۋار، يەكەن



# ساخاۋەتلىك قار

ئۆز نەپسىدىن كەچسە، باشقىلارنى خۇش قىلغىلى بولىدۇ.

— ئانامنىڭ تەربىيەتلىرىدىن

بامدات ۋاقتىدىن باشلاپ ياغقان قار بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئادەمنىڭ كۆزىگە سانسىزلىغان كۈمۈش توزۇندىلىرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. قىش كىرگەندىن بېرى ياغقان بۇ تۇنجى قار پۈتكۈل قارادۆڭ يېزىسىنى ئاپپاق لىباس بىلەن چۈمكىۋەتكەنىدى. قار مۇشۇ ھالەتتە يېغىۋېرىدىغان بولسا كەچ كىرگۈچە ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگۈدەك قېلىنلاپ كېتىشىدە گەپ يوق ئىدى.

يېزا باشلىقى خۇرۇم چاپىنىغا مەھكەم قىمدالغىنىچە جىپىنىڭ دېرىزىسىدىن لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاق چېچەكلەرگە قاراپ تاتلىق خىياللارغا غەرق بولغانىدى...

«... بۇ قار دەل ۋاقتىدا ياغدى. يېزا تەۋەسىدىكى ئون بەش مىڭ مودىن ئارتۇق كۈزگى بۇغداي قىشتىن ئۈششۈپ كەتمەي چىقىۋالىدىغان بولدى. دېمەك، بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىشتا گەپ يوق. قىشتا قار كۆپ ياغسا، يازدا سۇ كۆپ بولىدۇ. سۇلا بولسا دېھقانچىلىقتىن نېمە غەم؟ ياغە قار، توختىماي ياغ... —

يېزا باشلىقىنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە يۈرىكى بىردىنلا قارتتىدە قىلىپ كەتتى، يولنىڭ چېتىدىكى دېھقان ئۆيلىرىگە ئەندىكىپ نەزەر تاشلىدى. پاكار - پاكار لاي تاملىق دېھقان

ئۆيلىرىنىڭ مورىسىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىس ئاپپاق قار توزۇندىلىرى ئارىسىدا تېزلا سىڭىپ كېتمەۋاتاتتى. يېزا باشلىقى يەنە خىيالغا كەتتى، — دېھقانلارنىڭ قىشلىق يېقىلغۇ، ئوزۇق - تۈلۈك ئەھۋالى قانداق بولغىيدى؟ قار مۇشۇنداق يېغىۋېرىدىغان بولسا يېزا تەۋەسىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار، نامرات ئائىلىلەرگە تەس بولىدۇ. دەرھال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى كۆرۈش كېرەك...»

يېزا باشلىقى جىپنى توختىتىپ، چۈشۈش ئۈچۈن بىر قولىدا جىپنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاچ شوپۇرغا بۇيرۇق قىلدى.

— سىز دەرھال ئورگان①غا بېرىپ يەتكۈزۈڭ. بارلىق رەھبىرىي كادىرلار ئۆزلىرى نۆۋەتتە تۇرغان كەنتلەرگە بېرىپ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرنىڭ، تۇل خوتۇن - يېتىم ئوغۇللارنىڭ قىشلىق يېقىلغۇ، ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك ئەھۋالىنى تەكشۈرسۇن. دېھقانلار قىشلايدىغان ئۆيلەرنىڭ بىخەتەرلىك ئەھۋالىنىمۇ تەكشۈرسۇن. چۈشتىن كېيىن دەل سائەت تۆتتە ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايمەن. كىمدەكىم بۇ خىزمەتكە سۇسلۇق، بىپەرۋالىق قىلسا، مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنغاننىڭ سىرتىدا، بىر ئايلىق مائاشى جەرىمانىگە تۇتۇلىدۇ.

يېزا باشلىقى يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى دېھقان ئۆيلىرىگە شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتتى - دە، ئالدىغا قاراپ ئىلدام - ئىلدام يۈرۈپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان قاما قۇلاقچىسى، خۇرۇم چاپىنىنىڭ مۈرىلىرى ئاپپاق قار تۇزۇندىلىرى بىلەن بېزەلدى. يېزا باشلىقى كۆزلىگەن ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنى شاراقلاتتى. ھەمساتتىلا ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كورۇەك جۈۋىغا يۆگىنىۋالغان بىر بوۋاي ھاسىسىنى سۆرىگىنىچە چىقىپ كەلدى - دە، دەرۋازىنى ئېچىپ، دەرۋازا تۈۋىدىكى «قار ئادەم»گە تۇيۇقسىز كۆزلىرىنى

---

① ئورگان — يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىنى دېمەكچى.

تىكىپ تۇرۇپ قالدى.

— ھە ئەلى ئاكا، تونۇيالمايۋاتامدىلا مېنى؟ — دېدى يېزا باشلىقى بوۋايغا كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى تەڭلەپ.

— ھوي ئەسلىدە تۇراخۇن يېزا باشلىقى ئىكەنغۇ بۇ، — بوۋاي دەرھال ئېسىگە كەلدى - دە، يېزا باشلىقىنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ سىقتى، — ياشانغاندا ئادەمنىڭ كۆزى ئاجىزلاپ قالىدىكەن يېزا باشلىقى. قاردا سىلىنى دەماللىققا تونۇيالماي قاپتىمەن، قېنى ئۆيگە كىرەيلى.

ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. تۈڭلۈككە يېپىپ قويغان يالتىراقنىڭ ئۈستىنى قار كۆمۈۋەتكەن بولۇپ، تەلپەكنىڭ ئورنىدەك يەر ئاقۇچ كۆرۈنەتتى. لېكىن، بۇ يەردىن ئۆي ئىچىگە ھېچقانداق يورۇقلۇق چۈشمەيتتى. يېزا باشلىقى چاقمىقىنى ياندۇرۇپ، مورا ئوچاقنىڭ قېشىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغىچە بوۋاي مورا ئوچاقنىڭ ئۈستىدىكى جىنچىراغنى ياندۇردى. شۇ چاغدىلا يېزا باشلىقىنىڭ كۆزىگە ئۆينىڭ تورۇسىدىكى ئېلېكتىر لامپا چېلىقتى.

— توك توختاپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى يېزا باشلىقى كۆزىنى لامپىدىن ئۈزمەي.

— نەدىكىنى، — دېدى بوۋاي ئوچاقتىكى چوغنى كۆسەي بىلەن كوچىلىغاچ، — ئۆينىڭ توك سىمىنى ئۈزدۈرۈۋەتتىم.

— نېمىشقا شۇنداق قىلىلا، ئەلى ئاكا؟ — دېدى يېزا باشلىقى ئەجەبلىنىپ، — توك چىراغ دېگەن بەلەن ئەمەسمۇ؟ جىنچىراغقا قارىغاندا يورۇق ئولتۇرىلا.

— ئۇغۇ شۇنداق ئىدى، — دېدى بوۋاي ئوچاقتىكى چوغنى بىرنەچچىنى پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن، — ئەمما پۇلى بەك قىممەت ئىكەن كاساپەتنىڭ. ئىككى ئاي ياقسام كەنتنىڭ توك باشقۇرغۇچىسى ئاتمىش كويلۇق توك كۆيۈپتۇ، دەيدۇ. ھەيرانلىقتا بېشىمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم. يانچۇقۇمدا نەدە ئۈنچىلىك جىق پۇل بار دەيلا. كاتەكتىكى كونا ئاشۇرمايلا

كاكىلاۋاتقان ئىككى مېكىيىنىمنى توك ھەققىگە ھېسابلىدىم دەپ ئېلىپ كەتتى. شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا بىرەر يىلدا ئۆيۋاقىمنىمۇ توك پۇلىغا ھېسابلاپ بېرىپ تالادا قالىدىغان چېغىم بار. شۇنىڭ بىلەن توك سىمىنى ئۈزدۈرۈۋەتتىم.

يېزا باشلىقىنىڭ چىرايىغا سۇسقىنا قىزىللىق يۈگۈردى. كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىنى قىرتاق تۇيغۇلار قاپلىدى. «ئىسىت، ئىزا تارتماي بىزنىڭ قارادۆڭ يېزا جىنچىراغدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدى. ئېلېكتىر لامپىسى ياقمىغان بىرمۇ ئائىلە قالمىدى، دەپ پونى دۆك ئېتىپ، مەيدەمنى كېرىپ يۈرۈپتىمەن تېخى. يېزىنىڭ تەرەققىياتىنى يازغىلى چىقتىم دېگەن ھېلىقى مۇخبىر ئاداشمۇ مەن نېمە دېسەم شۇنى خاتىرىلىۋېلىپ، ئىككى كۈن يېزا بازىرىدا ھاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچىپ، قوسۇققا چىلىنىپ يېتىپ، گېزىتكە خەۋەرنى قاتۇرۇپ يېزىپ قاراپ ئولتۇردى. ھېچ بولمىسا شۇ ۋاقىتتا ئەھۋال شۇنداقمۇ شۇنداق ئەمەس، يۈرسىلە بىر تەكشۈرۈپ باقىلى دېگەن بولسا، ئېلېكتىر چىراغنى تارتىپ قويۇپ مۇشۇنداق جىنچىراغ يېقىپ يۈرگەنلەرنى ۋە بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بۇرۇنراق بىلىۋالار ئىدىم. قايسى بىر كۈنى گېزىتتىن:

«مەكىت دېگەن يۇرتتا
كويزا دەيدۇ چوكىنى.
ئىككى يېرىم كوي ساتىدۇ
بىر كىلوۋات توكىنى»①.

دېگەن قوشاقنى ئوقۇپ راسا كۈلۈپتىمەنۇ، لېكىن بىزنىڭ قارادۆڭدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بارمۇ، يوقمۇ، دەپ ئويلاپ باقماپتىمەن. دېھقاننى ياۋاش، نادان دەپ شۇنداقمۇ قارا باستۇرغان بارمۇ ئەمدى. خەپ قېنى...»

① بۇ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنىڭ شېئىرى.

— توڭلاپ قاللا ھە يېزا باشلىقى؟ — دېدى بوۋاي ئوچاققا تاشلىغان بىر تۇتام كېۋەز شادىسىغا سەرەڭگە ياققاچ.
— ياق، توڭلىمىدىم، — دېدى يېزا باشلىقى خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ. ئۇ ئوچاقتىكى تۇتاشما تۈتەپ تۇرغان شادىنى پۈۋلەۋاتقان بوۋايغا قاراپ چاقچاق قىلدى، — ساقاللىرى ئۆتلىنىپ كەتمىسۇن يەنە ئەلى ئاكا، ئۆيلىنىۋالسىلا دېسەم تازا كۆڭۈلشىمىدىلە. مانا ئەمدى سوغۇق يوتقاندا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يېتىپ تازا قىينالغانلا ھەرقاچان.
— شۇنى بىر دېمەملا يېزا باشلىقى، — دېدى بوۋاي چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ئوتتەك چاقناپ كەتكەندى، — ئۆيلەنگۈم بار، لېكىن ئېپىدە بىر لايىق يوق، بولسىغۇ ھازىرلا...
— ھازىر پونى دۆڭ ئاتقانلىرى بىلەن ۋاقتى كەلگەندە ھۆددىسىدىن چىقالماي يامانلىتىپ قاراپ ئولتۇرالمىمىكىن؟
— ئېڭىكىمدىكى ساقال، يۈزۈمدىكى قورۇققا قالاپ ئادەمنى ئانىي تاپمىسىلا شاڭجاڭاي. خېلى مەن - مەن دېگەن ياش باللادىن قېلىشقۇچىلىكىم يوق مېنىڭ. ئۇنداق خىمىيەۋى ئوغۇت سېلىپ تېرىغان بۇغدايىنىڭ لەڭمىنىنى يەپ چوڭ بولغان ئوغۇل باللاغا ئوخشىمايمەن جۇمۇسىلا.
بوۋايىنىڭ ئاخىرقى بۇ چاقچىقىدىن يېزا باشلىقى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— چاقچاقمۇ قىلىشتۇق، — دېدى يېزا باشلىقى كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىپ، — راستلا ئۆيلىنىش نىيەتلىرى بولسا ۋاقتىدا ئۆيلىنىۋالسىلا. مانا مەن ئەلچى بولۇپ يوللىرىنى ماڭىمەن. بۇگۈن سىلىنىڭ يانلىرىغا كېلىشىمدىكى مەقسەت، — دېدى يېزا باشلىقى ئەسلىي مەقسىتىگە كۆچۈپ، — قىشلىق قالايدىغان يېقىلغۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشاي دېگەنىدىم.
— مەندەك بىر قېرىنى ياد ئەتكەنلىرى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت،

يېزا باشلىقى. خۇدا مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلسۇن، ئىلاھىم، — دېدى بوۋاي ھاياجانلىنىپ، — راست گەپنى قىلسام ئاق ئۇننىڭ ئاش - نېنىنى كۆرمىگىلى بىرەر ئايدىن ئاشتى. ئۆيدە قىشتىن چىقىشىمغا يەتكۇدەك قوناق ئۇنۇم بار. قاپاقتا بىرەر جىڭدەك يېغىممۇ بار. ئاق ئۇندا تاماق ئەتمىگەندىكىن ياغمۇ لازىم بولمايدىكەن. ئەممازە، قالىغۇلۇقتىن خىجالىتىم بار. كېۋەزنىڭ شادىسىنى تېجەپ قالىسام بىرەر ئاي يېتەر دەيمەن.

يېزا باشلىقى بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىدى.

— قىشلىق كىيىم - كېچەكلىرىچۇ؟

— قىشلىق كىيىمدىن غېمىم يوق، يېزا باشلىقى. تەلپىكىممۇ خېلى يېڭى تۇرىدۇ. جۇۋام بىلەن ئۆتۈكۈمنى خۇدا ئۆمرۈمنى بەرسە يەنە بەش يىل كىيگۈچىلىكى بار.

— ئۇنداق بولسا قالىغۇلۇق بىلەن ئاش - ئوزۇقتىن خاتىرجەم بولسىلا، بۇ قىيىنچىلىقلىرىنى ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ھەل قىلىپ بېرىمىز.

— رەھمەت، يېزا باشلىقى، ۋوي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋاللىغۇ، جىندەك ئولتۇرۇپ بەرسىلە ئوچاقنىڭ ئوتىمۇ تۇتاشتى ئەينا. بىر چۆگۈن چاي قاينىتاي، — دېدى بوۋاي يېزا باشلىقىنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— رەھمەت، چايىنى سىلىنى ئۆيلەپ قويغاندىن كېيىن قوشناچىمنىڭ قولىدىن ئىچەرمىز.

* * *

چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە بولغان چاغ. سىرتتا قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. يېزا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىكى مەشتە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئىشخانىنىڭ ئىچى باھاردەك ئىللىپ كەتكەنىدى. يېزا باشلىقى كادىرلارنىڭ بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرقايسى كەنتلەردىن ئېنىقلاپ كەلگەن

ئەھۋاللاردىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرۇۋاتاتتى.

«پۇتكۇل يېزا تەۋەسىدە ئوتتۇز - كۆمۈر قىيىنچىلىقى بار ئائىلە بىر يۈز يىگىرمە ئالتە، ئوزۇق - تۈلۈك قىيىنچىلىقى بار ئائىلە بىر يۈز قىرىق سەككىز، خەتەرلىك ئۆيدە قىشلايدىغان ئائىلە ئون ئۈچ، قىشلىق كىيىم - كېچەكنى ھەل قىلالمايدىغانلار سەككىز يۈز ئون يەتتە نەپەر. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يېزا مالىيەسىگە تايىنىپ ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. باشقىچە بىر ئامال تاپقىلى بولماسمۇ؟ قاراپ ئولتۇرماسلىق كېرەك. مەسىلىنى ئېنىقلىغانىكەن، تېزدىن ھەل قىلىش چارىسى تېپىش كېرەك...»

يېزا باشلىقى تاماكا چېكىش ئۈچۈن قولىنى تاماكا قېپىغا ئۇزارتتى، قاپ قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ئىش ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ تاماكا ئىزدىدى، شۇ ھامان كۆزى تارتمىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر باغلام پۇلغا چۈشتى. قولىنى پۇلغا چاققانلىق بىلەن ئۇزارتتى - يۇ، لېكىن پۇلنى دەماللىققا تارتمىدىن چىقىرالماي ئويلىنىپ قالدى. بۇ ئونمىڭ يۈەن پۇل تېخى ئىككى كۈن ئاۋۋال ناھىيەدە ئېچىلغان يىللىق خىزمەت خۇلاسە يىغىنىدا، قارادۆڭ يېزىسى پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار بولغانلىقى ئۈچۈن يېزا باشلىقىغا بېرىلگەن مۇكاپات پۇلى ئىدى. بۇ پۇلنى يېزا باشلىقى ئۆزى خەجلىسىمۇ بولىۋېرەتتى. باشقا يېزىلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ مۇكاپات پۇلنى ئۆزى خەجلەيتتى. بۇ ئەزەلدىن شۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە ئىدى. بۇنىڭغا ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيتتى. ئەمما، يېزا باشلىقى يىغىندىن قايتىپ چىقىپ، بۇ مۇكاپات پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە نېمە ئۈچۈندۇر ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ قالغانىدى. چۈنكى، يېزىنىڭ بىر يىللىق پاختىچىلىق خىزمىتىدە يېزىدىكى باشقا رەھبىرىي كادىرلارنىڭمۇ تۆھپىسى بار ئىدى. بۇ كۆز يۇمۇۋالغىلى بولمايدىغان پاكىت ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ پۇلنىڭ

ھەممىسىنى بىر ئۆزىلا ئىگىلىۋېلىشقا ئۇنىڭ ۋىجدانى چىدىمىدى. يېزىدىكى باشقا رەھبىرىي كادىرلارغىمۇ تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بولسا، خۇددى ئالدىدىكى تەييار ئاشنى خەققە بېرىپ قويغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قورسىقى ئاغرىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل توختىتالماي تارتىمىسىغا سېلىپ قۇلۇپلىۋەتكەنىدى. مانا ئەمدى بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە بۇ پۇل يەنە ئۇنىڭ قولىغا چىقىپ قېلىۋىدى، كاللىسى يەنە زىددىيەتلەر قاينىمىدا قوچۇلدى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇ ئۇنچە ئۇزاق باش قاتۇرۇپ كەتمىدى. بۇ پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە قارار چىقىرىشتا ئانچە قىينىلىپمۇ كەتمىدى. ئۇ ئاخىر ۋۇجۇدىدىكى نەپسى شەيتانىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنىدى.

«... شۇنداق قىلىش كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا، — بۇ پۇل ئاشۇ دېھقانلارغا مەنسۇپ. ئۇلار ئالتە ئاي ياز ئېتىز - قىر بويلىرىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئىشلىدى. بىز نېمىنى بۇيرۇساق شۇنى قىلدى. يېزىنىڭ پاختا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى بەردى. ھەتتا تىل - دەشنەم ئىشىتتى، جەرىمانە تۆلىدى. ئاشۇ تۆلەنگەن بەدەللەر ھېسابىغا مەن شەرەپ سەھنىسىگە چىقتىم. بۇ شان - شەرەپنى ئاشۇ دېھقانلار قولۇمغا تۇتقۇزدى. شۇڭلاشقا، بۇ مۇكاپات پۇلىنى ئاشۇ مېھنەتكەش دېھقانلار ئېلىشى كېرەك. بۇ ئۇلارنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك ھەققى - نېسىۋىسى...»

يېزا باشلىقىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. تارتىمىدىكى بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە قويۇن يانچۇقىدىكى ھەممە پۇلنى ئېلىپ ساناپ چىقتى. بۇ پۇللار ئىككى يۈز تۆت يۈەن ئاتمىش پۇڭ چىقتى. ئۇ ئەمدى ئىشخانىدىكى كادىرلارغا دادىل قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— يولداشلار، يېزىمىز تەۋەسىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى

بار نامرات دېھقانلارنى قىشتىن بىخەتەر، خاتىرجەم چىقىرىش ئۈچۈن بىز رەھبىرىي كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى باشلامچىلىق بىلەن كۆچ چىقىرىشىمىز كېرەك. مانا بۇ ئونمىڭ كوي پۇلنى ئىككى كۈن ئاۋۋال ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئۆتكەن بىر يىللىق پاختىچىلىق خىزمىتىدە ئىلغار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن مېنى مۇكاپاتلاپ بەرگەن. بۇ ئىككى يۈز تۆت كوي ئاتمىش پۇڭ بولسا ئۆزۈمنىڭ شەخسىي پۇلۇم. مەن بۇ پۇللارنى يېزىمىزدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئىئانە قىلىمەن. باشقا يولداشلارنىڭمۇ بۇ ئىشنى ئاكتىپ قوللايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

«ئۆلگىنىڭ كۆچى چەكسىز» دېگەن بۇ سۆزنى جۇڭگودىكى قايسىبىر ئەرباب ياكى قايسىبىر دانىشمەننىڭ ئېيتقانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، شۇ دەقىقىدە بۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ ھەقىقەتنى ئىسپاتلانماقتا ئىدى.

— مېنىڭ يانچۇقۇمدا ئىككى يۈز كوي بار ئىكەن.

— مەندە بىر يۈز يەتمىش كوي بار ئىكەن.

— مېنى يۈز كوي دەپ خەتلەپ قويسىلا. ئۆيگە بېرىپلا ئەكېلىپ بېرىمەن.

— مەن يۈز كوي...

— مەن سەكسەن كوي...

— مەن ئون كوي...

— ....

يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى مالىيە كاسسىرىنىڭ ئالدىغا يۈز يۈەنلىك، ئەللىك يۈەنلىك، ئون يۈەنلىك پۇللار خۇددى قاردەك يېغىۋاتاتتى. سىرتتا بولسا قار چۈشۈۋاتاتتى. ھەئە، سىرتتا قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

1998 ـ يىلى يانۋار، يەكەن

# گۈلسۇم پاناق

ئىگىز پاشنىلىق تۇپلەي، ئۇزۇن پاقالچاق، بىر تۇتام كەلگۈدەك بەل، نازۇك قامەت، تىقىمىدا سويلاپ تۇرغان بىلەكتەك ئىككى تال ئۆرۈمە چاچ...

— قاراپلا كەتتىڭلىغۇ، ئاغىنە؟

— تىرناقتا توختىغۇدەك كاساپەتكىنە ئۇ.

— ئىدارىگە يېڭىدىن خىزمەتكە تەقسىملىنىپ كەپتۇ، سىلەرنىڭ بۆلۈمگە ئىشقا چۈشكۈدەك.

ئۇ ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدىكى تاشنى مەغرۇرلۇق بىلەن تېپىۋېتىپ، قايسىدۇر بىر ئاقما ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا ئىسقىرتىپ ئىشخانا بىناسىغا قاراپ ماڭدى.

قىزنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشى تولىمۇ نازاكەتلىك ئىدى. سۇزۇك چېھرى، سىزىپ قويغاندەك ئىنچىكە قېشى، چىلاندەك لەۋلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىۋەتتى.

«بۇرنى تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداق بولغىيمىدى... ئېلىپتەك تۈز، پىچاقنىڭ بىسىدەك قىرلىق بولغان بولسىچۇ كاساپەتنىڭ...»

قىز ئۇنىڭغا قاراپ ئوماقىنا كۈلدى. ئۇ كۆزىنى قىزدىن دەرھاللا قاچۇردى. قىز كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى دۈپۈلدىدى. يۈزىگە سۈس قىزىللىق يۈگۈردى. قىز ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئىش ئۈستىلى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى.

«يۈرگەن يىگىتى بارمىدۇ؟ ھازىر ئوقۇش پۈتكۈزگەن قىزلارغا

بىرنېمە دېمەك تەس. ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىغا قەدەم بېسىش بىلەنلا مۇھەببەت قاينىمىغا بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىمدۇ. ناھايىتى بىرەر ھەپتە قىسىپ يۈرەر، ئاندىن يىگىتلەر ئىزدەپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئىشخانا ئىشىكىنىڭ چېكىشلىرىنىڭ، تېلېفوننىڭ جىرىڭلاشلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولىدۇ. يۈزى ئېپىزرەك بولسا ئۇلارنى ساۋاقدىشىم دەپ چۈشەندۈرەر، تازىمۇ بىر ئېغىدا پىشىپ قالغانلاردىن بولسا، ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى دەپ قويۇپ ئىشخانىدىن قولتۇقلىشىپ چىقىپ كېتىۋېرىدۇ. بۇنداق قىزلارغا پالان ـ پۈستان دەپ بولغىلى بولمايدۇ...» ئۇ قىزغا خۇددۇكسىرەپ قاراپ قويدى ـ دە، باش ـ ئاخىرى يوق خىيالدىن كۆڭلى پاراكەندە بولدى، نېرۋىسى چېچىلدى، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ كۇچەپ شورىدى.

ئىشخانا ئىچىنى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق باسقانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. ئارقىمۇئارقا چەككەن تاماكا تاماقلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتى. ئۇ يېنىدىكى ئىش ئۇستىلىگە قاراپ قويدى. بۇ ئورۇننىڭ ئىگىسى رابىيە ۋەت ـ ۋەت بۇگۇن روخسەت سورىغانىدى. ئۇ رابىيەدىن تولا گەپ قىلىپ دىققىتىمنى چېچىۋېتىدۇ دەپ رەنجىيتتى. بۈگۈن ئىشخانىنىڭ جىمجىتلىقىدىن شۈنچىلىك بىزار بولدىكى، رابىيەنىڭ بۇرۇنقى ۋىتىلداپ زېرىكتۈرۈشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇدى. «تازىمۇ ھالدان بىرنېمە ئوخشايدۇ، بىر ئېغىز مۇ دەپ قويماي ئولتۇرغىنىنى، رابىيەم بولغان بولسا...»

— ئىسىملىرى كىم بولىدۇ؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، قىزنىڭ چىلاندەك لەۋلىرى بىلەن قويۇق كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان كۆزلىرى ئوماقىنا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئابلەت... ئابلەتجان، ئابلەت سەمەت.

ئۇ ئاغزى كالانپايلىشىپ جاۋاب بەردى ـ دە، شۇ ھامانلا بۇ «يېڭى كەلداخۇن»نىڭ ئالدىدا خۇددى كىچىك بالىدەك دۇدۇقلاپ سالغانلىقىدىن ئوسال بولۇپ گەدەنلىرىگىچە قىزاردى. ئۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىزغا قاراپ كۈلمەكچى بولۇۋىدى، چىرايى غەلىتىلا پۇرۇشۇپ كەتتى. «تازىمۇ بىر نەس باستى ـ دە، نېمەدەپ قالغاندۇ؟ ئەستا... بۇ سوئالنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئۆزۈم سورىمىغاندىمەن...»

— مېنىڭ ئىسمىم گۈلسۇم، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتتە كۆپرەك ياردەم قىلارسىز.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەيمىز.

— ئابلەت، ھاي ئابلەت!

ئۇدۇلدىكى ئىشخانىدىن ناغرا چالغاندەك چىققان بۇ قوپال ئاۋاز ئۇنى ئوسال روھىي ھالەتتىن قۇتۇلدۇرغانىدى. ئۇ پەيدەك يەڭگىللىدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇردى.

— ھە، نېمە دەيسەن؟

— بىر تال تاماكا بېرە.

ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ تۇرغان يىگىتكە غەزەپ بىلەن گۆلەيدى.

— پاھ، كاتتىغۇ سەن، — دېدى ئۇ زەھەرنى سانجىپ، — تاماكا لازىم بولسا قېشىمغا كىرىپ سورىماي، ئەجەب ئالاھىدە يېنىڭغا قىچقىرىپ تاماكا دەيسەنا؟ تۆگىگە يانتاق لازىم بولسا بوينىنى ئۆزارتىپتۇ، دەپتىكەن...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كەينىگە ياندى.

— ئولتۇرىۋەر، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — يىگىت مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى، يانچۇقىدىن بىر قاپ تاماكا ئېلىپ ئابلەتكە تەڭلىدى، — مە، مېنىڭكىنى چەك.

ئابلەت تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇرغاچ سورىدى:

— نېمە گېپىڭ بار ئىدى؟

— دېگۈدەك گەپقۇ يوق، — يىگىت چالا ئېچىلغان كېۋەزدەك

ھېجىيىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قارىسام ئىشخانا ئىگىغا بىر كىرىپ كەتكەنچە سىرتقا چىقىپمۇ قويمىدىنىڭ. يېڭى كەلگەن تۇمۇچۇق بىلەن بەك مۇڭدىشىپ كەتكەنمىكىن دەپ تىڭشاپ باقسام جىمجىت، شۇڭا سىنى چاقىرغانىدىم. قانداق، بىسمىللاسىدىلا ئىغىز گارمونى چېلىشىپ كەتمىگەنسىلەر؟

— ئۆتەپ باراۋە زالىڭ، — ئابلەت رەنجىگەندەك قىلىپ قاپىقىنى تۈردى، — ئەجەب چىدىماس لاۋزا نېمە ئىكەنسەن.

— بولدى، بولدى رەنجىمە، — يىگىت شوخلۇق بىلەن ھىجايدى، — بولامدىكەن؟ خېلى ئامىتىڭ بار نېمە جۇمۇ سەن.

ئابلەت يىگىتنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرماي مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئابلەتنىڭ دەسلەپكى پەرىزى خاتا چىققانىدى. قىزنى بىر ھەپتە، ھەتتا بىر ئايدىن كېيىنمۇ ھېچقانداق بىر يىگىت ئىزدەپ كەلمىدى ياكى تېلېفون بەرمىدى. بۇ ئىش ئۇنى خېلىلا خۇشال قىلدى. قىز ئىدارىدىكى ھەممە خىزمەتداشلىرى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى، چاقچاقلىشاتتى، ئابلەتنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى.

— ھە ئابلەت، ئىشلىرىڭىز قاملىشاي دەمدۇ يا؟

بىر كۈنى گۈلسۇم يوق ۋاقىتتا رابىيە ۋىت - ۋىت ئۆزىچىلا سوراپ قالدى.

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟ — دېدى ئابلەت ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

— گۈلسۇم بىلەن بولىدىغان ئىشىڭىزچۇ؟

— گۈلسۇم بىلەن مېنىڭ قانداق ئىشىم بار ئىكەن؟

— ئۇششە، خۇپسەنلىك قىلماڭە، ئاڭلىسام گۈلسۇمگە توي قىلىش تەلىپى قويۇپسىزغۇ؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— ئىدارىدىكى ھەممەيلەن.

— تازىمۇ بىر، سەۋزىدىن خەۋەر يوق گۇرۇچ دەم يەپ قاپتۇمۇ نېمە؟

— ھە مۇنداق دەڭە، — رابىيە ۋىت - ۋىت خاتىرجەم بولغاندەك يەڭگىل تىندى، — مەنمۇ ئىشەنمىگەنىدىم. خەقتىن ئاڭلاپ ئابلەتنىڭ كۆزى نەگە كەتكەندۇ؟ قىز تېپىلمىغاندەك ئاشۇ ياسانچۇق پاناق بىلەن توي قىلارمۇ دەپ ئويلىغانىدىم.

رابىيە ۋىت - ۋىتنىڭ كېيىنكى گېپى ئابلەتنىڭ خېلىلا زىتىغا تەگدى.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ رابىيە؟ بۇرنىنىڭ ئەيىبىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۇزۇكلا قىزغۇ ئۇ، خەقنىڭ ئەيىبىنى ئاچقىلى بەك ئامراق جۇمۇ سىز.

— بەرىبىر پاناق - دە، — دېدى رابىيە ئۇپا تۇزۇندىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — سەتنىڭ ھالى يامان دەپ ياسىنىپ كېتىشلىرىنى.

ئابلەت ئۈندىمىدى. ئادەتتە رابىيە ۋىت - ۋىت بىلەن گۈلسۇم بەك ئىناق ئۆتەتتى. رابىيە گۈلسۇمنى كۆرسە سىڭلىم دېسە سىڭلىم دەپ ھالى قالمايتتى. ئابلەت كۆڭلى غەش بولغان ھالدا لېۋىگە بىر تال تاماكا قىستۇردى.

يېقىندىن بېرى گۈلسۇمنى ئىدارىدىكى باشقا يىگىتلەرمۇ ئەگىپ يۈرەتتى. بىراق، گۈلسۇم ھېچقايسىسىغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلمىدى. بىر قېتىم ئابلەت چاقچاققا يۆلەپ يۈرگەن يىگىتنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىغاندا، قىز كۈلۈپلا جاۋاب بەرمەي ئۆتكۈزۈۋەتتى.

«يۈرگەن يىگىتى بارمىدۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ئوقۇرى شۇنداق ئېگىزمىدۇ؟ ھازىرقى قىزلارغا ھېچنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ نەزىرى بەك ئۈستۈن يەردىدۇ. ماڭا نېمە دەر؟ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالىغان بولسام...»

ئۇنى بۇنداق خىياللار تىنىمسىز قىينايتتى. ھەر قېتىم يېزىغا ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ چىققاندا، ئۇلار ئۇنى تېزرەك ئۆيلەپ قويساق بولاتتى، دەپ ئارامىدا قويمايتتى. ئۇ، گۈلسۇم ئىدارىگە كەلگەندىن كېيىن، يېزىغا چىققان ۋاقتىدا ئاتا -

ئانىسىغا «ئالدىرىماي تۇرۇڭلار، ئاز قالدى» دەپ مۇجمەللا جاۋاب بەرگەنىدى. لېكىن، ھېلىغىچە بۇ توغرۇلۇق قىزغا چىش يېرىپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىغانىدى.

رابىيە ۋەت ــ ۋەتتىنىڭ شۇ گېپىدىن كېيىن ئۇنىڭغا قىزنىڭ بۇرنى ئالاھىدە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. قىزغا نەزەر تاشلىسىلا كۆزىگە ئەڭ ئاۋۋال بۇرنى چېلىقاتتى. رابىيە ۋەت ــ ۋەتتىنىڭ گېپىنىڭمۇ ئازراق ئاساسى بار ئىدى. چۈنكى، گۈلسۇم ئابلەتنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ يېزىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىنلا پات ــ پات كىيىملىرىنى يۇيۇپ دەزمالـلاپ بېرىپ تۇردى، تېخى بىر قېتىم يوتقان ــ كۆرپە، كىرلىكلىرىگىچە سۆكۈپ، يۇيۇپ، تىكىپ بەردى. خىزمەتداشلىرى ئۇلارنىڭ بۇ خىل يېقىنچىلىقىغا ئالاھىدە نەزەر كۆزى بىلەن قاراشقانىدى.

ــــ كىرلىرىڭىزمۇ جۇغلىشىپ قالغاندۇ، ھازىر ئىشىم يوق، ياتىقىڭىزنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىڭ، كىيىملىرىڭىزنى يۇيۇۋېتەي.

گۈلسۇم ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئابلەت قىزنىڭ پاناق بۇرنىغا ۋە بۇرنىنىڭ ئۈستىدىكى بىرنەچچە تال سەپكۈنگە قاراپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ــــ رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ، كەچتە ئۆزۈم يۇيۇۋالىمەن، ــــ دېدى ئۇ سوغۇقلا.

يىگىتنىڭ بۇ گېپىدىن قىز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدى، سۆزۈك يۈزىگە سۇسقىنا قىزىللىق تارىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابلەت قىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپلا يۈردى، گەپ ــ سۆز، مۇئامىلىدە سېزىلەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. قىز ئابلەتنىڭ كۆڭلىگە كەلگۈدەك قايسى ئىشنى خاتا قىلغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا روشەن بىر قات تام پەيدا بولغانىدى.

ــــ ھە ئاغىنە، پولوپۇڭنى قاچان يەيمىز؟

ــــ كىم بىلەن؟

— گۈلسۇم بىلەنچۇ!

— قويە ئۇنداق پاناقنى، — ئابلەت بىردىنلا ئۆكۈردى، — مەنمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئادەم، نەدىكى بۇرنىغا ئېشەك دەسسىۋەتكەندەك بىرنېمىنى...

— نېمە دەۋاتىسەنوي، — تاھىرنىڭ چىرايى نەپرەتلىك تۈس ئالدى، — ئايدەك چىرايلىق بىر قىزنى... كۆزۈڭگە ياغ تولۇپ قاپتۇ سېنىڭ.

ئابلەت بىلەن تاھىر خېلىلا يېقىن ئۆتەتتى. ئىشخانىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغانلىقى ئۇچۇنمۇ قايسىسىنىڭ تاماكا چەككۈسى كەلسە، يەنە بىرسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ بىللە تاماكا چەككەچ تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىشاتتى. ئابلەتنىڭ نەزىرىدە تاھىر مەيلى چىرايىدا، مەيلى يۈرۈش - تۇرۇشتا ئىدارىدىكى يىگىتلەرنىڭ ئالدى ھېسابلىناتتى. تاھىرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلىلا ياخشى بولغاچقىمۇ ئادەتتە پۇل خەجلەشتە خېلىلا مەرد ئىدى. پات - پات خىزمەتداشلىرىنى ئاشخانا، رېستورانلارغا باشلاپ مېھمان قىلاتتى.

ئابلەت بىرنەچچە قېتىم تاھىرنىڭ گۈلسۇمگە بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ، خۇشامەت قىلىپ يالۋۇرغاندەك تۇرغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەن، لېكىن تاھىرنىڭ گۈلسۇمگە تەلەپ قويۇشىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. چۈنكى، ئۇ تاھىردەك پۇلىمۇ بار، يۈز - ئابرۇيلۇق، توققۇزى تەل بىر يىگىتنىڭ گۈلسۇمدەك چىرايىدا ئەيىبى بار قىزنى ياراتمايدۇ، چوقۇم شەھەردىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلار بىلەن توي قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلغانىدى. مانا ھازىر تاھىرنىڭ نەپرەتلىك چىرايىغا قاراپ تېڭىرقاپ قالدى. ئەجەب ھە! تاھىرنىڭ كۆزىگە ئېشەك تېزىكى ئاي كۆرۈنۈۋاتامدۇ قانداق؟ ئابلەت خىزمەتكە چىققان بەش يىلدىن بېرى ئۆيلىنەلمەي يۈرۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنى يېزىدىكى دېھقان ئاتا - ئانىسىدىن كۆرەتتى، چۈنكى ئۇ ئاتا - ئانىسى

يېزىدىن تاپقان لايىقلارنى ئۆزىگە ماس كۆرمەي ياراتمىدى. ئاتا ـ ئانىسىدىن نومۇس قىلىپ شەھەردىن يۈرەكلىك ھالدا لايىق ئىزدىيەلمىدى. ئۇ ھەر قېتىم توي قىلىشنى خىيال قىلغاندا، شەھەردىكى قىزلار ۋە بولغۇسى شەھەرلىك قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرى دېھقان ئاتا ـ ئانىسىنى ياراتمايدىغاندەك، مەسخىرە قىلىدىغاندەك بىلىنىپ كۆڭلى پەرىشان بولاتتى.

ئۇ گۈلسۈمنى دەسلەپتە كۆرگەندە خېلىلا ھاياجانلانغانىدى. بولۇپمۇ قىزنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىپ قىلغان يېقىنچىلىقلىرىدىن تەسىرلەندى ۋە ئۆزىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇندى. شۇنداق قىلىپ، كۆڭلى خېلىلا ئارام تېپىپمۇ قالغانىدى. بىراق، رابىيە ۋەت ـ ۋەتنىڭ ھېلىقى گېپى ئۇنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋەتتى.

«بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى مانا ـ مەنە دەپ بويتاق يۈردۇم، نۇرغۇن لايىقلارنى رەت قىلدىم. مانا ئەمدى گۈلسۈم بىلەن توي قىلسام، ئابلەت قانداقراق قىز بىلەن توي قىلاركىن دەپ يۈرگەن كىشىلەر نېمەدەپ قالار؟ ۋاييەي، ئابلەتنىڭ تاللاپ ـ تاللاپ تاپقان لايىقىمۇ تايىنلىق ئىكەنغۇ دەپ كەينىمدىن زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشەر ھەرقاچان. بۇرنىنىڭ پاناقلىقىنى دېمىسىمىغۇ بولىدىغان قىز ئىدى كاساپەت، ھەي... قانداق قىلسام بولار...»

ئابلەت شۇنداق ئىككى ئارىدىكى خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا گۈلسۈمدىن يىراقلاشتۇردى. ئاخىرىدا باشقىلارغا قىزنىڭ چىرايىدىكى ئەيىبىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دېيىشتىن خىجىلمۇ بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر مەزگىل ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ئىشق سەۋداسىدىن قۇتۇلغاندەك، قاراپ تۇرۇپلا سەت بىر قىزغا ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالغاندەك بولۇپ ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى ۋە كوچا ـ كويىلاردا ئۇچرىغان قىزلارنىڭ چىرايىغا ئاستىرتىن نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

— تاھىر گۈلسۈم بىلەن توي قىلىدىغان بوپتۇ.

— قاراڭلار ئىدارىدىمىزدىكى بۇ چىرايلىق گۈلنى ئاخىر تاھىر ئىگىلىۋاپتۇ.

ئابلەت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. «توۋا، تاھىر ئاشۇ گۈلسۇم پاناق بىلەن توي قىلارمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئادەملەر دېگەن نېمە گەپلەرنى تاپمايدۇ؟ بىر مەزگىل ئۇ پاناقنى ماڭىمۇ چاپلاپ يۈرمىدىمۇ؟ ‹ئېرى يوقنىڭ ئېرى تولا، خوتۇنى يوقنىڭ خوتۇنى تولا دېگەن شۇ - دە...» ئۇ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى. لېكىن، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن تاھىرنىڭ قولىدىكى قىزىل تاشلىق توي خېتىنى كۆرۈپ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ پۇچەك ئەمەس، راستلىقىغا ئىشەندى - دە، شۇ ھامانلا بىر يەرلىرى ۋىژژىدە ئېچىشتى، يۈزى ئۇششاق ھاشاراتلار ئۆمىلىگەندەك بولۇپ چىمىلدىدى، ۋۇجۇدىنى پۈررىدە تەر باستى. ئۇ سەگىدەش ئۇچۇن سىرتقا چىقتى ۋە مەقسەتسىزلا خىزمەت بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈكنى ئۆزاق ئايلاندى.

تۇيۇقسىزلا بىر توپ كىشىلەرنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشى ئۇنىڭ دىققىتىنى چالغىتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلكە چىققان تەرەپكە قارىدى. يىگىرمە قەدەم يىراقلىقتا گۈلسۇم بىلەن تاھىرنى بىر توپ كىشىلەر ئورىۋېلىشقانىدى. ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ قىزغىن پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. ئۇ نەزىرىنى گۈلسۇمگە مەركەزلەشتۈردى. قىز ئوتقاشتەك قىزىل بەل پۈرمە كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، بىلەكتەك توم ئىككى تال چېچى تېقىمىدا سويلاپ تۇراتتى. شۇ تاپتا قىز ئابلەتنىڭ كۆزىگە شۇنچە گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى.

1994 - يىلى 17 - نويابىر، چارەك

# قىزىلگۈل

باھار پەسلى پەقەت دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قانات، قۇرت ـ قوڭغۇز... قاتارلىق مەۋجۇداتلارغا جۇشقۇنلۇق، ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ، تەبىئەت دۇنياسىنى جانلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئىنسانلارغىمۇ يېڭىچە بىر مەنىۋى كۈچ ۋە خۇشاللىق بېغىشلاپ، مىسكىن دىللارنى يايرىتىۋېتىدۇ. ھويلا ـ ئارانلاردىكى، بالكون ـ دېرىزىلەرگە قويۇلغان تەشتەكلەردىكى ھەر خىل گۈللەرگە قارىساڭ، نېرۋىلىرىڭ بوشاپ، ئۆزۈڭنى يەڭگىل سېزىسەن. گۈللەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى ساڭا راھەت بېغىشلايدۇ.

بۈگۈن كۈندىكىدىن بالدۇر ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، سىرتقا چىقىپ ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالدىم. تويۇقسىز كۆزۈم دېرىزە تۈۋىدىكى ئۆتكەن يىلى باش باھاردا تىكىپ قويغان بىر تۈپ قىزىلگۈل كۆچىتىگە چۈشتى. گۈلنىڭ ئۇچىدا بىر تال غۇنچە پورەكلەپ ئېچىلىپ، چوغدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. يۇمران بەرگىدىكى شەبنەملەر مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ دىلنى مەھلىيا قىلاتتى.

— ھوي ! قىزىلگۈل ئېچىلىپتۇ. گۈلىمىز ئېچىلىپتۇ !

سىڭلىمنىڭ چۇقان سېلىشى بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تالاغا چىقىشتى. مەن ئۇلارنىڭ خۇشال چىرايىغا سەپسالدىم. نەزىرىم ئانامنىڭ چىرايىغا يۆتكەلگەندە يۈرىكىم ۋىژژىدە ئېچىشىپ كەتتى. ئانامنىڭ نۇرلۇق بىر جۈپ كۆزىدە ئاشۇ قىزىلگۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك ياش تامچىلىرى يالتىراپ

قالغانىدى. مەن نەزىرىمنى يەنە ھېلىقى بىر تال قىزىلگۈلگە ئاغدۇردۇم ـ دە، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇنقى باھار پەسلىنى ئېسىمگە ئالدىم.

ئۇ يىللار رەھمەتلىك دادام مەن ئىشلەۋاتقان ئىدارىنىڭ باشلىقى ئىدى. شۇ چاغلاردا دادامنىڭ پىرىنسىپاللىقىدىنمۇ ياكى باشقىلارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئازادە ئۆي ئىگىلىۋالدى، دەپ گەپ تېپىشىدىن ئېھتىيات قىلىپمۇ، ئەيتاۋۇر ئىدارە بويىچە ناچار ۋە كىچىك، ھويلىسى يوق ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇراتتۇق. ئەھۋال شۇنچىلىك تۇرسا نەدىمۇ گۈللۈك قىلغۇدەك يېرىمىز بولسۇن. شۇنداقتىمۇ، ئىدارە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نىياز تاغام ھەر يىلى باھاردا تۇنجى ئېچىلغان قىزىلگۈللەردىن ئۈزۈپ ئۆيىمىزگە ئەكېلىپ بېرەتتى. نىياز تاغامنىڭ ھويلىسى خېلىلا ئازادە بولۇپ، تېرىغان گۈللىرى باھار پەسلىدە پورەكلەپ رەڭمۇرەڭ ئېچىلىپ تۇراتتى. ئىنى ـ سىڭىللىرىم نىياز تاغامنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ گۈللەرنى ئىختىيارىچە ئۈزۈپ چىقاتتى...

ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار دەپ، تۇيۇقسىز قوزغالغان يورەك سانجىقى كېسىلى دادامنى بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىدى. نېمە ئۈچۈنكىن شۇنىڭدىن كېيىنكى باھاردا نىياز تاغام بىزگە گۈلمۇ ئەكىرىپ بەرمىدى.

بىر كۈنى ئىشىكىمىز ئالدىدا قاتتىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مەن سىرتقا چىقتىم ـ دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئىشىك تۈۋىدە نىياز تاغام كۆزلىرىنى پىيالىدەك چەكچەيتىپ، غەزەپلەنگەن ھالدا ئىنىم بىلەن سىڭلىمنىڭ ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بىر تالدىن قىزىلگۈل تۇراتتى. نىياز تاغام گۈللۈكىنى ئۇكىلىرىمنىڭ بۇزۇۋەتكەنلىكىدىن دادلاپ سۆزلىمەكتە ئىدى...

شۇ ئىشتىن كېيىن بىرنەچچە باھار ئۆتۈپ كەتتى. نىياز تاغاممۇ بىزگە قىزىلگۈل ئەكىرىپ بەرمەس، ئۇكىلىرىممۇ ئۇنىڭ

گۈللۈكىگە كىرمەس بولدى.

ئۆتكەن يىلى ئىدارە رەھبەرلىكى بىزنى مۇشۇ تۆت ئېغىزلىق، ھويلىسى بار ئازادە قورۇغا كۆچۈرۈپ قويدى. مەنمۇ ئىقتىدارلىق ياش دېگەن سۆپەتلەر بىلەن بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدۇم. شۇ يىلى باھاردا نىياز تاغام دېرىزىمىز تۈۋىگە بىر تۈپ قىزىلگۈل كۆچىتى تىكىپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ھەممىمىزدىن بەك يەنىلا شۇ ئىنىم بىلەن سىڭلىمنى خۇشال قىلىۋەتتى. مانا بۇ يىلقى باھاردا قىزىلگۈل تۇنجى قېتىم ئېچىلىپتۇ...

— ھوي، نىياز تاغام گۈل ئەكىرىپتۇ!

سىڭلىمنىڭ خۇشاللىق بىلەن توۋلىشى خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى. مەن ھەيرانلىق بىلەن نەزىرىمنى دەرۋازا تەرەپكە ئاغدۇردۇم. نىياز تاغام يېقىملىققىنا كۈلۈپ دەرۋازا تەرەپتە تۇراتتى. قولىدا توق ئېچىلغان بىر دەستە قىزىلگۈل كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— ئېھ، باھار! سەن قانداق مول، يېڭى مەزمۇنلارغا ئىگىسەن - ھە؟!

1997 - يىلى ئىيۇن، يەكەن

# مېۋىلەرنىڭ شىپالىق رولى

باشلىقىم ئوتتۇرا بوي، ئوتتۇرا ياش، ئوتتۇرا ھال قورساق سالغان، مۆكىداشقاق، بىلىملىك ئادەم. ئۇنىڭ بىلەن ھەمسەپەر بولسىڭىز، قورۇنمايسىز، زېرىكمەيسىز، ئاچ قالمايسىز، تېرىكمەيسىز.

بۇگۈنكى بۇ كاماندىروپكىغا ئەسلىدە مەنلا چىقمۇقچى بولاتتىم. لېكىن، باشلىقىم ئىككى كۈندىن بۇيان ئىشخانىدىن مىدىرلىماي زېرىكىپ كەتكەچكىمۇ «شامالداپ كىرگەچ» بىللە چىقىدىغان بولدى. باشلىقنىڭ بىللە چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ سۆرۈن تەلەت شوپۇر ئۇستام چالا ئېچىلغان كېۋەزدەك ھىجايدى. باشلىق بىلەن بىللە مېڭىپ «ئادىمەتچىلىك»، «يوللۇق»، «كۆڭۈل»لەرگە تەڭ شېرىك بولۇپ كۆنۈپ قالغان ئۇستامنىڭ مەندەك «تاجىسىز» كادىر بىلەن سەپەرگە چىقسا ئاسانلا خۇيى تۇتۇپ قالاتتى ياكى ماشىنىسىنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قالاتتى.

مانا بىجىرمەكچى بولغان ئىشىمىز يېرىم سائەتتىلا تۈگىدى. لېكىن، باشلىقىم كىچىك پېئىل، كۆڭۈلچەك ئادەم بولغاچقا ساھىبخانىنىڭ كىچىككىنە كۆڭلىنى يەردە قويالماي، دەسلەپ ئاشخانىغا باشلىغان مېھماندارچىلىققا، كېيىن باغقا باشلىغان شامالداشقا، مانا ئەمدى ئوغلاق كاۋىپىغا بىر چىشلەم ئېغىز تەگكۈزۈشكە «ياق» دېيەلمەي ئولتۇرماقتىمىز.

— ساھىبخانىنىڭ كۆڭلى دېگەن ئالتۇن، ئۇكا، — دېدى باشلىقىم باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاكۆنەسلىككە سالغان ئوتقاشتەك گىلەمنىڭ ئۈستىدىكى تەتىللا كۆرپىدە يانپاشلاپ

یاتقاچ، — ئوغلاق كاۋىپىغا نىمانچە ئىشتىھا ساقلاپ كەتتىكەن دېمەڭلار، گۆش - كاۋاپ دېگەن تولا گەپ، لېكىن ئوغلاق گۆشى باشقا. ئۇ دېگەن پۈتۈنلەي دورا، قۇۋۋەت. ئۇنىڭ قايسى ئەزاسىنى يېسە ئادەمنىڭ شۇ ئەزاسىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قېنى كاۋاپ تەييار بولدىمىكىن؟

— مانا ھازىر.

ساھىبخانا شۇ ھامان بىر تەخسە ئون زىخچە كېلىدىغان ئوغلاقنىڭ خاس بۆرىكى بىلەن ئۇرۇقدىنىدا قىلىنغان كاۋاپنى داستىخاندا قويدى. باشلىق «قېنى ئەمىسە» دېدى - دە، ھايت - ھۇيت دەپ بولغۇچە كاۋاپلارنى سىيرىپ - سىيرىپلا يالمۇۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئوغلاق گۆشىدە پۈتۈن قىلىنغان تونۇر كاۋىپى كەلتۈرۈلۈۋىدى، بۆرىدەك تاشلاندۇق.

باشلىق ئاغزى، قولىدىكى ماي يۇقۇندىلىرىنى قەغەز بىلەن چالا - بۇلا ئېرتىۋەتكەندىن كېيىن بىر تىلىم تاۋۇزنى ئالدى.

— ئېلىڭ، ئۇكا، تاۋۇز بۆرەك، جىگەر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، ھاراقنىڭ زەھىرىنى كېسىدۇ، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ، — باشلىق مېنىڭ جىم تۇرغىنىمنى كۆرۈپ يەنە سۆزلىدى، — ئۇنداق بولسا ئامۇت يەڭ، ئامۇت ئاشقازاننى، جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ھە، بولمىسا بىر تال نەشپۈت يەپ قويۇڭا، نەشپۈت دېگەن يۈرەكنى، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۆپكىنى ياشارتىپ، بەلغەمنى بوشىتىدۇ...

باشلىق ھەقىقەتەن بىلىملىك ئادەم. ئۇ ھەربىر مېۋىنى يەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ شىپالىق رولىنى سۆزلىدى. ماڭارۋاقتىمىزدا ساھىبخانا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ يوللۇق تۇتتى. شوپۇر ئۇستامنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، لېكىن باشلىقنى كاۋاپ باستىمۇ مۈگدىمەكتە. بازار كۈنلۈكى بولسا كېرەك، ئالدىمىزدىكى يېزا بازىرى قىزىپ كەتكەنىدى. يولدا ئادەم، ئات - ئۇلاغلار مىغ - مىغ بولۇپ، شوپۇر ئۇستام ماشىنىسىنى چىرقىراتقىنىچە چۈمۈلە مېڭىشىدا سىلجىماقتا، ئاغزىنى بۇزۇپ دېھقانلارنى

تىللىماقتا. تويۇقسىز باشلىق بىئارام بولغاندەك قىمىرلاشقا باشلىدى. «ھەي ! بۇ دېھقانلارمۇ ھاڭۋېقىپ تۇرغۇچە يولنى بىكارلىسا بولمامدۇ؟ باشلىقنىڭ بىر ئاچچىقى تۇتسىمزە...» باشلىق يەنە قىمىرلىدى. ماشىنا كۆزنىكىدىن ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— بازار بولغاندىكىن بىرەر ئاممۇۋى ھاجەتخانا سېلىپ قويسا بولمامدۇ يول تۆپىگە، — دېدى باشلىق غودۇراپ.

باشلىق يەنە قىمىرلىدى. ماشىنىنىڭ ئىچىگە ناھايىتىمۇ بەتبۇي پۇراق تارقاشقا باشلىدى. مەن باشلىقنىڭ بىئاراملىقىنى دەرھال چۈشەندىم. ماشىنا كۆزنىكىدىن ھاجەتخانا ئىزدەشكە كىرىشتىم.

— ھاجەتخانا.

بوشلا توۋلىشىم بىلەن باشلىق چاقماق تېزلىكىدە ماڭا قارىدى.

— قېنى؟ قەيەردە؟

— ئەنە ئاۋۇ ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدىكى بورا بىلەن توسۇپ قويغان يەردە. بىر كىچىك بالا ھاجەت قىلىۋاتامدۇ نېمە؟

باشلىق ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى جالاققىدە ئاچتى ـ دە، مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە يۈگۈردى. باشلىقنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قاتتىق كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋالدىم... ئەستاغپۇرۇللا، بوپتۇلا دەۋېتەيچۇ، باشلىقنىڭ شىمىنىڭ كاسىسى خۇددى سۇزمە خالتىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

1999 ـ يىلى سېنتەبىر، يەكەن

# تەخەللۇس ماجىراسى

شۇنداق، بۇ راستلا يۈز بەرگەن ماجىرا. يەنە كېلىپ تەخەللۇس تالىشىش ماجىراسى.

بۇ ماجىرانىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى مەن. ھەممە كۆڭۈل ئاغرىقى مېنىڭ يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلغانلىقىمدىن باشلاندى. چۈنكى، مەن ئىككى ـ ئۈچ پارچە ھېكايە ئېلان قىلمىغان بولسام، شەھىرىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى ـ شائىرلاردىن شەمشەرىي، خەنجەرىي، ئۆركەشىي، خۇمارىي، جەۋھەرىي، ئۈمىد، زەمزەم، غېرىب، مىسكىن، چىنار، شەمشاد، ھەيرانىي، فونتانىي، مەردانىي، شەيدايى، خالىس، لاچىن... قاتارلىق مەشھۇرلار بىلەن كۆرۈشمىگەن، تونۇشمىغان، دوستلاشمىغان، ھەمتاۋاق ـــ مەسلەكداش بولمىغان بولاتتىم. قىسقىسى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىي قەلەم تالىشىشلارغا، ئاخىر بېرىپ ماجىرالىشىپ قېلىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالمىغان بولاتتىم.

ئەپسۇس، ماجىرا ئاخىر يۈز بەردى. بۇ راستلا تەخەللۇس تالىشىش ماجىراسى ئىدى:

بىر كۈنى شەھىرىمىزدىكى بىرقانچە «مەشھۇر»لار ۋە ماڭا ئوخشاش ئىككى ـ ئۈچ سوكال ھەۋەسكارلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا خالىسنىڭ ئىشخانىسىغا يىغىلىپ قاپتۇق، ھەي، مېنىڭ شۇ قولۇمنىڭ جىم تۇرمايدىغان كېسىلى. نېمىشقىمۇ خالىسنىڭ ئىش ئۈستىلىدىكى قاتلاقلىق قەغەزنى ئېلىپ كۆرگەندىمەن؟ ھەممە گەپ ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى.

— پاھ، ماۋۇ ئاداشنى، «جەۋھەرىي» دېگەن يۇسۇپنىڭ تەخەللۇسى تۇرسا، ئىزا تارتماي ئىشلىتىۋالغىنىنى قاراڭلار، — دېدىم مەن قولۇمدىكى ئارگىنالنى ئېچىپلا.

— ئەكېلە، كۆرۈپ باقاي، — دېدى ئۆركىشى قولۇمدىكى قەغەزنى شارتتىدە تارتىپ، — ھەئە، راستلا شۇنداق بوپتۇ، ھەي، ماۋۇ ئاداشنىڭ قىلغان قىلىقىنى. قويغىلى تەخەللۇس تاپالمىغاندەك، خەقنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىپ بولغان تەخەللۇسىنى ئىشلىتىۋالغىنىنى قاراڭلار، چىك... چىك... چىك...

— ۋاھ، ئاغزىڭنى ئەجەب چىكىلدىتىپ كەتتىڭغۇ؟ يۇسۇپ قانچىلىك نېمىدى؟ ئۆزىگە تۇشلۇق بىر نېمە دېمەي «جەۋھەرىي» دەۋېلىشلىرىنى. مەن ئاخىر بىر كۈنى ئۇنىڭ بۇ تەخەللۇسىنى باشقا بىرسىنىڭ تارتىۋالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئەسلىدىمۇ ئۇنى جەۋھەرىي دېمەي «پاخىلىي»، «شاكىلىي» دېسەك توغرا بولاتتى.

— بۇ گېپىڭ توغرا بولمىدى، — دېدى ھەيرانىي شەمشەرىينىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، — تەخەللۇس جاھاندا تېپىلمايدىغان نەرسە بولمىغاندىكىن، خەقنىڭكىنى دەۋالماي، باشقا تەخەللۇس تاپسا بولىدۇغۇ، جەۋھەرىينى شۇنداقمۇ پەسلەشتۇرەمسەن؟ خەقنى سۆكمەي ئۆزىمىزنىڭ مەھسۇلاتىغا تۇشلۇق گەپ قىلايلى.

— ئىشىڭنى قىلىۋەر، سولتەك، سېنىڭ يازغىنىڭمۇ تايىنلىق، — شەمشەرىي بىردىنلا تېرىكتى، — سەن ئەزەلدىن جەۋھەرىينىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ جېنىڭنى باقىدىغان نەرسە، سەنمۇ ئۆزۈڭنى «ھەيرانىي» دەپ ئاتىۋالغىنىڭ بىلەن، ئوقۇرمەنلەر ھەيران قالغۇدەك بىر نەرسە يازغىنىڭ تايىنلىق.

— سەنچۇ؟ سەنمۇ كالېندار ۋاراقلاپ، ساپلا ھېيت-بايراملىق بىر نەرسە يازىسەنغۇ؟ ئۆزۈڭنى شەمشەرىي دەۋالغىنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىگە ئۆتمەيدىغان سېپى ئۆزىدىن توكۇ قىڭراق سەن...

— ھەي، لاتا، تولا ئۆششۆقلۇق قىلما جۇمۇ!
— نوچى بولسالڭ چىشلىۋالامسەن.
ئۇلار بىردىنلا سوقۇشۇشقا تەييارلانغان خورازلاردەك ھۆرپىيىشتى. خالىسنىڭ ئىشخانىسىدا «مۇددەتلىك بومبا»نىڭ پارتلىشىغا بىرنەچچە دەقىقىلا ۋاقىت قالدى.
— بولدى قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، — دېدىم مەن جىددىلىكنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئارىچىلاپ، — بىر - بىرىڭلارغا ئازار بەرگۈدەك ئىشلار ئەمەسقۇ بۇ. ھەي... نەدىنمۇ يوقىتى مۇشۇ تەخەللۇس كېسىلى. تەخەللۇس قويىدىغان ئىش بىر ئاپەت بولدىغۇ. ئەمدىلا بىرنەرسە يېزىپ باقاي دەپ، قولىغا قەلەم ئالغانلارمۇ ئەڭ ئاۋۋال ياخشىراق بىرنەرسە يازاي دېگەنگە باش قاتۇرماستىن، ئۆزىگە قويىدىغان تەخەللۇسنى ئويلايدىغان بولۇپ كەتتى. تەخەللۇسنى پاخاللاشتۇرمىسىمۇ ھازىر نېمە زۆرۈرىيىتى تەخەللۇس قويۇشنىڭ؟! بەش - ئون پارچە كىتاب يازغان كاتتا يازغۇچى - شائىرلارنىڭمۇ خېلى كۆپلىرىنىڭ تەخەللۇسى يوققۇ؟
دېگەن گېپىم شۇ بولدى. خالىسنىڭ ئىشخانىسىدىكى پارتلاشقا ئاز قالغان «مۇددەتلىك بومبا»مۇ پارتلىمىدى. دېمەك، شەمشەرىي بىلەن ھەيرانىينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىدەل شاپپىدە بېسىققان بولدى. لېكىن، بارلىق دەردى - بالاغا مەن قالدىم.
— پاھ، سەنزە خەۋەردىن پەرقلەنمەيدىغان ئىككى - ئۈچ توككا - توككاڭ ھېكايىنى ئىلان قىلىپ قويۇپ ئۆزۈڭنى بەش - ئون پارچە كىتاب نەشر قىلدۇرغان كاتتىلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇۋاتامسەن؟ خورە... — دېدى خالىس ماڭا مەسخىرىلىك قاراپ.
— ياق، ياق، مەن ھەرگىز...
مەن ئۆزۈمنى ئاقلاپ بولغۇچە، ئۇلار تۇشمۇتۇشتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى.
— ئەمىسە نېمىشقا تەخەللۇس قوللانمايسەن؟ — دېدى ھەيراني.

— تەخەللۇس كىسىلى دەيسىزنا؟ سەن كېسەل يۇقمايدىغان بۇددىستلارنىڭ بۇتىمىدىڭ؟ ھالىغا باقماي بىزنى مەسخىرە قىلىپ كەتكىنىنى ماۋۇ سولتەكنىڭ، — دېدى شەمشەرىي ھازىرلا مەن بىلەن مۇشتلىشىدىغان ئەلپازدا.

مەن ئۇلارنىڭ ئەلپازىغا قاراپ تەمتىرەپ قالدىم. چۈنكى، مەندەك ئەمدىلا مەتبۇئات يۇزىدە غىل - پاللا ئىسمى كۆرۈلگەن سولتەكنىڭ بۇنداق «مەشھۇر»لار بىلەن تاكاللىششقا قانداقمۇ چىشى پاتسۇن؟!

— ياق، ياق، مەن تەخەللۇس قوللانمايمەن دېمەكچى ئەمەسمەن، بىراق...

شەمشەرىي ئاغزىمدىكى گەپنىڭ يېرىمىنى شارتتىدە كېسىۋەتتى:

— ھە، ئۇنداق بولسا دېمەمسەن، قانداق تەخەللۇس قوللانماقچىسەن؟

— گەپ قىلمامسەن؟ — قىستىدى ھەيرانىي.

— ياكى قوللانماقچى بولغان ئۇلۇغ بىر نام ئۇستىدە ئويلىنىۋاتامسەن يا؟ — دېدى خۇمارىي ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان نېپىز لەۋلىرىنى مەسخىرىلىك پۇرۇشتۇرۇپ.

ئەمدى ئۇلارنىڭ بېشەملىكىگە راستلا چىداپ تۇرالمىدىم. ئاغزىمغا كەلگىنىنى دەپ، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرمەكچى بولدۇم. بىراق، شۇ پەيتتە خىيالىمدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا، باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان جېدەلنى لاچىن سېتىۋالدى:

— ھەي ئاغىنىلەر، بولدى ئۇنى قىستاۋەرمەڭلار. ئۇنىڭغا بىر ئايلىق مۆھلەت بېرەيلى. ئۇ مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۆزىگە ھازىرغىچە ھېچكىم قوللانمىغان مۇۋاپىق بىر تەخەللۇس تېپىپ، بىرەر پارچە ئەسىرىنى مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلسۇن. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا دەل بىر ئاي توشقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ھەممىمىزنى مېھمان قىلسۇن. ئاشۇ سورۇندا ئولتۇرۇپ، ھەممىمىز بىرلىكتە بار مەسلىھەت ئىش قىلىپ ئۇنىڭغا بىر

تەخەللۇس قويۇپ قويايلى. قانداق دەيسلەر؟

— شۇنداق قىلايلى؟

لاچىننىڭ تەكلىپى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئالقىشقا ئېرىشتى.

— شۇنداق قىلساق بولامدۇ، ئاغىنە؟ — دېدى ئۆركىشى دولامغا شاپىلاقلاپ.

— مەيلى، — دېدىم مەن بوشقىنا.

— ئەمىسە ۋەدىمىز ۋەدە، يىگىت دېگەن سۆزىدىن يانمايدۇ جۇمۇ، بىلىپ قوي، ئادەتتىكى هاراق - سەيلەرگە ماقۇل دېمەيمىز، — دېدى باياتىن بېرى سۆزگە ئارىلاشماي تۇرغان مەردانىي كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— چاتاق يوق، — دېدىم مەن مەردلىك بىلەن.

شۇنداق قىلىپ، بىر قېتىملىق تەخەللۇس ماجىراسى ئەنە شۇنداق بېسىقىپ قالدى. لېكىن، ئاخىرقى هېسابتا قاق بالاغا مەن قالدىم. چۈنكى، بىر ئاي ئىچىدە هەرقانچە باش قاتۇرسامۇ، ماتېرىيال كۆرسەممۇ، باشقىلار ئۆزىگە تەخەللۇس قىلمىغان «ئىت»، «ئېشەك» دېگەندىن باشقا نامنى پەقەتلا تاپالمىغۇدەكمەن. ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، كېلەر ئايلىق مائاشىم ماڭا تەخەللۇس تاللاپ بېرىدىغانلارنى مېهمان قىلىش بىلەن تۈگەيدۇ. دېمەك، بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەنگە زوڭ ئولتۇردۇم دېگەن گەپ.

# تەڭرى پېشانەڭگە سۆيدۇ

ئۇ يەر ــ بۇ يەرلىرىگە داغ چۈشكەن كارىۋاتنىڭ باش تەرىپى ئاپپاق تامغا تېگىشىپ تۇراتتى. دېرىزىگە رەسمىيەت ئۈچۈن تارتىپ قويۇلغان پەردىمۇ ئاق، تورۇسمۇ ئاق. كېسەللەرنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويغان يوتقانمۇ ئاق... «يىرگىنچلىك ئاق رەڭ». ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. قويۇق ساقال باسقان چېھرى بىزارلىق بىلەن پۈرۈشتى.

ــ يانپاشلىرىنى ئاچسىلا، ئوكۇل سېلىپ قوياي.

ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى. ئاچتى ــ يۇ، ۋۇجۇدى بىر خىل ۋەھىمىدىن جۇغۇلدىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى كېپەنگە ئورىنىۋالغاندەك ئاپپاق كىيىنىۋالغان بىر گەۋدە قاراپ تۇراتتى. ئۇ خامۇش ھالەتتە نەزىرىنى تېخىمۇ يۇقىرىلاتتى. ئاپپاق خالاتنىڭ يۇقىرىقى تۈگمىسى ئېتىلمىگەن بولۇپ، ئىچىدىكى كۆڭلەكنىڭ ئويما ياقىسىغا پاتماي پۇسكىيىپ تۇرغان قاردەك ئاپپاق كۆكسى دېرىزىدىن چۈشكەن خىرە قۇياش نۇرىدا ئاجايىپ جازىبىدار كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر خىل شېرىن سېزىم ياللىدە تارىدى. ئاغزىغا شۆررىدە جۇغلاشقان شۆلگەيلىرىنى غۇرتتىدە يۇتۇۋەتتى.

ــ نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىلا، تېز بولسىلا، ماڭا قاراپ تۇرغان باشقا كېسەللەرمۇ بار.

ئۇ ئىشتانبېغىنى بوشىتىۋېتىپ يانپاشلىدى. نازۇك بارماقلار ئۇنىڭ ئىشتىنىنى پەسكە سىيرىدى. شۇ ھامانلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىر يالقۇننىڭ ئارىسىدا قالغاندەك بولدى. بۇرنىنىڭ ئىچى

قىچىشىپ، جىسمى ئەسەبىي بىر تۈيغۇ ئىسكەنجىسىدە لەرزىگە كەلدى. ئۇنىڭ يانپىشى، دۈمبىسى، مەيدىسى، بويىنى، بىلەكلىرىنى ئاشۇنداق نازۇك بىر بارماقنىڭ تۇتمىغىنىغا تويپتوغرا ئۈچ ئاي بولغانىدى.

— گۈلئايشەم زادى ئاجرىشىپ كېتىمەن دەپ تاش چىشلەۋاتىدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا بىرسىگە بۇزۇلغان ئوخشايدۇ...

بۇ مۇدھىش ئاۋاز ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۇزۇكسىز يوغىناپ، سەزگۈلىرىنى ئارامسىزلاندۇرۇپ قۇرتتەك غاجىلايتتى. ئۇ ئاستا ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى. كۆزلىرى ئاپپاق تورۇسقا دەردلىك تىكىلدى.

— يا ئاناڭغا تۇرسەن، يا ماڭا...

— ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلىغىن...

— خېتىمنى بەر، ساڭا ھەرگىز ئېسىلىۋالمايمەن. تۆشۈك مارجان يەردە قالمايدۇ.

ئۇنىڭ ئاپپاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى نازۇك، ئاپپاق بارماقلار مەھكەم قاماللىغانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ بۇ بارماقلارغا نەچچە يۈز قېتىملاپ سۆيگەن، مەڭزىنى ياققانىدى.

— خېتىمنى ئالمەن دېسە بېرىۋەتكىن، بالام، «ئوغلۇڭ بولسا ئوچاقتەك، قىزلار كېلەر قورچاقتەك» دەپتىكەن. ئۆزۈم چېكىپ ـ تاللاپ تۇرۇپ قىز ئېلىپ بېرىمەن. كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ تويۇڭنى قىلىپ بېرىمەن.

ئانا ئوغلىنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياشنى ئاپپاق لېچىكىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى. بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى. يىگىت ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۈن ـ تىنسىز بېشىنى چۆكۈرۈپ تۇراتتى.

— تويىنى تېزرەك قىلىۋېتەيلى.

— ئانام تېخى تولۇق ساقايمىدى. تويغا ئاتاپ جۇغلىغان پۇل دوختۇرخانىغا كەتتى.

— قەرز ئالايلى. كېيىن بىللە قايتۇرىمىز. ئانىڭىزنى ئۆز قىزىدەك كۆيۈنۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن.

قىزنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا بىتاقەتلىك بىلەن تىكىلگەنىدى. ئۇ قىزنىڭ ئاپپاق، نازۇك بارماقلىرىنى ھاياجان بىلەن مەھكەم سىقتى.

— قىزدىن شۇنچىلىك ئىنجا كەلگەن بولسا ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئانا ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشاللانغان ھالدا، — مەنمۇ ئۇنى ئۆز قىزىمدەك كۆرىمەن. خۇدايىم بەختىڭنى بېرەر بالام.

ئاپپاق كىرلىك، ئاپپاق يوتقان، ئاپپاق ماموق بەدەن، چىراغ نۇرىدا سۇتتەك ئاپپاق يورۇغان ھوجرا، تاتلىق - تاتلىق پىچىرلىششلار، قىنىپ - قىنىپ سۆيۈشۈشلەر، ھەئە، بەخت دېگەن شۇ. يار ۋىسالىغا يېتىش تەڭرى نېسىپ قىلغان ئەڭ چوڭ بەخت.

— مەن سىنى خېلى ئەركەكچىلىكى بار دەپ ئويلايتتىم. خوتۇنۇڭغا قول بولۇپ كەتتىڭغۇ ئاخىر. نېمىلا دېگەنبىلەن مەن سېنىڭ ئاناڭ. مېنىڭمۇ گېپىمنى ئاڭلاپ قوي، بالام. خوتۇن كىشىنى ئۇنچە ئەركە - تايتاڭ كۆندۇرمەيدىغان. ھېلىتىن بوينۇڭغا مىنگىلى تۇرسا...

ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە نېپىزلا مۇز تۇتتى. كاللىسىدا تېگىگە يەتكۈسىز ئوي - خىياللار ھۆكۈم سۈرەتتى. قولاق تۈۋىدە ئاڭلانغان نازلىق پىچىرلاشلار سېھرىي كۈچىنى يوقاتتى، مەنىسىز تۇيۇلدى. مۇھەببەتلىك، ئوتلۇق سۆيۈلگەن لەۋلىرى لەززەتسىز بىر تەمدىن سوۋۇدى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا سەۋەبىنى بىلگۈسىز ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرى بىخ سۈردى. كۆزلىرى ئىلتىجا ئارىلاش تىكىلگەن كۆزلەرگە پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— مەندىن نېمە گۇناھ ئۆتتى؟ بۇنچىۋالا بىزار بولۇشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىلىشىڭىز كېرەك، مەن سىزنىڭ ئايالىڭىز، مەن

سىزنىڭ مۇھەببەتلىك سۆزلىرىڭىزگە، سۆيۈشلىرىڭىزگە، تاتلىق ئەركىلىتىشلىرىڭىزگە تەشنا. مېنى قۇچاقلاڭ، باغرىڭىزغا مەھكەم بېسىڭ.

ئۇ ھاياجانلاندى. تومۇر ـ تومۇرلىرىدا قىيان ياسىغان تاتلىق، تەلۋە بىر ئېقىم پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى، قانلىرىنى قايناتتى.

ئۇ ئايالى كەتكەن كۈنى يالغۇزلۇقنىڭ ئازابىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. تېلېۋىزور كۆرۈپ باقتى، ئۈنئالغۇ ئاڭلىدى، كىتاب ئوقۇدى، لېكىن ھېچقايسىسى كاللىسىغا چۈشمىدى. ئانىسى جاينامازدا ئولتۇرۇپ، قولىنى جۈپلەپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتاتتى. «بىچارە ئانام، بەلكىم گۈلئايشەمنىڭ بالدۇرراق ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى تىلەۋاتقاندۇ.» ئۇ شۇلارنى خىيال قىلغاچ ئانىسىغا بىرھازا تىكىلىپ ئولتۇردى. لېكىن، يۈرىكىدىكى بىئاراملىق، بىرنەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك ئاچچىق ئازاب ئۇنى بىردەممۇ تىنچ قويمايتتى. ئۇ بىر ئىشلارغا مەلىكە بولۇپ كاللىسىنى تىنچلاندۇرماقچى بولدى. لېكىن، دەماللىققا قولغا ئېلىپ قىلىدىغان ھېچقانداق ئىش تاپالمىدى. ئۇخلاش ئۈچۈن ئايالى بىلەن يېپىنغان يوتقانغا كىرىپ ياتتى. بىراق، ئۇيقۇسى كېلىش تۈگۈل بىئاراملىق تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۆينىڭ تۆت تېمى، ئۈستىدىكى يوتقان، ئىشقىلىپ، ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارايتتى. نەپرەتلىك تىل ياغدۇراتتى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، مەقسەتسىزلا سىرتقا چىقتى. قاپقارا تۈن قوينىدا ئۆزىنى بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئىختىيارسىزلا دوقمۇشتىكى قاۋاقخانىغا كىردى ـ دە، بىر بوتۇلكا ھاراق بۇيرۇتتى.

ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا ئېسىگە كەلگەندە سۇنغان بىر پۇتىلا ئەمەس، پۈتكۈل ۋۇجۇدى تاشنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغاندەك ئېغىر ئىدى. ئۇ كېسەلخانىنىڭ تۆت تېمىغا، تورۇسقا، دېرىزىسىگە، باشقا كېسەللەرنىڭ كارىۋىتىغا، دوختۇر ـ

سىپىسترالارغا بىر ـ بىرلەپ سەپسالدى. ئاپپاق رەڭدىن قۇرۇلغان بىر دۇنيا ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قورشىغانىدى. ئۇ ئاپپاق تامدىكى داغلارنى، سىزىق، تۆشۈكلەرنى بىرمۇبىر سانايتتى. كۆزىنى يۇمسىلا ئاپپاق تۇمانىنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك بولۇپ ئىچى سىقىلاتتى. گاھىدا ئۆزىنى كېپەنلىككە ئېلىنغان مۇردىدەك ھېس قىلاتتى. كېسەلخانىنىڭ ئىشىكى ھەر قېتىم ئېچىلغاندا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرەتتى ـ يۇ، كىرگەن كىشىنى كۆرۈش بىلەن لاسىدە بولۇپ قالاتتى. «ئۇ مېنى يوقلاپ كېلەرمۇ؟ چوقۇم كەلمەيدۇ، ياق كېلىدۇ، چوقۇم كېلىدۇ! قانداق ئادەملەر دەرد ـ ئازاب تارتمايدىغاندۇ؟ ئۆمۈر بويى بەختلىك ئۆتىدىغان ئادەملەرمۇ بارمىدۇ؟ تەڭرى بەختلىك ئادەملەرنى قانداق يارىتىدىغاندۇ؟» ئۇ قايسىبىر كىتابتىن ئوقۇغان: «تەڭرى، بەختلىك ئىنسانلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ يارىتىدۇ» دېگەن سۆزنى پات ـ پات ئېسىگە ئالاتتى. گاھى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ سۆزلەرنى تەكرار ـ تەكرار پىچىرلايتتى ۋە شۇ ھالەتتە ئاستا ئۇيقۇغا كېتەتتى.

كېسەلخانىنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ، گۈلئايشەم كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا قىپقىزىل كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، قولىدا بىر دەستە قىزىل ئەتىرگۈل بار ئىدى. ئۇ كىرىشى بىلەنلا ئاپپاق ياتاق ئىچى قىپقىزىل نۇرغا چۆمدى. ئۇ خۇشاللىق ۋە بىتاقەتلىك بىلەن قولىنى گۈلئايشەمگە سوزدى. گۈلئايشەم ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، پېشانىسىغا يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى...

ئۇ قاچانلاردىدۇر زېرىكىشلىك ئوي ـ خىياللاردىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، لەۋلىرىنى تەمشىتىپ تۇرۇپ جۆيلۈۋاتاتتى:

ـــ تەڭرى پېشانەڭگە سۆيىدۇ...

## «ئىست، ئىست»

— ياخشىمۇسىز، زۇلپىيە، ئاتا ـ ئانىڭىز تىنچلىقمۇ؟
— ناھايىتى ياخشى، ئۆزىڭىزمۇ سالامەت تۇرغانسىز، زاكىر؟
— خۇداغا شۈكۈر، سالامەتچىلىك، زۇلپىيە... ھە...
— ئەجەب دۇدۇقلايسىزغۇ، زاكىر؟ نېمە گېپىڭىز بولسا تارتىنماي دېمەمسىز؟
— ماقۇل، ھە... زۇلپىيە ھە... بۇ مۇنداق ئىش ئىدى... ھە... بىزنىڭ... ھە...
— ۋاي خۇدايىمەي، بۇگۈن سىزگە نېمە بولدى، زاكىر؟ ئەجەب ھە ـ ھەلىرىڭىز تۈگىمەيلا كەتتىغۇ؟ نېمە گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ.
— ماقۇل، بۇ مۇنداق گەپ ئىدى. ھە... تۈنۈگۈن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ بىز تەرەپكە ئەۋەتكەن تويلۇق تىزىملىكى...
— ئۇ تىزىملىك نېمە بوپتۇ، زاكىر؟
— تىزىملىكقۇ ھېچنېمە بولغىنى يوق. ئەمما، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر تىزىملىكنى كۆرۈپ، تويلۇق بەك كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ، دەيدۇ، شۇڭا...
— بولدى، گەپ قىلماڭ، مەن ئالدىرايمەن، خەير ـ خوش...
— زۇلپىيە، ھەي زۇلپىيە توختاپ تۇرۇڭا، گېپىم...

*   *   *

— زۇلپىيە، ئەجەب كۆرۈنمەي كەتتىڭغۇ، جېنىم دوستۇم؟ قانداق، زاكىر بىلەن توي ۋاقتىڭنىمۇ كېلىشىپ بولغانسىلەر؟

— قويغىنا شۇ گەپنى، جېنىم گۈلزەپەر. «تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ» دېگەندەك، ئاران كۆن ئېلىۋاتقان بىر خەقلەرگە يولۇقۇپ قالغان ئوخشايمەن. ئارىنى ئوچۇق قىلىۋەتتىم.

— غەلىتە گەپ قىلىسەنغۇ، زاكىرنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىڭغۇ؟

— زاكىرنىغۇ ياخشى كۆرەتتىم، بىراق ئۇ، بىسمىللاسىدىلا «تويلۇق ئېغىر بولۇپ كەتتى» دەپ قاقشاۋاتىدۇ. يەنە تېخى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئىككى ئۇكىسىنى، كېسەلمەن ئانىسىنى كىچىك ئۈچ ئۇكىسى بىلەن قوشۇپ زاكىر باقارمىش. زاكىر بىلەن توي قىلسام، ئۇلارنى بېقىپ بولالماي پوتلام تانا باغلاپ، چېچىم سۇپۇرگە بولۇپ كەتمىسۇن دەيمىنا؟

— قارا، سېنىڭ يىقىلمىغان ئاسماننى يۆلەپ قېلىۋاتقان گېپىڭنى، ھامىنى بىر ئۆيگە كىرىدىغان بولغاندىكىن، تويلۇقنى يەڭگىللەتسەڭ بولماسمىدى؟

— ئوھۇش، بولدىلا، مېنى ياخشى كۆرەتتى دەپ، ھېچنېمىسى بولمىسىمۇ تەگسەم بولامتى ئۇ دېۋانىگە؟ !

* * *

— زۇلپىيە، زۇلپىيە، توختىغىنا جېنىم دوستۇم، ساڭا ئىككى ئېغىز گېپىم بار.

— نېمە دەيسەن، ئەجەب پالاقلاپ كېتىپسەنغۇ؟

— ئاڭلىدىڭمۇ، كېلەر ھەپتە زاكىرنىڭ تويى بولغۇدەك.

— ئوھۇش، بولسا بولمامدۇ. قايسى پۇلىغا ۋاي دەپ كەتكۈدەك كاتتا توي قىلالايتتى ئۇ دېۋانە؟

— ئاڭلىماپسەن ـ دە، ھازىر بۇ شەھەردە زاكىرنى بېسىپ چۈشكۈدەك كاتتا باي يوق.

— قويە چاقچىقىڭنى، ئۇ قانداقسىغا بىر كېچىدىلا كاتتا باي بولۇپ كەتسۇن، غايىب خەزىنىگە ئۇچراپتۇمۇ يا؟

— قانداق باي بولاتتى، ئۇنىڭغا ئامەت كەپتۇ. ئۇنىڭ چەت ئەلدە تاغىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ تاغىسى ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ پۇل - بايلىق ئەۋەتىپتۇ.

— نېمە دەۋاتىدىغانسەن، بۇ گېپىڭ راستمۇ؟

— ئەزبىرايى، قىلچىلىك يالغىنى يوق.

— ئاپلا، ئاشۇ كونى ئۇ ماڭا مۇشۇ گەپنى دېمەكچىكەن - دە، ئىسىت، ئىسىت، نېمىشقىمۇ گېپىنى تىڭشىماي كېتىپ قالغاندىمەن. ئەمدى ئۇ ھەممە ھەيران قالغۇدەك كاتتا توي قىلىدىغان بوپتۇ - دە!

— نەدىكىنى، ئۇنىڭ لايىقى مېھمان چاقىرىپ، ھەشەمەتلىك توي قىلىشقا قارشى تۇرۇپتۇ. «يېڭىچە توي قىلايلى، تويىمىز ئاددىي - ساددا بولسۇن» دەپتۇ. يەنە تېخى تويىنىڭ چىقىمىنى ھېسابلاپ، نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ...

— ھىم، ھەرقاچان، تويلۇقى ئۇچۇن زاكىردىن بىرمۇنچە نەق پۇل ئالغاندۇ ئۇ زېدە پەس پاسكىنا؟

— خەقنى بىكاردىن - بىكارغا تىللىمىساڭچۇ، زۇلپىيە، ئاۋۋال گېپىمگە قۇلاق سالمامسەن؟ ئۇلار پۈتۈن توي چىقىمىنى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ بەش مىڭ يۈەن ھېسابلاپ چىقىرىپتۇ. ئاندىن بۇ پۇلنى ئۆزلىرى كىچىك چېغىدا ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپكە تويىنىڭ خاتىرە سوۋغىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلماقچى بوپتۇ.

— ھە!؟ ... ئىسىت، ئىسىت! ...

1990 - يىلى، يەكەن

# ھازىدارلار

بۇ ئۈچ بوۋاي ياشلىق دەۋرىدە بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىشكە تەييار تۇرىدىغان رەقىبلەردىن ئىدى. ئۇلار شۇ مەزگىللەردە بۈگۈن ۋاپات بولغان مومايغا ئاشىق ئىدى. چۈنكى، موماي ياشلىقىدا تولىمۇ ئۈز، لەۋەن قىز ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئاشىق بولغان بۇ ئۈچ يىگىت بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن توي قىلىپ ئۇلارنىڭ بىرسى بىلەن ئالتە ئاي، يەنە بىرسى بىلەن سەككىز ئاي، ئۈچىنچىسى بىلەن بىر يىل ئۆي تۇتۇپ ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قايسى يىگىت بىلەن ئۆي تۇتسۇن، قالغان ئىككىسى ئارىنى بۇزۇش مەقسىتىدە قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنى قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاخىر گەپ يېمەس رەقىبلەردىن بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى قېرىپ، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدى. مانا ئەمدى مومايىنىڭ ھازىسىنىمۇ بىللە ئېچىشماقتا ئىدى.

— رەھمەتلىك مەزلۇم ئۆز ۋاقتىدا ئاجايىپ كېلىشكەن چوكان ئىدى.

— شۇنى دېمەمدىغان، بەئەينى پەرىشتىنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

— گۈزەل چىرايى، نازاكەتلىك خۇلقى بىلەن ھەرقانداق ئەركەكنىڭ يۈرىكىگە ئاشىقلىق ئوتى سالالايتتى.


— شۇ ۋاقىتتا سەن ئارىنى بۇزمىغان بولساڭ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە ئۆتكەن بولاتتىم.

— «ئۆتنىگە لاپقۇت، ئۆتۈككە ئاپقۇت» دېگەن شۇ. سەنمۇ ئۇنى مېنىڭ نىكاھىمدىكى ۋاقىتتا ئەپقاچمىدىڭمۇ؟

— مېنىڭ نىكاھىمدىكى ۋاقىتتىنى دېمەيسىلەر تېخى، ئىككىڭلارنىڭ ئۆنى ئەپقاچقىلى كېلىپ، تالىشىپ راسا مۇشتلىشىپ كەتكىنىڭلار ئېسىڭلاردىدۇ؟ ...

ئۈچ بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ياش سەلدەك قۇيۇلدى.

1988 ـ يىلى، يەكەن



# ئىككى پارچە خەت

ئۇ جۇدۇن سوققان ياپراقتەك تىترەۋاتقان قولىدىكى ئىككى پارچە خەتكە مەجنۇنلارچە تىكىلگەنىدى. بۇلاقتەك كۆزلىرى ئەتراپىدىكى بوستان كىرپىكلىرىدە ئىككى تامچە ياش مەرۋايىتتەك ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ تولىمۇ قىسقا يېزىلغان بۇ ئىككى پارچە خەتنى خېلى تەستە ئوقۇپ چىقتى ـ دە، دەسلەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭغا كۈلكە بىلەن يىغان ئاتا قىلغان بۇ ئىككى پارچە خەت مۇنداق يېزىلغانىدى.

«سالام قەدىرلىك ساھىبجامال، ياخشىمۇسىز؟

ساھىبجامال، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. بىز توي قىلايلى. مەن كىشىلىك ھايات سەپىرىمنى سىز بىلەن بىللە بېسىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى قوبۇل قىلارسىزمۇ؟ ئەگەر قوبۇل قىلسىڭىز ماڭا ئۆمۈرلۈك ۋە ئالەمچە خۇشاللىق ـ بەخت ئاتا قىلغان بولاتتىڭىز. بىلەمسىز، بۈگۈندىن ئېتىبارەن مېنىڭ بەختىم ۋە ھاياتىم سىزنىڭ قولىڭىزدا.

سىزنى مەڭگۈ سۆيۈپ، مىرئادىل.


1986 ـ يىلى سېنتەبىر»

«ساھىبجامال، ئادەم دېگەن غەرەز ئۇقمىدىغان بولۇشى كېرەك. مەن بۇ ھەقتە ساڭا نەچچە قېتىم دېدىم. بىزگە پەقەت ئاجرىشىپ كېتىشتىن باشقا ئامال يوق. مەن ھەرگىزمۇ سېنى دەپ بەختىمنى، ئىستىقبالىمنى نابۇت قىلىۋېتەلمەيمەن. ئەگەر مېنى

خاتىرجەم ۋە بەختلىك بولسۇن دېسەڭ، ئاجرىشىش خېتىگە دەرھال ئىمزا قوي. شۇنىمۇ بىلىپ قويغىنكى، مەن سېنى زادىلا ياخشى كۆرمەيمەن.

سېنى مەڭگۈ كۆزۈم كۆرمىسۇن، مىر ئادىل.»

1988 ـ يىلى ئىيۇن، يەكەن



# دوستۇمنىڭ لايىقى

دوستۇم خالىق «لايىقىم» دەپ تونۇشتۇرغان بۇ قىز دەسلەپتىلا مەندە خېلى ياخشى تەسىر قالدۇردى. ئۇنىڭ چىرايىنى قاراڭغۇدا تازا ئېنىق كۆرەلمىگەن بولساممۇ، بىر تۇتام گۈلدەستىنى ئەسلىتىدىغان زىلۋا بويى بىر قاراشقىلا كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك گۈزەل قىز ئىكەنلىكىگە شاھىت بولۇپ تۇراتتى. مەن يېڭىدىن تونۇشقان بۇ بەختلىك جۈپلەرنىڭ يېنىدا ئۇزاق تۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي، ئۇزرە ئېيتىپ كېتىپ قالدىم. كېيىنمۇ ئۇلارنى كىنو ـ تىياتىرخانا، كوچا ـ رەستىلەردە تولىمۇ بەختلىك قىياپەتتە بىرنەچچە قېتىم كۆرۈپ، دوستۇمنىڭ پەرىشتە سۈپەت بىر قىزغا ئېرىشكەنلىكىدىن مەمنۇن بولدۇم. دوستۇمنىڭ لايىق تاللاشتا كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن قايىل بولدۇم.

بىراق، تۇنۇگۈن كەچتە تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالغان بۇ پەرىشتىنىڭ ھەيكىلىنى چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى.

مەن ئاكامنىڭ ئۆيىگە تولىمۇ ئالدىراش كېتىۋاتاتتىم. بىر قىزنىڭ تۇيۇقسىز ئىسمىمنى تۇۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. بىر ئىزدا توختاپ ئەتراپقا قارىدىم. ئەپسۇسكى، كېچىنىڭ قارا پەردىسى ئىچىدە باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن بىرمۇ تونۇش چىرايىنى ئۇچرىتالمىدىم. «خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ نېمە؟ سەزگۈلىرىم مېنى ئالدىغان بولسا كېرەك...» دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم.

— سىز خەلق بانكىسىدىكى خېلىلغۇ دەيمەن، — دېگەن

جاراڭلىق ئاۋاز دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى شۇ ئەسنادا.

مەن شۇنداق قاراپلا دوستۇم خالىقنىڭ لايىقىنى تونۇدۇم ـ دە، ئەدەپ بىلەن سالام بەردىم. ئۇ مېنىڭ سالىمىمغا جاۋاب قايتۇرماقتا يوق، سوئالىمنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەي چۈڭقۈلداپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— خاپا بولماي غەيرەت دېگەن ئۈجمە كۆڭۈلگە ئېيتىپ قويۇڭ، ھوشىنى يىغىپ يۈرسۇن. نەچچە يىللىق مۇھەببىتىمىزنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى دېمىسەم، تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەس ئۇ بىرنېمە.

— كەچۈرۈڭ، مەن غەيرەت دېگەننى تونۇمايمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ شېخىغا ئۇرۇپ.

— نېمە؟ ئىككىڭلار مېنىڭ ياتىقىمغا نەچچە قېتىم كەلگەنغۇ؟ — سورىدى ئۇ ماڭا گۇمانسىراش بىلەن قاراپ.

— خاتىرىڭىز ئانچە ياخشى بولمىسا كېرەك، — دېدىم مەن تەنە ئارىلاش، — مەن سىز بىلەن پەقەت بىر قېتىملا كۆرۈشكەن. ئۇ چاغدا يېنىمدا دوستۇم خالىق بار ئىدى.

— نى... نېمە؟ خالىق بىلەن دەمسىز؟!

قىز ھەيرانلىق، ئالاقزادىلىك ئىچىدە تۇرۇپلا قالدى. گەرچە تۈن بارغانچە قارىيىشقا باشلىغان بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ چىرايىنى قاپلاشقا باشلىغان قىزىل رەڭنى ئېنىق كۆردۈم.

— شۇنداق، خالىق بىلەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، — قانداق، خالىققا دەيدىغان گەپ ـ سۆزىڭىز بارمۇ؟

ئۇنىڭ بېشى ئاستا ساڭگىلىدى. زۇۋانى بىردىنلا تۇتۇلدى. مەن خۇشمۇ دېمەستىن ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالدىم. قەلبىم تۆرىدىكى بۇ پەرىشتىنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدا، ئاشۇ تۈن قاراڭغۇسىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىشقا باشلىدى.

1988 ـ يىلى ئاۋغۇست، يەكەن

# «توغرا چۈشىنىڭ»

— ئەخمەت، ھەي ئەخمەت! توختاڭا، ۋىيەي، قارىڭا چىرايىڭىزنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكىنىنى. ئادەمگە ئۇنداق سەت قارىماڭا، ئاشۇنچىلىك ئىشقىمۇ كۈلەپ يۈرەمسىز ئەمدى. توغرا چۈشىنىڭ. ئۇ دىگەن مىنىڭ نەۋرە ئاكام. ئۇرۇق - تۇغقان تۇرۇپ ئۇنچىلىك ئوچۇق - يورۇق پاراڭلاشمىسام بولماس! نەگە ماڭغانىدىڭىز؟

— ئىشقا.

— ماقۇل ئەمىسە، بەك كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىز، ھەمىشە مەنلا ئىزدىمەي، ئانچە - مۇنچە سىزمۇ ئىزدەپ قويۇڭ. ھىلىقى ئىشنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ - ھە! ئۆتۈنۈپ قالاي، توغرا چۈشىنىڭ.

*      *      *

— كىم ئۇ؟

— ۋىيەي، تونۇمايدىغان ئادەمدەك «كىم ئۇ» دەپ كەتتىڭىزغۇ ئاغدۇغىنى، ئەخمەتنى تونۇماس بولۇپ كەتتىڭىزمۇ؟

— كۆزۈم كور ئەمەس، ئەخمەتلىكىنىڭىنى بىلدىم.

— ئەمىسە ئەجەب...

— گەپدانلىق قىلما، قەرزدار بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئەخمەتكە ئەجەب كۈچۈكلىنىپ كەتتىڭغۇ؟

— ۋىيەي، نىمەدەيدىغانسىز، ئابدۇغىنى؟ ئەخمەت دىگەن مىنىڭ ساۋاقدىشىم تۇرسا، ئۇنچىلىك پاراڭلاشمىسام قانداق

بولىدۇ؟ قارىغا گېپىڭىزنىڭ قوپاللىقىنى، توغرا چۈشىنىڭ، ئەخمەت گەرچە ساۋاقدىشىم بولسىمۇ ئىنتايىن ھۆرمەتلەيمەن. ئارىمىزدا پەردىشەپ بار. ئادەتتە كۆرۈشسەك چاقچاقلاشمايمىز. بۈنى كۈچۈكلىنىپ كەتتىڭ دېسىڭىز ماڭا ئۇۋال قىلغان بولىسىز. توغرا چۈشىنىڭ ـ ھە!

— ماقۇل جېنىم، توغرا چۈشىنەي، سىلىگە گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ. باھانە ـ سەۋەبلىرى يانچۇقلىرىغا لىق تولغان، قانداق، كەچتە تانسىغا بارامدۇق؟

— ماقۇل، تانسىغا سىز بىلەن بارمامدىغان.

— ئەمىسە سائەت ئالتىدە ھېلىقى جايدا كۈتىمەن.

— بولىدۇ، سائەت ئالتىدە كۆرۈشەيلى. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەخمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى توغرا چۈشىنىڭ.

* * *

— توغرا چۈشىنىڭ، قادىر، ئابدۇغېنى دېگەن ئاكامنىڭ يېقىن دوستى بولىدۇ. مېنى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرۈپ قوپالراق مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەي قادىر، توختاڭا، ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ قويىماسىز ـ ھە، ۋىيەي، شۇنچىلىك ئىشنى توغرا چۈشەنسىڭىز نېمە بولىدۇ زادى.

— خوش، گۈلنىسا...

— ئەستا... ھەي قادىر... توغرا چۈشىنىڭ...

1990 ـ يىلى يانۋار، يەكەن

# مودا

## 1

ئۆنىڭ ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمى بۇۋىنىيازخان ئىدى. ئۇ تېخنىكومغا ئوقۇشقا بارغاندىمۇ ساۋاقداشلىرىغا ئىسمىنى بۇۋىنىيازخان دەپ ئېيتىپ بەردى. تېخنىكومغا بېرىپ يېرىم يىل بولا ـ بولمايلا بىر قىسىم قىز ساۋاقداشلىرى رومال ـ كۆڭلەكلىرىنى تاشلىۋېتىپ يالاڭباشتاق، ئىشتانچاق بولۇۋېلىشتى. بۇ مودىغا خېلى كۆپ قىزلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئەگەشتى. ئاشۇ ئەگەشكۈچىلەر ئارىسىدا بۇۋىنىيازخانمۇ بار ئىدى. «مېنىڭمۇ باشقىلاردىن قېلىشقۇچىلىكىم يوق. باشقىلار قىلغاننى مەن قىلسام نېمە بوپتۇ» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

## 2

بىر كۈنى ساۋاقدىشى ئىلزابىتا ئۇنىڭغا شاڭخو ئارىلاش چاقچاق قىلدى.

— بۇۋىنىيازخان، نېمانچە مەتۇ ئىسىم بۇ؟ ئۆزگەرتىۋېتە، ئاداش.

ئىلزابىتانىڭ بۇ تەشەببۇسى تېزدىنلا باشقا قىزلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

— شۇنداق قىل، بۇۋىنىيازخان، ئىسمىڭنى ئۆزگەرتىۋەت.

— نېمانداق ئەخلەتخانىدىن تېرىۋالغاندەك كونا ئىسىم بۇ.

— مەدەنىيرەك، زامانىۋىراق ئىسىمدىن بىرنى تاپ.

— بولمىسا ئىسىم تېپىشقا بىز ياردەملىشەيلى.

ساۋاقداشلىرىنىڭ تەشەببۇسىغا بۈۋىنىيازخان دەسلەپتە ئانچە قايىل بولمىدى. سەل تېرىككەنمۇ بولدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىسمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋىدى، ئىسمىدىن بىردىنلا خىجىل بولدى. راست – دە، ئىلزابىتامۇ ئەزان چىللاپ قويغان «ئىلنۇر» دېگەن شۇنداق چىرايلىق ئىسمىنى مەدەنىي ئاڭلانمايدىكەن، دەپ ئۆزگەرتمۇەتكەندى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا شەرۋانەم ئىسمىنى شەكىلەگە، تۇرسۇننىيازخان — تارۇغا، سائادەتخان — سونىتاغا ئۆزگەرتىشتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بۇ ئىسىم ئۆزگەرتىش مودىسىغا بىرمۇنچە قىزلار بەس – بەستە قېتىلدى. ئۇنىڭغىچە چاچ كېسىش مودىسى چىقىۋىدى، قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېقىمىدا ساڭگىلاپ تۇرغان چاچلىرىنى كېسىپ بۇدۇر قىلدۇرۇشتى. بۈۋىنىيازخانچۇ؟ تېخىچىلا شۇ كونا، مەتۇ ئىسىم بىلەن. توۋا، مودىدىن شۇنچىۋالامۇ كېيىن قالغان بارمۇ؟

بۈۋىنىيازخان دەرھاللا ئىسمىنى رۇخسارىغا ئۆزگەرتىپ، ئۆزۈن ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىنى قۇلاق تۈۋىدىن كەستۇرۇپ بۇدۇر قىلدۇردى.

## 3

ئۇ چېچىنى بويىدى.

بۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققانغا ئۈچ يىل بولغان مەزگىل ئىدى. ئۇ مەكتەپتىكى چېغىدا باشقا قىزلارغا ئەگىشىپ مودا قوغلاشقان بولسا، ھازىر مەيلى كىيىنىش، مەيلى ياسىنىشتا بولسۇن، ئىدارىسىدىكى، ھەتتا پۈتكۈل ناھىيە بازىرىدىكى ئاياللارغا مودا تارقاتقۇچى — مودا باشلامچىسى ئىدى. شۇڭا، باشقا قىزلارنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى.

بۈگۈن ئىشقا كېلىپلا خىزمەتدىشى نادىرەنىڭ بويالغان

ساپسېرىق چېچىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، قانداقتۇر بىر تۇيغۇدىن ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ئۇ تېخى ئىككى كۈن ئاۋۋال ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئاياللار چېچىنى سېرىق بويايدىغان مودا چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىغان، ئۆزىمۇ بۈگۈن ـ ئەتە ئىچىدە بۇ مودىنى باشلىماقچى بولۇپ تۇراتتى. مانا ئەمدى مۇنۇ ئىسكەتسىز نادىرەنىڭ چاچ بوياش مودىسىنى باشلىۋالغانلىقىنى قارىمامدىغان. رۇخسارىنىڭ ئالدىدا كىم قويۇپتۇ ئۇنىڭغا بۇ ئاتىكارچىلىقنى؟ !

ئۇ بۆلۈم مەسئۇلىدىن مىجەزىم يوق دەپ رۇخسەت ئالدى ـ دە، ئۇدۇل ساتىراشخانىغا چاپتى. ئۇنىڭ قوڭۇر چاچلىرىغا سېرىق رەڭ شۇنداق سىڭگەنكى، كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىرايتتى. ئۇ چېچىنى نادىرەنىڭ چېچىغا يوشۇرۇن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن كۆڭلى ئارام تاپتى.

لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى پەقەت ھەپتىلا ئارام تاپالىدى. نادىرە چېچىنىڭ سېرىق رەڭگىنى قىزىلغا ــ قارامتۇلراق قىزىلغا ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ رۇخسارى يەنە تۇرالماي قالدى. دەرھال ئۈرۈمچىدىكى ساۋاقدىشىغا تېلېفون ئېلىپ سورىۋىدى، تېلېفوندىن: «ھازىر ئۈرۈمچىدە چاچنى سېرىق بوياش مودىدىن قېلىپ، قىزىل بوياش مودا بولۇۋاتقانلىقى» ھەققىدە ئۇچۇر كەلدى. بۇ ئۇچۇر ئۇنىڭ قاتتىق ئوغىسىنى قايناتتۇۋەتتى. ئۇ تېلېفوننى قويدى ـ دە، ئۇدۇل ساتىراشخانىغا چاپتى. ئۇ ئىشخانىغا كېلىپ چېچىنى نادىرەنىڭ چېچىنىڭ رەڭگىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، قىزىل بويالغان چاچلىرىدىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن كۆڭلى ئارام تاپتى. ئۇنىڭ ئوتقاشتەك بويالغان قىپقىزىل چاچلىرى بىر پارچە يالقۇندەك كۆرۈنەتتى.

## 4

ئۇ بۈگۈن ئىككۈچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ بىر قىسىم

كۆڭلەك، يوپكىلىرىنى ئۆزگەرتكەننىڭ سىرتىدا، ئىككى قۇر كۆڭلەك تىكتۈردى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى دوستىدىن تېلېفون ئارقىلىق، ئۈرۈمچى ئاياللىرى ئارىسىدا ساغرىسىنى ئاران ياپقۇدەك قىسقا كۆڭلەك، يوپكا كىيىش مودا بولۇۋاتقانلىق ئۇچۇرىنى ئالغانىدى. ئۇنىڭ يوپكا، كۆڭلەكلىرىنى قىسقارتىپ ئۆزگەرتىش، يېڭى كۆڭلەكلىرىنىمۇ قىسقا قىلىپ تىكىپ بېرىش ھەققىدىكى تەلەپلىرىگە كالۋا تىككۈچى ئۇستام خېلىلا كاجلىق قىلىپ تالاشقاندىن كېيىن ئىلاجسىز ماقۇل بولدى. ئەتىسى رۇخسارى تىككۈچى ئۇستامنىڭ ئۆزگەرتكەن، تىككەن كۆڭلەك، يوپكىلىرىنى ئۇزۇن كۆرۈپ يەنە قايتا قىسقارتقىلى سالدى. بۇ جەرياندا تىككۈچى ئۇستام بىلەن تاكاللىشىپ، قىزىرىشىپ قالغانمۇ بولدى. لېكىن، ھەرھالدا ئۇستامنى دېگىنىگە كۆندۈردى.

مانا بۈگۈن قىسقا مودا كۆڭلىكىنى كىيىپ تويغا كەلدى ۋە نادىرەنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكنى كۆرۈپ، ئىچىدىن بىر تۇپ ئازغاننى سۇغۇرۇۋالغاندەك بىئارام بولدى. چۈنكى، نادىرەنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكمۇ كالتە ئىدى. ساغرىسىنى ئاران يېپىپ تۇرغان كۆڭلەكتىن ئاپپاق، تولغان يوتىلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ قالغان بولۇپ، خۇددى مەرمەر تۈۋرۈكتەك پارقىرايتتى. «كالتە كۆڭلەكنىڭ مودا بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىپ قالدىكىنە سەت جومباق.»

## 5

رۇخسارى چاچ بوياش بىلەن كالتە كۆڭلەك كىيىش مودىسىدا نادىرەدىن كېيىن قېلىپ ئىچى ئاداپ كەتتى. ئىدارىدىكى، ھەتتا پۈتكۈل ناھىيە بازىرىدىكى قىز - چوكانلار نادىرەنىڭ كىيىنىش، ياسىنىش، يۈرۈش - تۇرۇشىغا دىققەت قىلىۋاتقاندەك، ئۆزى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقاندەك، پەقەت نادىرەلا پۈتكۈل

ئايال‌لارنىڭ مودا يېتەكچىسى بولۇپ قالغاندەك بىلىنىپ كېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى. «ياق، بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. نادىرەنى، پۈتكۈل ناھىيە ئاياللىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان يېڭى بىر مودا تېپىش كېرەك.» ئۇ ئۇرۇمچىگە بىرقانچە قېتىم تېلېفون ئېلىپمۇ يېڭى مودا ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىدى.

كاللا قاتۇرسا ئامال دېگەن تېپىلىدۇ، مودا ئىجاد قىلىشتا، مودا قوغلىشىشتا رۇخسارىغا تەڭلىشەلەيدىغان قىزلار تېخى تۇغۇلمىدى. شۇ كۈنلەردە ناھىيە بازىرىغا پاكىستاندىنمۇ ئەيتاۋۇر بىر دۆلەتتىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەن ئىككى ـ ئۈچ ئايال پەيدا بولۇپ قالغاندى. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل بەدىنىنى قارا رەخت بىلەن ئوراپ، قارا كۆزئەينەك تاقاپ تۇرۇشى رۇخسارىغا بەكمۇ غەيرىي، يېڭى تۇيۇلدى. «پاھ، مودا دېگەن مانا شۇ!» دېدى ئۇ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ.

## 6

خىزمەتدىشىنىڭ «ئەتىرگۈل» رېستورانىدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇغۇلغان كۈن چېيىغا رۇخسارى خېلىلا كېچىكىپ كەلدى. سەۋەبى، ئۇچىسىدىكى مودا كىيىمنى سورۇن ئەھلىگە تەڭلا نامايىش قىلىپ ھەيرەتتە قالدۇرۇش، نادىرەنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىش ئىدى. ئۇ رېستورانغا دەبدەبە بىلەن كىرىپ كەلگەندە، بارلىق ئورۇنلار مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. ئوشۇقىدا سۆرىلىپ تۇرىدىغان قارا پۈركەنجە كىيىپ، بېشىغا قارا رومال سالغان، قارا كۆزئەينەك، قارا ماسكا تاقىغان زىلۋاغىنا بىر قىزنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. سورۇن ئىگىسى قىزچاق تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن بۇ مەدەنىي «روپاش»نى تونۇيالمىغان بولسىمۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى. رۇخسارى

قارا پەلەي كىيىۋالغان بارماقلىرى بىلەن يۇزىدىكى قارا ماسكىنى قىيا ئاچتى. شۇ هامان تەرەپ ـ تەرەپتىن «رۇخسارى، رۇخسارى ئىكەن» دېگەن كۇسۇرلاشلار ئاڭلاندى. رۇخسارنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى. ئۇ غادايغان هالدا سورۇن ئىگىسى كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ بۈگۈنكى ئۆزىنىڭ كىيىم مودىسىدىن قاتتىق پەخىرلەنگەنىدى. ئۆزىگە هەيرانلىق، تەئەججۇپ ئىلكىدە تىكىلگەن كۆزلەرگە قارا كۆزئەينەكنىڭ تېگىدىن مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قوياتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي تانسا باشلاندى. يىگىتلەر قىزلارنى بەس ـ بەستە تانسىغا تارتىشتى. لېكىن، بىرمۇ يىگىت رۇخسارنى تانسىغا تارتمىدى. مانا، قىزلارنىڭ هەممىسى تانسىدا، پەقەت رۇخسارلا يالغۇز. ئۇنىڭ تانسا ئوينىغۇسى كېلىپ تاپانلىرى شۇنداق قىزىپ كەتتىكى... توۋا، بۈگۈن يىگىتلەر كور بولۇپ قالغانمۇ نېمە؟

رۇخسارنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز تانسا ئويناۋاتقان قىزلار ئارىسىدىكى نادىرەگە چۈشتى، نادىرە بۈگۈن خانئەتلەستە تىزىنى ياپقۇدەك قىلىپ بەل پۇرمە كۆڭلەك كىيىۋالغان، قىزىل چېچىنى قايتىدىن قارا بوياپ، بىلەكتەك تومۇقتا ئىككى تال يالغان چاچ سېلىۋالغانىدى. ئۇ هەر قېتىم پىرقىرىغاندا ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بىلەن ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى يەلپۈنۈپ توز قانىتىدەك نازاكەتلىك تۇسكە كىرەتتى. چىراغلارنىڭ سۇۋىت نۇرىدا هەسەن ـ هۇسەندەك كۆزنى قاماشتۇراتتى. هە، باشقا قىزلارمۇ خۇددى نادىرەگە ئەگەشكەندەك چاچلىرىنى ئەسلى رەڭگىدە قارا بوياپ، يالغان چاچ سېلىۋېلىشقان بولۇپ، تامامى دېگۈدەك ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋېلىشقانىدى.

ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپسەن،
قاشىڭغا ئوسما قويۇپسەن.
يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ،
هەي، هەي، نادىرە...

رېستوراندىكى ناخشچى يىگىتنىڭ بۇ ناخشىسى رۇخسارنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى.

تۇيۇقسىز بىر يىگىت رۇخسارنىغا قاراپ كەلدى. رۇخسارى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدى. ئۇنىمۇ تانسىغا تارتىدىغانلار چىقتىغۇ مانا. ئۇ تانسا ئويناشقا تەييارلىنىپ پەم بىلەن قارا پۇركەنجىسىنى تۈزەشتۈرۈۋالدى. بىر قولىقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان قارا ماسكىسىنى قايتىدىن تاقىدى.

— نېماندىاق كىيىنىۋالدىڭىز، رۇخسارى؟ — يىگىت ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ زاڭلىق ئارىلاش گەپ باشلىدى، — خۇددى بۇۋىلەردەك. روپاش بولدىڭىزمۇ يا؟ روپاش بولدىمىكىن دېسە رېستورانغا كەپسىز. ئەمەسىمىكىن دېسە تېخى. توۋا، كىيىنىشلىرىڭىزگە قاراپ ئادەم تانسىغا تارتىشقىمۇ خىجىل بولىدىكەن...

رۇخسارى يەنە ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا پەقەتلا چىدىمىدى. دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

كەچكى گۇگۇم قارا كۆزئەينەك تاقىۋالغان رۇخسارنىڭ كۆزىگە گۆردەك قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتىنى ئاران تەستە تاپتى ـ دە، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. تېخى قىرىق ـ ئەللىك مېتىر ماڭا ـ ماڭمايلا بىرنەرسىگە سوقۇلۇپ داراڭگىدە يىقىلىپ چۈشتى. ئەسلىدە ئۇ قارا كۆزئەينەك بىلەن مېڭىپ ئالدىدىكى ئىستولبىنى پەرق ئېتەلمەي ئۇسۇپ سالغانىدى. ئۇ ئەتراپنىڭ ئۇنچە قاراڭغۇ ئەمەسلىكىنى، قارا كۆزئەينىكىنى ئېلىۋەتمىگەنلىكى ئۈچۈن تۈزۈك پەرق ئېتەلمەي تۈۋرۈككە ئۇسۇپ سالغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، چېقىلىپ چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتكەن قارا كۆزئەينىكىگە نەپرەت بىلەن چەكچەيدى.

# شوپاڭ كۈچۈكى

بۆلۈم باشلىقى بۈگۈنمۇ ئىشخانىسىغا توپتوغرا قىرىق بەش مىنۇت كېچىكىپ كەلدى ـ دە، ئاغزىنى زاڭقىدىن قاس چىققۇدەك يوغان ئېچىپ راسا بىرنى ئەسنىۋالغاندىن كېيىن، ئىشخانىسىدىكى ئۈچ كىشىلىك دىۋانغا يانپاشلاپ خورىكىنى باشلىدى.

— تاك ـ تاك ـ تاك...

ئىشىكنىڭ يەڭگىل چېكىلىشى ئۇنىڭ خورىكىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئىشىك يەڭگىل چېكىلىشتىن ئېغىر ئۇرۇلۇشقا ئۆتتى.

— گۈم ـ گۈم ـ گۈم...

بۆلۈم باشلىقى خېلى تەستە ئويغاندى ـ دە، ئورنىدىن تۇرماي زەردە بىلەن ۋارقىرىدى.

— ئىشىك ئوچۇق!

ئۇ تاتلىق ئۇيقۇسىغا ھالاقىت بەرگەن بۆلۈم خىزمەتچىسى غالىبقا نەشتەردەك تىكىلدى.

— نېمە ئىش؟

— بۇ ئۆزلىرى تۈنۈگۈن بۇيرۇغان ماتېرىياللارنى يېزىپ تەييارلاپ بولدۇم. كۆرۈپ تەستىق سېلىۋەتكەن بولسىلا...

— شۇ ئىشمىدى؟ ھازىر پەقەتلا مىجەزىم يوق، يېرىم كېچىگىچە ئىچىشىپتىكەنمىز، چىشلىۋالغان ئوخشايدۇ. بېشىم ھازىرغىچە ئاغرىپ تۇرىدۇ. ھازىر دوختۇرغا بارىمەن، چۈشتىن كېيىن ئەكىر.

— ئىدارە باشلىقى سۈيلەۋاتىدۇ. ئەتە ئەتىگەن ۋىلايەتكە

ئېلىپ بارىدىكەن. شۇڭا، چۈشتىن كېيىن بېرىپ، بىرنەچچە نۇسخا تەييارلىساق بولمايدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ چۈشتىن كېيىن كىرمەمسەن.

بۆلۈم باشلىقى ئۈيقۇسىزلىقتا قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.

چۈشتىن كېيىن ھېلىقى ماتېرىيالنى كۆتۈرۈپ، بۆلۈم باشلىقى ئىشخانىسىغا كەلگەن غالىب ئىشىكنىڭ مەھكەم تاقالغانلىقىنى كۆرۈپ، ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىراق، ئىشتىن چۈشكىچىمۇ بۆلۈم باشلىقى ئىشخانىسىغا كېلىپ قويمىدى.

*　*　*

تۈن نىسپى بولغاندا قاۋاقخانىدىن ئالىتاغىل تۈۋۈلىشىپ چىققان مەستلەرنىڭ قاتارىدا بۆلۈم باشلىقىمۇ ئەمدىلا ئايىغى چىققان بوۋاقتەك تايتاڭلاپ مېڭىپ چىقتى ـ دە، كىملەر بىلەندۇر ئەتە كەچتە جۇغلىشىدىغان قاۋاقنى دېيىشىۋالغاندىن كېيىن ئۆينى نىشانغا ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ ئۇزاق ماڭمايلا بىرنېمىگە پۇتلىشىپ، ھارۋىدىن چۈشۈپ كەتكەن تاغاردەك گۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى. دەل شۇ چاغدا كوچا يۇزىدىكى ئۆيدىن بىرسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، يۇندا چېلەكنى كۆتۈرۈۋالغان ئىككى ئايال چىقتى.

— يۇندىنى ئاۋۇ يەرگە تۆكۈۋەت، — دېدى بىرسى يەنە بىرسىگە، — ئاۋۇ ياتقان ئىت ئوخشايدۇ. يۇندىدىكى ئاش يۇقىنى يالىسا نەپى ئۆتۈلىدۇ.

بۆلۈم باشلىقى ئۆزىگە چاچرىغان يۇندىدىن چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، ئىككى ئايالنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.


— بۇ ئىت ئەجەبمۇ قاشاڭ ئىكەنە. بېشىغا يۇندا چاچرىسىمۇ

مىدىرلاي دېمەيدۇ.

— بەلكىم ئەتىدىن بېرى ئاشخانا – شوپاڭلاردا يۇندا يالاپ، قارنىنى تويدۇرۇۋالغان بولسا كېرەك. شوپاڭ كۈچۈكلىرى ئاشۇنداق قاشاڭ، ھۇرۇن كېلىدۇ. يۇر، كىرىپ كېتەيلى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بۆلۈم باشلىقى قايتىدىن سەگەكلەشتى. گەرچە قېشىدا ھېچكىم بولمىسىمۇ، خۇددى مىڭلىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئىشتىنىنى چۇشۇپ قالغان ئادەمدەك، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيى تەرەپكە كالانپاي دەسسەپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ قۇلىقىدا پەقەت «شوپاڭ كۈچۈكى» دېگەن سۆز جاراڭلايتتى.

1991 – يىلى 19 – مارت، يەكەن



# ئۆچۈر، تېلېۋىزورنى

كۆڭۈل ئىزدەش ئادەمگەرچىلىك جۈملىسىدىن دەمسىزا؟ ئەلۋەتتە شۇنداق. كۆڭۈلچەكلىك، ئاق كۆڭۈللۈك ئىنسان پەزىلىتىنىڭ تىپىك نامايەندىسى. سۇلتانوف ئەنە شۇنداق تولىمۇ «كۆڭۈلچەك» ئادەم.

قاراڭ، بۈگۈنكى بۇ چوڭ يىغىندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىق سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا ئىدى. ئەنە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى تېلېكامېرانى ئۆشنىسىگە ئېلىپ يىغىن زالىغا كىرىش بىلەنلا ئۇ باشقىدىن روھلاندى. بېشىدىن بادام دوپپىسىنى ئېلىپ پاك - پاكىز تۇرسىمۇ قايتىدىن توپىسىنى قېقىپ، بېشىغا چىرايلىق قوندۇردى. گالستۇكىنى تۈزەشتۈردى. كاستۇمىنىڭ ياقىسىنى ئوڭشىدى. پاكىز قىرىلغان ئېڭىكىنى ئاستا سىلاپ باقتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ئىخلاس بىلەن قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن رەئىس سەھنىسىدىن ئاستا چۈشۈپ، زالنىڭ كۈتكۈچىلىرىنىمۇ بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بىر ئىستاكان چاينى مۇخبىرغا ھۆرمەت بىلەن تۇتتى. مۇخبىر چاينى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى - يۇ، ئەپسىزلىك ھېس قىلغان بولسا كېرەك، قېشىدىكى يىغىن ئاڭلىغۇچىغا «ئىلتىپات» قىلىۋەتتى. سۇلتانوف بولسا پەرۋاسىزلىق بىلەن تولىمۇ روھلۇق ھالدا تېلېكامېرانىڭ كۆزى توغرىلانغان تەرەپكە — يوليورۇق بېرىۋاتقان رەھبەرنىڭ قېشىغا چاققانلىق بىلەن كېلىپ، قولىدىكى بىر ئىستاكان چاينى باشلىقنىڭ ئالدىدىكى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر ئىستاكان چاينىڭ قېشىغا قويدى.

كامىرانىڭ كۆزى يىغىن ئاخىرلىشىۋاتقاندىلا تەرەپكە يۆتكەلدى. سۇلتانوف يەنە بىر ئىستاكان چاينى ئاپىرىپ مۇخبىرغا تۇتتى. مۇخبىر بىرازلىق بىلەن ئىستاكاننى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر يۇتۇم ئوتلاپمۇ قويماستىن يەنە بىرەيلەنگە «ئىلتىپات» قىلىۋەتتى. كامىرانىڭ كۆزى ئايلىنىپ كېلىپ سۆزلەۋاتقان رەھبەرگە يەنە توغرىلاندى. سۇلتانوف يەنە بىر ئىستاكان چاينى رەھبەرنىڭ ئالدىدىكى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىككى ئىستاكاننىڭ قېشىغا قويدى.

سۇلتانوف تولىمۇ تېتىك ئىدى. قىلغىنى ئىش تاپالماي بىر چەتتە ئەسنەپ ئولتۇرغان كۇتكۈچىلەرگە پەرۋامۇ قىلمايتتى. كېلەتتى، مۇخبىرغا بىر ئىستاكان چاي تۇتاتتى. باراتتى، سۆزلەۋاتقان رەھبەرنىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكان چاي قوياتتى.

قاراڭ، سۇلتانوف نېمىدېگەن كۆڭۈلچەك، ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەم ـ ھە! بىرسى رەھبەر — كاتتا باشلىق، يەنە بىرسى مۇخبىر — ئادەتتىكى خىزمەتچى. سۇلتانوف بولسا ھەر ئىككىلىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. ئوخشاشلا كۆڭلىنى ئىزدەيتتى. مۇخبىرنىڭ بىرقانچىنچى ئىستاكان چاينىمۇ بىر يۇتۇم ئوتلاپ قويماستىن، باشقا بىرسىگە بېرىۋەتكەنلىكىگە پەرۋامۇ قىلمايتتى. رەھبەرنىڭ ئالدىغا بىرقانچە ئىستاكان چاينىڭ قاتار تىزىلىپ كەتكىنىگە قاراپمۇ قويمايتتى، زېرىكمەيتتى، تېرىكمەيتتى، كېلەتتى، مۇخبىرغا چاي تۇتاتتى. باراتتى، رەھبەرنىڭ ئالدىغا چاي تىزاتتى.

يىغىن تۈگىشى ھامان سۇلتانوف ھېچنېمىگە قارىماي ئۆيگە يۈگۈردى. تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا كەلدى. تېلېۋىزورنى ئاچماقچى بولدى ـ يۇ، سائەتكە قاراپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. تېخى تېلېۋىزور باشلاشقا يەنە بىر سائەت ۋاقىت بار ئىدى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چاي ئىچكەچ گېزىت كۆردى. پات ـ پات سائەتكە قاراپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى. بىلىكىدىكى سائەتكە ئىشەنچ قىلالماي ئايالىدىن سائەت سورىدى. ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقتى. بالىسىنىڭكىنى سورىدى، ئوخشاش چىقتى.

گېزىت كۆردى، سائەتكە قارىدى، سائەت سورىدى. نىھايەت ئۇ بىلىكىدىكى سائەتكە ئوتتۇز قېتىم قارىغاندا ۋاقىت توشتى. تېلېۋىزورنى ئاچتى - يۇ، چىرايىنى تۈردى. تېلېۋىزوردا مەملىكەت خەۋەرلىرىنى باشلىغانىدى. گېزىتتىكى تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىغا قارىدى. سۇلتانوف تەقەززا بولۇۋاتقان يەرلىك خەۋەرلەر پىروگراممىسىغا يەنە يېرىم سائەت ۋاقىت بار ئىدى. گېزىتنى مەجبۇرىي قولىغا ئالدى. يەنە سائەتكە قارىدى. يەنە... ئاخىر يەرلىك خەۋەرلەر پىروگراممىسى باشلاندى. ئەنە بۈگۈن سۇلتانوف قاتناشقان يىغىنىنىڭ خەۋىرى چىقىشقا باشلىدى. سۇلتانوف كۆزىنى تېلېۋىزور ئېكرانىدىن ئۈزمەيتتى. ئېكراندىكى سۈرەتلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن قارايتتى. قارىغانسېرى چىرايى قارىداپ بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى كېڭىيەتتى. پۇش - پۇش تىناتتى. تىت - تىت بولاتتى. يەنە ئۈمىدلىنىپ تېلېۋىزور ئېكرانىغا نەزەر تاشلايتتى، غەزەپلىنەتتى. ئەلەم بىلەن ئۇھسىناتتى. ئاخىر يەرلىك خەۋەرلەر تۈگەپ، تېلېۋىزىيە تىياتىرى باشلاندى. سۇلتانوف چوڭقۇر بىرنى تىندى - دە، دىۋانغا لاسسىدە يۆلەندى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا غوتۇلدىدى.

— خۇشامەتچى، ھەممىسى خۇشامەتچى، كۆرمەمدىغان ھېلىقى سولتەك مۇخبىرنىڭ يۈزسىزلىكىنى، باشقىلارنى ئۈچ - تۆت قېتىملاپ سۈرەتكە ئاپتۇ - يۇ، بىراق مەن... خەپ ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان سەندەك سولتەك مۇخبىرنى...

— سىزمۇ ئاشۇ يىغىنغا قاتناشقانمىدىڭىز، دادا؟

سۇلتانوف بالىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. بىرھازا پۇشۇلداپ تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز بومبا پارتلىغاندەك ۋارقىرىدى:

— ئۆچۈر، تېلېۋىزورنى!

1990 - يىلى 25 - ئىيۇن، يەكەن

# ئوغرى

— ئوغرى زىيان سالدى دەمسىز؟ بولدىلا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۆپ شىكايەت قىلماڭ، دوستۇم. ھە، ۋۇجۇدىدا ئىنساب، دىيانەت، مېھىر - شەپقەت، ۋىجدان ۋە ئىنسانىي خىسلەت بولمىغان ھۆرۈن، تەييارتاپ ئادەم ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى سوقۇپ ماڭىدۇ.

ئەزەلدىن ئاشۇ ئىنسابسىز ئوغرىلارغا بولغان كۈچلۈك نەپرىتىمنىڭ تۈرتكىسىدىن بولسا كېرەك، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلغىنىمدىن تارتىپ، بۇ تېمىدا كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر پارچە ھېكايە يېزىشنى نىيەت قىلىپ كەلگەنىدىم. نىھايەت جاپالىق ئىزدىنىش، قايتا - قايتا ئۆزگەرتىش ۋە تۈزىتىش ئارقىلىق، كۆڭلۈمگە پۈككەن بۇ ئەسىرىمنى ئاخىر پۈتكۈزدۈم - دە، ئۇدۇل تەھرىر بۆلۈمىگە قاراپ چاپتىم.

— كېلىڭ، كېلىڭ، ئۇكا، — دېدى تارتىنىپ تۇرغانلىقىمنى كۆرگەن مۇھەررىر خەت يېزىشتىن توختاپ.

— كۆرۈپ باققان بولسىلا، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا ھېكايەمنى تەڭلەپ.

— پاھ... ھېكايە يازدىم دەڭ، خوش قېنى، — ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، ھېكايەمنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئارىنى قىسقىغىنا جىمجىتلىق باستى.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى يېزىپسىز، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، — ئوغرىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى مانا مۇشۇنداق ئېچىپ تاشلاش كېرەك. ئەسەرنىڭ تىلى ۋە سۇژىتىمۇ ناھايىتى پىششىق چىقىپتۇ.

ھېكايەم شاۋقۇن ئەپەندىگە (ئۇ ماڭا ئۆزىنى شۇنداق دەپ تونۇشتۇردى) ياققان بولسا كېرەك، بىرھازا ماختىدى. ھەتتا سۆز ئارىلىقىدا كۆزىگە غىلىلدە كېلىپ قالغان ھاياجان يېشىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپمۇ ئۈلگۈردى. بۇ ماختاشلار مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىمۇ كۈچلۈك ھاياجان قوزغىدى. راستىنى ئېيتسام، مۇھەررىرنىڭ بۇنچىۋالا قىزغىن مۇئامىلىسىگە ئۇچرارمەن دەپ ھەرگىز خىيال قىلمىغانىدىم.

— ۋوي، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قاپتۇمۇ نېمە؟ يۈرۈڭ، ئۇكا، تاماق يەپ كېلەيلى، — دېدى شاۋقۇن ئەپەندىم ھېكايەمنى تارتمىغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن.

— پېتىر مانتىغا تاۋىڭىز قانداقراق، ئۇكا؟ — سورىدى ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ.

— ئادەتتە مەن تاماق خىللاپ ئولتۇرمايمەن.

— ياخشى ئادىتىڭىز بار ئىكەن. ھاي خان قىز، بىزگە پېتىر مانتىدىن گاچچىدە سانىمايلا قىرىقنى، — ئۇ ئاشخانا مۇلازىمەتچىسىگە بۇيرۇق بېرىۋەتكەندىن كېيىن، ماڭا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەنمۇ ئادەتتە ئانچە تاماق خىللاپ كەتمەيمەن. لېكىن، قىيمىلىق تاماققا بەك ئامراق. بولۇپمۇ پېتىر مانتىغا. قېنى خوش، مانتىغا بېقىڭ، ئۇكا.

ئۇ تەخسىدىكى مانتا تۈگەپ بولغۇچە مەن ئەكەلگەن «ئوغرى» سەرلەۋھىلىك ھېكايەم ھەققىدە سۆزلەپ چىقتى. ئاساسەن بۇ سۆزلەر ھېكايەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدىلا بولدى. تەخسە قۇرۇقدالغاندىن كېيىن، بېرىپلا مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىدىم.

— تازىمۇ يارىماس ئادىتىڭىز بار ئىكەنغۇ، ئۇكا، — دېدى شاۋقۇن ئەپەندىم رەنجىگەندەك قىلىپ، — ئاشخانىغا مەن باشلىسام، تاماقنىڭ پۇلىنى سىز تۆلىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بويۇنلىرىمىغىچە قىزاردىم. ئۇ بۇ «يارىماس» ئادىتىمنى تاكى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا بارغۇچە

ئەيىبلىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇكا، ھېكايىڭىزنى ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ ئەدەبىي بېتىگە چوقۇم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن، — دېدى ئۇ خوشلىنشار ۋاقتىدا قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ.

خۇشاللىقتىن بولسا كېرەك، ئۆيگە پەيدەك يەڭگىللەپ كەلدىم ـ دە، ئىككىنچى پارچە ھېكايەم ئۈستىدە جىددىي ئىشلەشكە كىرىشتىم. كۆڭلۈمدە كېلەر ھەپتىنىڭ تېززەك كېلىشىنى تىلەيتتىم. ئاخىر بېكىتكەن مۆھلەتمۇ توشتى. مەن يېزىپ پۈتكۈزگەن ئىككىنچى ھېكايەمنى ئېلىپ، چوڭ ئۈمىد بىلەن تەھرىر بۆلۈمىگە قاراپ يول ئالدىم.

— كېلىڭ، كېلىۋېرىڭ ئۇكا، شۇ تاپتا سىزنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتىم، — دېدى ئۇ مېنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىپ، — ئەسلىدە «ئوغرى»نى مۇشۇ شەنبىلىك ئەدەبىي بەتكە ئورۇنلاشتۇرغاندىم، — دېدى ئۇ ئۈستاكانغا چاي قۇيغاچ، — بىراق قولۇمغا ئېلىپ، يەنە بىر قۇر ئوقۇپ باقسام، ئوغرىنىڭ رەزگىللىكلىرى، ئېپلاسلىقلىرى تازا ياخشى ئېچىپ بېرىلمىگەندەك قىلىدۇ. ھامىنى چىققاندىكىن ياخشىراق چىقسۇن ـ دە. شۇڭلاشقا، بۇ نۇقسانلىرىنى ياخشىراق بىر تەرەپ قىلاي دەپ قالدۇرۇۋەتتىم. خۇدا بۇيرۇسا كېلەر ھەپتىنىڭ ئەدەبىي بېتىگە چوقۇم...

بۇ سۆزلەر ۋۇجۇدۇمدا كۈچلۈك سۆيۈنۈش ھۆرمەت تۇيغۇلىرىنى قوزغىدى. شۇ ئەمەسمۇ، ھېكايەم تېخىمۇ مۇكەممەل چىقسا نېمە يامىنى؟!

— بوپتۇ ئاكا، شۇغىنىسى ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدىم خىجىللىق بىلەن.

— ئۇكامەي نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ بۇنچىلىك ئىشلارنى قىلمىساق، قانداقمۇ سىلەرگە ئوخشاش ھەۋەسكارلارغا باغۇەن بولالايمىز؟ — شاۋقۇن ئەپەندىم راسا بىرنى ئەسنەپ كۆزنى

ئۇۋۇلىۇۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قارىمامسىز، ئاخشام ئىككى - ئۈچ ئاغىنىلەر بىلەن تەڭ كېچىچە ئولتۇرۇپتىكەنمىز، چىشلىۋالغان ئوخشايدۇ كاساپەت، كۆڭلۈم ئاينىپلا تۇردۇ. يۇرۇڭغا بىر قاچىدىن ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاش ئىچىپ كىرەيلى.

بىللە ئاشخانىغا چىقتۇق. ئۇ تائاملارنىڭ ئارىسىدا سۇيۇقئاشنىمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. تاماقتىن كېيىن ھېلىقى «يارىماس» ئادىتىمنى يەنە تەكرارلاشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇ مېنىڭ بۇ «يارىماس» ئادىتىمنى يەنە بىر قېتىم ئەيىبلىدى.


— خۇدا بۇيرۇسا ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ ئەدەبىي بېتىدە چوقۇم «ئوغرى»نى كۆرىسىز، — دېدى ئۇ خوشلىشىۋېتىپ.

ۋەدە قىلىنغان ئالدىمىزدىكى ھەپتىمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى. دەرھال تەھرىر بۆلۈمىگە جۆنىدىم. ئۇ كاۋاپ، چەينەك شورپىسىنىمۇ خۇددى پېتىر مانتا ۋە سۇيۇقئاشنى ياخشى كۆرگەندەك ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. ئىشقىلىپ، بۇ بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە تاماق بۇيرۇتۇش شاۋقۇن ئەپەندىدىن، پۇلنى تۆلەشتىن ئىبارەت «يارىماس» ئادەت مېنىڭدىن بولۇپ تۇردى.

— ھەي... بىر بەت گېزىتكە قانچىلىك نەرسە سىغىدۇ دەيسىز، ئۇكا. ھېكايىڭىزنىڭ ئون قۇردەك يېرى سىغماي قالدى. كېسىپ ئېلىۋېتەي دېسەم، خۇددى ئۆزۈمنىڭ بەدىنىمنى كەسكەندەك يۈرىكىم چىدىمىدى. ئاخىر نابورچىكنىڭ ئالدىدىن قايتۇرۇپ چىقتىم. بولمىسا كارامەت ياخشى ئىشلىۋەتكەنىدىم دەڭگا ھېكايىڭىزنى، — دېدى ئۇ بۇقا ھۆركىرىگەندەك سەت كېكىرىپ تۇرۇپ، — خۇدا بۇيرۇسا ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ ئەدەبىي بېتىدە «ئوغرى»نى چوقۇم كۆرىسىز. بۇ قېتىم گېپىم گەپ، خاتىرجەم بولۇڭ...

بۈگۈن تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىش - بارماسلىق ھەققىدە ئىككى خىيال بولۇپ ئولتۇراتتىم. تارقىتىش بۆلۈمىدىكى قىزچاق

بىرنەچچە پارچە گېزىتنى ئىشخانىغا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. گېزىتتىن بىر پارچىسىنى ئېرەنسىزلىك بىلەن قولۇمغا ئالدىم ـ دە، تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى، «ئوغرى» گېزىتكە چىققانىدى. ئەپسۇسكى شاۋقۇن ئەپەندىمنىڭ نامىدا بېسىلغان بۇ ھېكايەم ئىلگىرىكىدىن بىر ئاز «سەمرىپ» قالغان بولۇپ، ئەسلىدىكى «ئوغرى» دېگەن مۇبارەك نامى تەھرىرلىنىپ «ئىپلاس ئوغرى» دېگەن يېڭى نامغا ئالماشتۇرۇلۇپتۇ.



# جازا

ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، هايۋاننىڭ خاراكتېرىنى ئالغان بىرنەرسە بولۇپ قالىدۇ.

ـــ دىمگۇرات (گىرېتسىيە پەيلاسوپى)

ـــ تىوۋا قىلدىم، كۆز تەگكەندەكلا شۇنداق ئايدەك چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئەيىبناق بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان.
ـــ شۇنى دېسىلە، ئايتۇرسۇن ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇ بۇ شەھەردىكى ئەڭ چىرايلىق قىز ئىدى.
ـــ ھەي، چىرايىنىڭ گۈزەللىكىمۇ بەزىدە ئادەمگە دۈشمەن بولۇپ قالىدىكەن.
ـــ ئەجەب ئىش، ئايتۇرسۇن نېمە ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىكىنە؟
ـــ بەلكىم قورسىقىدا جىن باردۇ.
ـــ شۇ ئەمەسمۇ، «قورساق ئاغرىقىنىڭ بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما» دەپتىكەن، ئۇنىڭمۇ بىرەر قورقۇنچى بولمىسا شۇنداق قىلامتى؟!
ـــ ھېلىقى رەھمەتلىك ئىككى يىگىتكە تازىمۇ ئۇۋال بوپتۇ ـ دە.
ـــ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق نېمىلەر ئىكەن. بىر قىز بالىنى دەپ پىچاقلىشىپ يۈرگىنى نېمىسى؟
ـــ ئايتۇرسۇننىڭ بۇرنىنى قايسىسى كېسىۋەتكەندۇ؟
ـــ بىر جىنىغا نەچچە يىگىتنى كولدۇرلىتىپ يۈرگەندىكىن

خويمۇ ئوبدان جازا بوپتۇ.

— خۇدايا توۋا دەيلى، مۇسۇلمانلار.

قاق سەھەردىلا ناھىيە بازىرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن تارقالغان بۇ تالاش - تارتىشلار ئاش ۋاقتىغىچە پۈتكۈل بازارنى قاپلىدى. بۇ تۈيۇقسىز يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەدىن خەۋەر تاپقانلىكى كىشىلەر ھەر خىل قىياس، باھالىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى، لېكىن بۇ قانلىق پاجىئەنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلىدىغانلار ئاشۇ تالاش - تارتىشقا ئاساسلىق سەۋەبچى بولغان ئايتۇرسۇننى ھېسابقا ئالمىغاندا يوق دېيەرلىك ئىدى. ھەتتا بۇ دېلونى ئېنىقلاشقا كىرىشكەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكا ئەترىتىمۇ تېخىچە تىرناققا ئىلىنغۇدەك بىرەر ئىز يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەنىدى. ھەقىقەتەن بۇ پاجىئە تولىمۇ سىرلىق، تولىمۇ دەھشەتلىك، تۈيۇقسىز يۈز بەرگەنىدى.

*　　　*　　　*

شەرققە قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزە بالكونلىرىغا ھەر خىل گۈل تەشتەكلىرى قويۇلغان، تاملىرىغا قىپقىزىل زىلچىلار تارتىلغان، بىر كىشىلىك لۆم - لۆم كارىۋات يېنىغا بىر جۈپ تۇزنىڭ ياغاچ ئويمىسى چۈشۈرۈلگەن پەرداز ئىشكاپى قويۇلغان. ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، كىيىم ئىشكاپى، تولغاتقۇ قاتارلىق ئۆي سەرەمجانلىرى ئۆز جايىنى تېپىپ سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، سىرتتىن كىرگەن ھەرقانداق كىشىگە ئاجايىپ گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان ھەم ئۆي ئىگىسىنىڭ گۈزەللىكنى سۆيىدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان بۇ ئۆي گۈزەل پېرسوناژىمىز ئايتۇرسۇننىڭ خاس ھۇجرىسى ئىدى.

قاراڭلار، ئۇنىڭ دېرىزىنىڭ تۈۋىدە قولىدىكى بىر پارچە خەتكە خۇشياقمىغان ھالدا سوغۇق نەزەر تاشلاپ، مەغرۇر تۇرغان

بۇ گۈزەل قىياپىتىنى قېنى قايسى داڭلىق رەسسام سىزالايدۇ؟ قولىدىكى ھېلىقى خەتنى كۆرۈپ بولۇپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ، نازۇك بارماقلىرى بىلەن مىجىپ - پۇرلىگىنىچە ئىشىك تۈۋىدىكى ئەخلەت قاچىسىغا بىمالال تاشلىۋېتىپ، بىر يىگىتنىڭ سۆيگۈسى ئىزھار قىلىنغان مۇھەببەت خېتىگە مانا شۇنداق رەھىمسىز ۋە تەكەببۇرانە جاۋاب بەردى.

شۇنداق، ئايتۇرسۇن يالغۇز گۈزەللەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ قالماستىن، بەلكى تەكەببۇر ۋە مەغرۇر قىزلارنىڭمۇ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. توۋا، گۈزەل قىزلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق تەكەببۇر ۋە مەغرۇر كېلەمدىكىنە؟ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق تىپتىكى قىزلارغا ئاسان كۆيۈپ قالامدىكىن؟ بولدىلا، مۇلاھىزىمىزنى قويۇپ ئۆز پارىڭىمىزغا كېلەيلى.

ئايتۇرسۇن ئۆز نامىغا ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان مۇھەببەت مەكتۇپلىرىغا شۇنداقلا بىر نەزەر سېلىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەنمەكتە ئىدى. گويا بۇ گۈزەل قىز ئۆز نامىغا ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ھەربىر قۇرلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن بېزەلگەن، ھەربىر جۈملە سۆزدىن ئاتەش يالقۇنلاپ تۇرغان ئاشۇ مەكتۇپلارنىڭ ئۆزى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك، مەكتۇپ ئىگىلىرىگە لايىقىدا بىرەر ئېغىزمۇ بولسا جاۋاب خەت يېزىش مەجبۇرىيىتى يوقتەك رەھىمسىزلىك بىلەن ھەربىر پارچە خەتنى پۇرلەپ - يىرتىپ ئەخلەت قاچىسىغا بەخىرامان تاشلىۋېتەتتى. پەقەت ھەر قېتىم كەلگەن سۆيگۈ مەكتۇپلىرى ئۇنىڭ يىرىم سائەت ۋاقتىنى ئەينەك ئالدىدا ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەب بولاتتى، خالاس. مەكتۇپ ئىگىلىرى بولسا، ئەۋەتكەن سۆيگۈ نامىلىرىنىڭ خۇددى دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەن تاشتەك ئۇن - تىنسىز غايىب بولۇپ كېتىشلىرىدىن تىتىلداپ، يۈرەكلىرى سەدپارە بولغىنىنى بولغانىدى.

— قىزىم، باش ئاغرىقى قىلىپ كەلگەنلەر كۈندىن - كۈنگە

كۆپىيىۋاتىدۇ. خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئەلچىلەرنى مېھمان قىلىپ بولالماي زېرىكىپ كەتتىم. ھەر قېتىملىق مېھمانلارنى ئۇزىتىشقا كەتكەن چىقىملارچۇ تېخى. ئۇنداق قىلما، قىزىم، مەن ئاناڭ بولغاندىكىن كۆڭۈل سىرىڭنى يوشۇرماي ئېيتساڭ نېمە بولىدۇ؟ قىز بالا ئۈچۈن ئۆز ئانىسىدىنمۇ ئىشەنچلىك سىر ساندۇقى بولامدۇ ـ ھە! ئېيتە، قىزىم، كەلگەن ئەلچىلەرگە ئۆزۈم چېكىپ، تاللاپ جاۋاب بېرەيمۇ ياكى پۈتۈشۈپ قويغان يىگىتىڭ بارمۇ؟

— يائاللا، ئەرگە تېگمىدىغان ئادەم مەن تۇرۇپ ئالدىرىمىسام، ساڭا نېمە دەز كەتتى؟ ئەلچىلەر كەلسە كېلىۋەرمەمدۇ.

— ئۇنداق دېمە جېنىم قىزىم، ھېلىمۇ يېشىڭ يىگىرمە تۆتكە ئۇلىشىپ قالدى. مېنىڭ بار چېغىمدا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، بالا يۈزى كۆرسەڭ، مەنمۇ نەۋرە ئىشتىياقىغا قانسام، ھەم سېنى جاپا تارتقۇزمايلا بالاڭنى قاتارغا قوشۇپ بەرسەم ياخشى ئەمەسمۇ.

— توۋا سېنى، ئانا، بوش دېسەم، بەك دەيسەن، ئاز دېسەم، جىق دەيسەن. توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى تۇرسا، بۇنى دەڭسەپ، چېكىپ تاللاپ قىلمىغان بىلەن بولامدۇ. ئاق قۇشقاچنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق خىلى بولىدۇ...

— تاتلىق قىزىم، مەنمۇ سېنى قاراپ تۇرۇپلا ئوتقا چۈشسىكەن دېمەيمەن. چىراي دېگەن باھار پەسلىگە ئوخشاش ئۆتۈپ كېتىدۇ، مال ـ دۇنياسى بولغان بىلەن ئەدەپ ـ ئەخلاقى، ھۈنەر ـ كەسپى بولمىسا، يېتىپ يېگەن ۋەج ـ دۇنيا ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ تۈگەيدۇ. چېكىپ تاللايمەن دەپ ئەزمىلىك قىلىپ ئولتۇرساڭ باشقا بىرسى ئۈزۈپ ئەكېتىدۇ. قىز بالا دېگەن سەھەر ۋاقتىدا ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇنى ئاشۇنداق چېغىدا ھەركىمنىڭ پۇرىغۇسى كېلىدۇ. سولۇپ توزۇشقا باشلىغان چېغىدا ھېچكىم نەزەر كۆزىنى سالمايدۇ. گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسەن، قىزىم؟ نۇقسانسىز، ئەيىبسىز، توققۇزى تەل

دەپ شەرتنى ئۇنچە يۇقىرى قويۇۋالماي، ئۆزۈڭگە ياققان ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق يىگىتتىن بىرسىنى تېزرەك تاللىۋال، ماقۇلمۇ، قىزىم؟

مانا بۇلار بىزنىڭ گۈزەل پېرسوناژىمىز ئايتۇرسۇن بىلەن ئانىسىنىڭ كۈندە دېگۈدەك ئېلىپ بارىدىغان دەتالىشى ئىدى. ھەرقانداق ئىش ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ. ئايتۇرسۇنغا ئانىسىنىڭ زېرىكمەي نەسىھەت قىلىشلىرى تەسىر قىلدىمۇ ياكى يېشى يىگىرمە بەشكە يېقىنلىشىپ قالغاندا ئۆزىگە قۇرغۇيدەك بىر يىگىتنىڭ ھەمراھ بولۇشى لازىملىقىنى چۈشىنىپ يەتتىمۇ، بۇ تەرىپى بىزگە نامەلۇم. لېكىن، ئۇ ھېلىقى يالقۇنلۇق مەكتۇپ ئىگىلىرىدىن بىرقانچىسىنى ئالاھىدە تاللاپ تۇرۇپ جاۋاب مەكتۇپ يازدى. ئامەتلىك يىگىتلەردىن بىرقانچىسى ئايتۇرسۇندىن تەلىپىگە قوشۇلغانلىق توغرۇلۇق جاۋاب مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خۇشاللىقىدىن بىرنەچچە سائەت ھاراق ئىچمەي مەست بولۇپ يۈرۈشتى.

سىز ئايتۇرسۇننىڭ بىرقانچە يىگىتكە تەڭ كۆڭۈل بەرگەنلىكىگە ھەرگىز ھەيران بولماڭ. چۈنكى، گۈزەللىكمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق گۈزەل ئارمانلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىنغۇ؟ ئەگەر ھەيران قالغان بولسىڭىز تۆۋەندىكى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ھەيرانلىقتا كاماردەك ئېچىلىپ قالغان ئاغزىڭىزنى تۇۋاقلاپ قويۇشقا قادىرمەن.

«بۇلارنىڭ ئارىسىدىن پەقەت بىرسىگىلا كۆڭۈل بەرسەم باشقىلارنىڭ ماڭا بولغان ئۈمىدى يوققا چىقىدۇ. مەنمۇ باش ئاغرىقىدىن ئاسانلا قۇتۇلىمەن. بىراق، تاللىغان يىگىتىمنىڭ كۆڭۈلمىدىكى شەرتلەرگە چۈشمەيدىغان بىرەر ئەيىبى چىقىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟ ئەڭ ياخشىسى بۇلارنىڭ ئارىسىدىن تۆت ـ بەشنى تاللىۋالاي ـ دە، بىر ـ بىرىگە ئۇچراشتۇرماي ياخشى كۆزىتىپ، شۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنى تاللىۋېلىپ غاچچىدە

توي قىلىۋالاي.»

ئايتۇرسۇننىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان بۇ ئاقىلانە تەدبىر تۆت ـ بەش يىگىتكە بىرلا ۋاقىتتا كۆڭۈل بېرىشكە سەۋەب بولغانىدى.


شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ ھاياتى ئىنتايىن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە، ئاجايىپ كۆڭۈللۈك، مەنىلىك ھەم قالتىس لەززەتلىك ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇ يەكشەنبە بىر يىگىت بىلەن نەگىدۇر بىر ئولتۇرۇشقا بارسا، يەنە بىر يەكشەنبە بىر يىگىت بىلەن تانسىغا باراتتى. بۈگۈن بىر يىگىت بىلەن كىنوغا كەلسە، ئەتىسى يەنە بىر يىگىت بىلەن سەيلە ـ ساياھەتكە چىقاتتى. بۈگۈنى بۇ يىگىتنىڭ يېقىملىق پىچىرلاشلىرىدىن لەززەتلەنسە، ئەتىسى ئۇ يىگىتنىڭ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىدىن لەززەتلىنەتتى. قاراڭ، بۇ گۈزەل قىز نېمىدېگەن ئەقىللىك ـ ھە! ھەممىسىنىلا قولدىن بەرمەي، بارلىق زىددىيەتلىك ئامىللارنى يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، جاي ـ جايىدا قۇسۇر چىقارماي ئورۇنلاشتۇرۇش ھەممە قىزلارنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئەنە شۇ تەرىقىدە نەچچە ھەپتە ـ ئايلار بىلىنمەي ئۆتۈپ كېتىۋەردى. بىراق، ئايتۇرسۇن بولسا بىرەر يىگىتكىمۇ كۆڭۈل توختىتالماي يۈرۈۋەردى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇمۇ شۇنداق ھاياتنى تولىمۇ لەززەتلىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭچە بولسا ئۆمۈرۋايەت مۇشۇنداق ئۆتۈشكە رازى ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بۇنداق ھايات ئاجايىپ گۈزەل، رومانتىكىلىق مەنىلەرگە تولغان ھېسابلىناتتى. بىراق، كىشىلىك تۇرمۇش يولى ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بويىچە داۋاملىشىۋەرمەيدىكەن. بەزى كىشىلەرنىڭ خېلى مۇستەھكەم بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى رېئاللىقنىڭ رەھىمسىز تام ـ توسۇقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يىمىرىلىپ كېتىدىكەن. ئايتۇرسۇننىڭمۇ ئاجايىپ رومانتىكىلىق ۋە شېرىن تۈس ئالغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۇزاققىچە داۋاملاشمىدى. ئۆتكەن شەنبە كۈنى

كەچتە بولۇپ ئۆتكەن بىر قانلىق پاجىئە ئۇنىڭ بۇ ئارمانلىرىنى سۇ ئالغان تۇغاندەك ۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇنتۇلغۇسىز بىر خاتىرىنى سوۋغا قىلىپ كەتتى. ئەھۋال مۇنداق بولغانىدى.

شۇ كۈنى ئايتۇرسۇن ھېلىقى يىگىتلەرنىڭ بىرسى بىلەن كىنوغا باردى. كىنو تۈگىگەندە ھېلىقى يىگىت ئايتۇرسۇننى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ بىللە قايتىشتى. ئارزۇلىرى گۈزەل، غايىلىرى ئۇلۇغۋار بۇ «غېرىب ـ سەنەم»لەر كەلگۈسى شېرىن ئارزۇلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ بولالماي، كوچىدا ئادەملەرنىڭ شالاڭلاپ قالغانلىقىنىمۇ سېزىشمىدى. ئۇلار خىلۋەت كوچىلاردا بىرقانچە رەت ئايرىلغاندىن كېيىن، ئايتۇرسۇننىڭ ئۆيىگە ئايرىلىدىغان قاراڭغۇ خالتا كوچىغا كىرگەندە، قىزنى قولتۇقلاپ ئاجايىپ شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلار ئىلكىدە مەست بولۇپ بەخىرامان كېتىۋاتقان يىگىت تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشتنىڭ زەربىسىدىن ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي چوكىمۇزدەك قېتىپ قالغان ئايتۇرسۇن يىگىتكە مۇشت ئاتقان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە ئەمدىلا سەپسېلىشىغا «ئىپلاس» دېگەن سادا بىلەن تەڭ يۈزىگە تەگكەن تەستەك زەربىسىدىن چولپاندەك كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئىككىلا يىگىتنىڭ قولىدىكى پىچاق غۇۋا ئاي نۇرىدا يالتىرايتتى...

ئايتۇرسۇن بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇرسىمۇ لېكىن ئادەم توۋلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇ شۇ پەيتتە ھېلىقى يىگىتنى تونۇغان ۋە بۇ قانلىق ئېلىشىشنىڭ نېمە سەۋەبتىن بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. بىر ـ بىرى بىلەن رەھىمسىزلەرچە ئېلىشىۋاتقان گەۋدىلەرنىڭ بىرسى ئاخىر يەرگە يىقىلدى. ئۆرە تۇرغان گەۋدە تېخىچىلا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان قىزغا شىددەت بىلەن تاشلاندى ـ دە، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەن قىزنىڭ

بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن، قان تېمىپ تۇرغان پىچىقى بىلەن چىلاندەك چوڭلۇقتا چەبدەسلىك بىلەن كېسىۋالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئارىسىدىن ئاران ـ ئاران چىققان «بۇ ساڭا تېگىشلىك جازا ...» دېگەن زەئىپ ئاۋازنى قاتتىق ئاغرىق ئازابىدا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىۋاتقان ئايتۇرسۇنلا ئاڭلىيالىدى.



# ئاھ، سۇ

ئۇنىڭغا بۈگۈنكى ئىش بەكمۇ ئەلەم قىلدى. تۇكۇچ سالغاندەك چوقۇر چىرايى قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزاردى. قېلىن، دورداي لەۋلىرى ئۈستىدىكى خۇددى كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى ئوت ـ چۆپتەك ساڭگىلاپ تۇرغان قويۇق قىزغۇچ بۇرۇتلىرى دىڭگايدى. مۇشۇكنىڭكىدەك كۆزلىرى چەكچەيدى. قويۇق قارا قاشلىرى ئارىسىغا چوڭقۇر بىر ئېرىقچە پەيدا بولدى. پېشانىسىنى نۇرغۇنلىغان ئۇششاق قورۇقلار قاپلىدى. تاماكا يۆگەشكە تۇتۇنغان گۆشلۈك، دىقماق قوللىرى تىترىدى. پۈتۈن يېزىدىكى يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ نوپۇسنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ۋاي سەلەي مىراب» دەپ قول باغلاپ، ھەربىر ئېغىز سۆزىگە خوش ـ خوش ئېيتىپ، تەزىم قىلىپ تۇرىدىغان بىر ئادەمگە بىراۋلارنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ تۇرۇپ ئېيتقان تەلىپىنىڭ قوپاللىق بىلەن رەت قىلىۋېتىلىشى ئەلۋەتتە ئېغىر كېلىدۇ ـ دە، ئۇ كىم؟ سەلەي مىراب كىم؟ ئۇ ناھايىتى سۇ تەقسىملەش پونكىتىنىڭ يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئادىمىنى باشقۇرۇپ يۈرىدىغان سوكال پونكىت باشلىقى. سەلەي مىرابچۇ؟ يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ ئادەمنى «سۇ، سۇ» دېگۈزۈپ تەزىم قىلدۇرىدىغان كاتتا بىر مىراب. دېھقانلارنىڭ نەزىرىدىكى چېقىلغىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ مازار. لېكىن، ئۇ بۈگۈن ئاشۇ پونكىت باشلىقىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى. ئۇ بىرنەچچە مو يەر ئۈچۈن سۇ سوراپ بارغان بولسىيدى، پونكىت باشلىقىنىڭ بۇ قوپال مۇئامىلىسى ئۈچۈن پېشىنى قېقىپلا كەتكەن بولاتتى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا پۈتكۈل يېزىنىڭ بىرنەچچە ئونمىڭ مو يېرى، بىرنەچچە ئونمىڭ

نوپۇسى، نەچچە يۈز مىڭ تۈپ دەل ـ دەرەخ كۆچەتلىرى، بىرنەچچە مىڭ تۇياق چارۋىسى «سۇ» دەپ ئاغزىنى ئېچىپلا تۇراتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ پونكىت باشلىقىنىڭ ئىلاج بار غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلىۋالدى. چۈنكى، پۈتۈن يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ يەرگە تۆككەن مېھنىتىنىڭ مېۋە بېرىش ـ بەرمەسلىكى مۇشۇ قېتىمقى سۇغا باغلىق ئىدى. مانا پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى باشقا يېزىلارنىڭ ھەممىسى بىر قېتىملىق نۆۋەت سۈيىنى تولۇق ئېلىپ ئېچىۋالدى. ئەمما، تەكلىماكان بارخانلىرى بىلەن چېگراداش، سۇ مەنبەسىگە ئەڭ يىراق بولغان مۇشۇ باغتوغراق يېزىسىغا تا ھازىرغىچە سۇ ئېلىش نۆۋىتى كەلمىدى. زىرائەتلەر سولغان، ئادەملەر سالپايغان، يەردىن يال ـ يال تونۇر تەپتى كېلىدۇ. ھايۋانلار ھالىدىن كەتكەن، پۈتكۈل يېزا سۇكۇتتە. ھەممە نەرسە سەلەي مىرابقا «سۇ» دەپ تەلمۈرگەندەكلا بىلىنىدۇ.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسا سەلەي مىراب جىم تۇرالىسۇنمۇ؟ لېكىن ھەر تەرەپكە قاتراشلار، ناھىيەنىڭ سۇغا مەسئۇل ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشلەر، پەقەت قۇرۇق ۋەدىدىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرەلمىدى. ئىمىشقىدۇر ھەر يىلى مۇشۇنداق سۇ قىس مەزگىللەردە، سۇ ئېلىش نۆۋىتى ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ چەت، يىراق، قۇرغاق يېزىغا بېرىلىدىغان قائىدە ئۆزگىرىپ قالغانىدى. سەلەي مىراب خېلى باش قاتۇرۇپ، ئەھۋال ئىگىلەپ يۈرۈپ بۇ «ئۆزگىرىش»نىڭ سەۋەبىنى ئاران بىلەلىدى. لېكىن، بۇ چاغدا باشقا يېزىلار يەرلىرىنى ئاللىبۇرۇن بىر قېتىمدىن سۇغىرىپ بولغانىدى. سەلەي مىراب بۇرۇنراق ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ «سۇ ئىگىلىرى»نىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلمىغانلىقىدىن ئۆكۈندى. ئىنسابسىزلاردىن ۋايسىدى. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا ئازراق سۇ ھەل قىلىۋىدى، سۇ تەقسىملەپ بېرىش پونكىتىنىڭ ھاكاۋۇر، ئاچ كۆز باشلىقى يۇقىرىنىڭ تەستىقى سېلىنغان قەغەزنى پەرۋاسىزلىق بىلەن تاشلاپ قويۇپ،

ھەر خىل تۇتۇرۇقسىز باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن قەستەن چاتاق چىقىرىپ، سۇ بېرىشنى بىر ھەپتە كېيىنگە كېچىكتۈرۈۋەتتى. سەلەي مىرابنىڭ ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈدەك يالۋۇرۇشلىرى كار قىلمىدى. ئۇ ئەنە شۇ ئەلەمدە يېزىغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

«خەپ... بىزنىڭ قاچانمۇ ئاشۇ تويماس پونكىت باشلىقىنىڭ دېگەن نەرسىسىنى بەرمىگەن يېرىمىز بار؟ بىر مو يەرگە سالغان ئاشۇ ئايۋان سارايلىق ھويلا ـ ئارانى تىك تۇرغۇزغانمۇ باغتوغراقنىڭ ياغىچىغۇ؟ خۇدانىڭ كۈنى ھارماي چايناپ ئېزىقى تېشىلىپ كەتكەنمۇ باغتوغراقنىڭ پاقلانلىرىنىڭ گۆشى ئىدىغۇ؟ ئالدىراشچىلىقتا قۇرۇق قول كەلگىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ بۇنچە ئەسكىلىك قىلىپ كەتمىسىمۇ، سۇنى باشلىۋېلىپلا، بىرەر قوي دېگەننى ئەۋەتىپ بەرمەسمىدىم. بىر ھەپتە ساقلاپ تۇرۇڭلار دېگىنىنى ئىزا تارتماي، بىر ھەپتىگىچە زىرائەتلەر قۇرۇپ تۈگەشمەمدۇ؟ نەپسى تويمىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولارمۇ بۇ خەقنىڭ» دەپ غودۇرىدى ئۇ ماڭغاچ.

سەلەي مىراب ئۆيگە كېلىپلا ئېغىلدىن بۇ يىل قۇربانلىق قىلىشقا ئاتاپ قويغان قوچقىرىنى باغلاپ چىقتى ـ دە، پۈت ـ قوللىرىنى چۈشەپ، ھارۋىغا بېسىپ ئوغلىغا بۇيرۇدى:

ـــ يۈگۈر، بالام، مۇنۇ قوچقارنى دەرھال سۇ تەقسىملەش پونكىتىدىكى مەتنىياز زەنجاڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كەل. دادام ئەۋەتتى دېسەڭ ئۆزى بىلىدۇ.

سەلەي مىراب ئوغلى ھارۋىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئايالى راسلاۋاتقان داستىخانغا قاراپمۇ قويماستىن، ئۇدۇل يېزىدىكى بىرىنچى نۆۋەت سۇ ئىچىدىغان كەنتكە يۈرۈپ كەتتى.

كەچتە سەلەي مىراب كەنتتىكى سۇچىلارنى تەخلەپ قويۇپ ئۆيگە كەلگەندە، قوچقار بېسىلغان ھارۋىنى ھەيدەپ، سالپىيىپ كېلىۋاتقان ئوغلىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ـــ قوچقارنى قايتۇرۇپ كەپسەنغۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ

بوغۇلغان ھالدا.

— پونكىت باشلىقى مۈشۈكىنىڭ بالىسىدەك بىر قويغا «پارە ئالدى» دېگەن ئاتاقنى تېگىشمەيمەن. داداڭغا بېرىپ دېگىن، قويدىن ئىككىنى ئەكەلسىمۇ بىكار. بەربىر ھەپتىدىن كېيىن سۇ تەقسىملەپ بېرەلەيمەن، دەيدۇ.

سەلەي مىراب ئوغلىنىڭ جاۋابىنى بىتاقەتلىك بىلەن ئاڭلىدى ـ دە، ئېغىلغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئەمدىلا قوشقا قاتقۇدەك بولغان ئالا تورپاقنى يېتىلەپ چىقتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا پۈتۈن يېزىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جېنىدىن كېچىشكىمۇ رازى ئىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا باغتوغراق يېزىسىغا سۇنىڭ بېشى كەلدى. جىمجىتلىقتا چۆمگەن يېزا سۈيىنىڭ يېقىملىق شىلدىرلاشلىرى بىلەن تەڭلا جانلىنىپ كەتتى. ئادەملەر قىرغاقتا دۈم يېتىپ تۇرۇپ قانغۇچە سۇ ئىچىشتى. ئۇششاق بالىلار قىپيالىڭاچ بولۇپ، سۇغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. ھايۋانلار قىيغىتىپ سەكرەشتى. زىرائەتلەرنىڭ سولغان ياپراقلىرى قايتىدىن جانلاندى. پۈتكۈل يېزا ھاياتلىق ئابىدىسىگە ئېرىشكەندى.

سەلەي مىراب ھارغىن ھالدا ئۆستەڭ ياقىلاپ كېلەتتى. يېزىدىكى بىر كېچىدىلا يۈز بەرگەن بۇ غايەت زور ئۆزگىرىش ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارنى ئازلىتىۋەتتى. ئۇ ھويلىسىغا كىرىپلا ھەمراھىنى ئىزدەپ ئارامسىز مۆرەۋاتقان كالىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئادەم چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ئىپادە ئەكس ئېتەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئارامسىز جاراڭلاپ، يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەن كالىنىڭ مۆرىگەن ئاۋازىنى ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ مۇزىكىسىغا ئوخشاش يېقىملىق شارقىراشلىرى بېسىۋالدى.

# ئاق تۇمان

## 1

— ئوغلۇم! ... جېنىم ئوغلۇم، قايتىپ كەل... ئۇنداق قىلما... داداڭ رەھمەتلىك دىدارىڭنى كۆرەلمەي ئارماندا كەتتى... ئەمدى مېنىمۇ كۆزى ئوچۇق كەتسۇن دەمسەن؟ قايتىپ كەل، جېنىم ئوغلۇم...

ئانا ئوغلىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرەيتتى. نېمىلەرگىدۇر پۈتلىشىپ يىقىلاتتى. ئۆمىلەپ قوپۇپ يەنە يۈگۈرەيتتى. يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالە قىلاتتى. يىگىت گويا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك پەرۋاسىز كېتىۋاتاتتى. ئانا ئوغلىنى كۆزىدىن يىتتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، نۇرسىز كۆزىنى ئوغلىنىڭ بەستلىك قامىتىدىن ئۈزمەيتتى. تۇيۇقسىز قىپقىزىل كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچەيگەن، ئۆڭكۈردەك ئاغزىنى خەنجەر ئۈچىدەك ئۆتكۈر چىشلار قاپلىغان، قىپقىزىل چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان بىر مەخلۇق پەيدا بولدى ـ دە، يىگىتكە قارىتىپ ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئاپپاق ئىس ـ تۈتەك پۈركۈشكە باشلىدى. ئانا ئوغلىنىڭ ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا غۇۋا كۆرۈنگەن گەۋدىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي يۈگۈرەيتتى. ئوغلىنىڭ تۈتەك ئارىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىنى، يۈگۈرۈپ كېلىپ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىشىنى تىلەيتتى. بىراق، يىگىت تۈتەك ـ تۇمانلار ئارىسىدا بىردە ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك خۇشال پىرقىراپ سەكرىسە، بىردە بۇرۇقتۇم بولۇپ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتقاندەك بوغۇلاتتى. ئەسەبىيلەرچە توۋلايتتى.

تۈتەكلەر ئارىسىدىن ماڭغىلى يول تاپالمىغاندەك، ئالدى ـ كەينىگە مۆدۈرۈيتتى. قوللىرىنى ئۇيان ـ بۇيان شىلتىيتتى. ئىس ـ تۈتەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مەھكەم چىرمىۋالغانىدى. ئانا ئوغلىنى ھېلىقى بەتبەشىرە مەخلۇقنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەيتتى. تۇيۇقسىز ھېلىقى بەتبەشىرە، غەلىتە مەخلۇق ئىس ـ تۈتەكلەر بىلەن قوشۇپ يىگىتنى دەم تارتىشقا باشلىدى. يىگىتنىڭ ئەتلىرى سىزىپ، ئىسكىلىتقا ئايلانغان ئۇستىخانلىرى ئىس ـ تۈتەكلەرگە قوشۇلۇپ لەيلىگىنىچە ھېلىقى مەخلۇقنىڭ ئۆڭكۈردەك ئاغزىغا كىرىپ كېتىشكە باشلىدى...

ئانىنىڭ نىمجان ۋۇجۇدى چىدىغۇسىز بىر ئازابتا ئۆرتەندى. ئاجىز يۈرىكى كۆكرىكىگە پاتماي پارتلىدى:

— ئوغلۇم! ... جېنىم جىگىرىم! ...

ئانا بوغۇق ـ بوغۇق ئىڭراپ ئېسىگە كەلدى. ئۆيىنىڭ ئىچى گۆردەك قاپقاراڭغۇ ئىدى.

— ئانا... ئانا، نېمە بولدىڭىز؟

قىزچاق قوللىرى بىلەن ئۇيان ـ بۇيانلارنى سىلاشتۇرۇپ، ئانىسىنىڭ سوغۇق تەردە چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن يۈزىنى تۇتتى ـ دە، ئىككى چېكىسىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. ئانا تىنىق ـ تىنىقتا ئۆلگۈرمەي ھاسىرايتتى. ئاجىز ۋۇجۇدى پاتمانلاپ يۈكنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك قىمىر قىلالمايتتى.

— چىراغ... چىراغنى ياندۇر، قىزىم، — دېدى ئانا بىرھازادىن كېيىن ھالسىرىغان ھالدا.

قىزچاق دەرھال چىراغنى ياندۇردى. گۇڭگا چىراغ يورۇقىدا، تۈتامغا چىققۇدەك بىساتىنىڭ تايىنى يوق ئۆي ئىچى ھۇۋۇلداپ تۇراتتى. قىزچاق بىر پىيالە سوغۇق سۇ ئەكېلىپ ئانىسىغا ئىچۈردى. جاۋۇغايلىرىدىن ئاققان سۇنى سۈرتتى.

— قارا بېسىپ قالغان ئوخشىمامدۇ، ئانا؟

ئانىسىنىڭ شاپتۇل ئۇچكىسىدەك قورۇق باسقان چىرايى

قىزىغا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلدى.
— ئاكاڭنى چۈشەپ قاپتىمەن، قىزىم. ئۇلۇغ خۇدايىم يامان كۆزدىن ساقلىغاي، ئىلاھىم.
— نېمە بولدىكىن، ئاكامدىن خەتمۇ كەلمەيدۇ، — دېدى قىزچاق غەمكىن ھالدا.
— بۈگۈنگىچە نەچچە دوپپا پۈتكۈزۈپ بولدۇڭ، قىزىم؟
— بەشى پۈتتى.
— ئەتىلا سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، پۇلىنى ئاكاڭغا ئەۋەتىپ بېرەيلى.
— بازار كۈنى ئۆزىمىز ساتايلى دېگەنىدىڭىزغۇ؟ سودىگەرلەر يېرىم باھا قويۇپ تۇرۇۋالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دوپپىلارنىڭ پۇلىغا ئۇن - ياغ ئالمىساق ئۆيدە بىر چىمدىممۇ...
— ئۇن - ياغنىڭ ئامالى تېپىلىپ قالار، — دېدى ئانا كەسكىنلىك بىلەن قىزىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

## 2

پولغا قىپقىزىل گىلەملەر سېلىنغان، ئالىي دەرىجىلىك جاھازلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئازادە ئۆي، ئاقپىشماق گۆشلۈك يۈزلىرى سۈرلۈك تۈس ئالغان، خام سېمىز كەلگەن بىر كىشى لۆم - لۆم كارىۋاتتا قوشلاپ قويۇلغان پەر ياستۇقتا يۆلەنگىنىچە، دىقماق بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى ھەۋەس بىلەن ئويناپ ئولتۇراتتى. ئىشىك تۈۋىدە يېرىم سائەتتىن بېرى بىر يىگىت قاتتىق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ بۇجغۇر چاچلىرى سالۋۇرىغان، ساتىراشنىڭ كاپىلىغۇچىدەك، قاسماق بېسىپ پارقىراپ كەتكەن بوغما چاپان ۋە پادىچى شىمى ئىچىدىكى ئەتلىرى سىزىپ، خۇددى شىلىۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان ئاجىز ۋۇجۇدى ئالدىغا خېلىلا مۈكچەيگەن، چۆرىسىگە ۋاقىتسىز ئۈششاق قورۇقلار چۈشۈپ

جىنچىراغدەك پىلدىرلاپ تۇرغان گۇنسىز كۆزلىرى بەئەينى تىلەمچىلەرنىڭ كۆزىدەك تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

— ھە، نېمە گەپ؟ — دېدى ھېلىقى كىشى بىرھازادىن كېيىن يىگىتكە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ پەرۋاسىز ھالدا.

— ئوبدان ئاكا، پەقەت چىدىيالمىدىم. بىر چېكىم...

— ھىم! — ھېلىقى كىشى غەزەپ بىلەن دىمىقىنى قاقتى، — مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق دەپ، قولۇڭدا ئىككى پۇلنىڭ تايىنى يوق، تولا بېشىمنى ئاغرىتما.

يىگىت ئۈمىلەپ دېگۈدەك بېرىپ، كارىۋاتنىڭ تۆۋىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى - دە، ھېلىقى كىشىنىڭ پۇتىنى ئاۋۋال يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى، ئاندىن كېيىن تىترەپ تۇرغان ئاجىز بارماقلىرى بىلەن ئۇششاق مۇجۇپ تۇتۇشقا باشلىدى:

— خوش بولۇپ كېتەي، پۇلنىڭ يولىنى پەقەتلا قىلالمىدىم. ئەتە بىراقلا... بىر قېتىم شەپقەت قىلسىلا، دادا دېگىن دېسىلە، يۈز قېتىملاپ دادا دەي...

ھېلىقى كىشى پۇتىنى يىگىتنىڭ قوللىرى ئارىسىدىن شارتتىدە تارتىۋالدى. كۆزلىرى رەھىمسىزلىك بىلەن ئالايدى.

— ھىم، خۇمارىڭ تۇتۇپ چىدىيالمىغان بولساڭ نېمە كارىم. ئاۋارە بولما، ئەمدى ھەرگىز نېسىگە بەرمەيمەن. پۇلۇڭ بولمىسا تاپ ياكى باشقا بىر ئامالىنى قىل.

يىگىت ئۈمىدسىزلىك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىرھازا ئويلاندى - دە، ئاستا ئورنىدىن تۇردى:

— مەن ھازىرلا كېلىمەن، — دېدى - دە، ئىشىك تەرەپكە ماغدۇرسىز قەدەم تاشلىدى.

## 3

— تاغىڭىز قاچان كەپتىكەن؟

— تۈنۈگۈن كەپتىكەن، بۈگۈن ئەتىگەن كۆرۈشۈپ كەلدىم.

كەچتە يېقىن دوستۇڭنى باشلاپ كەل، تاماشا قىلايلى، دېگەنىدى.
— ئىككىمىزنىڭ يۈرۈۋاتقىنىمىزنى دېدىڭىزما؟
— ھەئە، دېدىم.
— ۋاي خۇدايىمەي، مەن ئەمدى تاغىڭىزنىڭ ئالدىغا قانداق بارالايمەن؟
— نېمىشقا بارالمىغۇدەكسىز؟
— خىجىل بولىدىكەنمەن.
— ھېچقىسى يوق، ئۇ دېگەن مېنىڭ دادا يوللۇق تاغام تۇرسا، بەربىر ئۇقىدۇغۇ؟ كەلگۈسىدىكى كېلىنىنى بۇرۇنراق كۆرسە خۇش بولىدۇ تېخى.
قىزنىڭ سەبىي كۆزلىرى ئۇياتچانلىق بىلەن چاقناپ كەتتى. مەسۇم چېھرىگە قىزىللىق يۈگۈردى.
— قېلىن، ئەسكى، — دېدى ئۇ يىگىتكە ئەركىلەپ.
قىز يىگىتنىڭ باشلىشى بىلەن بۇ ياسىداق ئۆيگە كىرىپ قانچە قورۇنغان بولسا، ھېلىقى سۆرۈن تەلەت كىشىنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ھودۇقتى. ئاق سۇزۇك چېھرىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزاردى. قىزنىڭ گۈزەل چېھرى ھېلىقى ئادەمنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئۇ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى - دە، يىگىتنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. چېكىملىكنىڭ خۇمارىدا نەپسى تاقىلداپ، ۋۇجۇدى بىر خىل ئەسەبىي تەشنالىق ئىلكىدە ئازابلىنىپ تۇرغان يىگىت غوجايىنىنىڭ مەقسىتىنى تېزلا چۈشەندى.
— تاغامنىڭ سىزگە ئايرىم دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپى بار ئىكەن. ئاڭلاپ چىقىڭ، — دېدى - دە، قىزنى مەجبۇرىي دېگۈدەك مېھمانخانىنىڭ ئىچكىرى خانىسىغا ئىتتەردى. تارتىنىپ - قورۇنۇپ تۇرغان ساددا قىز خالىمىسىمۇ يىگىتنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئىچكىرى خانىغا قەدەم تاشلىدى. يىگىت غوجايىنى بىلەن سۆيگەن قىزى كىرىپ كېتىشى بىلەنلا ئىشىكنى گۈپپلا قىلىپ يېپىۋەتتى. دەقىقە ئۆتمەيلا قىزنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھوي ئىپلاس، مېنى قويۇۋەت. مەتتوختى، خوش بولاي، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ...

يىگىتنىڭ قولىقىغا قىزنىڭ كېيىنكى نىداسى پەقەتلا كىرمىدى. ئۇنىڭ گۇنىسىز كۆزلىرى ئۆينىڭ تۆت تېمىغا لالما ئىت سۆڭەك تىمىسقىلىغاندەك ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ خىروئىن خۇمارى بارغانسېرى قاتتىق تۇتۇۋاتاتتى. كۆزىگە مېھمانخانىنىڭ ئاپپاق ئاقارتىلغان تاملىرى دۆۋە – دۆۋە خىروئىنلاردەك كۆرۈنۈپ، تاماقلىرى قورۇشقا، پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئۇگە – ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى – دە، ئەس – ھوشىنى يوقاتقان ھالدا، ئاپپاق تامنى ئەسەبىيلىك بىلەن غاجىلاشقا باشلىدى...

بىر ۋاقىتتا ئىچكىرى ئۆيدىن كالتە ئىشتان بىلەنلا كېرىلىپ چىققان غوجايىن ئۇنى سىلكىپ ئېسىگە كەلتۈردى – دە، بىخەتەرلىك ئىشكاپىدىن بىرنەچچە چىمدىم كەلگۈدەك خىروئىننى قەغەزگە ئوراپ، خۇددى ئىتقا نان تاشلاپ بەرگەندەك تاشلاپ بەردى. يىگىت قەغەز تۈگۈنچەكنى خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەكلا موكلا ئالدى – دە، خۇشاللىقتىن ئۆمىلەپ بېرىپ، غوجايىنىنىڭ پۇتىنى ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى.

## 4

ئانا پوچتىخانىدا قولىدىكى بىر يۈز ئەللىك كوي پۇلنى مەھكەم سىقىمدىغىنىچە، پۇل پېرېۋوت قىلىش چېكىگە خەت يېزىۋاتقان قىزىنىڭ يېنىدا قاراپ تۇراتتى. دۇمچەيگەن ئاجىز ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەيتتى. ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى تولىمۇ غەمكىن، ئويچان كۆرۈنەتتى. دورۇت ئوقۇۋاتقان بولسا كېرەك، لەۋلىرى توختىماي قىمىرلايتتى.

— يېزىپ بولدۇم، ئانا، پۇلنى بېرىڭ، سېلىۋېتەي.

— ئاكاڭنىڭ ئادرېسىنى توغرا يازغانسەن ـ ھە، — دېدى ئانا قىزىنىڭ قولىدىكى پېرېۋوت چېكىگە سىنچىلاپ قاراپ.

— توغرا يازدىم، ئانا.

— ئوقۇغىنا، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي.

قىزچاق پېرېۋوت چېكىنى ئانىسىنىڭ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ تۇرۇپ ئوقۇدى.

— ×× شەھىرى، ×× ئۇنىۋېرسىتېتى، ×× يىللىق×× سىنىپتا ئوقۇپ تۇرغۇچى ئوغلۇم مەتتوختى تۇرسۇنغا تېگىدۇ.

ئانا مەمنۇن بولغاندەك بېشىنى رازىمەنلىك بىلەن لىڭشىتتى ـ دە، قولىدىكى پۇلنى قىزىغا ئاۋايلاپ تەڭلىدى ۋە ئاستا پىچىرلىدى:

— ئاكاڭ قىينالماي ئوقۇۋالسۇن، قىزىم. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئوقۇشىنى سالامەت تاماملاپ كەلسە، تۇرمۇشىمىز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.



# نۇرەك نادان

ئامەت، بەخت ـ تەلەينىڭ كۆزى قارىغۇ دېگەن گەپ راست ئىكەن. مەن بۇ ھەقىقەتنى بىر قىسىم دۆت، كالۋا ۋە نادان كىشىلەرنىڭ بېشىغا داۋاملىق قونۇپ تۇرىدىغان ئامەت ـ تەلەي قۇشىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلدىم. بۇ ھەقتە نېرىسىنى قويۇپ، بېرىسىنى ــ تام قوشنام «چەرچىنىماللار ۋە زىننەت بۇيۇملىرى دۇكىنى»نىڭ غوجايىنى نۇرەك «نادان»نىڭ دۆت، كالۋالىقىدىن بىرنەچچە قېتىم بېشىغا رەسمىي قونغان ئامەت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنلىكى ھەققىدە بىر ـ ئىككى ئېغىز مىسال كەلتۈرەي.

تام قوشنام نۇرەك «نادان» بويى ئانچە ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس. چېقىر كۆز، ئۆمۈچۈك تورىدەك ئىنچىكە قورۇق باسقان يۈزلىرى ئالمىدەك قىزىرىپلا تۇرىدىغان، كوسا ئېڭىكىدە ئۇچ ـ تۆت تاللا ساقىلى بار، چىرايى كۆرۈمسىز، ئەللىك ـ ئەللىك بەش ياشلار چامىسىدىكى، ھىجىيىپلا تۇرىدىغان بىر ئادەم. ئادەتتە ئۇ كۆرۈمسىز چىرايىنىڭ ھىجايغان ۋاقتىتا تېخىمۇ پۈرلىشىپ سەتلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك. مال ئېلىش ئۈچۈن دۇكىنىغا كەلگەن خېرىدارلار ئەمەس، بەلكى دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتكەن ھەربىر يولۇچىغىمۇ ئالاھىدە ھىجىيىش بىلەن تەبەسسۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەڭلىكى ئۈچ، ئۇزۇنلۇقى تۆت قەدەمچە كېلىدىغان «توخۇ كاتىكى»دە، ئالاھىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ماللارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. مال جازىسىدا كۆزگە چېلىقىدىغىنى ئادەتتىكى يۇقىرىسى سەككىز ـ ئون كويلۇق قازان، چەينەك،

چايدان، لوڭقا؛ ۋازا، تۆۋىنى بىرنەچچە كويلۇقتىن بىرنەچچە پۈتلۈققىچە چىنە، تەخسە، سەرەڭگە، سوپۇن، مىخ، چوكا، تۇگمە، مونچاق، دەپتەر، قېرىنداش، خاتىرە دەپتەر... دېگەندەك نەرسىلەر.

گەپنى تولا ئۇزارتماي ئەسلىي مەقسەتكە — تام قوشنام «چەرچىمالللار ۋە زىننەت بۇيۇملىرى دۇكىنى»نىڭ ھۆرمەتلىك غوجايىنى نۇرەكنىڭ نادانلىقىدىن قىلغان ئەخمىقانە قىلمىشلىرى ھەققىدە توختىلاي.

مەلۇم بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەن ئادىتىم بويىچە ئەتىگەنلىك چېيىمنى ئالدىرىماي ئىچىپ، قورسىقىمنى راۋرۇس تويدۇرۇۋالغاندىن كېيىن دۇكانغا چىقتىم (ئالدىن ئېيتىپ قوياي: مەن ئۆزۈمنى خېلى قابىل تىجارەتچى دەپ ئويلايتتىم. مەن چوڭ ئوغلۇم مەخسۇس ئۇرۇمچى، شاڭخەي، گۇاڭجۇۋلاردىن توپ باھادا سېتىۋېلىپ، ئەۋەتىپ بەرگەن ئالىي دەرىجىلىك گەزلىمە ماللار ۋە تەييار كىيىملەرنى سېتىش سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتىم). دۇكان ئالدىنى نۇرەك نادان نەۋرىسى بىلەن تازىلاۋاتاتتى (ئۇ ماڭا قوشنا بولۇپ دۇكان ئاچقاندىن بېرى مېنىڭ دۇكىنىمنىڭ ئالدىنىمۇ تازىلاپ قوياتتى). مەن پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، تەكشى سۇ سېپىلگەن دۇكىنىم ئالدىغا كېلىشىم بىلەن، نۇرەك نادان ھېلىقى سەت ھىجىيىشىدا چىرايىنى پۈرلەشتۇرۇپ ماڭا سالام قىلدى ـ دە، يەنە ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. مەنمۇ دۇكىنىمنى ئېچىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، ئالتە كۈندىن بېرى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن يەكشەنبىلىك سودىمىز باشلاندى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا خېلى نېرىدىنلا توپتوغرا مېنىڭ دۇكىنىمنى نىشانغا ئېلىپ كېلىۋاتقان چەت ئەللىك ئىككى جۈپ ئەر ـ ئايالغا كۆزۈم چۈشتى ـ دە، ئەتىگەندىن بېرى ئانچىلا يۈرۈشمەي تۇرغان سودىنىڭ خاپىچىلىقى كاللامدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، چەت ئەللىك دېگەن تولىمۇ باي، يەنە كېلىپ سودىدا باھا تالاشمايدىغان خەق. ئۆتكەن ئىككى قېتىمدىمۇ

دۇكىنىمدىن مال سېتىۋالغان چەت ئەللىكلەر تەڭگە تەڭ پايدا بېرىپ خېلى كۆپ ماللىرىمنى سېتىۋالغانىدى. شۇڭلاشقا، مەن ئۇلارنىڭ ھەربىر قەدىمىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي، ئۇلارنىڭ دۇكىنىمغا كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇلار دۇكان ئالدىغا كېلىپ، دېرىزىدىنلا دۇكان ئىچىدىكى ماللارغا بويۇنداپ قاراشتى ـ دە، ئارىدىن بىرسىنىڭ نۇرەك نادانىنىڭ دۇكىنىنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى كالدىرلىشى بىلەن بىردەك شۇ تەرەپكە قاراشتى. مەن پارتلاش خاراكتېرىدە كەلگەن غەزىپىمنى زورغا بېسىۋېلىپ دۇكاندىن چىقتىم ـ دە، بۇ كۆك كۆز، سېرىق چاچلارنى نۇرەكنىڭ دۇكىنىدىكى قايسىبىر ئېسىل مالنىڭ شۇنچە قىزىقتۇرغانلىقىغا سەپسالدىم. قىزىق ئىش، ئۇلار تېپىلماس بىر گۆھەرنى تېپىۋالغاندەك، نۇرەكنىڭ دۇكىنىدىكى ئاددىي فارفۇردىن ياسالغان گۈل لوڭقىسىنى تالىشىپ كۆرۈشۈۋاتاتتى. دۇكاندا نۇرەك يوق بولۇپ ئون ياشلىق نەۋرىسى نىزام پەرۋاسىز ھالدا چەت ئەللىكلەرنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان فوتو ئاپپاراتقا قاراپ ئولتۇراتتى.

چەت ئەللىكلەر ھېلىقى لوڭقىنى خېلى ئۇزاق كۆرۈشكەندىن كېيىن، فوتو ئاپپاراتلىرىدىن ۋال ـ ۋۇل نۇر چاقناتقۇزۇپ سۈرەتكە ئېلىۋالدى. ئاندىن لوڭقىنى كۆرسىتىپ نىزامدىن بىرنېمىلەرنى سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ تىلىدىن بىر ئېغىز بىلمىسەممۇ، لېكىن شۇنى تېزدىنلا چۈشەندىمكى، ئۇلار لوڭقىنىڭ باھاسىنى سوراۋاتاتتى. بىراق، نۇرەكنىڭ نەۋرىسى ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن بولسا كېرەك، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

— قارىي، بۇلار سەندىن لوڭقىنىڭ باھاسىنى سوراۋاتىدۇ، — دېدىم ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ھېلىقى بالىغا چۈشەندۈرۈپ.

نىزام مېنى كۆرۈپلا ئوڭايسىزلىقتىن بىر ئاز قۇتۇلدى بولغاي، ماڭا يېلىنىپ تۇرۇپ:

— دۇكاندىكى مالنىڭ باھاسىنى بىلمەيمەن، بوۋام ماڭا دۇكانغا بىردەم قاراپ تۇر دەپ كېتىپ قالغانىدى، — دېدى.

چەت ئەللىكلەر بولسا بىردە ماڭا، بىردە بالىغا قاراپ يەنە بىرنېمىلەرنى كالدىرلىدى ۋە بىگىز قولى بىلەن، قولىدىكىگە ئوخشاش لوڭقا تىزىپ قويۇلغان مال جازىسىنى كۆرسەتتى. مەن شۇنداق قاراپلا ئۇلارنىڭ قول ئىشارىسىنى چۈشەندىم. ئۇلار لوڭقىنىڭ باھاسىنى ئۇقالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېلىقى جازىغا تىزىپ قويۇلغان لوڭقىنىڭ تېگىدىكى باھا كارتوچكىسىغا يېزىلغان سەكسەن بەش دېگەن رەقەمنى كۆرسىتىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشارىسىنى «لوڭقىنىڭ باھاسى سەككىز يۈەن ئەللىك پۇڭمۇ؟» دەپ سورىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ چۈشەندىم – دە، دەرھاللا بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇلار مېنىڭ باش ئىشارىتىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشتى – دە، ھېلىقى لوڭقىدىن ھەربىرى بىردىن تاللاپ ئېلىشقاندىن كېيىن، ئۆشنىسىگە ئېسىۋالغان سومكىلىرىدىن بىر تۇتام پۇل چىقىرىپ، توپتوغرا ئون يۈەنلىك پۇلدىن ئوتتۇز تۆتنى قويدى ۋە ھېلىقى لوڭقىلارنى كۆتۈرۈشكىنىچە كېتىپ قېلىشتى.

مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چەكچىيىپلا قالدىم. ئۇلار جازىغا تىزىلغان لوڭقىنىڭ تېگىدىكى باھا كارتوچكىسىغا يېزىلغان ھېلىقى سەكسەن بەش دېگەن رەقەمنى سەكسەن بەش يۈەن دەپ چۈشەنگەنىدى. نۇرەك نادانمۇ كالۋالىقىدىن سەككىز يۈەن ئەللىك پۇڭنى، سەككىز بىلەن بەشنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېكىت قويماي يېزىپ قويغانىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا نۇرەك نادانىنىڭ چاڭگىلىغا ئۆزلۈكىدىنلا چۈشۈپ كەتكەن بۇ ئۈچ يۈز يۈەن ئامەتكە تولىمۇ ئىچى تارلىقىم كەلدى. بۇرۇنراق ھېلىقىدەك لوڭقىنىڭ تېخىمۇ چىرايلىقلىرىدىن تاللاپ ئەكېلىپ دۇكىنىمغا سېلىپ قويمىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. لېكىن، ئەمدى قىلغان پۇشايماننىڭ پايدىسى يوق. مەن نۇرەك كېلىشى بىلەن بۇ

كۆتۈلمىگەن ئامەتنىڭ خەۋىرىنى ئۆز ئاغزىم بىلەن يەتكۈزۈپ، بۇ ئامەت ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئىككى ئارىدا «تەرجىمانلىق» قىلىپ قانچىلىك چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىمنى ئېيتىپ، چۈشلۈك تامىقىم ئۈچۈن نۇرەك نادانغا بىر ۋاخلىق ئاشمانتا ئالدۇرۇپ يېيىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم ۋە شۇ خىيالىم بىلەن ئۆزۈمگە ئازراق تەسەللى بەردىم. بىر ۋاقىتتا شۇنداق قارىسام، نۇرەك بىرمۇنچە يەشىكلەر سىپلىنغان قول هارۋىسىنى سۆرىگىنىچە، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن هالدا كېلىۋېتىپتۇ. مەن دەرهال دۇكاندىن يۈگۈرۈپ چىقتىم. ئۇنىڭغىچە نۇرەكنىڭ نەۋرىسىمۇ خۇددى مەن بىلەن بەسلەشكەندەك قولىدا هېلىقى ئوتتۇز تۆت تىزىنى سىقىمدىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، بايا بولغان ئەهۋالنى بىر باشتىن ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى ۋە مېنىڭ تەرجىمانلىق قىلىپ كۆرسەتكەن خىزمىتىمنىمۇ ئالاهىدە تىلغا ئالدى.

نۇرەك نەۋرىسىنىڭ بارلىق گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، نەۋرىسىنىڭ قولىدىكى پۇلنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ ماڭا «بۇ گەپ راستمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ لاپپىدە قارىدى.

— شۇنداق، نۇراخۇن، بۈگۈن تەلىيىڭلار ئوڭدىن كېلىپ، ئامەت قۇشى بېشىڭلىغا قوندى. هېچ ئىشنىڭ تايىنى يوقلا ئوتتۇز قەغەزنى چۆنتەككە سالدىڭلا. ئەتىگەن بوسۇغىدىن بىسمىللا دەپ ئوڭ پۇتۇڭلىنى ئېلىپ چىققان ئىكەنسىلە، — دېدىم مەن نۇرەككە نەۋرىسىنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — ئاشۇ ئالغان ئۈچ يۈز يۈەن پايداڭلارنىڭ ئۈچ كۈنىنى بۈگۈن ماڭا خەجلەپ بەرمىسەڭلا بولمايدۇ جۇمۇ، — دېگەن سۆزلەرنىمۇ چاقچاقتا يۈلەپ قوشۇپ قويدۇم. لېكىن، ئۇ مېنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىمنى ئېتىبارغىمۇ ئېلىپ قويماستىن، نەۋرىسىنى سوراققا تارتىشقا باشلىدى.

— سەن ئۇلارنى يەنە ئۇچراتساڭ تونۇيالامسەن؟ — سورىدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە.

نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالغان نۇرەكنىڭ نەۋرىسى تونۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇلار قايسى تەرەپكە كەتتى؟ — يەنە سورىدى ئۇ تەقەززالىق بىلەن.

نەۋرىسى چەت ئەللىكلەرنىڭ كەتكەن تەرىپىنى قول ئىشارىتى بىلەن كۆرسەتتى.

— يۈر، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالايلى.

نۇرەك نادان يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتقاچ، قول ھارۋىسىنى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئەكېلىپ قويدى - دە، دۇكىنىنى تاقاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي نەۋرىسىنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئادەملەر دېڭىزىغا سىڭىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ غەلىتە قىلىقىدىن ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. لېكىن، بىرەر سائەتتىن كېيىن نۇرەك نادان نەۋرىسىنى باشلاپ ھېلىقى سەت ھىجىيىشى بىلەن دۇكىنىدا پەيدا بولدى. گېپىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ھېلىقى ئەجنەبىيلەرنى دۇكىنىنىڭ يەكشەنبىلىك سودىسىنى توختىتىپ قويۇپ ئىزدەپ تېپىپتۇ - دە، ھەربىر لوڭقىنىڭ باھاسى سەككىز يۈەن ئەللىك پۇڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئوشۇق ئالغان ئۈچ يۈز ئالتە يۈەن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇدەك. مەن نۇرەك نادانىنىڭ ئاغزىدىن بەخىرامان چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇددى ئۆزۈم ئۈچ يۈز يۈەن زىيان تارتىپ قالغاندەك بىئارام بولدۇم. ئىچىم بۇ نادانىنىڭ دۆت، كالۋا، ئەخمەقلىقى ئۈچۈن سىيرىلىپ كەتتى.

مانا ھازىرمۇ نۇرەك نادان دۇكىنىنى شۇ پېتىچە تاشلاپ قويۇپ، چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا، بىر سومكىنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ. قوشنا دۇكاندىكىلەرنىڭ پاراڭ سېلىپ بېرىشىچە، بۇنىڭدىن بىر سائەت ئىلگىرى يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر يىگىت نۇرەك نادانىنىڭ دۇكىنىدىن خېلى كۆپ مىقداردا خاتىرە دەپتەر ۋە قەلەم سېتىۋالغانىمىش ۋە كېتەر ۋاقتىدا

سومكىسىنى نۇرەكنىڭ دۇكىنىدا ئۇنتۇلۇپ قالغانىمىش. ھېلىقى يىگىت كېتىپ ئون بەش ـ يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە پوكەي ئۈستىدە غەيرىي بىر سومكىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن نۇرەك نادان دەرھال سومكىنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ باقسا ئىچىدە لىق پۇل تۇرغۇدەكمىش. نۇرەك دەرھال سول يېنىدىكى سودىگەر يىگىتنى چاقىرىپ، بىرلىكتە سانىغانىكەن، پۇل نەق ئۈچ مىڭ بەش يۈز يۈەن چىققانىمىش. ئەسلىدە نۇرەك ھېلىقى يىگىتكىمۇ خەۋەر قىلماي بۇ پۇللارنى «تۆگە كۆردۈڭمۇ؟ ياق» دېگەندەك، ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بولۇپ تىقىۋالسا، ھېچكىممۇ بىرنېمە دېيەلمىگەن بولار ئىكەن. لېكىن، ئۇ نادان دۆت ـ كالۋالىقىدىن قولىدىكى تەييار بايلىقنى ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىمەن دەپ پالاقلاپ كېتىپ قاپتۇ.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نۇرەكنىڭ قىلغان بۇ نادانلىقىنى پەقەتلا ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم. قەدرىنى بىلمەس نادان، دۆت ئىنسانغا يېپىشىپلا تۇرىدىغان كۆزى كور ئامەتنىڭ ماڭا نېسىپ بولمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندۈم.



# ئۇلار ساۋاب تاپماقچى

ئاكامنىڭ ئىككى كۈندىن كېيىن تويى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىدارىدىن رۇخسەت سورىدىم ـ دە، بۈگۈنلا ئۆيگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ياتاققا ئۇچقاندەك چاپتىم. ياتاققا كىرىپ سەپەر تەييارلىقلىرىمنى پۈتكۈزدۈم ـ دە، سومكامنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل يولۇچىلار بېكىتىگە چاپتىم. قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغان ئاپتوبۇسقا بىلەت ئېلىپ چىقىپ، ئالدى تەرەپتىكى بوش تۇرغان بىر كىشىلىك ئورۇنغا سىغدالدىم ھەمدە مېنىڭ سىغدىلىشىم بىلەنلا چىرايىنى تۈرۈپ، قىزغانچۇقلۇق بىلەن غوتۇلداشقا باشلىغان شاپ بۇرۇتلۇق سەپەردىشىمنىڭ غىڭشىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن سومكامنى جايلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولدۇم. ئۇنىڭغىچە ئاپتوبۇسمۇ ئېغىر گەۋدىسىنى يەڭگىل تەۋرەتكىنىچە ئورنىدىن ئاستا قوزغالدى.

«ئۇھ» دېدىم مەن سومكامنى ئورۇندۇق ئاستىغا كۆڭلۈمدىكىدەك جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەڭگىل نەپەس ئېلىپ ۋە گەۋدەمنى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە قويۇپ بىر ئاز دېمىمنى ئېلىۋالماقچى بولدۇم. بىراق، گەۋدەم يۆلەنچۈككە پەقەتلا سىغمىدى. چۈنكى، يېنىمدىكى ھېلىقى شاپ بۇرۇت سەپەردىشىم خۇددى كۈرۈك توخۇغا ئوخشاش قوللىرىنى كېرىپ ئولتۇرۇپ ماڭا تېگىشلىك ئورۇننىڭمۇ يېرىمىنى ئىگىلىۋالغانىكەن. ئۇنىڭغا قىسىلىپراق ئولتۇرۇڭ دېمەكچى بولدۇم ـ يۇ، لېكىن تولىمۇ سۆرۈن تەلەتىگە قاراپ بۇ نىيىتىمدىن ياندىم ـ دە، ئىلاجىسىز ئالدىمغا ئېڭىشىپ

ئولتۇرۇپ، سومكامدىن بىر ئەدەبىي ژۇرنالنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم. بىراق، ژۇرنالدىن ئەمدىلا بىر شېئىرنى ئوقۇي دەپ تۇرۇشۇمغا ئەتراپىمدىن ئاڭلىنىشقا باشلىغان، خېلىلا ئۇنلۇك پىچىرلاشلار دىققىتىمنى بۆلۈۋەتتى. مەن ژۇرنالنى كۆرگەن بولۇپ بۇ ئاۋازلارغا قۇلاق سالدىم.

— نەدىن پەيدا بولدى بۇ تۇكباش.

— مۇسۇلمان بالىسى بولغاندىكىن بېشىغا بىر نەرسە كىيىۋالسا بولماسمىدى؟

— خوتۇن كىشىنى دوراپ چېچىنى مايلاپ پارقىرىتىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان تېخى.

— هازىر ياشلاردا ئىمان قالمىدى.

— يولدا نەس باسىدىغان بولدى.

— خۇدايىم ساقلا.

— ئوغۇل بالا تۇرۇپمۇ كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى چاپاننىڭ سىرتىغا ئۆرۈپ كىيىۋاپتۇ.

— ئىشقىلىپ، بۇنداق تۇكباش، ئىمانسىزلارنىڭ ئارىسىدىن ياخشى ئادەمنىڭ چىقمىقى تەس.

بۇ پىچىرلاشلارنىڭ دەل مېنىڭ ئۈستۈمدە بولۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلدىم ۋە بۇ پىچىرلاشلارغا ئالاهىدە «خېمىر تۇرۇچ» سېلىپ بېرىۋاتقان كىشىنىڭ دەل يېنىمدىكى شاپ بۇرۇت ئىكەنلىكىنى سەزدىم.

قانداق قىلاي؟ شۇ تۇرقىدا ئۇلار بىلەن بىر دېيىشەيمۇ؟ ئۇلاردىن ئىمانىنىڭ زادى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى، مۇسۇلمان بولغان بەندە ئۇچۇن بېشىغا يارىشىملىق چاچ قويۇپ، يالاڭباش يۈرۈشنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقى هەققىدە قايسى كىتابتا قەيت قىلىنغانلىقى ئۈستىدە زاكونلىشايمۇ؟

مەن خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن يەنىلا هېچنېمىنى ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ، قولۇمدىكى ژۇرنالنى ئوقۇۋېرىشنى ئەۋزەل كۆردۇم. «ئىت قاۋاۋېرىدۇ، كارۋان يۈرۈۋېرىدۇ» ئەمەسمۇ،

بەلكىم ئۇلارمۇ ئاغزى تالغاندا توختاپ قېلىشار.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا ئاپتوبۇس تۇيۇقسىز تورمۇزلاندى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام شەھەردىن خېلىلا يىراقلىشىپ قاپتىمىز.

— ئاشۇ موماينى دەپ ماشىنىنى توختىتىپ يۈرگۈچە مېڭىۋەرسە بولىدۇ.

شاپ بۇرۇتنىڭ غوتۇلداپ ئېيتقان بۇ سۆزى دىققىتىمنى ئاپتوبۇسقا چىقىشقا تەمشىلىۋاتقان مومايغا يۆتكىدى. بېشىغا نىمكەش داكا لېچەك سالغان، يۈزلىرى ھېلىلىدەك قورۇلغان، ھاسا تاياق تايىنىۋالغان، دۈمچەكرەك كەلگەن مومايغا كۆزۈم چۈشۈشى بىلەن، كۆڭلۈمدە شوپۇرنىڭ ئىنسابىغا بارىكاللا ئوقۇدۇم. چۈنكى، سەپەر ئۈستىدە ئۇچرىغان ئاجىز - مېيىپلەرگە ماشىنىسىنى ئالاھىدە توختىتىپ، چىقىرىۋالىدىغان شوپۇر تولىمۇ ئاز ئۇچرايتتى. ئەپسۇسكى كۆڭلۈمدە ئەمدىلا قوزغالغان ھۆرمەت، تەشەككۈر ھېسلىرىنى، مومايىنىڭ كەينىدىنلا ئاپتوبۇس ئىچىدە پەيدا بولغان شوپۇرنىڭ تولىمۇ ئاچ كۆز، قوپال مۇئامىلىسى خۇددى بوران ئۇچۇرغان قامغاقتەكلا غايىب قىلىۋەتتى.

— ھە، چوڭ ئانا، قاراپ تۇرماي يانلىرىنى كولىسىلا.

موماي شوپۇرنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى قۇلىقى ئېغىر بولسا گەپنى ئوچۇق ئاڭلىيالمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر شوپۇرغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

— ھوي، سىلىگە گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى شوپۇر مومايغا بايىقىدىنمۇ قاتتىقراق ۋارقىراپ، — بولسىلا، تېزرەك رەسمىيەت ئۆتىۋەتسىلە.

— شوپۇر ئۇستام سىلىنى كىرا پۇلى تۆلىسىلە دەۋاتىدۇ، — دېدى شاپ بۇرۇت شوپۇرنىڭ سۆزىنى ئىزاھلاپ.

— سايلەڭگەرگە قانچە پۇل بەرسەم بولار بالام؟ — دېدى موماي شاپ بۇرۇتنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— ئىككى يېرىم كوي، — دېدى شوپۇر.

موماي يېنىنى بىرھازا ئاختۇرغاندىن كېيىن، قات - قات يۆگەلگەن تۈگۈچلەرنىڭ ئارىسىدىن بار - يوقى بىر كويلۇقتىن ئىككى تال پۇلنى ئالدى - دە، شوپۇرغا خىجىللىق بىلەن تەڭلىدى.

— ئاز بولسىمۇ ئېلىپ قويسىلا، بالام، يېنىمدا بارى شۇ ئىكەن.

شوپۇر مومايىنىڭ قولىدىن پۇلنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئالدى - دە، كەم قالغان بەش موچەن ئۈچۈن غوتۇلدىغىنىچە كابىنكىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا مەن شاپ بۇرۇتنىڭ «پۇلى يوق ئادەم ئاپتوبۇس توسۇپ نېمە قىلاتتىكىن» دەپ غودۇڭشىغىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئاپتوبۇس ئورنىدىن قوزغىلىشى بىلەن تېخى ياخشىراق جايلىشىشقا ئۈلگۈرمىگەن موماي قاتتىق سىلكىنىپلا ئولتۇرۇپ قالدى. بىرەر بوش ئورۇن بارمىكىن دەپ، ئاپتوبۇس ئىچىگە تەكشى بىر قۇر قاراپ چىقتىم. بوش ئورۇندۇق پەقەتلا يوق ئىدى. ئەمما، ھاسا تاياققا چۈشۈپ قالغان بىر موماي ئۈچۈن داق يەردە بىرنەچچە سائەت چايقىلىپ ئولتۇرۇش ھەرگىز ئاسانغا چۈشمەيتتى. مەن ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، ئورنۇمنى مومايغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى قارار قىلدىم.

— چوڭ ئانا، — دېدىم مەن مومايىنى قولتۇقىدىن يۆلىمەكچى بولۇپ، — مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرسىلا.

موماي ماڭا دەسلەپ ھەيرانلىق بىلەن قارىدى - دە، كېيىن ئىللىق كۈلۈپ رەھمەت ئېيتتى.

— رەھمەت، بالام، ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋەرسىلە، مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرساممۇ بولىۋېرىدۇ.

مەن مومايىنىڭ سىلىق - سىپايە ئۆزرىسىگە قۇلاق سالماستىن مەجبۇرىي دېگۈدەك يۆلەپ ئورنۇمدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم - دە، ئۆزۈم ئاپتوبۇس ئىشىكى تۈۋىدىكى تۆمۈر جازىغا ئېسىلىپ ئۆرە تۇردۇم. مەن دەل مۇشۇ دەقىقىدە ماڭا

مەمنۇنىيەتلىك، قايىللىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرنىمۇ ۋە مەسخىرىلىك، مەنسىتمەسلىك بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرنىمۇ كۆردۈم. ھېلىقى شاپ بۇرۇت ماڭا شۇ تەرىقىدە قاراپ تۇراتتى. مەن نەزىرىمنى دەرھال ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن كەڭرى دالاغا ئاغدۇردۇم.

قاتتىق تورمۇز كۈچىدىن چىرقىراپ توختىغان ئاپتوبۇسنىڭ قاتتىق سىلكىنىشى كۆڭۈللۈك داۋاملىشىۋاتقان خىيالىمنىڭ قاق بېلىدىن ئۈزۈپ قويدى. ئاپتوبۇسنى يەنە بىرەر يولۇچىنىڭ توسقانلىقىنى پەملەپ يەرگە قارىدىم. دېگەندەك ئاپتوبۇس ئىشىكى تۈۋىدە بېشىغا كونىراپ كەتكەن كۆلا، ئۇچىسىغا ھەر خىل رەڭدىكى لاتا ـ پۇرۇچلاردىن ئۇلاپ تىكىلگەن جەندە كىيگەن، پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى يەلكىسىگىچە قويۇۋالغان، يالاڭ ئاياغ، ئۆشنىسىگە مايلىشىپ كەتكەن خۇرجۇن ئارتىۋالغان، بىر قولىدا مۇڭگۈز دەستىلىك ساپايى كۆتۈرۈۋالغان، بىر قولىدا ئاق قوچقار يېتىلىۋالغان يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى دەرۋىش سۈپەت بىر كىشى قاراپ تۇراتتى. مەن ئۆزىنى «ئاشىق»، «ئىشان» دەپ ئاتىۋالغان بۇنداق كىشىلەرنى شەھەردە كۆپ ئۇچراتقانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماستىن تۇرىۋەردىم. لېكىن، شاپ بۇرۇت بۇ ئادەمنى كۆرۈش بىلەنلا خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ئېگىلىپ كېلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ قوللىرىنى سۆيگۈدەك بولۇپ كۆرۈشتى. ھال ـ ئەھۋال سورىدى. ئۇنىڭغىچە شوپۇرمۇ ئۇلارنىڭ قېشىدا ئۇنۇپ بولدى.

— ھە، ئىشانىم، نەلىنى چۆرگۈلەپ كەلدىلە؟

— نەلىنى بولاتتى، رىزقىمىز قەيەرنى تارتسا شۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ، مازار ـ ماشايىخلارنى يوقلاپ يۈردۇق شۇ.

— قېنى ئەمىسە، مېنىڭ رىزقىمنىمۇ غاچچىدە بىرىۋەتمەملا، — دېدى شوپۇر مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

ھېلىقى ئادەم قويۇنلىرىنى بىرھازا كولاشتۇردى ـ دە، ئىككى كويلۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ شوپۇرغا ئۇزارتتى.

ــ بۇ سىلىنىڭ كىرا ھەققىلىرىمۇ ياكى مۇنۇ قوچقارنىڭمۇ؟ ــ دېدى شوپۇر بىردىنلا چىرايىنى تۈرۈپ.

ــ قالغىنىغا دۇئا قىلاي، خۇدايىم بېرەر، ئۇستام.

ــ ئىككى كوي بولسىمۇ ئېلىپ قويسىلا، ئۇستام. كېمىنى خۇدايىم بېرەر، ئاشىق دېگەن خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى. بۇنداق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلسىلا چوڭ ساۋاب تاپىلا، ئۇ ئالەملىكلىرى...

ــ ساۋاب بولارئىمىش تېخى، ھازىر جاھاندا پۇل تېپىشتىنمۇ ساۋابلىق ئىش يوق، ــ دېدى شوپۇر شاپ بۇرۇتنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چورتلا كېسىپ تاشلاپ، ــ قېنى يەنە ئۈچ كوي ئالسىلا.

ئىشان يەنە يېنىنى كولاشقا مەجبۇر بولدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاپتوبۇسقا يېڭىدىن ئىككى ھەمراھ ــ بىر ئادەم بىلەن بىر قوچقار قوشۇلدى.

ــ ئاپتوبۇسقىمۇ قوي سالغان بارمۇ؟ ــ دېدى كىمدۇر بىرسى قوچقارنى كۆرۈپ نارازىلىق بىلەن.

ــ شۇ ئەمەسمۇ، بۇ يا ئېغىل بولمىسا، ــ دېدى يەنە بىرەيلەن ئاۋاز قوشۇپ.

ــ ھە، نېمە ۋارى ـ ۋارى بۇ، قوي سالامدىمەن، ئادەم سالامدىمەن ئۆزۈمنىڭ ئىشى، ــ دېدى شوپۇر بۇ نارازىلىق پىكىرلىرىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك تولىمۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن، ــ ئەگەر ئاپتوبۇسقا قوي سالدى دەپ نارازى بولغۇچىلار بولسا چۈشۈپ كەتسىمۇ مەيلى. ماڭا ھۆكۈمەتتىكام پۇل تاپ دەپ بۇ جانىۋارنى ھۆددىگە بەرگەن. ئۇقۇشلىما؟ زىيان چىقسا ماڭا ھەرقايسىلىرى بىر پۇڭ ياردەم بېرىشمەيلا.

شوپۇرنىڭ ھۆركىرىشىنىڭ ئۈنۈمى بولدىمۇ نېمە، كىشىلەر جىملا بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇ جىملىقنى شاپ بۇرۇت بۇزدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، ھۆددىگە ئالغان نەرسە بولـغاندىكىن، نېمە قىلىمەن دېسە ئۇستامنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ـ دە، — دېدى ئۇ شوپۇرغا خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ھىجىيىپ.

تالاش ـ تارتىش بېسىقـقاندەك بولدى. ئاپتوبۇس يەنە قوزغالدى. ئاپتوبۇستىكى يېڭى مۇھىتقا ماسلىشالمايۋاتقان قوچقارنىڭ ئەنسىز مەرىشىدىن باشقا ھېچبىر سادا يوق ئىدى. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مۈگدەشكە چۈشكەنىدى. بەزىلىرى ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن سىرتقا خۇشياقمىغان ھالدا نەزەر سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، شاپ بۇرۇت تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك، يېڭى قوشۇلغان ھەمراھ — ئاشىققا سۆزلەشكە باشلىدى.

— بىكار ئولتۇرغۇچە ھۆكمەت ئوقۇپ بەرمەملا، — دېدى ئۇ داق يەردىلا ئولتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىغان ئاشىقنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ.

ئاشىق شاپ بۇرۇتنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، خۇرجۇنىغا سېلىپ قويغان ساپايىنى ئالدى ـ دە، تەكرار يادا بولۇپ كەتكەن مۇخەممەس تەلقىنىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

بۇ دۇنيادۇر ئالتە كۈنلۈك، پايانى بار،
سۆزلىرىمنى ئار كۆرگەنلەر رەسۋا بولغاي.
پىرلىرىمغا ئىشەنمەستىن يۈرسىڭىزلەر،
كارامىتى بېشىڭىزغا دىشۋار بولغاي.
ھۇم، ئاللا ھۇم! ھۇم، ھۇم ئاللا...

— ئودىخان پاشىرىمدىكى ئىمام ئاشىقنى ئاڭلىغان بولىغىيدىڭلار، — ئاشىقنىڭ توختىماي ئېيتقان مۇخەممەس ھۆكمىتىنىڭ تەسىرىدىن ھاياجانلانغان شاپ بۇرۇت ئۆزلۈكىدىنلا بۇ داڭلىق «ئەۋلىيا» پۇشتىنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

— بۇ كىشى شۇ زاتنىڭ ئوغلى بولىدۇ. دادىسى رەھمەتلىك ئۆز ۋاقتىدا ئىنتايىن نامدار ئاشىقلاردىن ئىدى. مانا ئوغلىمۇ ھازىر دادىسىدىن قېلىشمايدۇ. ھەرقانداق ساقايمايدىغان ئېغىر كېسەللەرگە دەمدە ئوقۇپ سەۋەب قىلسا ساقايماي قالمايدۇ، — ئۇ دەرھال يېنىمنى ئاختۇردى ـ دە، قويۇن يانچۇقىدىن ئالغان بىر تۇتام پۇللارنىڭ ئارىسىدىن ئون پۇڭلۇقتىن بىرنى ئايرىۋېلىپ ئاشىقنىڭ بوش قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە، باشقىلارغىمۇ مۇراجىئەت قىلدى، — قېنى جامائەت، سەپرىمىزنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن خۇدانىڭ بۇ يېقىن بەندىسىگە ئاتىغىنىمىزنى دۇئا قىلدۇرايلى. ساۋاب بولىدۇ. ھە، قېنى يېنىمىزنى كولايلى. ساۋابلىق ئىشلارنى مۇشۇنداق كىشىلەرگە قىلساق بولىدۇ.

شاپ بۇرۇتنىڭ بۇ سۆزلىرى خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. بەش كويلۇق، ئىككى كويلۇق، بىر كويلۇق، بەش پۇڭلۇق، ئىككى پۇڭلۇق پۇللار ئاشىقنىڭ خۇرجۇنىغا سېلىنىۋەردى. ئاشىق بولسا ساپايىنى تېخىمۇ روھلۇق ھالدا شاراقشىتىپ چالماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز كۆزۈم يانچۇقلىرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇۋاتقان مومايغا چۈشتى. موماي يانچۇقلىرىنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپالمىغان بولسا كېرەك، بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن جەررە تارتىپ ساپايى چېلىۋاتقان ئاشىققا بىرنېمىلەرنى دېدى. مەن مومايىنىڭ ئاشىققا نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىغان بولسامۇ، لېكىن چىرايىنىڭ خىجىللىق، مەيۈسلۈك ئالامەتلىرى بىلەن قاپلانغانلىقىنى كۆردۈم. بىراق، كۆزى يېرىم يۇمۇلغان ھالدا بىر قولىدا ساپايى چېلىۋاتقان، بىر قولىدا كىشىلەر ساۋاب تېپىش ئۈچۈن دۇئا قىلدۇرۇۋاتقان پۇللارنى ئالدىراش يىغىۋاتقان ئاشىق مومايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك، ئۆز ھەرىكىتى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى. مەن بۇ چاغدا مومايىنىڭ ھەرىكىتىدىن

بىرەر نەرسىنى سەزگەن شاپ بۇرۇتنىڭ مومايدىن نېمىلەرنىدۇر سورىغانلىقىنى، مومىاينىڭ خىجىللىق بىلەن نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردۇم. مومايىنىڭ سۆزلىرى شاپ بۇرۇتقا مايدەك ياققان بولسا كېرەك، رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى ــ دە، دەرھال ئاشىقنى ساپايى چىلىشتىن توختاتتى:

ــ ماۋۇ مومايىنىڭ ئۆزلىرىگە دۇئا قىلدۇرغۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. شۇڭا، ساۋابلىق ئۈچۈن سىلىگە ئورنىنى ئۆتۈنىدى. قېنى كېلىپ ئولتۇرۇۋالسىلا.

مەن شاپ بۇرۇتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم ھەمدە ھەيرانلىق بىلەن مومايغا قاراپلا قالدىم. موماي شاپ بۇرۇتنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ:

ــ قېنى بۇ ئورۇنغا كەلسىلە، ــ دەپ ئاشىقنى ئۆز ئورنىغا تەكلىپ قىلدى.

كۆز ئالدىمدىلا سۈرەتلىنىۋاتقان بۇ كارتىنىلار تەسەۋۋۇرۇمغا پەقەتلا سىغمىدى. مەن ئاشىقنىڭ مومايىنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ ھېچبىر تۈزۈت ــ تەكەللۇپسىزلا، بۇرۇنراق شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، مومايىنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى، بۇ چاغدا مومايىنىڭ چىرايىدىكى بايىقى خىجىللىق، تەشۋىش ئالامەتلىرىنىڭ ئورنىغا خاتىرجەملىك، رازىمەنلىك ئالامەتلىرى ئالماشقانلىقىنى، بىرنەچچە سائەتتىن بېرى مەن بىلەن مومايغا قىزغانچۇقلۇق قىلىپ، ئورۇننى كەڭرى ئىگىلەپ ئولتۇرغان شاپ بۇرۇتنىڭ مانا ئەمدى ئاشىقنىڭ كەڭرى ئولتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن تۈگۈلۈپ، ئاپتوبۇس دېرىزىسى تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. چۈنكى، تەخمىنەن ئىككى سائەت ئىلگىرى مېنىڭ پاكىز مايلاپ، تارالغان چېچىمغا، رەتلىك ئۈستىبېشىمدىن قۇسۇر چىقىرىپ، «ئىمانسىز» دەپ ئەيىبلىگەن بۇ كىشىلەر ئەمدىلىكتە چېچىنى مەندىنمۇ ئۇزۇن

قويۇۋالغان، مەينەت، رەتسىز ئۈستىباشلىرى ئاي ـ يىللاپ سۇ دىدارىنى كۆرمىگەن بۇ كىشىنى خۇددى ئەۋلىيالاردەك ھۆرمەتلىمەكتە. ئۇنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىپ ساۋاب تېپىش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى.

مەن كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇۋاتقان بۇ رېئاللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي چۈشىنىكسىز بىر سېزىم ئىلكىدە تۇرۇپ قالدىم.

# سەپەردىكى لەتىپە

قان رەڭگىدە جۇلالىنىپ تۇرغان قۇياش تاغ كەينىگە ئاستا ـ ئاستا مۆكۈۋاتاتتى. زېمىن قارىيىپ تۇتۇلماقتا. جىپنىڭ ئالدىدىكى بىر كىشىلىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان باشلىقنىڭ چىرايىمۇ ھېلىلا قار ـ يامغۇر ياغىدىغاندەك ئەلپازدا تۇتۇلغان. ئۇ قولىدىكى «قار لەيلىسى»نى ھۇزۇرلىنىپ شوراپ، تۈتۈنىنى بۇرنىدىن گويا زاۋۇتنىڭ تۇرخۇنىدەك چىقارماقتا. مەنزىلىمىز خېلىلا يىراق، چەت ـ چۆرىسىگە كۆز يەتمەس، گىياھ ئۈنمەس مۇشۇ قاقىرام، تاقىر سايلىقتىن چىقىشىمىزغىمۇ بىرەر سائەتچە ۋاقىت كېتەر.

كۆرۈك ماۋۇ ئىشنى، «ئالدىرىساڭ ماڭا باق» دېگەندەك، جىپنىڭ موتورىغا بىرنەرسە قاپلاشقاندەك توساتتىنلا ئاۋازى پەسلەپ، توختاپ قالدى. شوپۇر يىگىت پاخپايغان چېچىنى دىقماق قوللىرى بىلەن تارىغىنىچە يەرگە چۈشۈپ، جىپنىڭ بۇرنىنى كوچىلاشقا باشلىدى.

— ئەسسالام، ئەبەي ئاكا!

چۈچۈپ ئاۋاز ئىگىسىگە قارىدىم. كابىنكىنىڭ كۆزنىكىدىن ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلار چامىسىدىكى قارىمۇتۇق، قاشلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن، مېھرى ئىسسىق بىر يىگىت ئارىسالدىچىلىق ئارىلاش تەلمۈرۈپ تۇراتتى. «بۇ يىگىت كىمدۇ؟» خىيال قىلغاچ يىگىتكە سوئال نەزىرىدە تىكىلدىم. ئۇ بۇ قاراشلىرىمنىڭ مەنىسىگە چۈشەنگەن بولسا كېرەك، دەرھال سۆزگە كىرىشتى:

— قەشقەردىن كېلىشىم ئىدى، مېنى ئېلىۋالغان قارا ماشىنا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بۇزۇلۇپ قالدى. تونۇش شوپۇر ئۇچراپ قېلىپ ماشىنىسىنى سۆرىتىپ كەينىگە يېنىپ كەتتى. مەن ماشىنا ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ قېلىپ قالغانىدىم. بىرنەچچە ماشىنىنى توسسام توختىمىدى. تەلىيىمگە سىلەر...

يىگىت گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بوغۇزىدا قېلىپ قالغان گېپىنى دەررۇ پەملىدىم ـ دە، باشلىقنى بۇ يىگىتنى جىپقا سېلىۋېلىشنى ئۆتۈنمەكچى بولدۇم. دەل شۇ چاغدا شوپۇر يىگىت جىپنى زۇۋانغا كەلتۈردى.

— باشلىق، ماۋۇ يىگىتنى ئېلىۋالغان بولساق.

— ھە، قېنى ھەيدەڭ.

باشلىق گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك شوپۇرغا قاراپ سالقىنلا بۇيرۇق قىلدى. جىپ ئورنىدىن يەڭگىللا قوزغالدى. مەن باشلىقنىڭ خۇيىنى ۋە ھازىرقى كەيپىياتىنىڭ ئوساللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، قايتا ئۈن چىقارمىدىم.

— بايىقى يىگىت كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئوغلىغۇ دەيمەن، ئەبەيكا؟ — دېدى شوپۇر يىگىت جىپ ئەللىك ـ ئاتمىش مېتىرچە يىراقلاشقاندا ئۆزىچە گەپ تېشىپ.

— نېمە؟ ئۇنى سەمەت جۇيجاڭنىڭ ئوغلى دەمسىز؟ — ئالدىراپ ـ تېنەپ سورىدى باشلىق، — جىپنى توختىتىپ تۇرۇڭا، تەرەت سۇندۇرۇۋالاي.

شوپۇر جىپنى دەرھال تورمۇزلىدى. باشلىق يەرگە چۈشمەيلا دەرھال ماڭا بۇرالدى:

— ئۇ راستلا سەمەت جۇيجاڭنىڭ ئوغلىمۇ؟

— تازا ئېسىمگە ئالالمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— بىراق، ئۇ سىزنى تونۇيدىكەنغۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى باشلىق ھەم يېنىدىكى يىگىتكە بۇيرۇق قىلدى:

— مېڭىڭ، چۈشۈپ ئۇنى تېز چاقىرىڭ!

مەن ئېسىمنى يىغقاندەك بولۇپ:

— سەمەت جۇيجاڭنىڭغۇ بۇ قورامىلىق ئوغلى باردەك ئەمەس ئىدى، — دەپ تۇرۇشۇمغا:

— ئۇنداقتا ئۇ سەمەت جۇيجاڭنىڭ ئوغلى ئەمەس ئىكەن-دە، — دېدى باشلىق شوپۇر بىلەن ماڭا قاراپ ۋە ئىككىمىزدىن ئاۋاز چىقمىغاندىن كېيىن، شوپۇرغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— بولدى، جىپنى ھەيدەۋېرىڭ. بىكار تەلەپ ئادەمنى دەپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايلى، — دېدى.

ھېلىقى يىگىتنى چاقىرىش ئۈچۈن جىپتىن چۈشكەن يىگىت تېڭىرقىغىنىچە جىپقا چۈشتى. چۈنكى، ھېلىقى يىگىت ئون-ئون بەش قەدەملا يىراقلىقتا كېلىۋاتاتتى. ئەپسۇس جىپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا قۇياش پۈتۈنلەي پېتىپ بولغان بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىغان، جىپنى ئېچىپ-يېپىشتىن كىرگەن غۇر-غۇر ساي شامىلى ھەممىمىزنى تۈگۈلدۈرۈۋەتكەنىدى.

— بۇ ئاداش ئا شەنجاڭنىڭ ئوغلىغا بەكمۇ ئوخشايدىكەن، — دەپ غودۇڭشىدى يىگىت دېرىزىلەرنى ھىملاتقىنىمدا.

— ئا شەنجاڭنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى دەمسىز؟ — دېدى باشلىق ئاۋۋالقىدەكلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدا كۈچلۈك سوئال ۋە ئىككىلىنىش ئالامىتى نامايان بولۇپ تۇراتتى.

— شۇنداق، مەن ئۇنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە كۆرگەندەك قىلىمەن، — دېدى يىگىت جاۋابەن.

— ھە مۇنداق دەڭ، ۋاھ، بىردەمدە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇغۇ؟ تازا قاراڭغۇ بولىدىغان بولدى-دە، جىپنى توختاتمىسىزكىن، بۇ قاراڭغۇدا قېينىلىپ قالمىسۇن ئۇ بىچارە، كۇندۇز بولسىمىغۇ... — باشلىق گېپىنى تۈگەتمەيلا يېنىمدىكى يىگىتكە بۇيرۇق قىلدى:

— سىز چاققان بېرىپ ھېلىقى يىگىتنى چاقىرىپ كېلىڭ!

بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى يىگىت تارتىنغان، گاڭگىرىغان ھالدا جىپقا چىقىپ جايلاشتى.

ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، جىپ ئۆزۈن سايدىن چىقاي دېگەندە باشلىق مۇگدەشتىن زېرىكتىمۇ، ئەيتاۋۇر قورۇنۇپ ئولتۇرغان يىگىتتىن گەپ سوراپ قالدى:

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى ئۇ كەينىگە بۇرىلىپ، — رازىيە قىزنىڭ توي ئىشى قانداق بولدى؟

— رازىيە قىز؟ — يىگىت ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن، ھاڭ - تاڭ قالغان ھالدا ماڭا بىر قارىۋېتىپ باشلىققا تىكىلدى. سوئال باشقىلاردىن سورالدىمىكىن دەپ ئىككى يېنىغا تەلمۈردى.

— ئا شەنجاڭنىڭ ئىككىنچى قىزى رازىيەنىڭ توي ئىشىنى دەۋاتىمەن، — دېدى باشلىق نارازىلىقىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، سوئالىغا ئىزاھات بېرىپ.

— مەن ئا شەنجاڭنى تونۇمايمەن. رازىيە ئاتلىق قىزى بارلىقىنىمۇ ئۇقمايدىكەنمەن. توي ئىشىدىن بولسا تېخىمۇ خەۋىرىم يوق ئىكەن، — دېدى يىگىت باشلىقنىڭ ئىزاھاتىنى ئاڭلاپ گاڭگىرىغان ھالدا.

— دېمەك، سىز ئا شەنجاڭنىڭ تۇغقىنى ئەمەس ئىكەنسىز - دە، — دېدى باشلىق تەئەججۈپ بىلەن. ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئورنىغا دەسلەپكى جۇدۇنلۇق ئالماشتى ۋە يېنىمدىكى يىگىتكە ئالىيىپ قارىۋېتىپ، يانچۇقىدىن «قار لەيلىسى»دىن بىر تال ئېلىپ لېۋىگە قىستۇردى.

— بىلەمسىز، ئۇكا، بىز سىزگە ئىچ ئاغرىتىپ ئېلىۋالدۇق. جىپ بولسا ھۆكۈمەتنىڭ، شۇڭا قائىدە بويىچە كىرا تۆلەيسىز، — دېدى باشلىق تاماكىسىنى ئۇچىنچى قېتىم تۇتاشتۇرۇۋېتىپ يىگىتكە قارىمايلا. بۇ چاغدا جىپ شەھەرگە كىرىپ بولغانىدى.

— بولىدۇ، بىراق يېنىمدا پۇل يوق ئىدى، — دېدى يىگىت چىرايلىق قوي كۆزلىرىنى باشلىقتىن ئەپقېچىپ يېلىنغان ھالدا، — مەن ئۆيگە بېرىپلا كىرا پۇلىنى دادامدىن ئېلىپ ئەبەيكامغا بېرىپ قوياي. ئەتە ئالغاچ كەلسۇن.

باشلىق ئىنكاس قايتۇرمىدى. بۇ ئۇنىڭ يىگىتنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. چۈنكى بۇ، باشلىقنىڭ

ئىدارىدىكى ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق كونا ئادىتى ئىدى.
يىگىتنىڭ ئىسمىمنى ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىشىدىن بىر ئاز ھەيران بولدۇم ـ دە، يىگىتكە قايتا زەن سېلىپ قاراپمۇ پەقەتلا تونۇيالمىدىم. ئاخىر ئۇنىڭغا قاراپ:
— ئۇكام، مېنى ئەجەب تونۇيدىكەنسىزغۇ؟ — سورىدىم ھەيرانلىقىمنى يوشۇرماي.
— توۋا، ماۋۇ ئەبەيكامنىڭ ئۇنتۇغاقلىقىنى، — دېدى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن باغ مەھەللىسىدىكى ئاۋۇت مەمەتنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟ ئوغلىڭىز ئەسقەرجان بىلەن ساۋاقداش بولىمەن.
دەررۇ ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇنتۇغاقلىقىمدىن خىجىل بولدۇم. چۈنكى، بۇ يىگىتنىڭ دادىسى بىلەن خېلىلا ئۇلپەتچىلىكىمىز بار ئىدى.
— ئەسلىدە سىز ئاۋۇتكامنىڭ ئوغلى ئىكەنسىز ـ دە، — دېدىم مەن پېشانەمگە شاپىلاقلاپ، — بۇ قېتىم ئوسمان ۋالىيلارنىڭكىگە بارغانمىدىڭىز؟ تاغىڭىزنىڭ سالامەتلىكى ياخشىمىكەن؟
باشلىق يىگىت بىلەن قىلىشقان گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك، دەرھال كەينىگە قاراپ بىز تەرەپكە ئېگىلىشتى ۋە چىرايىغا يالغان كۈلكە يۈگۈرتۈپ:
— ئەسلىدە سىز ئوسمان ۋالىينىڭ جىيەنى ئىكەنسىز ـ دە! ھې ـ ھې ـ ھې... ئوسمان ۋالىي مېنىڭ كونا ئاغىنەم، ئاۋۇتكامۇ ئۆزىمىزنىڭ ئاكىسىدەكلا ئادەم، سىزنى مۇنچە تېز چوڭ بولۇپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىمەن ھې ـ ھې ـ ھې... مېنىڭ ئۆيۈم يول ئۈستىدىلا، شوپۇر سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويۇپ كەلسۇن. قاراڭغۇدا يول مېڭىپ ئاۋارە بولماڭ. دادىڭىزغا سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاسىموف سالام ئېيتتى دەڭ.
مەن ھەيرانلىقتا باشلىققا قاراپلا قالدىم. لېكىن، باشلىق جىيەتىن چۈشكىلىۋاتقاندا خوشمۇ بولدۇم. چۈنكى، ۋالىينىڭ مۇنۇ جىيەنىنىڭ باھانىسىدە مەنمۇ ئۆيگە پىيادە قايتماي، بالىلىرىم بىلەن تېزرەك دىدارلىشىدىغان بولدۇم ـ دە.

# ئېمزگۇ

## 1

— ۋاي، قادىراخۇن ئۇستامغۇ بۇ، سالامەت تۇردىلىمۇ؟ قېنى ئولتۇرسىلا.

— خۇداغا شۈكۈر. ئۆزلىرىمۇ سالامەت تۇرۇپلا، باشلىق.

— ئۆزلىرىنى كۆڭلۈم تارتىپلا تۇراتتى، قادىراخۇن ئۇستام. قارشىپ ئولتۇرۇپ بىرەر پىيالە چاي ئىچىشمىگىلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قاپتۇ.

— راست دەيلا، باشلىق. مېنىڭمۇ ئۆزلىرى بىلەن خېلىدىن بېرى مۇڭداشقۇم بار ئىدى. ئەممازە ئۆزلىرىنى ئالدىراشمىكىن دەپ، ئاۋارە قىلىشنى خالىماي.

— يوقسۇ، ئۇنداق دېمىسىلە، قادىراخۇن ئۇستام. سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولساق ھەرگىز ئاۋارىچىلىك ھېس قىلمايمىز. باشلىق دېگەن گەپنىڭ مەنىسى: ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يول باشلىغۇچىسى، چاكىرى، دېگەنلىك. دېمەك، مەن دېگەن خەلقنىڭ چاكىرى. خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ھەربىر باشلىقنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك ۋەزىپىسى. قېنى قانداق پىكىر ـ تەلەپلىرى بولسا قورۇنماي دەۋەرسىلە.

— ئۆزلىرى بەكمۇ كەمتەر، كىچىك پېئىل جۇمۇسىلا، باشلىق. مەن بالامنىڭ ئىشى بىلەن كەلگەنىدىم. ئۆزلىرىمۇ بىلىلا. مەن بۇ زاۋۇتنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى. چوڭ قىزىمنى تۈزۈك ئوقۇتمايلا ياتلىق قىلىۋېتىپتىكەنمەن. ئىككىنچى قىزىمنى تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇتتۇم. ئۆيدە ئىككى يىل ئىش

كۆتۈپ تۇردى. قىز بالىنى بويىغا يېتىپ قالغاندا ئۆيدە ئۇزاق ساقلىغىلى بولمايدىكەن. ئاخىر ئۇنىمۇ تالالىق قىلدىم. ھازىر چوڭ ئوغلۇم ئىش كۈتۈپ تۇرغاچ زاۋۇتتا ياللىنىپ ئىشلىگىلى ئۈچ يىل، كەنجىسىگە بىر يىل بولۇپ قالدى. ئوغۇل بالىنىڭ دېگەن مۇقىم بىرەر كەسىپ، ئىش ئورنى بولمىسا بولمايدىكەن. چوڭى ئۆيلەپ قويىدىغان قەرەلدىن ئېشىپ كەتتى. مۇمكىن بولسا ئاشۇ چوڭ ئوغلۇم ئىشقا ئورۇنلىشىپ قالغان بولسا...

— خاتىرجەم بولسىلا، قادىراخۇن ئۇستام. بىز بۇ ئەھۋاللارنى بىلىمىز. مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى. چوقۇم ئورۇنلاشتۇرىمىز. بۇ قېتىم ئىشتات كەلسىلا، ئەڭ ئاۋۋال سىلىنىڭ چوڭ ئوغۇلغا بېرىمىز.

— رەھمەت، باشلىق، رەھمەت، ئۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ بىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھالىغا يېتىلا.

— كېلىڭ، ئىمىنجان ئۇكا. سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ قېنى چاي ئىچىڭ. قانداق ئۇكا، ئىشلىرىڭىز كۆڭۈللۈك كېتىۋاتامدۇ؟ خىزمەتتە قىيىنچىلىق بارمۇ؟

— يوق.

— ھە، ئەلۋەتتە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىكىن، قىيىنچىلىق تارتمايسىز - دە.

— ئۇنداق ئەمەس، باشلىق. بۆلۈمدىكى پېشقەدەملەرنىڭ ياردىمىدە قىيىنچىلىق تارتمىدىم. ئەمما...

— دەۋېرىڭ، دەۋېرىڭ. قانداق پىكىر - تەلەپلىرىڭىز بولسا تارتىنماڭ. رەھبەر دېگەن خەلقنىڭ يولباشلىغۇچىسى ھەم چاكىرى. بىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز.

— ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم، باشلىق. مېنىڭ ئاتا - ئانام يىراق يېزىدا، بۇ شەھەردە بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنىمىمۇ يوق، شۇنداقتىمۇ خىزمەتداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن چاندۇرماي تويۇمنى قىلىۋالغانىدىم. بىراق، ئۆي مەسىلىسى بېشىمنى بەكمۇ

قاتۇردى. مەن توي قىلغان ئىككى يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم ئۆي تەقسىملەش بولدى. ماڭا بىر ئېغىزمۇ ئۆي تەقسىم قىلىنىپ بېرىلمىدى. هازىرغىچە قېيىنئاتاملارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇۋاتىمەن. شۇڭا، بۇ قېتىم تەقسىم قىلىنىدىغان ئۆيدىن ماڭىمۇ...

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئىمىنجان ئۇكا، بۇ قىيىنچىلىقىڭىزنى بىلىمىز. مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى. سىزگە راستلا تەس بوپتۇ. بۇ قېتىم چوقۇم ئۆي بېرىمىز.

— رەھمەت سىلىگە، باشلىق.

## 3

— ھە، كېلىڭلا، شېرىپاخۇن ئاداش. قېنى ئولتۇرۇڭلا، قانداق چايدىن دەملەيمەن؟

— بولدى، ئاۋارە بولمىسىلا...

— قانداق، ھەل قىلالىدىڭلىمۇ؟

— ھەل بولمايچۇ، سىلىنىڭ ئىشلىرى بولغاندىكىن ئەلۋەتتە ھەل بولىدۇ - دە.

— ھېچكىم تۇيمىغاندۇ؟

— ئىس - بۇسىمۇ چىقمىدى.

— يارايسىلە، شېرىپاخۇن، راسا بىر ئاۋارە بولدۇڭلىدە.

— سىلى ئۈچۈن ئۇنچىلىك ئاۋارىچىلىك ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، باشلىق. ئاڭلىسام، زاۋۇتتا كادىر قوبۇل قىلىشقا بىر سان كەپتۇ دېيىشىدۇغۇ؟

— ھە كەلدى، قانداق؟

— ھە... دېمەكچى بولغىنىم... ئاڭلىشىمچە، ئۇ ساننى قادىراخۇن ئۇستامنىڭ چوڭ ئوغلىغا بېرىشنى مۇزاكىرىلىشىپتىمىز، راستمۇ؟

— ھە، بۇ باشقىلارنىڭ گېپى. تېخى مېنىڭ رەسمىي

تەستىقىم چۈشمىدى، ئەجەب سوراپ قالدىڭلىغۇ؟

— سوراپ قالدىڭلىغۇ دەيلىيا، باشلىق، ئۆتكەندە تاپىلىغانلىرىم ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ ـ دە، بىزنىڭ ھېلىقى كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىشچۇ؟

— ھەي ئاداش، سىلىنىڭ ئۇ ئوغلۇڭلا تولۇقسىزنىمۇ پۈتكۈزمەپتىكەنغۇ؟ بولمىسا ئۇنتۇلۇپ قالغىنىم يوق. شۇ بالاڭلىنىڭ ئىشىنى ئويلاپ بېشىم قاپاق بولۇپ كەتتى. ئەگەر تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن بولسا بۇ سان چوقۇم...

— ئۇ ئالىقاناتنىڭ تولۇقسىزنى پۈتكۈزمىگىنىنغۇ راست، ئەمما مەن ئۇنىڭغا ئاللىبۇرۇن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دىپلومىنى تېپىپ قويغان.

— راست گەپ قىلىۋاتامسىلە؟ ئۇنداقتا بەك ياخشى بولدى. سىلىزە بوش كەلمەيسىلە جۇمۇ، خاتىرجەم بولۇڭلا، ئوغلۇڭلا ھازىردىن باشلاپ كادىر بولدى.

— رەھمەت، رەھمەت سىلىگە باشلىق، ھە...

— يەنە تىلىڭلىنى چاينايسىلىغۇ؟

— بۇ قېتىم تەقسىملەيدىغان ئۆينىڭ ئىگىلىرى بېكىتىلىپ بولدىمۇ؟

— بىر كىشىلىك ئۆي تالاشتا قېلىپ قالدى. باشقىلار ئىممىنجانغا بەرسەك دېيىشىۋاتىدۇ.

— ھەي ئىسىت...

— نېمە بولدى؟

— ئاشۇ ئالىقاناتنىڭ تويىنى ئىشقا ئورۇنلاشقاندا قىلىشقا مەسلىھەت قىلغانىدىم. راست، بالىغۇ كىچىك، لېكىن ئۆيلەپ قوي دەپ غەلۋىسى تۈگىمىدى. شۇڭا، بىر ئۆي بەك لازىم ئىدى. شۇ بالامغا بىر ئۆي تۇتۇپ بېرىۋالسام، ھەممە غېمىم تۈگەيتتى.

— ھە، ئۇنداق بولسا، ئەڭ ئاخىرقى غېمىڭلىمۇ تۈگىسۇن. ئۆينى ئاشۇ ئالىقاناتقا بېرەيلى.

— ياشىسۇن ! يا... رەھمەت، رەھمەت، خۇدا مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلسۇن، ئىلاھىم.

— قايتامسىلە، ماقۇل ئەمىسە، ھېلىقى نەرسىدىن يەنە ئازراق تېپىپ قويارسىلە.

— خوش - خوش، ئازراق ئەمەس، قانچىلىك لازىم بولسا، شۇنچىلىك...

# «ئىلاھ» ۋە «مۇخلىس»

مەن باشلىق ئىشخانىسىغا كىرىپلا ئورغاقتەك ئېگىلىپ تۇرغان بۇ گەۋدىنى ئارقىسىدىن قاراپلا تونۇدۇم. ئۇ يۇمشاق كىرېسلودا خۇددى ساكيامۇنىدەك قېتىپ ئولتۇرغان باشلىقنىڭ ئالدىدا ئىخلاسمەن مۇخلىسلاردەك تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى كۇسۇرلاۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا خۇددى چوڭ كوچىدا ئىشتىنىنىڭ ئېغى يىرتىلىپ كەتكەن ئادەمدەك ساراسىمىگە چۈشكىنىچە، باشلىققا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ قويۇپ، گويا «شاھ»نىڭ ئالدىدىن يانغان خىزمەتكارلاردەك كەينىچىلەپ دېگۈدەك مېڭىپ چىقىپ كەتتى. «شېرىن» سۆھبەتنى بۇزۇۋەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، باشلىق ماڭا «نېمە گەپ» دېگەننى قىلىپ ئالىيىپ قارىدى. مەن دەرھاللا قولۇمدىكى ماتېرىيالنى تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ چىقتىم. بۇ مەن بۇگۈنلا كۆرۈۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ئەمەس ئىدى. قاچانلا كىرسەم ئەنە شۇ ھالەت، ئەنە شۇ كۆرۈنۈش... بارا – بارا كۆزۈمگە باشلىقنىڭ بۇ ئىشخانىسى گويا بىر ئىبادەتخانىدەك، باشلىقىمىز بولسا شۇ «ئىبادەتخانا»غا قاتۇرۇپ قويغان ئىلاھىي بۇدساتۋادەك، ئۇ بولسا «ئىلاھ»قا چوقۇنغۇچى سادىق مۇخلىسلاردەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— ھەي ئۇكام، باشلىقنىڭ ئالدىدىن ئۇنداق ئۇسكەكلەپ توغرا ئۆتمەيدىغان، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. جىنىدەك توختاپ تۇرۇپ، باشلىق ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يولىڭىزغا ماڭسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇغۇ، سىلەر ياشلارزە ئەدەپ، قائىدە – يوسۇن دېگەنلەرنى قاچانمۇ ئۆگىنەرسىلەر؟... — دەپ

كايىيتتى ئۇ. باشلىقنىڭ ئالدىدىن ئالدىراش توغرا ئۆتۈپ كەتكەن بىرەر ياش خىزمەتدىشىنى كۆرگەندە كەينىدىن ئالايتەن قوغلاپ بېرىپ، خالىس نەسىھەت قىلغان هالدا:

— ئۇكامىوي، تازىمۇ يارىماس قىلىقىڭىز بار ئىكەنغۇ سىزنىڭ، ئالتە كۈنلۈك نېرىدا تۇرۇپ، خۇشياقمىغاندەك سولۇشۇپ ماڭغۇچە، بىرنەچچە قەدەمنى ئۇشۇق ماڭسىڭىز، باشلىق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسىڭىز ئالىقىنىڭىز ئۈپراپ كېتەرمىدى؟

— ماڭا قارىڭا، سىڭلىم. تۈنۈگۈن كوچىدا باشلىقنىڭ ئالدىدىن ۋېلىسىپىتلىك ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ قىلىقىڭىز...

— باشلىق بىلەن ئەتىگەندىلا كۆرۈشكەن، شۇڭا...

— شۇنداق بولسىمۇ، يەنە سالام قىلىپ كۆرۈشۈپ ماڭسىڭىز نېمە بولاتتى؟ ۋېلىسىپىتتىن چۈشكەنگە ئايىغىڭىزغا توپا قونۇپ قالارمىدى؟

— ماڭا قارىسىلا، زاكىراخۇن، شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا باشلىقنى شۇنداقمۇ سەتلىگەن بارمۇ؟ ئۆزىنىڭ قىلغىنى خاتا تۇرۇپ مېنى هاقارەتلىدى دەملا؟ قويسىلا بۇ گەپلىرىنى، خاتا ئىش قىلغان ئادەم باشلىق بولالامدۇ؟ ئۇ دېگەن ئىدارىمىزنىڭ بېشى، پۈتۈن بىر ئورۇننى ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇرغان كاتتىباش. خۇددى ئاتا ـ ئانىمىزغا ئوخشايدۇ. بىزچۇ؟ بىز دېگەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بالىسى. ئاچچىقى كەلگەندە ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بالىچاقىنى ئانچە ـ مۇنچە دۆشكەلەپ قويىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇغۇ؟ باشلىققا دېگەن كۆز ئالايتىپ قارىغۇلۇق ئەمەس.

— هوي قەيسەرجان ئۇكا، باشلىق سىزنى هېلىقى ئىشنى بۇگۈنلا قىلىۋەتسۇن دەيدۇ، نېمە؟ بۇگۈن قىلمىسام بولمايدىغان ئىنتايىن زۆرۈر ئىشىم بار دەمسىز؟ بولدى، قويۇپ تۇرۇڭ ئۇنداق زۆرۈر ئىشىڭىزنى، باشلىق بۇيرۇغان ئىشتىنمۇ زۆرۈر ئىش بولامدۇ جاهاندا، باشلىق ئالاهىدە بۇيرۇغاندىكىن بېرىپ

شاققىدە قىلىۋېتىپ كەلمەمسىز؟

ئۇ كۈنبويى ئەنە شۇنداق يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، كىملەرگىدۇر «ئەدەپ ـ قائىدە» ئۆگەتسە، كىملەرگىدۇر «ۋەز ـ نەسىھەت» قىلاتتى. كىملەرگىدۇر «يولداشلارچە» كۆيۈنۈپ خالىس ھالدا «نۇقسانلىرى»نى كۆرسىتىپ قويسا، كىملەرگىدۇر «ئەمر ـ پەرمان» يەتكۈزەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ نەزىرىدە باشلىق خۇددى تىكىلىپ قارىغىلى بولمايدىغان «ئىلاھ»، ھەربىر بۇيرۇقلىرى خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان «سۈننەت، پەرز، ۋاجىپ»لاردىن ئىبارەت مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلەر ئىدى.

«ئۆزلىرىنىڭ شەپقەتلىرىدە»، «ئىلتىپاتلىرى بىلەن»، «جانابلىرىنىڭ سايىسىدا»، «سىلىنىڭ دانا يولىيورۇقلىرى بىلەن» دېگەنگە ئوخشاش «ئەدەپ ـ قائىدىلىك» سۆزلەر ھەرقاچان باشلىققا يولۇققاندا ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. ئۇ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، ئىدارە تەۋەسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بىر شەخس ئىدى. ھەرقانداق بىر ئادەم باشلىققا ئالدىراپ قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەندەك، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىشقىمۇ ئالدىراپ جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى «مۇخلىس»نىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويسا «ئىلاھ»نىڭ غەزىپىگە، جازاسىغا ئۇچراش ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئايانلا ئىش ئىدى. ھېچكىم ئۇ بار يەردە باشلىق ھەققىدە بىر ئېغىز سۆز قىلىشقا پېتىنالمايتتى. چۈنكى، بۇنداق «پەۋقۇلئاددە» جىددىي ئاخباراتلار شۇ زامانلا «ئىلاھ»نىڭ كۆڭلىگە چۈشۈپ بولاتتى.

يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن بېرى كۆتۈرۈلگەن رەھبىرىي كادىرلارنى پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشقا ئۈندەش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش دولقۇنى «مۇخلىس»نىڭ «ئىبادەتخانا»غا بېرىش قېتىم سانىنى خېلىلا كۆپەيتىپ قويدى. نېمە ئۈچۈندۇر بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ سولغۇن، مەيۈسانە كۆرۈنەتتى.

— بولدىلا، قىلىۋاتقان پارىڭلارنى توختىتىۋالماڭلار،

ئۆكىلار، — دېدى ئۇ ئىدارىسىنىڭ يېقىنقى ۋەزىيىتى ھەققىدە قىزغىن تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان ياشلارنىڭ قېشىدا خۇددى ئەتىيازنىڭ پاشىسىدەكلا پەيدا بولۇپ، — باشلىقنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن ئەرزلەر تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللىنىپ، ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن مەخسۇس دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپتۇ دەمسىلە؟ يوق پاراڭنى قىلماڭلار، ئۆكىلار، پەرىشتىدەك پاك بىر ئادەمگە قارا چاپلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ تۆھمەتخورلۇقنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. باشلىققا قۇرۇقتىن - قۇرۇق تۆھمەت چاپلىغان بۇ قارا يۈزلەر چوقۇم جاجىسىنى تاپىدۇ.

— ئۆزلىرىگە ئوخشاش، ھەق - ئادالەتكە كۆز يۇمغان، يامانغا يانتاياق بولغان ئاق يۈزلەرچۇ، ئاكا؟

قايسىبىر ياشنىڭ غەيرەتلىنىپ، مەسخىرە بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ توختىماستىن سۆزلەپ تۇرغان تىلىنى كالۋالاشتۇرۇپ قويدى.

— گەپ قىلماملا، ئاكا، باشلىقنىڭ شەھەرنىڭ ئىككى بېشىدا قەد كۆتۈرگەن ئۈچ قەۋەتلىك ئايۋان سارىيى ئۇنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىنىڭ كۈچىدىن بىر «سۇپ» بىلەنلا پەيدا بولغان، ئۇنىڭغا قىلچىلىك ھارام دۇنيا، ھەقسىز مېھنەت ئارىلاشمىغان دېمەملا؟

— سەن... سەن... — ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، تۇكۇچ سالغاندەك چوقۇر چىرايى قانسىراۋاتقان ئۆپكىدەك ئاقىرىشقا باشلىدى.

— نېمىشقا كېكەچلەپ تۇرىلا، ئاكا؟ باشلىقنىڭ ئاشۇ ئايۋان سارايلىرىنى ياساش ئۈچۈن كېچە - كېچىلەپ ماشىنا، تىراكتورلاردا ياغاچ توشۇغان مەن ئەمەس ئىدىم دېمەملا، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى گىلەم، تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، ئۈنئالغۇلارنى، بانكىدىكى تۈمەنلەپ پۇللارنى سوۋغا قىلغان ئادەملەرنى تونۇمايمەن، بۇ نەرسىلەرنى باشلىققا ۋاكالىتەن قوبۇل قىلىپ، ئۆيىگە ئەكىرىپ بەرگەن ئادەممۇ مەن ئەمەس ئىدىم دېمەملا،

تايىنلىق. تېخى ئۆزلىرى «ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىمۇ بىلمەيلىغۇ دەيمەن.

— يالغان ! پۈتۈنلەي تۆھمەت ! باشلىق بولغان ئادەمنىڭ ئۆنچىلىك ئىززەت - ھۆرمىتى بولمىسا بولامتى... ئەمدىزە سىلەر قىزىل كۆزلەر...

— يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندىمۇ بولسا ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىۋالسىلا، ئاكا، چوقۇنغان ئۇ ئىلاھلىرى سىلىدەك سادىق مۇخلىسنى ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈش تۇگۇل، ئۆزىنىڭ ئورنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغان بولدى.

— قۇرۇق گەپ ! — ئۇ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى - دە، ئۇدۇل ئىشخانىنى نىشانغا ئېلىپ يۈگۈردى ۋە بىرنەچچە قەدەم چامداپلا ئاياغلىرى يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدى تەرەپتىن قولىغا كويزا سېلىنغان باشلىق ئىككى ساقچىنىڭ ئالدىدا سالپايغان ھالدا كېلىۋاتاتتى.

— خۇدايا تۇۋا ! — دەپ تۇۋلىۋەتتى ئۇ باشلىققا قاراپ، چۈنكى ئۇ بۇ كۆرۈنۈشلەرنى پەقەتلا ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى.

باشلىقنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈشى بىلەن ئۇنى ساقچىلارغا كۆرسىتىپ، كىچىك بالىدەك داد - پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلىدى:

— ھەممىنى قىلغان ئاشۇ ! مېنى مۇشۇ كويغا، مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانمۇ ئاشۇ. ئۇ ۋۇجۇدۇمدىكى پاكلىق، دىيانەت، ئىنساب، ۋىجداننى ئاچ كۆزلۈك، پاسىقلىق، خۇشامەتچىلىك، قۇلچىلىق ۋىرۇسلىرى بىلەن چىرىتىپ تاشلىغان زەھەرلىك قۇرت ! ئاھ، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداقلارنىمۇ جازالىمايسىلەر؟ ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىشقا، ھەق - ئادالەتنىڭ ئادىل سوتى ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ، لەنەت تۇۋرۇكىگە باغلىنىشقا تېگىشلىك !

ئۇ غەزەپ بىلەن قول شىلتىپ سۆزلەۋاتقان «ئىلاھى»غا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالغاندى. ئۇ بارا - بارا چۈشەندى، ھېس قىلدى. كۆردى، ئاڭلىدى، «ئىلاھى» راستىلا ئۇنىڭغا غەزەپ

ياغدۇرۇۋاتاتتى، قارغاۋاتاتتى.

ئۇ تۇيۇقسىزلا قاتتىق بىرنى چىرقىراپ پالاقىدە يىقىلىپ چۈشتى ـ دە، ئاغزىدىن بۇژۇلداپ كۆپۈك ياندۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ بىرھازا ئەنە شۇنداق ياتقاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئورنىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئۆزىگە مەسخىرىلىك قاراپ تۇرغان چىرايلارغا قاراپ، بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

ـــ كىم ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارنى زورمۇزور تېڭىپتىكەن؟

ئۇ بۇ سوئالنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن پالاققىدە يىقىلدى ـ دە، قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى.



# ئوۋچى

ئۇ قىز بىلەن ئۆزىنى ئايرىپ تۇرغان ۋېلىسىپىتكە بىر قولى بىلەن تايانغىنىچە قىزنىڭ چىرايلىق قوي كۆزلىرىگە ئوتلۇق بېقىپ تۇرۇپ، بىر خىل ياسىما تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى قاپقانغا ئولجىنىڭ كېلىپ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرغان سەۋرچان ئوۋچىغا ئوخشايتتى.

قىزنى يىگىتنىڭ تەسىرلىك نۇتۇقلىرى قايىل قىلدىمۇ ياكى يىگىتكە نىسبەتەن چاقماق تېزلىكىدە ئاشىقلىق ھېسسى ئويغاندىمۇ، ئەيتاۋۇر يىگىتكە زوقلانغاندەك ناز بىلەن قىيا بېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى ئۇندەككە كېلىش ئالدىدا تۇرغان تۇمۇچۇقنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى.

— ئاكا، خان ئاچام توغدى، بالىمىز ئوغۇل ئىكەن، ئانام سىزنى دەرھال ئۆيگە كېلىپ بالىسىنى كۆرسۇن، دەيدۇ. تېز بولۇڭ.

سەككىز - توققۇز ياش ئەتراپىدىكى قىزچاقنىڭ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى يىگىت بىلەن قىزغا خۇددى بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تەسىر قىلدى.

يىگىت قىزغا ئۇيالغاندەك قاراپ قويۇپ، سىڭلىسىغا غەزەپ بىلەن گۆلەيدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى تەييار قولغا كېلىپ بولغان ئولجىنى قاچۇرۇپ قويغان تەلەيسىز ئوۋچىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. قىزنىڭ چىرايىنى ھەيرانلىق ۋە ئەپسۇسلىنىش ئالامەتلىرى قاپلىغان بولۇپ، خۇددى لاچىنىنىڭ شەپىسىنى سەزگەن توشقانغا ئوخشاپ قالغانىدى...

1994 - يىلى

# نەسرلەر

# سۆيگۈ قەسىدىسى

(بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن)

## 1

«بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم». مەن بۇ سۆزگە ئىشەنمەيمەن. چۈنكى، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئۇنداق بىر قېتىم كۆرۈش بىلەنلا پەيدا بولغان ئەمەس.

ئېسىڭدىمۇ، بىز تونۇشقان تانسا كېچىلىكى؟

شۇ چاغدا مەن سېنىمۇ باشقا قىزلار قاتارى پەقەت بىر مەيدان تانسا ئويناش ئۈچۈنلا سورۇنغا تەكلىپ قىلدىم. «باھار ۋالىسى» تۈگەپ بولغۇچە پەقەت ئىسمىڭ بىلەن ئىش ئورنۇڭنى سوراشقىلا ئۈلگۈردۈم. شۇ قاتاردا ئۆز سالاھىيىتىمنىمۇ ئېيتىپ بەردىم. ئېيتقىنا، شۇ دەمدە سەن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا، بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالىدىغان شۇنچە بەخباش، شۇنچە شوخ، شۇنچە ئالدىراڭغۇ، ئاچ كۆز ھېسسىياتنى سەزگەنمىدىڭ؟ شۇ چاغدا مەن سېنى تانسىغا يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلغان بولسامىمۇ كاشكى.

## 2

«مۇھەببەت ـــ قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرۇشى؛ ھېسسىيات ۋە كۆزقاراش ئورتاقلىقىدىن ئاستا ـ ئاستا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.» مەن بۇ سۆزگە ئىشىنىمەن. چۈنكى، ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەت كوچىسىدا دەسلەپ

باسقان قەدەملىرىمىز بۇ سۆزنىڭ دەلىلى.

بىز ئاشۇ تانسا كېچىسى تونۇشۇپ ھەپتىدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشتۇق. بۇ ئۇچرىشىش تولىمۇ تاسادىپىي تۇغرا كېلىپ قالدى. ئەگەر يېنىمدا ساۋاقدىشىم شەمسىيە بولمىغاندا، مەن ساڭا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەنمۇ بولار ئىدىم. دېمىسىمۇ، ئاشۇ كۈنى بىللە تانسا ئوينىغان قىزلاردىن قايسىبىرىنىڭ سىياقىنى ئەستە ساقلاش مۇمكىن دەيسەن؟! مەن شەمسىيە بىلەن ئەھۋاللىشىۋېتىپ، سەن بىلەن بۇنىڭدىن ھەپتە ئاۋۋالقى تانسا كېچىلىكىدە يۈز كۆرۈشكەنلىكىمنى ئەسكە ئالدىم. دەل شۇ چاغدا قولۇڭدا بىر پارچە كىتاب بولغانلىقى نەزىرىمنى تېخىمۇ تارتقانىدى. چۈنكى، مەنمۇ بىر كىتاب مەستانىسى ئىدىم.

— قولىڭىزدىكى قايسى كىتابكىن؟ — سورىدىم مەن ھېچ تارتىنمايلا.

— سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى، يېڭىلا نەشىردىن چىقىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىز پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. شۇنىڭدىن بېرى كىتابلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ ئوقۇيدىغان، تەسىرات سۆزلىشىدىغان، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىدىغان بولدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ھەپتىسىگە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۇچرىشىپ تۇردۇق. ھارماي سۆھبەتلەشتۇق. يېڭىدىن ئوقۇغان ھەربىر كىتابىمىز سۆھبىتىمىزگە ئۆزگىچە سەھىپە ئېچىپ تۇراتتى.

### 3

«ھىجران — سۆيگۈ ئوتىنى ئۆلگۈيتىدىغان ماي. ئايرىلىش — سۆيگۈ رىشتىسىنى تېخىمۇ مەھكەم باغلايدىغان پولات ئارقان.» مەن بۇ سۆزلەرنى سەن بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتكەن

مەزگىلدە خاتىرەمگە يېزىۋالغانىدىم. سەن بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭمىغان ــ بىز رەسمىي تونۇشقاندىن كېيىنكى ئاشۇ يېرىم يىلدا، سەن بىلەن ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىمدە ۋۇجۇدۇم بىر خىل خۇشاللىق، ئەركىن ـ ئازادىلىك، لەززەتلىك شېرىن سېزىم ئىلكىدە قالاتتى... «بۇ مۇھەببەتمىكىنە؟»، «ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.»

ئالدىنقىسى ھېسسىياتىمنىڭ سوئالى، كېيىنكىسى ئەقلىمنىڭ جاۋابى ئىدى. ئەپسۇسكى، سەن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتكەندىن كېيىن، ئەقلىم ئۆز ھۆكمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، ھېسسىياتىم ئۆز مۇلاھىزىسىدىن مەمنۇن بولدى، يۈرىكىم تەشنالىقتا ئۆرتەندى. بىلسەم، ئىشقىنىڭ قارىمىقىغا يۈرىكىم گويا بېلىقتەك ئىلىنىپ قالغانىكەن.

## 4

«ھىجراندىن كېيىنكى دىدارلىشىش ــ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ قەلبىدىكى سۆيگۈ ۋولقانىنى پارتلىتىپ، مۇھەببەت لاۋالىرىنى ئۆركەشلىتىدۇ...» بۇ سۆز ئىنجادچىسىنىڭ نام ـ شەرىپى خاتىرەمدە قالماپتۇ ـ يۇ، لېكىن بۇ سۆز ھەمىشە ئېسىمدە. چۈنكى، سەن بىر يىللىق ئۆگىنىشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەن ــ بىز بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە تېپىشقان كۈنلىرىمىزدە، مەن ئۆزۈمنى گويا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قالغاندەك ھېس قىلدىم. بۇ بەلكىم يۈرىكىمنى ئۆرتىگەن سۆيگۈ ۋولقانىنىڭ پارتلاش ئالدىدىكى تەسىرىدۇر. شۇ كۈنى ئاخشىمى سېنى كەچلىك سەيلىگە تەكلىپ قىلدىم. ھىلال ئاي سېخىيلىق بىلەن كۈمۈش نۇر ھەدىيە قىلغان، مەجنۇنتاللار سۇمبۇل چاچلىرى بىلەن پاكىز سۇپۇرۇپ قويغان ئۆستەڭ بويى ئىككىمىزگىلا تەئەللۇقتەك ئىدى. ماڭا سوۋغا قىلغان ئاشۇ بىرنەچچە پارچە يېڭى كىتابلىرىڭ مېنى

تولىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. مەن ئاشۇ ھاياجان تۈرتكىسىدە ساڭا نۇرغۇن، ناھايىتى نۇرغۇن سۆزلىدىم، قوي كۆزلىرىڭگە، ئانار يۈزۈڭگە، ياقۇت لېۋىڭگە تەلمۈرۈپ سۆزلىدىم. سەن خىجىللىق ئىلكىدە بېشىڭنى تۆۋەن سېلىپ، سۆزلىرىمگە قۇلاق سالدىڭ.

شوخ يۇلتۇزلار كۆز قىسىشقان، ئۆستەڭ سۈيى يېقىملىق مۇزىكا چالغان، ئۇلارغا مەيىن شاماللار تەڭكەش بولغان بۇ دەقىقىلەردە ئوتلۇق لەۋلەر ئۇچراشتى. دەل شۇ چاغدا ئىللىق بىر ھارارەت تومۇرلىرىم ئارقىلىق قېنىمغا ئۆتۈپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا يامرىدى. ئېھتىقىنا، بۇ مۇھەببەت لاۋاللىرىنىڭ ئۆركەش ياساپ ئېقىشى ئەمەسمۇ؟

## 5

«دۇنياپەرەسلىك، نەپسانىيەتچىلىك ــ مۇھەببەت گۈلىستانىغا چۈشكەن پارازىت قۇرتقا ئوخشايدۇ. بۇنداق زىيانداش قۇرتلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ھەرقانداق گۈلىستانلىق چوقۇم ۋەيران بولماي قالمايدۇ.» بۇ ھەقىقەت. چۈنكى، ئىككىمىزنىڭ خىلى ـ خىلى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەن مۇھەببىتىمىز مال ـ دۇنيا ئالدىدا تولىمۇ ئاجىز كېلىپ ۋەيران بولدى ئەمەسمۇ؟ بۇ سېنىڭ ئاچ كۆز، دۇنيا خۇمارلىقىڭنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ياكى مېنىڭ پىخسىق، قىسقا قوللۇقۇمنىڭ كاساپىتىمۇ؟ تا بۈگۈنگىچە ئېنىق ھۆكۈم چىقىرالمىدىم. مەن ئويلايمەن، ناۋادا ئاتا ـ ئاناڭ ماڭا قانچىلىك ئېغىر تويلۇق سالسۇن، سەن ئۇلارغا تەڭ دوست تارتىشىپ بەرمىگەن؛ شۇنچە كۆپ ئەجرىمىزدە بىنا قىلىنغان مۇھەببەت گۈلىستانىمىزنى ئاسراپ قېلىشتا ئازراق مال ـ دۇنيانىڭ مېھرىدىن كەچكەن بولساڭ، مىڭبىر مۇشەققەتتە تىكلەنگەن مۇقەددەس سۆيگۈ مۇنارىمىز غۇلاپ چۈشمەس ئىدى. ساڭا

يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ بىرىشكىمۇ تەييار تۇرغان مەن قولۇمنىڭ قىسقىلىقىدىن ئالدىڭدا «پىخسىق» ئاتالدىم. مىڭ ئەپسۇس، سەن ۋۇجۇدۇمدىكى پەقەت ساڭىلا ئاتالغان مول مەنىۋى بايلىقنى كۆرەلمىدىڭ.

ئاھ، ئايرىلىش، نىمىدىگەن دەھشەت ـ ھە !؟

سىنىڭ خىيالىڭغا كەلمىگەن بىلەن مەن زىنھار چىدىمىدىم. يۈرىكىم جۇدالىق ئازابىدا پارە ـ پارە بولدى.

## 6

«مال ـ دۇنيانى شەرت قىلغان مۇھەببەت بەئەينى قۇم ئۈستىگە سېلىنغان ئىمارەتكە ئوخشايدۇ. نەپسانىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك ئۇنى ۋەيران قىلىپ، غۇلىتىپ تاشلايدىغان دەھشەتلىك قارا بوراندۇر.»

كىيىن ئۇقسام توي قىپسەن. تويۇڭ بەكمۇ ھەشەمەت، باياشات، كاتتا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. تويلۇقۇڭ ئارزۇيۇڭدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ــ قاتمۇقات ئىلىنىپتۇ، ئارزۇيۇڭغا يىتىپسەن، مۇرادىڭ ھاسىل بوپتۇ. بىراق، تويۇڭدا ماڭا ئاتاپ بىرەر تال باغاق بىرىپ قويماپسەن...

بەلكىم سەن توي كىچىسىنى ۋىسال شادلىقىدا تولىمۇ لەززەتلىك ئۆتكۈزگەنسەن، سۆيگۈ ئەلچىسىدىن رەنجىگەنسەن. لىكىن مەنچۇ؟ سەن ئوتقا چۈشكەن قىلنى كۆرگەنمۇ؟ مەن پۈتۈن بىر كىچە، ئەنە شۇ قىلغا ئوخشاش تولغىنىپ ئاچچىق، ناھايىتىمۇ ئاچچىق تولغىنىپ چىقتىم. بۇ بىر كىچە بىر ئەسىردەك تۇيۇلدى. شۇنداقتىمۇ، مەن ساڭا بەخت تىلىدىم.

ئىيتقىنا، ھازىر سەن بەختلىكمۇ؟ بەلكىم سەن ھازىر «بەخت» دىگەن بۇ سۆزنى ئاغزىڭغا ئىلىشتىن قورقىدىغانسەن. بولدىلا، بۇنچە چوڭقۇرلاپ نىمە قىلاي. مەن سىنىڭ تويۇڭ بولۇپ

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئالمىدەك مەنزىلىرىڭدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان كۆرۈمسىز كۆكۈچ زىبدىلەرنى كۆرگەن، سوئالىمغا جاۋاب ئالغانىدىم. سەن باشقىلارغا «چىبلەككە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، يۈز - كۆزۈمنى كۆكەرتىۋالدىم» دەپسەن. ئۇنداقتا چىبلەككە پۇتلىشىپ كەتكەنگە ئىرىڭدىن يامانلاپ كەلدىڭمۇ؟ ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتتۈۋىدى، ئىرىڭدىن ئاجراشتىڭ. كىشىلەرگە «مىجەزىمىز كېلىشمىدى» دەپسەن. بىراق، سېنىڭ ئۇ «مىليونېر بايۋەچچەڭ» ئەتكەسچىلىك ۋە قوش نىكاھلىنىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، قانۇن تورىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىپ بولغانىدى. سېنىڭ شۇنچە تېز ئېچىلغان «بەخت گۈلۈڭ» ئەنە شۇنداق توزۇپ كەتتى.

## 7

«ئاشىقلىق شۇنداق قۇدرەتلىك نەرسىمىكىنتاڭ، سەن ۋاپاسىز مەشۇقۇڭنىڭ بارلىق رەزىللىكلىرىنى كۆرۈپ، تومۇرۇڭدا غەزەپلىك قانلىرىڭ ئاقسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈڭنىڭ مەلۇم بىر جايلىرى ئۇنى يەنىلا ئەپۇ قىلىشقا مەجبۇرلايدىكەن.» بۇ سۆزلەر سېنىڭ بەختسىزلىكىڭنى كۆرگەندىن كېيىن، كۆڭلۈمدىن چىقمىدى. ... سېنىڭ ۋاپاسىزلىقىڭ ۋۇجۇدۇمغا غەزەپ - نەپرەت گۈلخانلىرىنى ياققان بولسىمۇ، لېكىن بەختسىزلىكىڭ كۆڭلۈمنى مالال قىلماقتا ئىدى. غەزەپ - نەپرەت گۈلخانلىرىمنى مېھرىبانلىقىم، ئىچ ئاغرىتىشلار ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. مەن ساڭا دوستانە ياردەم قىلماقچى بولدۇم. بىراق، سەن بۇنى يەنىلا مۇھەببەت دەپ چۈشەندىڭ. كەچۈرگىن، ئەمدىلىكتە مەن سېنى ھەرگىزمۇ سۆيەلمەيتتىم. ئۆز - ئۆزۈمنى ئالداپ، ساڭا ئىچ ئاغرىتىپ، سېنى سۆيگەن تەقدىردىمۇ، سەن ۋۇجدان ئازابى تارتاتتىڭ. مەن

سىنى بەختلىك قىلماقتا يوق، ئۆزۈمنىمۇ بەختلىك قىلالمايتتىم. بىلگىنكى، ساڭا قىلغان ياردىمىم پەقەت دوستلۇق ئۈچۈنكى، ھەرگىز مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس.

## 8

«ئاشىقىڭ ساڭا ھەرقانچە ۋاپاسىزلىق قىلسىمۇ، سەن ئۇنىڭغا يەنىلا بەخت تىلە. ئۇنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ھەرگىز سۇيىقەست پىلانلىما. بولمىسا پېشانەڭگە نامەردلىك تامغىسىنى بېسىۋالىسەن.» ئاڭلا، ئەي ۋاپاسىز مەشۇقۇم مۇشۇ خىتابىمنى.


مەن سېنىڭ بەخت قۇچىقىدا ھايات كەچۈرگىنىڭنى كۆرەي. سەنمۇ ماڭا يولۇقۇپ قالساڭ، بەختسىزلىكىڭدىن ئۆيىلىپ، بولۇڭ – پۇچقاقلارغا يوشۇرۇنماي، بەلكى بەختىڭنى ماڭا نامايىش قىلىپ، بەختىڭ بىلەن كۆزۈمنى قاماشتۇرۇپ كۆكرەك كېرىپ ياشا. ھايات يولىدا ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقۇش ئەيىب ئەمەس. ئەڭ چوڭ ئەيىب — ئاشۇ ئوڭۇشسىزلىقتىن ئىبرەت ئالماسلىق.

## 9

«سەن ۋاپاسىز ئاشىقىڭغا بەخت تىلىگەنىكەنسەن، ساڭا بەخت تىلىشىنى تەلەپ قىلىۋەر. چۈنكى، ئەپۇ قىلىش ۋە ئەپۇ قىلىنىشقا ئېرىشىشمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت.» سەن بۇ ھېكمەتكە ئەمەل قىلالارسەنمۇ؟ ناۋادا ئەمەل قىلالىساڭ، ماڭا بەخت تىلە. چۈنكى، مەنمۇ قىسقىغىنا بۇ ھايات مۇساپەمنى مەڭگۇ بويتاق ئۆتكۈزۈشنى خالىمايمەن. دۇنيادىكى باشقا لەززەتلەر قاتارى ۋاپادار مەشۇقىنىڭ شېكەر لېۋىدىن ۋىسال شارابى ئىچىشنى بەكمۇ ئارمان قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقىم، ۋەتىنىم، مىللىتىم ئۈچۈن دەپ، يۈرىكىمنى لەرزىگە سېلىۋاتقان يۈكسەك

غايىلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ ماڭا ھايات مۇساپەمدە ئەڭ ياخشى ياردەمچى، ۋاپادار جورا بەكمۇ زۆرۈر. قېنى ئەي ۋاپاسىز مەشۇق، ماڭا ئاشۇنداق بىر جورىنىڭ تېزرەك نېسىپ بولۇشى ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈرمەمسەن!؟

1988 ـ يىلى، يەكەن



# سادا

خىيال ئىلكىدە كېتىۋاتىمەن. ئالدىمدا ياپيېشىل مايسا دېڭىزى، ھەيۋەت قۇم دۆڭلىرى...

ئۇشتۇمتۇت ھاۋا ئۆزگىرىپ ئاسمان سارغۇچ چاڭ - توزان ئىلكىدە قالدى. «بوران، قارا بوران» دېدىم ئاستا. دەرۋەقە شۇ دەمدە بوران ھەيۋەتلىك گۈركىرەشكە باشلىدى. مەن دەرھال يۆنىلىش تامان قايتماقچى بولدۇم. دېمىسىمۇ دەرھال يۈگۈرسەم بەلكىم ھېچقانداق خەۋپ - خەتەرسىزلا ئۆيۈمگە بېرىۋېلىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق، شۇ دەقىقىدە ئالدىمدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە نامايان بولدى.

قىزىق ئىش، كۆككە خىرىس قىلىۋاتقان ھەيۋەت قۇم دۆڭلىرى قارا بوراندا پارچىلىنىپ، تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كېتىۋاتاتتى. بوران دەھشەتلىك گۈركىرەيتتى. مەن نەزىرىمنى جەڭچىلەردەك سەپ تۈزگەن سۆۋادانلارغا ئاغدۇردۇم. توۋا، بوران شۇنچە ھەيۋەت قۇم دۆڭلىرىنى ئوڭايلا دومىلىتىپ، ئۇ چەتتىن بۇ چەتكە ئۇچۇرغىنى بىلەن سۆۋادانلارنى مىدىرلىتالمىغانىدى. سۆۋادانلار گويا بوران بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك ھەر يان ئىرغاڭلايتتى. لېكىن، ئورنىدىن ھەرگىز يۆتكەلمەيتتى. ئانا تۇپراققا مەھكەم دەسسەپ، يانمۇيان تۇرۇپ بوران بىلەن ئېلىشاتتى. ھەر قېتىم سۆۋادانلار سېپىگە قاتتىق ئۇرۇلغان دەھشەتلىك بوران گويا تۇغانغا دۈچ كەلگەن تاشقىن كەبى توسۇلۇپ چېپىدە توختاپ قالاتتى. دەھشەتلىك گۈركىرەش ئورنىنى ئېچىنىشلىق چىرقىراش ئالاتتى...

بوران ئاستا ـ ئاستا ھۇجۇمدىن قالدى. سۇۋادانلار يەنىلا كۆككە مەغرۇر باش تىرەپ تۇراتتى. بىراق، ھېلىلا غادىيىپ تۇرغان قۇم دۆڭلىرى مانا ئەمدى غايىب بولۇپ، ئۇ يەرلەردە قەبرە كەبى ئۇششاق ـ ئۇششاق قۇم زومچەكلىرى قالغانىدى. ھايال ئۆتمەي ئاسمان شېشىدەك سۈزۈلۈپ، ياقۇت رەڭگە كىردى. مەن پارچىلىنىپ ۋەيران بولغان قۇم دۆۋىلىرىگە نەزەر سالدىم. ئاندىن سۇۋادانلارغا قارىدىم. ھەيرانمەن، بۇ چاغدا ئاشۇ قاتار سۇۋادانلارغا بىر تالدىن ئالتۇن مېدال ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى: «ئىتتىپاقلىق كۈچ، ئىتتىپاقلىق غەلىبە» دېگەن خەتلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى.

مەن بۇ مۆجىزاتتىن بىر ھەقىقەتنى — قۇمنىڭ چېچىلاڭغۇ، قولاشماسلىقىدىن تا بۈگۈنگىچە بوراننىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى؛ سۇۋادانلارنىڭ ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ئاساسىدا، ئانا تۇپراققا مەھكەم يىلتىز تارتىپ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى ناھايىتىمۇ ئېنىق كۆردۈم.

بۇ چاغدا «باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق» دېگەن سۆزلەر قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىق ئەكس سادا قايتۇرماقتا ئىدى.

# سۇرەت

يىگىت ئاپپاق ئاقارتىلغان ئۆيىنىڭ تۆت تېمىغا بارماقلىرىدىن تامچىۋاتقان قان بىلەن گۈزەل بىر قىزنىڭ سۈرىتىنى ئالاھىدە ئىشتىياقى بىلەن ئەستايىدىل سىزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ گۆشلىرى تىتىلىپ، قان تېمىپ تۇرغان بارماقلىرى تام يۈزىدە خۇددى موي قەلەمدەك ئەركىن ئوينايتتى. يىگىت گويا ھېچقانداق ئاغرىق سەزمىگەندەك، چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويمايتتى. مانا ھايال ئۆتمەي يىگىتنىڭ بارماقلىرىدىن قان چىقماس بولۇپ قالدى. ئۇ شۇئان بەدىنىدىكى قان تومۇرلىرىنى كەستى ـ دە، قولىدىكى پاختا پەلكۈچنى تومۇردىن چىققان قانغا تەگكۈزۈپ، قىزنىڭ سۈرىتىنى سىزىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ سۈرەتنى سىزغانچە ھۇزۇر ھېس قىلاتتى. ئۆيىنىڭ تۆت تېمىدا گۈزەل بىر قىزنىڭ ئوخشاش سىيماسى گەۋدىلەندى. يىگىت تامدىكى سۈرەتكە مۇھەببەتلىك تىكىلدى ـ دە، ئۆز ئەجرىدىن مەمنۇن بولۇپ تاتلىققىنا كۈلدى. بىراق، بۇ كۈلكىنىڭ ئۆمرى بەكلا قىسقا بولدى. ئۇ يەنە ئۆرە تۇرۇشقا قادىر بولالماي ئاستا يىقىلدى ـ دە، جان ئۈزدى. چۈنكى، ئۇ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق قېنىنى تامدىكى ئاشۇ نادىر ئەسىرىنى ئىجاد قىلىشقا سەرپ قىلىۋەتكەندى.

1989 ـ يىلى، يەكەن

# تۈن پەردىسىگە مەدھىيە

مەن تۈن پەردىسىنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك قوينىدا يورۇقلۇقنى، نۇر ـ زىياغا تەلپۈنگۈچىلەرنى تاۋلايدۇ.

مەن تۈن پەردىسىنى سۆيىمەن. چۈنكى، ئۇ تاڭنىڭ يورۇشىدىن، قۇياشنىڭ بالقىپ چىقىشىدىن ۋايىم يەيدىغان زۇلمەت سۆيەر «شەپەرەڭ»لەرنىڭ بەشىرىسىنى ئاشكارىلايدۇ.

مەن تۈن پەردىسىگە ئاشىق. چۈنكى، ئۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقانلارنى يورۇقلۇققا، نۇرغا سىزىك قىلىدۇ.

مەن تۈن پەردىسىگە ئامراق. چۈنكى، ئۇنىڭ رەڭگى مەھكۇملارنىڭ قارىلىق كىيىمىنىڭ رەڭگىگە، جانانىمىنىڭ بوستان چىچىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ.

مەن تۈن پەردىسىنى ھۆرمەتلەيمەن. چۈنكى، ئۇ ھامىنى بىر كۈنى زۇلمەت قوينىدا ھامىلىگە ئايلانغان يورۇقلۇقنى ــ قۇياشنى، نۇر ـ زىيانى تۇغىدۇ.


1992 ـ يىلى، يەكەن

# ۋېناسنىڭ سىرى

— ۋېناس، قولۇڭ نېمىشقا چولاق؟

— بوپتۇ، بۈگۈنگىچە ئاشكارىلانمىغان سىرىمنى ساڭىلا دەپ بېرەي. قولۇمنىڭ چولاقلىقى تەڭداشسىز گۈزەللىكىمگە تەمەننا قويۇپ، سۆيگۈگە ساداقەتسىزلىك قىلغانلىقىمنىڭ يادنامىسى.

1991 ـ يىلى، يەكەن



# ئالتۇن قەسىدىسى

ئالتۇن — سەن سان ـ ساناقسىز ئاتا ـ بالا ۋە ئانىلارنىڭ بەختلىك، تىنچلىق بېغىغا ئۇنگەن شۇمبۇيا.

ئالتۇن — سەن نەچچە يىللىق ئاداۋەتنى قەلبىگە دەپنە قىلىپ ساقلاۋاتقان قىساسكارلارنى بىر جۇۋىدا تەرلەتكەن سېھىرگەر.

ئالتۇن — سەن مىڭلىغان ئادالەتپەرۋەر مەرد ـ باھادىرلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان قاتىل.

ئالتۇن — سەن جانان، سەن شەيتان.

ئالتۇن — سەن تارىختىن بۇيان ئاققان دەريا ـ دەريا قانلارنىڭ قېتىشمىسى...


1991 ـ يىلى دېكابىر، يەكەن

## ئەما I

— ئېھ، تەڭرىم، مال ـ دۇنيايىمنى زىيادە، دۇشمەنلىرىمنى پىيادە قىلىۋالغايسەن. دۇشمەننىڭ ئالدىدا يەرگە قارىغۇلۇق قىلمىغايسەن...

ئۇ پۇتكۇل ئۆمرىدە، ھەر كۈنى ئىككى قولىنى جۈپلەپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەنە ئاشۇ ئىلتىجاسىنى تەڭرىگە بايان قىلاتتى. ئەمما كۆز ئالدىدا جۈپلىنىپ تۇرغان بىر جۈپ قولنىڭ ئاشۇ ئارمانلىرىغا يەتكۈزىدىغان كۈچ ـ قۇدرىتىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيتتى.

1991 ـ يىلى ماي، يەكەن



# ئەما II

مەن ئۇنى غەزەپ بىلەن تىللىدىم:

— ھۇ قارىغۇ!

— مەن قارىغۇ ئەمەس، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، — كۆزۈمنىڭ كۆرمەيدىغانلىقى راست، لېكىن ئەقىل كۆزلىرىم ئۆتكۈر. چۈنكى، مەن خەقنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان، خەق ئۆزىنى مەدھىيىلەتكۈزسە، كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇپ قەسىدىلەرنى توقۇۋېرىدىغان، ئىت كەبى كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، خانىنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتىمەن دەپ جار سالىدىغان ئەمالاردىن مىڭ ھەسسە ياخشى.

— ئېھ، تەڭرىم، بەندىلىرىڭنى كۆزىدىن ئايرىساڭمۇ ئەقلىدىن ئايرىما، — دەپ ئىلتىجا قىلدىم ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە.

1992 - يىلى، يەكەن

# بەخت ۋە بەختسىزلىك

تۈن ـ كېچە، ئەتراپ جىمجىت، پۈتكۈل كائىنات ئېغىر ئۇيقۇدا. بىراق، ئارىلىقىنى ئەللىك سانتىمېتىر قىلىنىلىقتا بىر پاسىل تام ئايرىپ تۇرىدىغان قوشنا ئىككى ئۆيدە ئىككى ئادەم ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلتۈرەلمەي ئاۋارە بولماقتا...

ئۇلارنىڭ بىرسى گويا ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، ھەسرەت ئىلكىدە ئېغىر ـ ئېغىر تىنماقتا، ۋۇجۇدى ئازاب ئوتىدا ئۆرتەنمەكتە، غەمكىن كۆزلىرىدىن مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى سىرغىپ چۈشمەكتە...

يەنە بىرسى ئۆي ئىچىدە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي خۇشاللانماقتا، شۇنچە كەڭ ئۆيمۇ ئۇنىڭغا تارلىق قىلماقتا. ئۇ ھاياجان ئىلكىگە ئۆتۈپ دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتماقتا. كۆڭلىدە شېرىن، لەززەتلىك پىلانلارنى تۈزمەكتە. بەخت دېڭىزىدا ئەركىن غۇلاچ تاشلاپ ئۈزمەكتە... چۈنكى، ئۇ تۆت سائەت ئاۋۋال يولدىن بەش مىڭ يۈەن تېپىۋالغانىدى. ئەسلىدە بۇ پۇلنى ئۇنىڭ دەرد ـ ھەسرەت ئازابىدا پۇچىلىنىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ياتقان ئاراتام قوشنىسى چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

1989 ـ يىلى فېۋرال، يەكەن

# سۇ

## 1

زېمىن تونۇردەك قىزىغان، دەريا ـ ئۆستەڭلەر قاغجىراپ كەتكەن، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى سولغان، زىرائەتلەر قۇرۇشقا باشلىغان، ئادەملەرنىڭ لەۋلىرى يېرىلىپ گەز باغلىغان، ئىتلارنىڭ تىللىرى ئىككى غېرىچ ساڭگىلىغان... پۈتكۈل مەۋجۇداتلار سەكراتقا چۈشكەن بىماردەك ھالسىزلانغان، قۇلىقىمغا تولىمۇ جانسىز ئىڭرىغان بىر نىدا توختاۋسىز ئاڭلانماقتا.

— سۇ...

— سۇ...

— ئاھ، سۇ! ...

## 2

كىچىككىنە شەھەرنى ئىككىگە بۆلۈپ ئۆتكەن ئۆستەڭ قىرغىقىدا قايناق ھايات سىمفونىيەسى ياڭرىماقتا، ئادەملەر خۇشال، ھايۋانلار غەمسىز، دەل ـ دەرەخ، گىياھلار مەغرۇر... پەقەت شەھەرنى ئىككىگە بۆلگەن ئاشۇ ئېقىنلار مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك. گويا ھاقارەتكە، بوزەك ئېتىشكە، دەپسەندە قىلىشقا ئۇچرىغان ئاجىز ئىنساندەك.

ئەنە قاراڭ، كىملەردۇر ئۆستەڭگە ئەخلەت ـ سۇپۇرۇندىلەرنى تاشلىماقتا، ئەۋرەزلەردىكى پاسكىنا غەلدى ـ غەشلەرنى

باشلىماقتا، يۇندىلارنى تۆكمەكتە. ئىت ـ ئېشەكلەر سىيمەكتە، كەچمەكتە، تېزەكلىمەكتە. ئانا سۇتىدەك پاك، زەمزەمدەك سۈزۈك سۇنى بۇلغىماقتا...

ئۆستەڭ يىغلىماقتا، سۇ ئىڭرىماقتا، ئاھ ئۇرماقتا، مۇڭلانماقتا. دەرد ـ ھەسرەتلەرنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئاچچىق تولغىنىپ ئاقماقتا...

## 3

ئېھ، سۇ ! سەن زېمىننىڭ قان تومۇرى، پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ ھاياتلىق ئىلاھى. سەن پاسكىنىچىلىق، پاسىقلىق، مەينەتچىلىكنىڭ كۈشەندىسى. چۈنكى، پاكلىق سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا مۇجەسسەملەشكەن.

سەن بوياقلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى، سەن بىلەن ھايات گۈزەل، زېمىن گۈزەل، تەبىئەت گۈزەل، ئىنسانلار گۈزەل، ھەممە گۈزەل.

## 4

مەن ئادەملەرگە خىتاب قىلىمەن:

سۇنى ئاسراڭلار، قەدىرلەڭلار. زەمزەمدەك پاك، ھەسەلدەك شېرىن ئابىھاياتلار بۇلغانمىسۇن. ھەربىر قەترە سۇنى خۇددى قېنىڭلاردەك بىلىڭلار، ئۇ خورلانمىسۇن.

سۇ زېمىننىڭ جان تومۇرى، سەن ھەم مېنىڭ جان تومۇرۇم.

1989 ـ يىلى ماي، يەكەن

# ئېقىن ۋە قىرغاق

مەن بىر ئېقىن — ئىككى قىرغاقنى كېلىشتۈرگۈچى !

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىككى قىرغاق ئاشىق ئىمىش. ۋىسال كۈنى مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇپ، مەڭگۈ جۇدالىققا مۇپتىلا قىلىغانىمىشمەن. بۇ پۈتۈنلەي ئىغۋا، يالغان گەپ !

گۇناھ ئاشۇ ئىككى قىرغاقنىڭ ئۆزىدە. ئۇلار بىر - بىرىگە يول قويۇشماي، ئارغامچا ئورنىدەك يەرنى تالىشىپ دۈشمەنلەشتى. ئارازلاشتى. شۇنىڭ بىلەن مەندەك بىر ماكانسىز سەرگەردانىنى كېلىشتۈرگۈچى قىلىپ ئارىسىغا ئالدى.

مەن ئىككى قىرغاقنىڭ ئارىسىغا ئۇنگەن شۇمبۇيا !


مەن ئۇلارنى نېمىشقا كېلىشتۈرۈپ قوياي؟! ئۇلار بىرلەشسە، مېنىڭ ماكانسىز قالغىنىم شۇ. شۇڭلاشقا، مەن ئۇلار ئارىسىدا توختاۋسىز ئېقىپ تۇرىمەن. گاھى تەلۋىلىكىم تۇتسا، ئۆزۈمنى ئىككى قىرغاققا ئەجدىھادەك ئۇرۇپ، ماكانىمنى كېڭەيتىمەن. مانا ئەسلىدىكى ئارغامچا ئورنىدەك يەر ئەمدىلىكتە نەچچە ئون مېتىر كېڭەيدى. ئىككى قىرغاقنىڭ ئارىلىقى بولسا بارغانسېرى يىراقلىشىپ باردى. ئۇلار ئىناقسىزلىقى، ئىنسابسىزلىقى، ئاچ كۆزلۈكى، ئىچى تارلىقى تۈپەيلىدىن بىرمۇنچە زېمىندىن زىيان تارتتى.

كىشىلەر ھەقىقىي يېقىنچىلىقنى ئارىلىقىدىن سۇ ئۆتمەسلىك بىلەن ئۆلچىشىدۇ. بىراق، ئەقىلسىز ئىككى قىرغاق ئىناقسىزلىقى سەۋەبلىك، ئارىلىقىدىن مەندەك يوغان ئېقىننىڭ ئۆتۈشىگە يول قويىدى. پىتنە - پاساتلىرىمغا گول بولدى. شۇڭلاشقا، مەن شادلىقتىن ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىمەن، تولغىنىپ

ئۇسسۇل ئوينايمەن. ئىككى قىرغاق بولسا قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ شىرىلداپ مۇڭلۇق يىغلايدۇ.

ئادەملەر بىلىڭلاركى، ئارىلىقىدىن سۇ ئۆتمىگۇدەك مۇستەھكەم يېقىنچىلىق مەڭگۇ شادلىقىنىڭ، خۇشاللىقىنىڭ يىمىرىلمەس ئاساسى !

1989 ـ يىلى ئاۋغۇست، قەشقەر



# ئانا

«ئاھ، مۇقەددەس ئانا، مەن ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىمنى مارجان قىلىپ تىزىپ بويىنۇڭغا ئاسىمەن.»①

ئاھ، مۇقەددەس ئانا، مەن بۈيۈك ئارمانلىرىمدىن خۇددى ھالال سۈتۈڭدەك ئاق لېچەك توقۇپ، ئەزىز بېشىڭغا ئارتىپ قويىمەن.

ئاھ، مۇقەددەس ئانا، مەن ھەر كۈنى ساباھ بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كىرپىكلىرىم بىلەن كۈمۈشتەك ئاق چېچىڭنى تارايمەن. ھاۋائانىمىزنىڭ سۈننىتىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قاشلىرىڭغا ئوسما سىقىپ قويۇپ قويىمەن.

ئاھ، مۇقەددەس ئانا، تومۇزدا سەلكىن شاماللارنىڭ چېھرىڭنى يەلپۈپ، ساپ ۋۇجۇدۇڭغا ئارمانلىق بېغىشلايدىغىنى راست. لېكىن، مەنمۇ مەكتەپ بوسۇغىسىدىن تۇنجى قېتىم ئاتلاپ كىرىپ «ئانام ئاش ئەتتى» دېگەن خەت يېزىلغان مەشىق دەپتىرىمنىڭ ۋاراقلىرىدا يەلپۈگۈچ ياساپ سېنى يەلپۈيمەن.

ئاھ، مۇقەددەس ئانا، ئاشۇنداق قىلسام، مېنى بىر قېتىم ئېمىتكىنىڭگە رازى بولارسەنمۇ؟

ياق، ئانا، ماڭا سىڭدۈرگەن تامام ئەجرىڭ ئۈچۈن رازىلىق تىلەيمەن. شۇ سەۋەبلىك يىگىتلىك غۇرۇرۇم ۋە غەيرەت ـ شىجائىتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، چېكەڭگە بەخت گۈلى قىستۇرماي تۇرۇپ سەندىن رازىلىق سورىمايمەن.

ئاھ، مۇقەددەس ئانا! مەن بارلىقىمنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ، چېكەڭگە بەخت گۈلىنى قىسىپ قويىمەن.

1992 ـ يىلى ماي، يەكەن

---

① بۇ سۆز تاگور نەسرلىرىدىن ئېلىنغان.

# گادىرماچ كۆرۈنۈشلەر

## 1

يىگىت بىلەن قىز قەسەم ئىچىشتى. ئۆزلىرى ئەڭ مۇقەددەس سانىغان نەرسىلەرنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ ۋەدىلەر بېرىشتى.

— سەندىن ئۆزگە ھەرقانداق قىزغا قارىسام، كۆز گۆھىرىم ئېقىپ كەتسۇن، — دېدى يىگىت.

— سەندىن باشقا ھەرقانداق يىگىتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالسام، قۇلىقىم گاس بولۇپ قالسۇن، — دېدى قىز.

ئۇلار دەبدەبىلىك ۋەدىلەردىن كۆڭۈللىرىنى ئەمىن تاپتۇرۇشۇپ خوشلىشاتتى.

— ماڭا ئىشىنىڭ جېنىم، مەن پەقەت سىزنىلا سۆيىمەن، — دەيتتى يىگىت باشقا بىر قىزنىڭ ئەۋرىشىم بېلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

دەل شۇ چاغدا بايىقى قىزمۇ باشقا بىر يىگىتنىڭ قۇچىقىدا غىلجىڭلاپ، يىگىتنىڭ لېۋىگە لەۋ ياقماقتا ئىدى.

## 2

— تېز بول، ساندۇقتىكى پۇلنى چىقار، — دەپ سەت ۋارقىرىدى بۇلاڭچى مومايغا تەھدىت سېلىپ.

— ئىنساپ قىلىسىلا، مەن بىر تۇل خوتۇن، ئۇ پۇللارنى مەن ئاشۇ يالغۇز ئوغلۇمنى ئۆيلەپ قويۇش ئۈچۈن يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى تىيىنلاپ يىغقانىدىم.

بولاڭچى مومايىنىڭ يېلىنىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن، پۇل بار ساندۇققا ئېتىلدى. مومايمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن بولاڭچىغا تاشلاندى. ھايال ئۆتمەستىن موماي كۆكرىكىگە سانجىلغان خەنجەر زەربىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. بولاڭچى ساندۇقنى چېقىپ، پۇلنى ئەپقېچىپ كەتتى. موماي كۆكرىكىدىكى قىپقىزىل قانغا بويالغان خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ سېپىگە قارىدى ـ دە «ئاھ !» دەپ ھەسرەتلىك بىر ۋارقىرىغىنىچە جان ئۈزدى. چۈنكى، موماي ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان بۇ خەنجەرنى بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئوغلىنىڭ يانپىشىغا ئېسىپ قويغانىدى.

## 3

يىگىت خام گۆش قويسا شۇ زامانلا كاۋاپ بولغۇدەك پىژغىرىم ئىسسىقتا دوزاخ ئازابىنى تارتىپ كېسەك تۆكتى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن قارا تەر يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. چېكە ۋە پېشانىسىدىن ئاققان ئاچچىق تەر كۆزىگە كىرىپ ئېچىشتۇراتتى. لىق لاي توشتۇرۇلغان ئېغىر قېلىپ بەللىرىنى يادەك ئېگەتتى. لېكىن، ئۇ زادىلا ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. «تۆككەن كېسەكنىڭ پۇلىغا ئانامغا چوقۇم بىر كۆڭلەكلىك رەخت ئېلىپ بېرىمەن» دەپ خىيال سۈرەتتى يىگىت كېسەك تۆكۈۋېتىپ.

يىگىت كەچتە شۇ كۈنلۈك ئىش ھەققىنى تولۇق ئالدى ـ دە، ھارغىنىغا باقماي بازارغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئانىسىغا كۆڭلەكلىك رەخت ئېلىپ بېرىش ئارزۇسىلا ھۆكۈم سۈرەتتى.

نېمىشقىدۇر يول ئۈستىدە يىگىتنىڭ قەدىمى توساتتىنلا ئاستىلاپ قالدى. ھېلىقى ئارزۇسىمۇ قەدىمىگە ماس غايىب بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى، يىگىتنىڭ كۆزى كوچىدا ئۆزىگە

نازلىق قاراپ تۇرغان گۈزەل بىر قىزغا چۈشكەندى. قىز دەمدەك ئوسما قويۇلغان شالاڭ قاشلىرىنى سەكرىتىپ يىگىتكە يەنە بىر قېتىم كۆز تاشلىدى. مانا ئەمدى يىگىت قىزغا قاراپ تۇرۇۋېرىشكە چىدىيالمىدى ـ دە، ھەممىنى ئۇنتۇپ يانچۇقىدىكى پۇلنى قىزغا مەردلىك، سېخىيلىق بىلەن تۇتقۇزدى.

## 4

قىز ھەسرەتلەندى، ئەركىلىكى تۇتقاندەك مىشىلداپ يىغلىدى. تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ گۈزەل جامالىغا سەپسالدى. ئۇنىڭ چىرايى ھەقىقەتەن ئەپسانىلەردىكى پەرىزاتلارنىڭكىدەك چىرايلىق ئىدى. ئۇ بوغۇلدى، غەزەپتىن تىترىدى، چىشلىرى كىرىشتى. خورلانغان قىساسكاردەك ھۆركىرىدى. چۈنكى، ئۇ يېقىندا قولغا چۈشۈرگەن ئالتىنچى يىگىتنى باغچىدا باشقا بىر قىز بىلەن سەيلە قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرگەندى.

1989 ـ يىلى ئاۋغۇست، قەشقەر



# قۇرت

دوستۇم كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ سارغىيىپ، ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. ئەسلىدىكى يارىمغان كۆتەكتەك مەزمۇت بىر ئادەم مانا ئەمدى قورايغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ــ ئەرۋاھتەك بولۇپ كەتكۈچە دوختۇرغا كۆرۈنسەڭ بولمامدۇ؟ ــ سورىدىم ئاخىر ئۇنىڭدىن.

ــ ھەي، مېنى دوختۇرخانىغا بارمىدى دەمسەن، بىر ئەمەس تۆت قېتىم باردىم. جىمىكى ئەزايى ـ بەدىنىمنى تەكشۈرتتۇم، دوختۇرلار ھېچقانداق كېسەللىك ئالامەتلىرىنى تاپالمىدى، ــ دېدى دوستۇم ئېغىر خورسىنىپ.

ــ يەنە بىر قېتىم تەكشۈرتۇپ باق، ــ دېدىم دوستانە ئۆتۈنۈپ.

ــ مەيلىلا، سەنمۇ بىر دوختۇرغۇ، ئۆزۈڭلا تەكشۈرۈپ باقمامسەن؟ ــ دېدى دوستۇم.


مەن ئۇنىڭ گېپىنى يىرالماي پۈتكۈل ئەزايىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ چىقتىم. ھەتتىگىنەي، ئۇنىڭ كاللىسىدا ئازراق كېسەللىك سەزدىم ـ دە، دوستۇمغا:

ــ كاللاڭنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈپ باقسام قانداق دەيسەن؟ ــ دېدىم. دوستۇم بۇ تەكلىپنى گەپ ـ سۆزسىزلا ماقۇل كۆردى.

مەن دوستۇمنىڭ كاللىسىنىڭ ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى ھالىتىگە قاراپ ھەيران قالدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ مېڭە خالتىسى ــ پۈتكۈل باش قىسمى تولىمۇ غەلىتە بىر خىل پارازىت قۇرت بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن. مەن خېلى ئويلىنىشتىن كېيىن، بۇ

قۇرتنىڭ ئىسمىنى ئېسىمگە ئالدىم. ئۇ يېقىندىن بۇيان ئىنسانلار ئارىسىدا خېلىلا تارقىلىشقا باشلىغان ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇقنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ كەلگەن «... لىق»، «... لىك»تىن ئىبارەت پارازىت قۇرت ئىكەن.

1989 ـ يىلى مارت، يەكەن



# يولۇچى، يول ۋە مەنزىل

مېڭىۋاتىمەن، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىمەن.

ۋۇجۇدۇمدا ئالماس كەبى قاتتىق ئىرادە، مۇھەببەتكە بەرگۈسىز شېرىن ئارزۇ ـ ئارمانلار... يۈرىكىم شىجائەت ناخشىلىرىنى تىنىمسىز توۋلاپ، هارغىن، ماغدۇرسىز پۇتلىرىمغا مەدەت بەرمەكتە.

ئالدىمغا قاراپ، بۈيۈك بىر مەنزىلنى كۆزلەپ مېڭىۋاتىمەن، توختىماي، هاردۇق ئالماي مېڭىۋاتىمەن. يۈرىكىم يولۇمنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتقۇچى بۈيۈك مەشئىلىمدۇر. شۇڭلاشقىمۇ ئاداشمايمەن، مەنزىلىمگە ئاخىر يېتىپ بېرىشىم چوقۇم.

ئېھ، مەنزىللىرىم، ئەسىرلەر بويى مېنى كۈتكىنىڭ راست، هەرگىز ئۈمىد ئۈزمىدىڭ.

مانا، ساڭا يېقىنلىشىۋاتىمەن، ئاخىر بىر كۈن ۋىسال قۇچۇشۇم مۇقەررەر.

ئۆزۈڭ ئالدىمغا كەلمىسەڭمۇ مەيلى، لېكىن ئۈمىدىڭنى ئۈزمە!

1992 ـ يىلى، يەكەن

# ياش ۋە كۈلكە

كۈلدۈم...

سېنىڭ يىغلىغىنىڭنى كۆرۈپ كۈلدۈم، كىرپىكلىرىڭدىن تۆكۈلگەن شەبنەملەرنى قەدەھلەرگە تولدۇرۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئىچتىم.

ئارزۇيۇم — ئاشۇ كۈلكىلىرىم بىلەن سېنى بىر ئۆمۈر يىغلىتىش، كۆز ياشلىرىڭنى شاراب ئورنىدا ئىچىش ئىدى. ئەپسۇسكى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي سەن كۈلكىلىرىمدىن تەسەللى تاپتىڭ، كۆز ياشلىرىڭنى تولدۇرغان قەدەھلىرىم قۇرۇدى. ھە، ۋاقىتلىق قۇرۇدى، كېيىن قەدەھلىرىم يەنە نەملەندى، كۆز ياشلارغا لىقمۇلىق تولدى.

بىلەمسەن؟ بۇ مېنىڭ كۆز يېشىم ئىدى.

بىراق، بۇ چاغدا سەن كۈلمىدىڭ. مېنىڭ كۆز يېشىمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ زىنھار كۈلمىدىڭ. كۆز ياشلىرىمدىن تولغان قەدەھلەرنى قولۇڭغا ئېلىپمۇ قويمىدىڭ.

دىلرەبا، سەنمۇ كۈل... كۆز ياشلىرىمنى بىر ئۆمۈر ئاقتۇرۇش مەقسىتىدە قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ كۈل. كۆز ياشلىرىمدىن ھاسىل بولغان كۆللەردە بېلىق كەبى ئۈز — يايرا. مەنمۇ سېنىڭ كۈلكەڭدىن تەسەللى تاپاي.

يىغلىدىم...

1992 ـ يىلى ئىيۇن، يەكەن

# دوستلۇق رىسالىسى

## 1

سەن بۇرۇنلاردا «ئۇنىڭ تاپىنىغا كىرگەن تىكەن مېنىڭ كۆزۈمگە سانجىلسۇن» دەيتتىڭ. ئۇنىڭ قولىنىڭ قىسقىلىقى، بەختسىزلىكىدىن قايغۇراتتىڭ، ئۇنىڭغا بەخت ۋە ئامەت تىلەيتتىڭ.

ئۇ يولۇققان كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ ھەتتا ئۇنىڭ كىيىملىرىدىكى كىچىككىنە يىرتىق ۋە ياماقلارمۇ سېنى ئازابلايتتى.

بىراق، بۈگۈن ئۇنىڭ ئۇچىسىدا قەددى ـ قامىتىگە خويمۇ ياراشقان يېڭى كىيىملەرنى كۆرۈپ، خۇددى گېلىڭغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك، كۆڭلۈڭ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. يۈرىكىڭ يىڭنە سانجىلغاندەك ۋىژژىدە ئېچىشتى. ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئاشۇ يېڭى كىيىملىرىنىڭ تېزرەك يىرتىلىپ كېتىشىنى، يىرتىقتىن بىر يەرلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىنى ئارزۇلاپ قالدىڭ.

## 2

يەنە سالام بەر، يەنە ھۆرمەت قىل، يەنە تەزىم بەجا كەلتۈر دەمسىنا؟

ئاشۇ ھۆرمەتلىرىم يەتمىدىمۇ؟

تەمە، شۆھرەت، پوچىلىق، داغۋازلىق، مەنمەنچىلىك، نام ـ ئاتاق، سۆلەتۋازلىق... ئارمانلىرى ئەسىر ئالغان يۈرىكىڭ ئاشۇ

ساپ، ھەقىقىي دوستلۇق ھۆرمەتلىرىمگە قانائەت قىلمىدىمۇ؟
ئەپسۇس...
چەكتىن ئېشىپ كەتكەن تەلەپلىرىڭنى قاندۇرۇشقا ئاجىزمەن، دوستۇم. چۈنكى، مەن ئاتىلار نەسىھەتى: «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئېسىمدە مەھكەم ساقلىغان.
رەنجىمە، تەزىم، ھۆرمەتكە سېزىك ئىنسان !

3

بوينۇڭغا مىنىمەن دەمسىنا؟
خوش، ئۇنداقتا مەن سېنىڭ تۇزلۇقۇڭنى چاقىمەن.

4

ماڭا رەقىب بولماقچىمۇ؟
ئۇنداقتا قابىلىيەت، ماغدۇرۇڭنى دەڭسەپ كۆر. ئەڭ ياخشىسى بىر مەزگىل بىلىم ئال.
سەۋەبىنى سوراۋاتامسەن؟
ئاڭلا:
مەن ئەقىللىك، قۇدرەتلىك رەقىبكە ئامراق. چۈنكى: «نادان دوستتىن ئەقىللىك رەقىب ياخشى !»

1992 ـ يىلى ئاپرېل، يەكەن

# سەدىقە

ئۇ ئىنتايىن بىچارە ئىدى. كىيىم ـ كېچەكلىرى يېپيېڭى، چىرايى سولغۇن، بىر جۈپ غەمكىن كۆزى ساڭا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەنىدى.

— ئېھ سىخىي، ماڭا سەدىقە بەرسىڭىزچۇ.

سەن ئۇنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان بۇ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ، قويۇن يانچۇقۇڭدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ تەڭلىدىڭ. بىراق، ئۇ ئالمىدى. سەن تېڭىرقىدىڭ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدىڭ. ئۇنىڭ بىچارە كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى تېخىچە مەۋجۇت ئىدى. سەن قولۇڭدىكى پۇلنى ئاۋۇتتۇڭ. ئۇ پۇلنى ئېلىشنى يەنىلا رەت قىلدى.

— ھۆرمەتلىك سىخىي، ماڭا پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى باشقا كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزدىن بىر ئۇلۇش سەدىقە بەرسىڭىز، — دېدى ئۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ چىرايىڭ تاتىرىپ كەتتى. كۆزلىرىڭ نومۇس، خىجالەت ئىلكىدە يەرگە تىكىلدى. پۇل تۇتۇپ تۇرغان قولۇڭ تىترىدى.

1992 ـ يىلى ماي، يەكەن

# جانان ــ يۈرەك

ئامرىقىم، سەن قەيەردە؟

مەن سېنى رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە پۈركەنگەن دالالاردىن ئىزدىدىم. دالا گۈللىرى: «ئۇ هازىرلا يېنىمىزدىن كەتتى، بىز ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلدۇق» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

گۈزىلىم، سەن قەيەردە؟

مەن سېنى دەريا ساھىللىرىدىن ئىزدىدىم، دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان زۇمرەت ئېقىنلار: «ئۇ ھېلىلا بىز بىلەن خوشلاشتى. ئۇ بىزگە گۈزەللىك ناخشىسى بىلەن پاكلىقنى سوۋغا قىلىپ كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

چىرايلىقىم، سەن قەيەردە؟

مەن سېنى قاپتاللىرى ياپيېشىل ئارچا، قارىغاي ۋە ياۋا ئالمىلار بىلەن ئورالغان ئاق باش تاغلاردىن سورىدىم. «كەتتى، هازىرلا كەتتى. ئۇ ۋۇجۇدۇمدىكى قەيسەرلىك، بۈيۈكلۈك، يىمىرىلمەس چىداملىقتىن ئەندىزە ئېلىپ هازىرلا كېتىپ قالدى» دەپ جاۋاب بەردى تاغلار.

دىلبىرىم، سەن قەيەردە؟

مەن سېنى بوستان چاچلىرىڭدەك يۇمشاق، راھەتلىك تاڭ شاماللىرىدىن سورىدىم. «پۈرىۋال، قانغۇچە پۈرىۋال، ئۇ بىزگە ئەنبەر تىنىقىنى سوۋغا قىلدى. ياقۇت لېۋىدىن سۆيۈۋېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلدى» دەپ جاۋاب بەردى شاماللار.

جانانىم، سەن قەيەردە؟

مەن سېنى قۇياشتىن سورىدىم. «راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا خىجىللىق ۋە ھەسەتتىن بۇلۇتلار

ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدىم. شۇڭا، قاياققا كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى قۇياش.

مەن سېنى ئىزدەپ ھالىمدىن كەتتىم. لېكىن، ھېچقانداق تەۋرەنمىدىم. بار ئاۋازىم بىلەن يەنە توۋلىدىم.

— كۆيگىنىم، سەن قەيەردە؟

— ئاھ، ساھىبقىرانىم، مەن بۇ يەردە.

سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ بەخت قۇچىقىدا بىھوش بولدۇم.

سەن ئەسلىدە يۈرىكىمدە ئىكەنسەن ئەمەسمۇ گۈلۈم.

1992 ـ يىلى ماي، يەكەن

# مەڭگۈلۈك ھىجران

سېنى تۈنجى قېتىم ئۇچراتتىم.

نىگاھىڭدىن ئېتىلغان ئىشق ئوقى يۈرىكىمدە ئۇخلاپ ياتقان سۆيگۈ ئىلاھىنى ئويغىتىۋەتتى.

دىۋانە بولدۇم.

قېشىڭغا سەدىقە تىلەپ باردىم.

بىراق، سەن ماڭا پەرۋامۇ قىلمىدىڭ. ئەكسىچە باشقىلار بىلەن بىچارە نىگاھىمغا دەسسەپ تۇرۇپ تانسا ئوينىدىڭ.

يۈرىكىمدە قان تەپچىرىدى.

سېنى ئۇنتۇشقا تىرىشتىم. نىگاھىمدىن بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان خورلۇق، ھىجران ياشلىرى بىلەن كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمنى سەگىتتىم. «مىڭ يىللىق» ھىجران ئازابى ۋۇجۇدۇمنى قايتىدىن تاۋلاپ چىقتى.

تۇيۇقسىز سېنى يەنە ئۇچراتتىم. ياپراقلىرىڭ سولغان، بەرگىلىرىڭ توزۇشقا باشلىغان، سەيياد نىگاھىڭ تولىمۇ بىچارە ئىدى. سەن دىۋانە بولغانىدىڭ. مەندىن سەدىقە تىلىدىڭ. كۈز ياپراقلىرىدەك تىترەپ تۇرغان ئالقىنىڭغا يۈرىكىمنى قويدۇم. سەن شۇ ھامان ئۆلدۈڭ. لېكىن، نىگاھىڭدىن غىل - پاللا بالقىغان سۆيگۈ ئۇچقۇنى قارىچۇقۇمدا قېتىپ قالدى.

1992 - يىلى ماي، يەكەن

# سۆزۈك

ـــ شائىر مەمتىمىن توختىنىياز (سۆزۈك)غا مەرسىيە

سۆزۈك دېمەكلىك ـــ ساپ دېمەكلىك.
سۆزۈك دېمەكلىك ـــ ھەقىقىي دېمەكلىك.
سۆزۈك دېمەكلىك ـــ پاك دېمەكلىك.

چۈنكى، ھاي ـ ھاي تېرەكنى ھازىرغىچە ياشارتىپ ئېقىۋاتقان نورۇز بۇلاقىنىڭ سۈيىمۇ سۆزۈك، خوتەننىڭ دۇنياغا داڭلىق قاشتېشىمۇ، ئانا يۇرت سىمۋولى ـــ قار بىلەن چۈمكەلگەن تەڭرىتېغىنىڭ چوققىسىمۇ سۆزۈك. كۆئېنلۈن تېغىنىڭ بەستىدىكى كۆپكۆك مۇزلارمۇ، مۇسىبەت ئېگىزىنىڭ كۆزىدىن ئاققان جۇدالىق، غەزەپ، قايغۇ... ياشلىرىمۇ سۆزۈك.


شۇنداق، ساخاۋەتلىك قۇياشنىڭ ھاياتبەخش نۇر تالالىرىمۇ، ئاشۇ نۇر تالالىرى چاقنىغان گۈل بەرگىلىرىدىكى شەبنەملەرمۇ سۆزۈك.

ياشلىما، دىلبىرىم، ئاھۇ كۆزۈڭنى ياشلىما. راست ئېيتىسەن. «سۆزۈك» ئارىمىزدىن كەتتى، بىز بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. ئۇنىڭ كىر قونمىغان، داغ چۈشمىگەن سۆزۈك ۋۇجۇدى سۆيۈملۈك ئانا تۇپراق قوينىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ بىزگە «ئىلھام چېچەكلىرى»نى «يادىكار» قىلدى دەمسىنا، دىلبىرىم؟ شۇنداق، ئۇنىڭدىن بىزگە ئېسىل ئىنسانىي خىسلەت، ھەقىقىي ئەدىبلەرگە خاس پەزىلەت مىراس قالدى.

كىرپىكلىرىڭدىن سۆزۈك قەترىلەر تۆكمىگىن، دىلبىرىم. «سۆزۈك» ئەمدى يوق دەمسىنا؟ مەيۈسلەنمە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى

تۇپراققا كۆمۈلگىنى بىلەن، سۈزۈك ئالماستىن قاتۇرۇلغان گىگانت ھەيكىلى ھەرقاچان قەلبىمىزدە. شۇنداق، سۈزۈكنىڭ بۈيۈك ھەيكىلى قەلبىمىزدە. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ سۈزۈك ھەيكىلىنى ئاللىقاچان سىنىڭ، مىنىڭ، ئۇنىڭ قەلبىگە قاتۇرۇپ بولغان.



# كۆچكەن ئاشقلىق

يىگىت ئۇ قىزغا راستلا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. يىگىتنىڭ نەزىرىچە ۋىناسمۇ ئۇ قىزنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى.

يىگىت قىزغا ئاخىر سۆيگۈ ئىزھار قىلدى.

— ۋەسلىمگە يېتىشنى راستلا نىيەت قىلغان بولسىڭىز گۈل تېرىڭ. ھەممە پەسىلدە گۈل ئېچىلىپ تۇرىدىغان بىر گۈلزارلىق بىنا قىلىڭ، — دېدى قىز يىگىتكە شەرت قويۇپ.

يىگىت قىزنىڭ گۈزەل جامالىغا يەنە بىر قېتىم تەلمۈرۈپ قارىۋالدى - دە، ئۇنىڭ شەرتىنى ئادا قىلىشقا ئۇن - تىنسىز كىرىشىپ كەتتى.

ئايلار ئۆتۈپ، يىل توشتى. يىگىت پۈتكۈل زېھنىنى، ئەقىل - پەمىنى گۈلزارلىققا سەرپ ئەتتى. يېڭىدىن - يېڭى، سورتلۇق گۈللەر يېتىشتۈردى. ئاخىر ھەر پەسىلدە دەۋر قىلىپ گۈل ئېچىلىپ تۇرىدىغان تولىمۇ كۆركەم بىر گۈلزارلىق ياسىدى. بىراق، قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ شەرتىنى ئادا قىلىپ بولغانلىقىنى ئېيتمىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى ئاشۇ گۈلزارلىقتىكى گۈللەر بىلەنلا ئىدى.


يىگىتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تاقەتسىزلەنگەن قىز ئاخىر گۈلزارلىققا ئۆزى باردى. ئارزۇسىدىكىدىن نەچچە ھەسسە زىيادە بىنا قىلىنغان گۈلزارلىقنى كۆرۈپ، ئەقلى لال بولدى.

— ئەقىل - پەمىڭىزگە، ئەجرىڭىزگە ئاپىرىن، مەن سىزگە قايىلمەن. بۈگۈندىن سىزگە تەئەللۇق. ئەمدىكى ئارزۇيۇم بۇ گۈلزارلىقتا پەقەت ئىككىمىزلا سەيلە قىلساق.

— كەچۈرۈڭ، بۇ گۈلزارلىق خەلقىمىزگە مەنسۇپ، — دېدى

يىگىت جاۋابەن ۋە كەتمىنىنى دولىسىغا ئالغىنىچە گۈلزارلىققا يول ئالدى. يىگىتنىڭ بۇ جاۋابىدىن قىزىلگۈل بەرگىدەك تاۋلانغان قىز ئۆنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ئۆنى قولتۇقلىۋالدى.

1991 ـ يىلى ماي، يەكەن



# ئەتە...

ئۇ تەشتەكتىكى گۈلگە سۇ قۇيۇۋېتىپ، گۈل ياپراقلىرىغا چۈشكەن قۇرتلارنى كۆردى ـ دە، ئەتە دورا چاچىمەن دەپ ئويلىدى.

بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. گۈل غوللىرىدا قۇرتلار مىغىلداشقا باشلىدى. ئۇ ياپراقلارنىڭ سارغىيىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەتە چوقۇم دورا چاچسام بولغۇدەك دەپ ئويلىدى.

يەنە بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تەشتەكتىكى گۈل غۇنچە پېتىچىلا قۇرۇشقا باشلىدى. ياپراقلار سارغىيىپ تۆكۈلدى. ئۇ بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە ئەتە... دەپ ئويلىدى.

1992 ـ يىلى، يەكەن

# ئاتەش

چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ چاڭگىللىشىپ كەتكەن، لەۋلىرى تەشنالىقتا چاك ـ چاك يېرىلغان، توغراق شېخىدىن ياسىغان ھاسىغا تايىنىۋالغان ئاشىق يىگىت. ئۇ ۋىسال مەنزىلىگە يېتىش مەقسىتىدە پىژغىرىتىم ئاپتاپتا قوقاسقا ئايلانغان قۇمنى ئوشۇقىغىچە كېچىپ ئىلگىرىلىمەكتە...

چەكسىز قۇم بارخىنى دوزاخ ئوتىغا ئايلانغان. ئۇلار خۇددى ئوت پۈركۈشۈپ ئېلىشىۋاتقان رەقىبلەردەك ھەر تىنىقىدىن قۇياش پۈركەيدۇ.

قۇم بارخىنى دەيدۇ:

— ئەخمەق، مېنىڭ چاڭگىلىمدىن قۇتۇلىمەن دەپ ئويلىما، مۇشۇ كۈنۈڭگە شۈكۈر قىل، بەربىر ئارزۇيۇڭ ۋىسال تاپمايدۇ.

يىگىت دەيدۇ:

— سەن چەكسىزلىكىڭگە ئىشىنىپ ئۆنچە كۆرەڭلەپ كەتمە. كۆرۈۋاتامسەن قولۇمدىكى ھاسىنى. ئۇ سېنىڭ دوزاختەك چاڭگىلىڭدا قەيسەرلىك بىلەن ياشىرىپ تۇرغان توغراق نوتىسى. قارىماققا سەن غالىب، ئەسلىدە بولسا مەغلۇپ. ھامىنى بىر كۈنى شەرمەندە مەغلۇبىيىتىڭگە تەن بېرىسەن. ئۇ مېنىڭ بەختلىك ۋىسال شارابى ئىچكەن كۈنۈم بولىدۇ. بەرھەقكى، سەن پەقەت ۋىسال قۇچۇش يولۇمدا ۋاقىتلىق رەقىب بولالايسەن!

1991 ـ يىلى، يەكەن


# مىراس

مەن سەكراتتا ياتقان دادامدىن سورىدىم:
— دادا، مىراسخورۇڭ كىم؟
ئۇ سوئالىمنى ئاڭلاپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى ھېسابسىز مال ـ دۇنيا قاچىلانغان ساندۇققا تىكتى ـ دە، جىم بولۇپ قالدى. مەن يەنە سورىدىم:
— دادا، مىراسخورنى بەلگىلىۋەت.
ئۇ قولۇمدىكى سومكىغا، ئېسىل ئۇستىباشلىرىمغا نەپرەتلىك چەكچەيدى. سومكىدىكى پۇل ئۆزۈمنىڭ ئىدى. دادام ئېسىل كىيىم ـ كېچەككە ئانچە بېرىلمەيتتى. پىخسىقلىق قىلىپ ماڭىمۇ تۈزۈك كىيىم ئېلىپ بەرمەيتتى. بىلدىمكى، ئۇ ئەزرائىل ئالدىدا تۇرۇپمۇ كۆزلىرى ئارقىلىق ماڭا كىيىم ـ كېچەككە پۇل بۇزۇپسەن، دەپ كايىۋاتاتتى. مەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، مۇستەقىل يول تاپالايدىغان بولغىنىمدىن تارتىپ كايىشقا باشلىغان. بۇ ئىشقا باش قاتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس. مۇھىمى مىراس! ئاتىنىڭ مىراسىغا ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىدۇ. شۇڭا، تېزرەك تۈتۈش قىلىش كېرەك. گەرچە بۇ يىل ئىچىدە دادام بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمىغان بولساممۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭ قانۇنلۇق ئوغلى، جامائەت ئالدىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئېلىۋېلىشىم شەرت.
مەن دادامنىڭ قۇلىقىغا توۋلاپ تۇرۇپ يەنە سورىدىم:
— دادا، ئېيتقىنا، مىراسخورۇڭ زادى كىم؟
تۆيۈقسىز قاتتىق تەگكەن تەستەك زەربىسىدىن بېشىم يان

ئۆينىڭ دېرىزىسى تامان قىڭغىيىپ قالدى. قارىسام ئۆيىمىزنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قوشنا بولغان قەدىمىي باشلانغۇچ مەكتەپ خۇددى غېرىب - مىسكىنلەرنىڭ كەپىسىدەك ۋەيرانە تۇرۇپتۇ. دادامنىڭ كۆزلىرىمۇ ئاشۇ مەكتەپكە قادىلىپ قاپتۇ.

مەن شۇندىلا بۇ ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنيانىڭ ھەقىقىي مىراسخورىنى بىلىۋالدىم.

1991 - يىلى، يەكەن



# بۇلبۇلنىڭ ئېيتقانلىرى

مەن گۈللەرنىڭ ئاشىقى. خۇدا مېنىڭ دىلىمغا بىرلا گۈلنىڭ ئەمەس، بەلكى تۈمەنلىگەن گۈللەرنىڭ ئىشتىياقىنى سالغان. شۇڭلاشقا، مېنىڭ تامام ۋاقتىم گۈل شېخىدا ئۆتىدۇ.

باھار، مېنىڭ ئەڭ سەمىمىي سادىق دوستۇم. قىش ۋە كۈز ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم.

مېنىڭ گۈلسىز ئۆتكەن چاغلىرىم ئۆلۈمگە تەڭ. شۇڭلاشقا، مەن كۈز شەپىسى كېلىپ، سۆيۈملۈك گۈللىرىمنى ئۈششۈتۈپ نابۇت قىلىشقا باشلىغان چاغدا دەرھال سايراشتىن، ناخشا ئېيتىشتىن توختايمەن. باشقىلار مېنى ۋاپاسىز، گۈل شېخىدا ئولتۇرۇپ پۇراشنى بىلىدۇ، قىزىلگۈل بەرگىلىرى تۇزۇشقا باشلىغان ھامان باشقا گۈللەرگە قونۇۋالىدۇ، دېيىشىدۇ. راست، ماڭا ئوخشاش، ئېچىلىپ تەييار بولغان گۈللەرنى پۇراپ ئادەتلەنگەنلەر ئۈچۈن، سولىشىپ، تۇزۇپ، قۇرۇشقا باشلىغان گۈللەر تۇۋىدە تەلمۈرۈپ تۇرۇش بىمەنىلىك!


ھايات چەكلىك، ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە. مەن گۈلگە ئاشىق، بىراق بىر تاللا گۈلگە ئەمەس، بەلكى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن گۈللەرگە ئاشىق. مېنىڭ ھاياتىمنىڭ لەززىتى دەل ئەنە شۇنىڭدا.

مانا بۇ مېنىڭ ناخشام، كېچە - كۈندۈز توختاۋسىز ئېيتىدىغان تۈگىمەس ناخشام!

مىڭ ئەپسۇس، بىچارە ئادەملەر بۇ سىرنى بىلمەيدۇ. مېنى قىزىلگۈل ئىشقىدا ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، مېنى

قەدىرلەيدۇ، ئەتىۋارلايدۇ ھەتتا چوقۇنىدۇ.
ئېھ، بۇ نېمىدېگەن كۈلكىلىك ـ ھە !

1989 ـ يىلى، قەشقەر



# ھايات يولى

پۇتۇم باسماس، قولۇم تۇتماس بولۇپ قالغان چاغدا، ئۇ ماڭا خەيرخاھلىق قىلىپ ئىچ ئاغرىتتى. داڭدار تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىپ كېسەللىكىمنى كۆرسەتتى. مەن ئۇنى «شاپائەتچىم» دەپ ئاتىدىم.

تېۋىپلارنىڭ جان كۆيدۈرۈپ داۋالىشى بىلەن سەللىمازا ساقايدىم. ئۇ بىر دەستە گۈل بىلەن مېنى تەبرىكلىدى. مەن ئۇنى دوستۇم دەپ چاقىردىم.

ئەمدى كېسەللىكتىن قۇتۇلۇپ، ھاياتلىق يولىدا ئۇنىڭ بىلەن دوستانە بەيگىگە چۈشتۇم. تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم.

مەن كەينىمگە قاراپ، ئۇنىڭ خېلىلا يىراقتا ئالدىرىماي كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توۋلىدىم:

— تېزرەك ماڭساڭچۇ، جانجىگىرىم، مەنزىلگە بىرلىكتە بۇرۇنراق يېتىپ بارايلى.

— يوقال كۆزۈمدىن! كىم سېنىڭ جانجىگىرىڭ ئىكەن؟

بۇ كۈتۈلمىگەن جاۋاب زەربىسىدىن دۇملا يىقىلدىم. بىراق، يەنە دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

دېمەككى، ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى مىنۇتسېرى يىراقلاشماقتا ئىدى.

1992 - يىلى، يەكەن

# غا ...

## 1

ئەي گۈزەل ــ جادۇ كۆزلۈك، ئانار يۈزلۈك... سەرۋى قامەتلىك دىلبەر، ئېيتقىنا، قەلبىڭگە يەنە قانچە يىگىتنىڭ سۆيگۈسى سىغىدۇ؟!

## 2

دوستۇم، سىڭلىڭنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغانلىقىنى بىلگىنىڭدە، ۋۇجۇدۇڭنىڭ غەزەپ ـ نەپرەت گۈلخانلىرى بىلەن ئۆرتەنگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىڭدىمۇ؟ بەلكىم سىڭلىڭنىڭ قانداق روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئازابلار ئىلكىدە ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ، ئۈزۈپ تاشلىۋەتكەن گۈلدەك سولىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

دوستۇم، سىڭلىڭنىڭ باشقىلارنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق بولغىنىغا ئوخشاش، سېنىڭ قولۇڭدىمۇ «قورچاق»قا ئايلانغان ئاشۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل قىزلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ باقتىڭمۇ؟

## 3

ئەي يىگىت، ئۆزۈڭ ياپياش، يەتتە ئەزايىڭ بېجىرىم تۇرۇپ بىر بۇردا نان ئۈچۈن ياشانغان بىر مەزلۇمغا بىچارىلىك بىلەن قول سوزۇشتىن ئۇيالساڭچۇ؟

## 4

دوستۇم، قولۇڭدا شاراب رومكىسى، ئېزىقىڭدا پاقلان كاۋىپى، ئۆزۈڭ قاۋاقخانىدا گويا بايۋەچچىلەردەك ئويناپ ـ كۈلۈپ «ياشلىق» پەيزىنى سۈرۈۋاتقىنىڭدا، ئۆيۈڭدە موھتاجلىق دەردىدە غېرىبسىنىپ، بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرۇپ قالغان بىچارە ئايالىڭ بىلەن ئوغلۇڭنى ئېسىڭگە كەلتۈرۈپ قويامدىغانسەن؟!

1988 ـ يىلى، يەكەن

# ئەزرائىلنىڭ ئېيتقانلىرى

ۋۇجۇدى سۇيىقەست، رەزىللىك، مۇناپىقلىق، ئاچ كۆزلۈك، تۆھمەتخورلۇق ... لاردىن مۇستەسنا ئادەملەر ھەقىقەتەن سەرخىل، ياخشى ئىنسانلاردۇر. مەن ئۇچۇن ئۇلارنىڭ جېنىنى ئېلىش، ھاياتىغا خاتىمە بېرىش ھېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس. لېكىن، يامانلارنىڭ جېنىنى ئېلىش تولىمۇ بېشىمنى قاتۇرىدىغان ئىش. چۇنكى، ئۇلار كۆپ ھاللاردا مېنىمۇ ئالداپ قويىدۇ.

بۇ جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى ياخشىلار قاپلىغان بولسا، مەنمۇ خاتىرجەم مەجبۇرىيەت ئادا قىلغان بولاتتىم.

يامانلارغا لەنەت !

1991 ـ يىلى، يەكەن




# ئۈچ بۇرجەك هايات

مەن نەچچە يىل مېھنەت قىلىپ ساڭا ئاتاپ چىرايلىق بىر گۈلزارلىق بىنا قىلدىم.

سەن گۈلزارلىققا كەلدىڭ ـ دە، ھەر خىل گۈللەردىن چىرايلىق بىر گۈلدەستە تىزىپ، ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدىڭ.

1991 ـ يىلى، يەكەن



# ۋىسال

**1**

سەن بەخت، سەن ئامەت.
سەن بايلىق، سەن ئاپەت.

**2**

سەن كۆلپەتلىك داۋانلاردىن ئاشقاندىلا ئاندىن يەتكىلى بولىدىغان بەخت ماكانى. شۇڭلاشقا، سەن پەقەت شىجائەت كەمرى باغلىغانلارغىلا مەنسۇپ.

**3**

سەن بۈيۈك. سەن ئۇلۇغ — شارابى ئەنتەھۇرغا تەڭ.

**4**


سەن سۆيگۈنى مال ـ دۇنياغا تېگىشكۈچىلەر ئالدىدا تولىمۇ ئەرزىمەس نەرسە.

1991 ـ يىلى، يەكەن

# ناخشا

بىردىنلا ناخشىچى بولغۇم كېلىپ قالدى. مەقسىتىم، ئاجايىپ ناخشام ئارقىلىق خالايىقنى ھەيرەتتە قالدۇرۇش، نام ـ ئاتاق، پۇل تېپىش ئىدى. ئەپسۇس، مېنىڭ ناخشامنى تىڭشايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ ناخشىسىنى ئالتۇن بېرىپ ئاڭلاشقا رازى بولۇشتىكى، لېكىن مېنىڭ ناخشامنى بىكارغىمۇ ئاڭلىمىدى. مەن ناخشامنى ئاڭلاشنى خالايدىغانلارغا ئاقچا بېرىدىغانلىقىمنى جاكارلىدىم. شۇ ئانلا ئەتراپىمدا توپ ـ توپ ئادەملەر ھازىر بولدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گاس ـ گاچىلار ئىدى.

1991 ـ يىلى، يەكەن



# مەھبۇسلار

ئامرىقىم، مەن تەڭداشسىز ئايجامالنىڭ ئەسىرى؛ سەن ماڭا تەئەللۇق ئاشۇ ھېسابسىز مال - دۇنيانىڭ مەھبۇسى.

1991 - يىلى، يەكەن



# بۆشۈك

سەن — تەرىپلەشكە ئىنسان تىلى ئاجىزلىق قىلىدىغان، جەننەتۇل رىزۋاننىڭ تېڭى.

سەن ئاشۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ قورسىقى — ئىللىق باغرى.

سەن يىغلاڭغۇ بوۋاقنى يەڭگىل تەۋرىتىپ، ئۇيقۇغا ئەسىر قىلىسەن.

سەن گاھىدا ئۇخلاپ قالغان بوۋاقنى قاتتىق تەۋرىتىپ ئويغىتىۋېتىسەن.

سەن سېنى باغاشلاپ چوڭ بولغان بوۋاقلارغا ھەقىقانىيەت ئۆگىتىسەن.

1991 - يىلى، يەكەن



# زەرەپشان

## 1

مەن مۇقەددەس ئانا تۇپراق قوينىغا ئاپىرىدە بولۇپ ھاياتلىققا كۆز ئاچقىنىمدا، نەلەردىندۇر كېلىۋاتقان، كىشىگە كۈچ ـ غەيرەت بېغىشلايدىغان، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىققا چاقىرىدىغان جاراڭلىق، جەڭگىۋار بىر مۇزىكا ساداسىنى ئاڭلىغاندەك؛ ھالال مېھنىتىدىن مەرۋايىت تامچىلارنى ئاقتۇرۇپ، تارىخ بېتىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇۋاتقان ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، ھەيۋەت بىر قوشۇننى كۆرگەندەك بولدۇم ـ دە، دەرھال بېرىپ ئاشۇ قوشۇنغا قېتىلماقچى بولدۇم. لېكىن، شۇنچە كىچىكىمۇ ئۆزۈمنى زادىلا مىدىرلىتالمىدىم. پۇت ـ قوللىرىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك قىمىر قىلىپمۇ قويمايتتى. شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ ئاجىز، نىمجان ئىكەنلىكىمنى سەزدىم ـ دە، ھېلىقى ھەيۋەتلىك قوشۇنغا قېتىلالمىغانلىقىمدىن ئىنتايىن ئېغىر نومۇسقا مۇپتىلا بولۇپ، بۇ ئەلەمگە چىدىماي ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلىۋەتتىم. دەل شۇ چاغدا كۈچلۈك بىر قول مېنى يەردىن يۇلۇۋالدى ـ دە، سۈپسۈزۈك ئىلمان سۇ قاچىلانغان يوغان بىر داسقا سېلىپ، باش ـ كۆزلىرىمنى پاكىز يۇدى. ئاشۇ قەتىردىن ئاغزىمغا بىرنەچچە تېمىم تېمىتتى. بۇ سۈيۈقلۇق تولىمۇ تاتلىق ئىدى. بۇ چاغدا مەن ۋۇجۇدۇمغا يېڭىدىن بىر ھەسسە كۈچ ـ قۇدرەت قوشۇلغانلىقىنى سەزدىم ـ دە، يىغامنى توختاتتىم.

مەن شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئانامنىڭ ئاپپاق سۈتىگە قوشۇپ، ھېلىقى سۈيۈقلۇقتىن ئاز ـ ئازدىن ئىستېمال قىلىپ تۇردۇم. ھەر قېتىم ئۇ سۈيۈقلۇقنى ئىچكىنىمدە ۋۇجۇدۇمغا بىر ھەسسە

كۆچ ـ قۇدرەتنىڭ قوشۇلغانلىقىنى سېزەتتىم. ھېلىقى مۇزىكا ساداسىمۇ ھەردائىم قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپلا تۇراتتى.

شۇ يوسۇندا نەچچە باھارنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىنلا، ۋۇجۇدۇمغا كۆچ ـ قۇدرەت بېغىشلايدىغان بۇ سۆيۈقلۇق بىلەن ھېلىقى مۇزىكا ساداسىنىڭ ھەقىقىي سىرىنى ئاندىن بىلدىم.

ھېلىقى جاراڭلىق مۇزىكا ساداسى ـــ ئانا دەريا زەرەپشاننىڭ مول سېھرىي ھېسسىياتلارغا تولغان ھەيۋەتلىك شارقىراشلىرى ئىكەن. ھېلىقى سۆيۈقلۇق بولسا ئۇنىڭ زەمزەمگە ئوخشاش ئابىھاياتلىرى ئىكەن.

## 2

مەن ھېلىقى سېھرىي مۆجىزاتلارنىڭ ئەسلىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ۋۇجۇدۇمدا ئاشۇ مۇقەددەس ئەزىم دەريا زەرەپشاننىڭ قاينام ئۆركەشلىرىنى كۆرۈش، مۇزىكىغا ئوخشاش شارقىراشلىرىنى يېقىندا تۇرۇپ ئاڭلاش، زەمزەمگە ئوخشاش ئابىھاياتلىرىدىن قانغۇچە ئىچىش، ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرىدا بىلەكلىرىم تالغۇچە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈش... ئارمانلارغا سېزىك بولۇشقا باشلىدىم.

ئاخىر ئارزۇيۇمغا يەتتىم.

زەرەپشان مېنى شوخ، جاراڭلىق، دىللارغا ھۇزۇر، ئىلھام، كۆچ ـ قۇدرەت بېغىشلايدىغان ھېسسىياتقا باي، مول مەزمۇنلۇق شارقىراشلىرى ئارقىلىق قىزغىن كۈتۈۋالدى. مەن ئۇنىڭ كۆمۈشتەك يالتىراق رۇخسارىغا، گۈزەل قىز كۆكسىگە ئوخشاش ئۆركەش ـ دولقۇنلىرىغا قارىغىنىمچە ھاياجىنىمنى باسالماي خىتاب قىلدىم:

ـــ ئېيتقىنا، ئېھ ئەزىم دەريا، سېنىڭ كۆيلىرىڭ نە ۋەجىدىن مەڭگۈ جاراڭلاپ تۇرىدۇ؟

زەرەپشان مەغرۇر جاۋاب بەردى:

— چۈنكى، مەندە توختاۋسىز ياڭراۋاتقان بۇ مۇزىكا ساداسى تارىخ سەھنىپىسىدە ئۆچمەس ئىزلار قالدۇرۇۋاتقان مېھنەت سۆيەر مەردلەرنىڭ جەڭ مارشىدۇر.

— ئېيتقىنا، ئېھ ئەزىم دەريا، سېنىڭ ئېقىمىڭ نېمە ئۈچۈن مەڭگۈ توختىمايدۇ؟

— چۈنكى، مەن ئانىلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئانىسى — يەر ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېتىلىپ چىققان مېھىر بۇلىقىنى مەنبە قىلغان. ئەي ئىنسان، بىلگىنكى، ئانا مېھرى مەڭگۈ ئېقىپ پۈتمەس بولاقتۇر.

زەرەپشاننىڭ جاۋابى ھاياجىنىمنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. مەن ئۇنىڭغا بار ئاۋازىم بىلەن يەنە خىتاب قىلدىم:

— بىلدىم، ئەي ئەزىم دەريا، سەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلمەسكى، سېنىڭ كۆيۈك ئىنسان روھىنىڭ تۈگىمەس مەنبۇى مادارى. ھەربىر قەترەڭ ئىنسان ۋۇجۇدىغا كۈچ - قۇدرەت بېغىشلايدىغان ئابىھايات. مەن بۈگۈندىن ئېتىبارەن ۋارقىرايمەن. سېنىڭ ھېلىقى سېھىرلىك كۆيۈگگە قېتىلىپ، مېھنەت سۆيەرلەرنىڭ جەڭ مارشىنى بار ئاۋازىم ۋە ھەقىقىي غەيرەت - جاسارىتىم بىلەن تووۋلايمەن.

1988 - يىلى، يەكەن

# تىلەكلەر


توشقان:

— ئى خۇدا، ئاشۇ ئوۋچىنى بىرەر توقۇناق بالاغا يولۇقتۇرۇپ، نەسلىنى قۇرۇتۇۋەتكەيسەن.

ئوۋچى:

— ئى تەڭرىم، توشقانلارنى بالا - قازادىن ساقلىغىن، ئۇلارنىڭ نەسلىنى كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇتقىن، پۈتكۈل ئورمانلىق توشقانلارغا تولسۇن.


1991 - يىلى، يەكەن



# چاقماق

سەن تەڭرىنىڭ غەزىپى. ئادالەتنىڭ تەڭسىزلىكنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن تارتقان كۈچلۈك نەرىسى، غاپىللارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىدىغان ئىلاھىي سادا!

1991 - يىلى، يەكەن



# تەن ۋە روھ

مەن ئۇنى ۋاپاسىز دەپ ئەيىبلىدىم. لېكىن، ئۇ قىلچە پەرۋايىغا ئالماي، تەمتىرەپمۇ قالماي جاۋاب قايتۇردى:

— ماڭا ئۇۋال قىلماڭ، سۆيۈملۈكۈم، تېنىمنى ئازراقلا مال ـ دۇنياغا تېگىشكىنىم بىلەن روھىم، قەلبىم پەقەت سىزگىلا تەئەللۇق.

مەن گاڭگىراپ قالدىم.

بۇ گەپ توغرىمۇ؟

1991 ـ يىلى، يەكەن


# ئىنساب

مەن پۇل ـ بايلىققا ئىنتايىن ھېرىس ئىدىم. جاھاندىكى پۇل ـ مېلى كۆپ ئادەملەرنى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ سۆمۈيلۈك ھېسابلايتتىم. شۇڭلاشقا، چۈشۈمدىمۇ پۇل كۆرەتتىم، خۇدادىن ھېسابسىز پۇلغا ئېرىشتۈرۈشنى تىلەيتتىم.

ئاخىر تىلىكىم ئىجابەت بولدى.

مەن ۋۇجۇمدىكى ئىنساب ـ دىيانەت ۋە ۋىجداننى سېتىپ، كاتتا بايغا ـــ يۇرتىمىز تەۋەسىدىكى پۇلى ئەڭ كۆپ بايغا ئايلاندىم. ئەپسۇسكى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ماڭا ئادەمگە ئەمەس، ئەڭ يىرتقۇچ، ئىپلاس ھايۋانغا قارايدىغان نەزىردە قارايدىغان بولدى.

1991 ـ يىلى، يەكەن



# ئالتۇن بۇلاقلار ئويغاتقان ھېسلار

## (چاتما نەسر)

### يەر يېغى

مەن ئىپارنىڭ ئەتىۋار بۇيۇم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ پەقەت ئىپار كېيىكنىڭ كىندىكىدىن چىقىدىغانلىقىنى چوڭلاردىن ئاڭلىغانىدىم. كېيىكنىڭ كىندىكىدىن چىقىدىغان بۇ نەرسىنى ئادەملەر شۇنچە ئەتىۋارلاپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ سېتىۋېلىپ نېمىگە ئىشلىتىدىكىنە؟ مېنى ئارامسىزلاندۇرغان بۇ سوئالنى بىر كۈنى ئانامدىن سورىدىم.

— ئىپار تولىمۇ ئېسىل، خۇش پۇراق بۇيۇم، — دېدى ئانام سوئالىمغا جاۋابەن، — ئادەملەر ئۇنى سېتىۋېلىپ پەردازغا ئىشلىتىدۇ.

— كىشىلەر ئارىسىدا شۇنچە ئەتىۋار سانالغان بۇ نەرسە ئەسلىدە پەرداز بۇيۇمى ئىكەن - دە، — دېدىم مەن ئىپارغا بولغان ھەۋەستىن يالتىيىپ.

بىر كۈنى كەچ ئۆيىمىزدە تۇيۇقسىز توك توختاپ قاراڭغۇدا قالدۇق. بۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىچىنى پۇشۇردى. دادام قاراڭغۇدا ئۇنى - بۇنى قىلىپ يۈرۈپ بىرھازادىن كېيىن قارا چىراغدىن بىرنى ياساپ چىقتى. دادام چىراغ پىلىكىگە سەرەڭگە يېقىش بىلەن تەڭلا قاراڭغۇلۇقتا قالغان ئۆي ئىچى قايتىدىن يورۇدى. مەن چىراغ ئىچىدىكى سۇيۇقلۇققا قىزىقتىم. چۈنكى، ئۇ پىلىكنىڭ ئۆچۈپ كەتمەي ئاستا كۆيۈپ تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىكەن.

— ئانا، شېشىنىڭ ئىچىدىكى سۇمۇ نېمە؟

— ئەخمەق بالا، سۇمۇ شۇنداق ئۆكسۈمەي كۆيەمدۇ؟ — دېدى ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ دېگەن يەر يېغى.

— يەر يېغى؟ — دېدىم مەن ھەيران قېلىپ، — يەرنىڭمۇ يېغى بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دېدى ئانام مېنىڭ ھەيرانلىقىمنى سېزىپ، — ئىپار كېپىكنىڭ كىندىكىدىن چىققانغا ئوخشاش، يەر يېغىمۇ يەرنىڭ كىندىكىدىن چىقىدۇ.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن يەر يېغى سەبىي قەلبىمدە ئىپاردىنمۇ ئەتىۋار قىممەتلىك بۇيۇمغا ئايلاندى. كېيىنچە يەر يېغىنىڭ ھەر خىل موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى، زاۋۇت، جۇملىدىن تۆمۈر - تەرسەكتىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ ھاياتلىق بۇلىقى، ئوزۇقى، قېنى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە مەڭگۈ ئېقىپ يۈتمەس يەر يېغى بۇلىقىدىن بىرنى تېپىش ئارزۇسى ئورۇن ئالدى. چۈشلىرىمدىمۇ يەر يېغى ئېقىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئالتۇن بۇلاقلارنى چۈشىدىم. ئۇ ۋۇجۇدۇمغا ھۆكۈمران يۈكسەك ئارمانغا ئايلاندى. مەن پۈتكۈل ئۆمرۈمنى سەرپ قىلساممۇ يەر يېغى مەڭگۈ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئالتۇن بۇلاق تاپماي قويمايمەن، دەپ قەسەم قىلدىم.

## ئالتۇن بۇلاق قىزلىرى

يىگىتلىك دەۋرىمگە قەدەم قويۇشۇم بىلەن بالىلىق دەۋرىمدىكى ئارزۇيۇمغا يەنە بىر ئارمان قوشۇلدى.

بىر كۈنى ئاۋات كوچىدا ئالدىراش كېتىۋاتقان بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەر يېغىنىڭ تولىمۇ مەززىلىك گۈپ - گۈپ پۇرىقى كېلەتتى. مەن دەرھال قىزنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم - دە، ئۇنىڭ بەدىنىدىن تارقالغان مەززىلىك خۇش پۇراقنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۈمۈردۇم. شۇ ئەسنادا بۇ

«ئىپار مەلىكە»نىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ خۇددى مەرەزدىن سەسكەنگەندەك، قول بىلەن ئېغىز ـ بۇرنىنى توسۇۋېلىشقان دېۋەڭلەرگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ گۈزەلنىڭ شەنىگە مەدھىيە ئوقۇماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈۋاتقان ئاشۇ كالتە پەملەرنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ قويماق بولۇپ، نەپرەتلىك چەكچەيدىم. ئۇلار غەزىپىمنى تۇيدىمۇ ياكى بۇ يولسىزلىقلىرىنى ھېس قىلىشتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى توسۇۋالغان قوللىرىنى دەرھال چۈشۈرۈپ ھېلىقى قىزدىن ئەپۇ سورىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا سالام قىلىشتى.

مەن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، بۇ قىزنىڭ جۇڭغار، تارىم ئويمانلىقلىرى، تەكلىماكان قۇم بارخىنىنى قىدىرىپ، يەر يېغى بار ئالتۇن بۇلاقلارنى تاپقۇچى پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشق ـ پىراقى يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ، ۋىسالى مۇقەددەس ئارمانلىرىم قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مەن ھەر قېتىم شۇ پەرىشتىنى ئەسكە ئالغىنىمدا يەر يېغى پۇرىغۇم كېلىدۇ. چۈنكى، يەر يېغىنىڭ خۇشبۇي ھىدى ماڭا ئاشۇ جانانىنىڭ تىنىقىنى ئەسلىتىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا راھەت بېغىشلايدۇ. شۇ سەۋەبلىك جاھانغا شۇنداق دەپ توۋلىغۇم كېلىدۇ:

ــ ئالتۇن بۇلاق قىزلىرى جاھاندىكى ھەممە نەرسىدىن، جۈملىدىن سەرخىل ئىپاردىنمۇ خۇش پۇراقلىق.

## ئالتۇن بۇلاق ــ مۇقەددەس جاي


بىر قىسىم تەلۋە كىشىلەرنىڭ قىلىقىنى كۆرسەم ئوغام قاينايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېسىل ئاپتوموبىللاردا ئولتۇرۇپ راھەتلەنگەن تۇرۇپمۇ نېفىت ئالغۇچىلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىدىن غەزەپلىنىمەن؛ جۇڭغار دالاسىنى «ئالۋاستى ئۇۋىسى»، تارىم ئويمانلىقىنى «قىيامەت»، تەكلىماكان قۇم دېڭىزىنى «دوزاخ»

دېيىشلىرىنى ئاڭلاپ شوم ئېغىزلىرىغا تاش - تۇپراق ئاتقۇم كېلىدۇ.

— ئەي نادانلار، ئوبدان ئاڭلاش، سەنلەر جۇڭغار دالاسىغا، تارىم ئويمانلىقىغا، تەكلىماكان قۇم بارخىنى ئارىسىغا — يەر يېغى توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان ئالتۇن بۇلاق بويلىرىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىش! ئالتۇن بۇلاق تېپىش يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقان ئىشچانلارنىڭ ئالىقانلىرىغا سۆيۈش!

ئالتۇن بۇلاق تولىمۇ ئۇلۇغلاشقا مۇناسىپ مۇقەددەس جاي.

1988 - يىلى، يەكەن



# تەكلىماكان

سەن كۆز يەتكۈسىز قۇم دېڭىزى، ئاشىق ۋۇجۇدىغا ئوخشاش ئوت دۇنياسى. تىلسىمات ئاچقۇچىنى تاۋلاۋاتقان پېچ. پەرزەنت غېمى ۋە ئىشقىدا ئارامسىز يالقۇنلاپ، كۆيۈپ تۇرغان ئاتەشلىك يۈرەك.

1991 ـ يىلى، يەكەن



# تىلەمچى

ئۇ چىناردەك بەستلىك يىگىت ئىدى.

ئۇ ھەر كۈنى قۇياش بىلەن تەڭلا كىشىلەرنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولاتتى ـ دە، مايلىشىپ كەتكەن ئەسكى خالتىسىنى ئۆشنىسىدىن ئېلىپ «ھەق دوست» دەپ توۋلايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك بەستىگە نەپرەتلىك قاراپ قويۇپ، ئېغىر خورسىنغان ھالدا بىرەر نان، بىرەر قاچا ئاش بېرىشەتتى. ئۇ سەدىقىنى بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ تۇرۇپ ئالاتتى ـ دە، خالتىسىغا سالاتتى.

ئۇنىڭ كۈنى ئەنە ئاشۇنداق ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ھاياتقا بۇنىڭدىن ئارتۇق تەلەپ ـ ئارزۇسىمۇ يوقتەك ئىدى.

قوشنىلىرى مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭغا بىر يىل يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك يىغىش قىلىپ ئۆيىگە ئەكىرىپ بەردى ۋە «بۇنىڭدىن كېيىن ئادەمدەك ياشا» دەپ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. لېكىن، ئۇ ئەتىسى قۇياش بىلەن تەڭلا يەنە كىشىلەر بوسۇغىسىدا پەيدا بولۇپ «ھەق دوست» دېدى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ھېچكىم سەدىقە بەرمىدى.

ئۇ ئىلاجسىز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ـ دە، ئۆيىدىكى زاپاس ئۇندا كۆمەچ كۆمدى. كۆمەچ پىشقاندىن كېيىن، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قاراپ «ھەق دوست» دەپ بىرنەچچە قېتىم توۋلىۋەتكەندىن كېيىن كۆمەچنى يېيىشكە باشلىدى.

1991 ـ يىلى، يەكەن

# ياۋا چېچەكلەر

## 1

سەن ئۇنىڭ جامالىنى ئالقانلىرىڭ بىلەن يېپىۋالدىڭ. ئۇ سېنىڭ چۈمپەردەڭنى تىنىقى بىلەن ئېچىۋەتتى.

مەن چۈشىنىپ يەتتىم، سەن بەتبەشىرە جامالىڭنى شايى رومال بىلەن يوشۇرغانىكەنسەن.

## 2

زىبۇ - زىننەتلىرىڭنى ئېلىۋەتكىنە، جىنىم، بوينۇڭدىكى مەرۋايىت، قۇلىقىڭدىكى ياقۇت ھالقا، قولۇڭدىكى ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى ئېلىۋەت. ساڭا ئاتاپ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋالدىم. ئۇنى سۇمبۇل چاچلىرىڭدىن باغ بېكىتىپ بوينۇڭغا ئېسىۋال.

## 3

سېنى يۈرىكىمگە كۆمۈۋەتكەنىدىم. قەبرەڭدىن بىرنەچچە تال ياۋا گىياھ ئۈنۈپ چىقتى. مەن ئۇنى كۆز ياشلىرىم بىلەن سۇغاردىم.

## 4

سەن ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈۋاتقان ھەسرەت ئوتىنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلدۈڭ - يۇ، ئاشۇ ئوتقا ئۇلىشىپ يۈرىكىمگە تۇتاشقان نەپرەت ئوتىنى زىنھار كۆرمىدىڭ.

## 5

دۇنيادىكى ياخشىلارنى تونۇپ بەر دېسەڭ تىزىملىكى مەندە بار، يامانلارنى سورىساڭ بىرسىنىمۇ بىلمەيمەن.

## 6

يامانلىساڭمۇ كۆزۈمدە تۇر، ئۆزۈڭنى ھەرگىز پىنھان ئالما! رەنجىپ قالغان چېغىڭدا تىللىساڭ تىللا، لېكىن زىنھار سۈكۈت قىلما!

## 7

ئېھ، بىچارە قىز، سۈرىتىڭنى يىگىتىڭنىڭ ئالبومىدىن ئىزدىمەي، كۆز قارىچۇقىدىن، يۈرىكىدىن ئىزدە.

## 8

ئادەملەر ئۆزلىرىنى «بىز ھايۋاندىن تەرەققىي قىلغان» دەپ دەۋا قىلىشسىمۇ، ھايۋاننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشىغا ئىشەنمەيدۇ. شۇ قاتاردا ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان ئايرىم دوستلىرىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدۇ.

## 9

سەن ئۆزۈڭنى مەڭگۈلۈك پىنھانغا ئال. مەن سېنى مەڭگۈ ئىزدەپ ئۆتەي.

## 10

سەن ئۆيۈمگە، يولۇمغا ھەرقانچە چوڭ ھەم كۆپ شام،

چىراغلارنى يېقىپ، مېنى يورۇقلۇقتىن مەمنۇن قىلىمەن، دەپ خام خىيال قىلما. مەن قۇياش يورۇتقان زېمىننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن.

## 11

سەن لېۋىمگە لەۋ ياققان دەقىقىدە، كۆزلىرىڭنىڭ كۆكتىكى ئايغا خۇدۇكسىرەپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزدىم ـ دە، مېنى سۆيۈشلىرىڭنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

## 12

ئىنسانلاردا ھەقىقىي ھېسداشلىق قىلىشقا، تەسەللى بېرىشكە، ھەمدەم بولۇشقا، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا ئەرزىيدىغان شۇنداق بىر يىغا بار، ئۇ بولسىمۇ كۆزنىڭ ئەمەس، يۈرەكنىڭ يىغىسى.

## 13

جاھاندا قىممىتى، نەرخى، باھاسى بولمايدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. كىشىلەر ئالتۇننى شۇنچە ئەتىۋارلىمىغان بولسا، ئۇ بۇنچە قىممەتلىك بولالمايتتى. مېنىڭچە، دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەتىۋارلىق نەرسە ئالتۇن ئەمەس، بەلكى قىزلارنىڭ ئىپپىتى.

## 14

جاھاندا ھەقىقىي چىرايلىق نەرسە يوق. ناۋادا بار دېيىلسە، سەن ھاجەت بولۇپ قالغان نەرسىنىڭ ئۆزى. چۈنكى، سېنىڭ ھاجىتىڭ ئېشەككە چۈشسە، ئۇ ھالدا ئېشەكمۇ ساڭا دۇنيادىكى

ئەڭ چىرايلىق نەرسە.

## 15

ئۆز ئەيىبىنى كۆرمەك، تونۇماق، ئېتىراپ قىلماق ئادەمگە خۇددى تۆھمەتكە بويۇن ئەگكەندەكلا بەكمۇ تەس.

## 16

مەن ئىتتىن: «ئارزۇيۇڭ نېمە؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: «ھەممە ئادەم ماڭا ئوخشاش گوداڭ يالىسا ئىكەن» دەپ جاۋاب بەردى.

## 17

ئادەملەر ئېشەككە ئېتىقاد قىلغاندا، دانىشمەننى ئايىغىغا پېتەك قىلىدۇ، ئېشەككە زەردىن يوپۇق ياسايدۇ.

## 18

نادانلارنىڭ غەلۋىسىدىن قورقۇپ قۇلىقىمنى ئېتىۋالدىم. ئەخمەقلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشتىن قېچىپ ئاغزىمنى يۇمۇۋالدىم. بىراق، رەقىبىمدىن قورقۇپ كۆزۈمنى ھەرگىز يۇمۇۋالالمايمەن. چۈنكى، قورقۇپراق مۇشت ئاتسامۇ دەل تەگكۈزۈشۈم شەرت.

## 19

چاتقاللىقتا يېتىپ ئالتۇن تەخت چۈشەش ئەخمەقلىق، پاتقاقتا پېتىپ تۇرۇپمۇ قانائەت قىلىش ساراڭلىق، پاتقاقتىن چىقالماي ئۆزگە ئۆلۈم تىلەش بىچارىلىك. پاتقاقتىن

باشقىلارنىڭ تارتىپ قويۇشىنى كۈتۈش روھسىزلىق.

مەن پاتقاققا پېتىپ قالغان چۈمۈلىنىڭ پاتقاقتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن تىنىمسىز تىپىرلاۋاتقىنىنى كۆرسەم، خىرامان خورەك تارتىۋاتقان كىشىلەرنى ئېسىمگە ئالساملا قان قۇسىمەن.

## 20

مەنىسىز ئوي ـ خىياللارنى لەنەت زىندانىغا مەھكۇم قىلالىغان ئىنسان دۇنيانى ئالقىنىدا ئويۇنچۇق قىلالايدۇ.

# يۈرىكىم يىغلايدۇ

## 1

مەن يىغلىغان، ياش تۆككەن نۇرغۇن، ناھايىتىمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆرگەن، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان، تەسەللىي بەرگەنىدىم. گاھىدا، بۇ دۇنيا يىغا ۋە كۆز يېشى بىلەن تولغانمىكىن دەپمۇ قالغانىدىم. كېيىنچە ئاشۇ يىغلىغان، ياش تۆككەن ئادەملەرگە بىرمۇبىر سەپسالدىم. ئەقىل كۆزلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا تىكىلىپ قارىدىم. ئاخىر شۇنداق بىر ھەقىقەتنى كۆردۈمكى، ئاشۇ يىغلاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىدىلا يىغلاۋاتاتتى. يۈرىكىدىن — يۈرەك باغرىدىن يىغلىغانلارنى كەمدىن - كەم ئۇچراتتىم. بارا - بارا بۇنداق يىغىلار مەندە ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇلىرىنى ئويغىتالماس بولۇپ قالدى. چۈنكى، كۆپ ئادەملەر پەقەت ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز پايدىسى، ئۆز مەنپەئەتى، ئۆز بەختى، ئۆز نەپسى ئۈچۈنلا يىغلاۋاتاتتى. بۇ نېمىدېگەن بىچارىلىك - ھە !؟

كۆزىدىن ياش چىقىرىپ قويغانلىكى ئىنسانغا ھېسداشلىق قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش، تەسەللىي بېرىش — بىمەنىلىك، ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك بولسا كېرەك ! چۈنكى، بۇنداق يىغىنى ھەقىقىي يىغا دېگىلى بولمايتتى.

مەنمۇ يىغلىغان، يىغلايمەن. پەقەت كۆزۈم، ئاغزىمدىلا ئەمەس، بەلكى چىن يۈرىكىمدىن ئىنساننىڭ بەختى ئۈچۈن يىغلايمەن. مېنىڭ بۇ يىغامغا تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسانىيەت قۇلاق سالسا، ھېسداشلىق قىلسا، ئىچ ئاغرىتسا، ماڭا بولۇشۇپ

ياقا يىرتىشىپ بەرىسكەن دەيمەن.

نادانلارنىڭ ئاۋۇشىغا ئەگىشىپ پەسكەشلىكلەر، ئىپلاسلىقلارمۇ كۆپىيىدۇ. ئادەملەرنىڭ باغرى قاتتىقلىشىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېسسىيات تۈگەيدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ھەسرەت، دەرد ـ مۇڭلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. خۇددى ھايۋانلارغا ئوخشاش تەقدىرىدىن، كەلگۈسىدىن ۋايىم يېمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، يۈرەك يىغىسى بىلەن كۆز يېشىنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالىدۇ.

ئەي ئادەملەر، ماڭا قاراڭلار! كۆزۈمگە ئەمەس، يۈرىكىمگە قاراڭلار. يېگانە يۈرەكنىڭ سەلدەك ئاققان ياشلىرىنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟

## 2

ئايرىم كىشىلەر ئۈچۈن جاھاندا چىرايلىق نەرسە يوق. ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇلار ھاجەت بولغان ھەرقانداق نەرسە ئاي كۆرۈنىدۇ.

مېنىڭ چوڭ دادامدىن مىراس قالغان خېلىلا كۆپ بايلىقىم بار. مەن ئۇنى بانكىدا قويغان. پۇل لازىم بولغاندا ئاشۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى ئالىمەن. مانا بۈگۈنمۇ ئاشۇ پۇلنىڭ بىر ئايلىق ئۆسۈمىگە بېرىلگەن بىرنەچچە يۈز يۈەننى يانچۇقۇمغا سېلىپ، ئەمدىلا كوچىغا چىقىپ تۇراتتىم، قېشىمغا بىر چوكان سوڭدىشىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا شۇنداق قاراپلا ھاڭ ـ تاڭ قالدىم: «توۋا، ئادەم بالىسىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن». راست گەپ قىلىۋاتىمەن، ئىگىسى ئۇنىڭغا چىرايىنى ئايىماي بەرگەنىكەن. مېنىڭ شۇنداق ئادىتىم بار، ئۆزۈم بىر كۆزۈم ئېقىپ چۈشكەن، بۇرنۇم ئىككى مەڭزىم بىلەن تەڭ دېگۈدەك پاناق، لېۋىم تۇشقان كالپۇك. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈزۈم توكۇچ سالغاندەك چوقۇر بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، چىرايلىق ئادەملەرگە

تولىمۇ ھەۋەس بىلەن قارايمەن. خۇددى پاكار ئېگىز بولۇشنى ئارزۇ قىلغاندەك، سەت چىرايىمنىڭ بىر كىچىككىنە تۈزۈكسىز چىرايلىق بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئاجايىپ گۈزەل چىرايلارنى ئارزۇ قىلغان، كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باققان بولسامىمۇ، لېكىن ماڭا سوڭدىشىپلا كېلىۋاتقان بۇ چوكاننىڭ چىرايىدەك گۈزەل چىرايىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىكەنمەن.

— ھويت چىرايلىق يىگىت، ئارقىلىرىدىن ئايغىمىنىڭ پاشنىسى چۇشۇپ قالغۇدەك بولۇپ سوكۇلداپ ماڭسامۇ قاراپ قويماي دېمەيلىغۇ؟

خېلى مەزگىلگىچە ئايالىلار مەندىن قېچىپ يۈرگەن، ھەتتا چىرايىمغا بىلمەي قاراپ سالغان نازۇك قىزلار قورقۇپ چىرقىراپ كەتكەن. ناۋادا خوتۇنۇممۇ مېنى ياراتماي، باشقا قىزلارغا ئوخشاش: «سەندەك يەكچەشمىگە تەگكۈچە يەرگە تەگكەن ياخشى» دەپ تۇرۇۋالغان بولسا، مەن مەڭگۈ بويتاق بولۇپ ئۆتكەنمۇ بولار ئىدىم. تا بۈگۈنگىچە ماڭا خوتۇنۇمدىن باشقا بىرەر يات جىنسلىقنىڭ كۈلۈپ قارىغىنىنى، ئۆزلۈكىدىن گەپ قىلغىنىنى بىلمەيمەن. بىراق، بۈگۈن مېنىڭ چىرايىم قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ ماۋۇ چوكان مېنى ئەجەب «چىرايلىق يىگىت» دەپ چاقىرىۋاتىدۇغۇ؟ ئۇنىڭغا مېنىڭ نەرىم چىرايلىق كۆرۈنگەندۇ؟

— خېنىم، مەندە بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟

— ئىشلىرى بارمىدى دەيدۇيا؟ — چوكان چىرايلىق قاش - قاپاقلىرىنى ئۈچۈردى، — ئىشىم بولمىسا كەينىڭىزدىن سوكۇلداپ يۈرەمتىمكىن. ماڭسىلا، خالىيراق بىر يەرنى تېپىپ ئىككى ئېغىز مۇڭدىشايلى.

— شۇ تۇرقىدا ئىشىم ئالدىراش ئىدى، قانداق گەپلىرى بولسا ئوچۇق دەۋەرسىلە، خېنىم.

— ۋىيەي، ماڭسىلا ئادەمنى يالۋۇرتقىلى سالماي.

بىز خالىيراق بىر تامنىڭ دالدىسىغا كەلدۇق. چوكان غالاپ ــ غۇلۇپلا بوينۇمغا گىرە سېلىپ پۇچۇق لېۋىم، پاناق بۇرنۇم، يەكچەشمە كۆزلىرىمگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيگىلى تۇردى. مەن ئۇنى ئۆزۈمدىن خېلى تەستە ئاجراتتىم.

ـــ خېنىم، نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ ئىزامۇ تارتمايدىكەنلا.

چوكان قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى ــ دە، سۇتتەك ئاپپاق قولى بىلەن ئېڭىكىمدىن ئەركىلىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

ـــ ماڭا قارىسىلا چىرايلىق يىگىت، تەگسەم ئالامىلا؟

ئۇنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالىدىن تەمتىرىدىم، ھەيران بولدۇم، دەماللىققا ئاغزىم گەپكە كەلمەي قالدى.

ـــ بۇ... بۇ... نېمەدېگەنلىرى، خېنىم؟ مېنىڭ ئايالىم بار، تېخى ئىككى بالاممۇ بار تۇرسا.

ـــ ئىۋۋۇش، بولسا بولىۋەرمەمدۇ، ئاياللىرىنىڭ قوڭىغا تېپىپلا خېتىنى بېرىۋەتسىلە ئىش تۈگەيدۇ. ھېلىقى ئىككى شۇملىرى ئاش بىلەن نان يەپ چوڭ بولىدۇ. قانداق، مېنى ئالامىلا زادى؟

ـــ خېنىم، سىلە نېمە ۋەجىدىن ماڭا تېگىش خىيالىغا كېلىپ قالىلا؟

ـــ چۈنكى، مەن سىلىنى ياخشى كۆرىمەن ــ دە!

ـــ مېنىڭ زادى نەرىمنى ياخشى كۆرۈپ قالىلا، خېنىم؟

ـــ ۋىيەي، قىلغان گەپلىرىنى قارىسىلا، ئاشۇ سەت چىرايلىرىنىڭ نەرىنى ياراتسام بولاتتى؟ بىلەملا، پۇللىرىنى يارىتىمەن. بانكىدىكى ئاشۇ تۈگىمەس پۇللىرىنى ياخشى كۆرىمەن. سىلىنىڭ پۇل، مال ــ دۇنيالىرى بار، مېنىڭ ئايدەك چىرايلىق جامالىم بار. مېنى ئالسىلا ھەرگىز زىيان تارتمايلا.

ـــ بولدى بەس، ئۇشۇق سۆزلىمىسىلە، خېنىم. سىلىنىڭ گۈزەل چىرايلىرىدا مەن ئاش سوۋۇتۇپ ئىچمەيمەن. ماڭا كېرىكى گۈزەل چىراي ئەمەس، گۈزەل ئەخلاق. ئايالىم بۇ ئۆلچەمگە كەم ــ كوتىسىز چۈشىدىغان ئايال. سىلىنىڭ بۇ گۈزەل چىرايلىرىنىڭ

ماڭا كېرىكى يوق، باشقا بىرسىگە تېگىنۋالسىلا.

بۇ سۆزلىرىم بىلەن چوكان قاتتىق غەزەپكە كەلدى. لاغ ـ لاغ تىترىدى. ماڭا قارىتىپ چىرايلىق لەۋلىرىدىن زەھەر چاچتى:

— نېمەدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، سەت يەكچەشمە؟! پۇل ـ مالنىڭ لەززىتىنى، چىرايلىق ئايالنىڭ پەيزىنى سۇرۇشنى بىلمەيدىغان ھاماقەت! بىلىپ قوي، قېشىمنى لىككىدە ئېتىپ قويسام، كەينىمدىن ھارماي سوكۇلدايدىغانلار كۆرمىڭ. بوپتۇ، سەن ئالمىساڭ داداڭغا تەگسەم، ئاناڭنى قويدۇرۇۋەتسەم قانداق قىلالايسەن؟

چوكاننىڭ بۇ گەپلىرىگە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم.

— دادام قېرىغان ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانام بىلەن ئۇزاق يىللىق ئەر ـ خوتۇن. سېنى دەپ ھەرگىز ئانامنى قويۇۋەتمەيدۇ، سېنىمۇ ئالمايدۇ.

— جۆيلۈمە! سەن ھاماقەت نېمىنى بىلەتتىڭ؟ ئېرىم دېگەن لۈكچەك پۇل ـ مالنى دەپ، مېنى قويۇۋېتىپ، ئۆزىدىن ئون بەش ياش چوڭ قېرى خوتۇندىن بىرنى ئالدى. مەن پۇل ـ بايلىق ئۈچۈن قېرى ئەردىن بىرسىگە تەگسەم نېمە يامىنى؟ سەن رېئاللىققا تەن بەر، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەت. چىرايلىق قىز ـ چوكانلارنى كۆرسە يۈرىكى پۇلاڭلىمايدىغان ئۇيغۇر ئەركەكلەر يوق. ئۇلارنىڭ خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇۋېتىشى ئۈچىسىدىكى كىيىمنى ئەتىگىنى كىيىپ، ئاخشىمى سېلىۋەتكەندەك بىر ئىش. ھازىرقى زاماندا سەكراتتا ياتقان بوۋايلارنىڭمۇ ئون سەككىز ياشلىق قىزدىن بىرنى ئېلىپ، مەيدىسىگە تېڭىپ تۇرۇپ جان ئۈزگۈسى كېلىدۇ. داداڭنىڭمۇ پۇلى بار. ئېشىپ ـ تاشقۇچە مال ـ دۇنياسى بار. ئۇمۇ ئاشۇ بوۋايلارغا ئوخشاش. ئۇ مېنىڭ بۇ ئايدەك جامالىمنى كۆرۈش بىلەنلا ئاناڭنىڭ چىچىدىن سۆرەپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقارمىغىنىنى بىر كۆرەي!

ئاھ، ئۆز ئەيىبىنى كۆرمەك، تونۇماق، ئېتىراپ قىلماق ئادەمگە خۇددى تۆھمەتكە بويۇن ئەگكەندەكلا بەكمۇ تەس

كېلىدىكەن.

مانا، ئەتە دادامنىڭ تويى بولىدۇ. ھېلىقى چوكاننى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزۈم يېگىتبېشى بولۇپ بېرىشىم كېرەك تېخى.

## 3

بىر كۈنى كەچ، ئادىتىم بويىچە تاماق سىڭدۈرگەچ كوچا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى ئۈچ كىشى ئالدىمنى توستى.

— ماڭا قارىڭا، ئۇكا، سىزنى يازغۇچى دەپ ئاڭلايمىز. راستلا شۇنداق ھۈنىرىڭىز بولسا، ئېغىر كۆرمەي كىچىككىنە ھاجىتىمىزنى راۋا قىلغان بولسىڭىز، سىزنى كۆڭۈلدىكىدەك رازى قىلاتتۇق ھەم خۇش بولغان بولاتتۇق.

— نېمە ئىش ئىدى؟

— بۇ ئۈچەيلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەيمىز. يېقىندا بىزنىڭ بۆلۈمگە يەنە بىر كەسپدىشىمىز بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ قورسىقىدا تۈزۈك ئۇمىچى يوق. باشقىلارغا خۇشامەت قىلىپ يۈرۈپ بىزگە باشلىق بولۇۋالدى. تېخى باشقىلار ئۇنى سەۋىيەلىك، قابىلىيەتلىك، ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق، كىچىك پېئىل، دەپ ماختىشىدۇ. بىز ئۈچىمىز ئۇ سۆزلەرگە ناقايىل. شۇڭلاشقا، بىزگە ئاشۇ ئادەمنىڭ ئىناۋىتى چۈشكۈدەك، ئۆزى ئوقۇسا ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك قىلىپ بىرنېمە يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز بەك خۇش بولاتتۇق.

— مۇنداق دېيىشىسىلە، — دېدىم ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى تولۇق چۈشىنىپ، — ئەپۇ قىلىشىسىلا، مەن ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولالمىغۇدەكمەن. بۇنداق ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— ۋاي ئۇكام، ھال تارتماي ماقۇل دېسىلە، — دېدى ئۇلاردىن سېمىزرەك كەلگەن بىرسى كۆرەڭ قىياپەتتە، — قاملاشتۇرۇپ

يېزىپ بەرسىلە رازى بولغۇدەك پۇل بېرىمىز.

ئۇنىڭ بۇ گېپى جان - جېنىمدىن ئۆتتى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم.

— مەن ھەرقايسىلىرىنىڭ غالچىسى ئەمەس، بىلىپ قويۇشسىلا، مەن پۇل ئۈچۈن بىرنەرسە يازمايمەن. مېنى نېمە كۆرۈشۈۋاتىلا؟

— پۇل ئۈچۈن يازمايمەن دەمسىز؟ — دېدى يەنە بىرسى ئېغىز ئېچىپ، — مەقسىتىڭىز پۇلدا بولمىسا نېمە قىلىسىز ئۇيقۇڭىزنى كېچە - كېچىلەپ ھارام قىلىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ بىرنېمە يېزىپ؟ بولدى، خىجىل بولماڭ. پۇل تېپىش ئۈچۈن ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلمىغاندىكىن، نېمە قىلىسىز مۇددىئايىڭىزنى بىزدىن يوشۇرۇپ؟ ھەرقانداق ئادەمنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن كەسپى، ھۈنىرى بولىدۇ. بىرسى قىلغان كەسىپنى بىرسى قىلالمايدۇ. بىرسى بىلگەن ھۈنەرنى يەنە بىرسى بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، بىرسى يەنە بىرسىگە موھتاج بولىدۇ. مانا بۇ ئۈچىمىز بىلىملىك كىشىلەر بولساقمۇ، لېكىن كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قەغەزگە سىزدەك قاملاشتۇرۇپ يازالمايمىز. شۇڭلاشقا، ئالاھىدە ئالدىڭىزغا كەلدۇق. بۇ نەق سودا، تەييار ئاش، غاچچىدە يازىسىز - دە، پۇلنى موككىدە يانچۇققا سالىسىز. مەن سىلەر يازغۇچىلارنى ياخشى چۈشىنىمەن. سىلەر بەكمۇ بىچارە خەق. كېچە - كېچىلەپ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، تىنىم تاپماي بىرنەرسىلەرنى يازىسىلەر. ئۇنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىسىلەر. لېكىن، ئاشۇ ئەمگەكلىرىڭلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېتىبارسىز قالىدۇ. يازغىنىڭلارنى گېزىت - ژۇرناللارغا باستۇرۇش ئۈچۈن قاترايسىلەر. ئەسىرىڭلار ئېلان قىلىنغاندىمۇ ئۇنىڭغا بېرىدىغان قەلەم ھەققى تايىنلىق. بەرگەن پۇل قىلغان ئەمگىكىڭلارغا بويلىمايدۇ. مانا بىزگە دېگەن نەرسىمىزنى غاچ - غۇچ يېزىپ بەرسىڭىزلا تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدىنمۇ كۆپ قەلەم ھەققىگە ئېرىشىسىز. بۇنىڭ

ئۇچۇن تەھرىر غوجاملارغا يېلىنىش، يالۋۇرۇش، خۇشامەت قىلىش كەتمەيدۇ. يازغىنىڭىزغا قانچىلىك دىسىڭىز شۇنچىلىك ھەق بېرىمىز، ھەتتا خېتىڭىزنىڭ بىر قۇرىغا بىر يۈەن دىسىڭىزمۇ مەيلى.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى چىشىمنى چىشىمغا بېسىپ تۇرۇپ، سەۋر - تاقەت بىلەن ئاڭلىدىم.ۋە سوغۇق جاۋاب بەردىم:

— ھەرقايسىلىرىغا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، مېنى خاتا چۈشىنىپ قىلىشمىسىلا، مەن پۇل ئۇچۇن يېزىۋاتقىنىم يوق. ھەرقانداق ۋىجدانلىق قەلەم ئىگىسىنىڭ مەقسىتى پۇل تېپىش ئەمەس!

— ۋاھ، گېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى، يېزىپ بەرسەڭ يېزىپ بەر، بولمىسا مەيلى، — دىدى سېمىز رەڭ كەلگەن يەنە بىرسى سەل تېرىككەندەك قىلىپ، — بۇ شەھەردە يازغۇچى يالغۇز سەنلا ئەمەس. نى - نى نوچى يازغۇچىلار بار. ھېلىقى × × دېگەن ئاداشنى تونۇيدىغانسەن؟ ھە، بىر پارچە كىتابىمۇ نەشىر دىن چىققان تېخى. ئۇمۇ سېنى بېسىپ چۈشكۈدەك يازغۇچى. ئاشخانىغا باشلاپ ئەكىرىپ بىر يۈەنلىك ئۇزۇك لەڭمەن ئېلىپ بېرىدىغان بولساق، ھەرقانداق نەرسە يېزىپ بەر دىسەك جان غوجىكام دەپ يېزىپ بېرىدۇ. خەپ، بۇگۇن ئۇنى تاپالىغان بولساق، سېنىڭ قېشىڭغا كېلىپ يالۋۇرۇپ يۈرمەيتتۇق. سەن تولا چوڭ سۆزلەپ، ھۆنەرداشلىرىڭنى ئۇنچە ئۇلۇغلاپ كەتمە. ھەممىڭ تەمەخور، شۆھرەتپەرەس، پۇلپەرەس، ئىچى تار بىرنېمىلەر. ھەرقايسىڭنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئاغزىڭدا بىر خىل، يازغىنىڭدا بىر خىل سۆزلىشىسەن. يازغىنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلغان ئىشلىرىڭ ماسلاشمايدۇ. ھەربىر جۇملە، ھەربىر مىسرا سۆزلىرىڭدە ئىنساب، دىيانەت، ۋىجدان، ۋاپادارلىق، ئەخلاق، ياخشىلىق... دېگەندەك سۆزلەرنى ھارماي دېيىشىسەن. ئەمەلىيەتتە، قىلغان ئىشلىرىڭ دەل ئۇنىڭ ئەكسى. دۇنيادا قەلەمكەشلەردەك ئوسال ئادەملەر يوق. يازغۇچى، شائىر دېگەن

نىملەرنىڭ يازغىنىنى كۆرسە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى، قىلغان ئىشىنى كۆرسە ئادەمنىڭ ھۆ قىلغۇسى كېلىدۇ. يېزىپ بېرەي دېسەڭ دەرھال بول، بولمىسا، ۋاي مەن يېزىپ بېرەي دەيدىغانلاردىن كۆرمىڭ.

— كىمنى تاپساڭلار تېپىڭلار، لېكىن مەن يېزىپ بېرەلمەيمەن. بىلىپ قېلىڭلار، مەن يېزىۋاتقىنىم بىلەن «يازغۇچى» دېگەن بۇ شەرەپلىك نامغا تېخى لايىق ئەمەس. لېكىن، مەن ئۆز ئىجادىيىتىمگە مەسئۇلىيەتچان، ئۇستازلىرىمغا ئىخلاسمەن، ۋىجدانلىق بىر قەلەم مۇخلىسى. شۇڭلاشقا، تارىختا ئۆتكەن ۋە ھازىر ھارماي ئىجاد قىلىۋاتقان ئۇستازلىرىمنىڭ ئابرۇيىنى، ئىززىتىنى، شۆھرىتىنى، «يازغۇچى» دېگەن بۇ بۈيۈك، ھۆرمەتلىك نامنى قوغداش بۇرچۇم بار. ئاچچىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەتسەممۇ ئىككى - تۆت تال بىرنەرسە يېزىپ قويۇپلا، ئۆزىنى «يازغۇچى»، «شائىر» ئاتىۋېلىپ، بۇ نامنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرىدىغان، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى بولغان ئۇستازلارنىڭ نامىنى بۇلغايدىغان نان قېپى، ۋىجدانسىز مەخلۇقلارنى دوراپ، ياخشى، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى كۆرەلمەي كەينىدىن پىتنە تارقىتىدىغان، بوھتان چاپلايدىغان، ھۇجۇم قىلىدىغان، ئورنىغا تىقمىشقا ئۇرۇنىدىغان سىلەرگە ئوخشاش نامەردلەر ئۈچۈن ھەرگىز كەتمەن چاپمايمەن. شۇنىمۇ بىلىڭلاركى، «يازغۇچى — زاماننىڭ ۋىجدانى». ئۇ ھەرگىزمۇ مال - دۇنيانىڭ قۇلى، يامانلارنىڭ غالچىسى ئەمەس! لېكىن پارقىرىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بولمىغىنىغا ئوخشاش، قولىغا قەلەم ئېلىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچىمۇ ئەمەس!

## 4

نادان ئادەملەر بەئەينى لالما ئىتقا ئوخشايدۇ. لالما ئىتلارنىڭ

بىر - بىرىنى ئاياپ ئولتۇرماي سۆھبەتلىشىپ، تالاشقىنىغا ئوخشاش، نادان ئادەملەرنىڭمۇ دىلىدا ئىنساب، مېھىر - شەپقەت، كۆيۈمچانلىق، خەيرخاھلىق ... دەيدىغان نەرسىلەرنىڭ يوقۇندىسىمۇ بولمايدۇ.

مەن ئەتىگەندە ئىشقا كېتىۋېتىپ، كۆتمىگەندە بىر ماجىراغا شاھىت بولۇپ قالدىم. بۇ بىر توپ باققال، ناۋاي، يايمىچىلارنىڭ جېدىلى ئىدى.

— ھوي، غالتەكلىرىنى مايانغىراق تارتسىلا، بۇ مېنىڭ جايىم.

— مېنىڭ جايىم؟ سىلى سېتىۋالغان يەر ئەمەستۇ بۇ ھەرقاچان. ھەردائىم بازارنىڭ تازا قىزىيدىغان يوقىرى تەرىپىدە سىلىلا ئولتۇرمىسىلا، بىزمۇ ئولتۇرۇپ باقايلى.

— بۇ مېنىڭ داۋاملىق ئولتۇرۇپ كەلگەن جايىم. سېتىۋالمىغىنىم بىلەن بازار باشقۇرۇشتىكىلەر ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەن. چىرايلىقچە تارتسىلا دەيمەن ماۋۇ ئەبجەق غالتەكلىرىنى.

— سىلى تۆلىگەن بازار باشقۇرۇش ھەققىنى مەنمۇ تۆلىگەن. مۇشۇ جايدا ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. ھۆرمەتلىرىنى قىلىپ گەپ قىلمىسام ئەجەب بەك سەكرەيلىيا؟ ماڭا قارىسىلا، مەن سىلىگە ئوخشاش تېخى تۈنۈگۈن سەھرادىن شەھەرگە كىرىپ ئولتۇرغان ئادەملەردىن ئەمەس. ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ شەھەرنىڭ كىندىكىدە چوڭ بولغان. نەدىكى يېزىلىقلار تۈنۈگۈن شەھەرگە كىرىۋېلىپ بوزەك ئەتكىلى تۇردىغۇ ئادەمنى، ئىگىسى بار جاھان بۇ !

— ۋايىيەي، تېخى تۈنۈگۈن بىر لەڭپۇڭ غالتىكى سۆرىۋالغان ماۋۇ «كاتتا تىجارەتچى» بۈگۈن ئەجەب يوغىناپ كېتىپتۇ يا؟ ماڭا قارىسىلا، ماڭا شەھەرگە كىرىپ ئولتۇرغىلى توپتوغرا ئوتتۇز يىل بولدى. ئاشۇ ئوتتۇز يىلدىن بېرى مۇشۇ باققالچىلىقنى قىلىۋاتىمەن. مەندەك نامى چىققان ئوتتۇز يىللىق باققالنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق. مۇشۇ ئەتراپتىكى تىجارەتچىلەرنىڭ ئەڭ

كونىسى مانا مەن بولىمەن. سىلىگە ئوخشاش تېخى تۇنۇگۈن تىجارەت قىلىشقا باشلىغان سوكال تىجارەتچىلەردىن ئەمەسمەن. شۇڭلاشقا، مەن باشتا ئولتۇرسام، بۇ ئەتراپتىكى تىجارەتچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى قارشى چىقمايدۇ. سىلىمۇ ئاتا ـ بوۋامدىن تارتىپ مۇشۇ شەھەردە چوڭ بولغان دەۋالىمىسىلا، تەگلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، بوۋىلىرىنىڭ بوۋىلىرى ياقا يۇرتتىن ئېقىپ كەلگەن خەق. مەن يېزىدىن كىرگەن بولساممۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ ئادىمى. ياقا يۇرتلۇق پالاندىلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئەمەسمەن. مېنىڭ زادى مۇشۇ جايدا ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. تارتسىلا غالتەكلىرىنى، لەڭپۇڭلىرىنى نەگە ئاپىرىپ ساتسىلا ساتسىلا، بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي يۇرتلىرىغا ئاپىرىپ ساتسىلا، بىزنى سەل چاغلىمىسىلا، باشقا يۇرتلۇقلارغا بوزەك بولىدىغان ئادەم يوق بۇ يەردە.

— سىلىمۇ گۇلە ـ قاقلىرىنى نەگە ئاپىرىپ ساتسىلا ساتسىلا، كونا باققال بولسىلا ئۆزلىرىگە باققال. ھۆكۈمەتنىڭ لەڭپۇڭچى باققالنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرسۇن دەيدىغان قانۇنى يوق. مېنىڭ مۇشۇ جايدا ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان.

— راست دەيدۇ، كونا تىجارەتچىلەرنىڭ ئايىغىدا يېڭى تىجارەتچىلەر ئولتۇرسۇن دەيدىغان قائىدە نەدە بار ئىكەن؟ قاچانلا بولسا بازارنىڭ ۋاژ ـ ۋۇژلىرى مۇشۇلارنىڭ بولامدۇ زادى؟ !

— ھوي، ئىنساب بىلەن گەپ قىلايلى. ھەرقايسىلىرىغا تىجارەت قىلىشنى ئۆگەتكەنمۇ مانا بىزگە ئوخشاش كونا تىجارەتچىلەر. ئەمدى ھۈنەرنى ئۆگىنىۋېلىپ بولۇپ بېشىمىزغا چىقىۋالساڭلار بولامتى؟

— ھەرقايسىلىرىغا پۇل لازىم بولسا بىزگىمۇ لازىم. ئۆيدىكى ئالتە جان مېنىڭ مانا مۇشۇ لەڭپۇڭچىلىق ھۈنىرىمگە قاراشلىق.

— باشقا ئادەممۇ بولمايدۇ، ئاشۇنداق تىجارەت قىلىپ

تاپىدۇ.

— باقـقـال باقـقـالـنىـڭ يـېنـىـدا ئـولـتـۇرسـۇن، لـەڭـپـۇڭـچـى لەڭپۇڭچىنىڭ قېشىغا بېرىپ لەڭپۇڭنى ساتسۇن.

— باققاللارنىڭ دەردىدە بىز پاتمايمىزمۇ زادى بۇ يەرگە؟

— بۇ يەردە ئەڭ ئاۋۋال ناۋايلار تىجارەت قىلغان. باشقىلار نەگە بېرىپ تىجارىتىنى قىلسا قىلسۇن.

— ئىنساپ، ئىنساپ بىلەن گەپ قىلايلى، تۇغقانلار. بىز مۇشۇ يۇرتقا تۇغما تۇرۇپ بىر ـ بىرىمىزنى پاتۇرمىساق، جېدەل ـ ماجىرا قىلىشساق سەت ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بىر ـ ئىككى غېرىچ يەر ئۈچۈن يېزىلىق ـ شەھەرلىك، كونا ـ يېڭى دەپ ئولتۇرۇشماي، چىرايلىق كېلىشىپ تىجارىتىمىزنى قىلايلى. ئۇنداق قىلىشمايلى تۇغقانلار، خىجىل بولايلى.

مەن سۇكۇتكە چۆمگەن جېدەل ئەھلىنىڭ قېشىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، خىيال سۇرۇشكە باشلىدىم:

«ھېلىقى ئادەمنىڭ قىلغان گەپلىرى بەرھەق. قىتىغۇرلۇق، ئىچى يامانلىق، كۆرەلمەسلىك، ئىناقسىزلىق، بىر ـ بىرىنىڭ كۆتىنى كولاش بىز خەقنىڭ قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن كېسەللىك. بىز ئەجدادىمىزدىن مىراس قالغان، ‹چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق›، دېگەن ھېكمەتنى چايناپ باقساق.»

## 5

ئادەملەرنىڭ يىغىسى ھەر خىل بولىدۇ. بەزىلەر كۈلكە ئارىلاش يىغلىسا، بەزىلەر سۆزلەپ تۇرۇپ يىغلايدۇ. بەزىلەر بىر ئورۇندا تۇرۇپ يىغلىسا، بەزىلەر مېڭىپ، يۈگۈرۈپ يۇرۇپ يىغلايدۇ. بەزىلەر ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلىسا، بەزىلەر ھۇ تارتىپ يىغلايدۇ... دېمەككى، يىغلاش ئۇسۇلى نەچچە خىل بولىدۇ. ئەمما، چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، يىغا: ئۆزى ئۈچۈن يىغلاش، باشقىلار

ئۈچۈن يىغلاش؛ خاپىلىق يىغىسى، خۇشاللىق يىغىسى دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ. خۇشاللىق يىغىسىدا تەمسىز ياش تۆكۈلسە، خاپىلىق يىغىسىدا ئاچچىق ياش تۆكۈلىدۇ. لېكىن، كۆپىنچە ھاللاردا بۇ ياشلار ئادەمنىڭ كۆزىدىن چىقىدۇ. بەزىلەر، يىغلىغان ئادەمنىڭ كۆزىدىن ياش چىقمىسا ئۇنىڭ يىغىسىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ يىغىسىنى كۆزىدىن چىققان ياشنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئۆلچەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار يىغلىغۇچىنىڭ يىغلاش مەقسىتىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرماي، كۆزىدىن جىقراق كۆز يېشى چىققان يىغلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئىچ ئاغرىتىدۇ، تەسەللى بېرىشىدۇ، كۆڭلىنى ياسىشىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە، يىغلىغۇچىنىڭ كۆزىدىن ياش جىق ياكى ئاز چىقسۇن، ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز مەنپەئەتى، ئۆز نەپسى، قايغۇسى، ئازابى، پايدىسى ئۈچۈن يىغلانغان يىغىلارغا ھېسداشلىق قىلىشقا، تەسەللى بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىشنى ھايۋانمۇ بىلىدۇ.

ئىنساننىڭ ھەقىقىي ھېسداشلىق قىلىشقا، تەسەللى بېرىشكە، ھەمدەم بولۇشقا، كۆڭلىنى ياساشقا تېگىشلىك شۇنداق بىر يىغىسى بار. ئۇ بولسىمۇ يۈرەك يىغىسى.

مانا، يۈرىكىم يىغلاۋاتىدۇ. دەريا - دەريا ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتىدۇ. ھەسرەتلىنىپ، مۇڭلىنىپ، قايغۇرۇپ يىغلاۋاتىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەر يۈرىكىمنىڭ بۇ يىغىسىنى چوقۇم چۈشىنىدۇ. ماڭا تەسەللى بېرەلەيدۇ... يۈرىكىمنىڭ يىغىسى بىكارغا كەتمەيدۇ.

ئېھ، ئادەملەر، كۆرۈۋاتامسىلەر، يۈرىكىم يىغلاۋاتىدۇ!

1990 - يىلى، يەكەن

# ئۈچ تال ئەتىرگۈل

## تۇنسا قىز

سەن دېكابىردىكى چوغ.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، دېكابىرنىڭ سوغۇقى لەپىلدەپ چۇشۇۋاتقاندا بىر شاھزادە توڭلاپ تىترەپتۇ. پۇت - قولى، يۈز - كۆزى، چىناردەك بەستى، يۈرىكى... ئاپپاق - ئاپپاق قارغا ئايلىنىپتۇ. گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ، دەريا - كۆل ۋە ئۆي، كارۋات، يوتقانلار قار ئىكەن. ئاسماندا قۇياش نۇر چېچىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاپتىپى مۇز ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك قار شاھزادىنىڭ ۋۇجۇدى چوغقا تەشنا ئىكەن.

چوغ — ۋاپادار ئايال.

چوغ — ئىسسىق ئۆي.

چوغ — لەززەتلىك يوتقان - كۆرپە.

چوغ — باھار.

چوغ — ۋىسال.

سەن دېكابىردىكى چوغ.

چوغدىن ئوت، ئوتتىن گۈلخان، گۈلخاندىن ھارارەت، ھارارەتتىن باھار پەيدا بولىدۇ.

باھار بولسا ھەممە بولىدۇ.

قار شاھزادە دېكابىرنىڭ لەپىلدەپ چۇشۇۋاتقان سوغۇقىدا چوغ ئىزدەپتۇ، ئىزدەپتۇ، ئىزدەپتۇ...

سەن دېكابىردىكى چوغ.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدە سوغۇق

لەپىلدەپ چۇشۇۋاتقان بىر قار شاھزادە ئىسسىق ئۆيدە، ئىسسىق يوتقان ـ كۆرپىنىڭ ئارىسىدا بىر تال چوغنى باغرىغا بېسىپ ۋىسال لەززىتىدىن ھاياجانلىق تىترەپتۇ...

سەن دېكابىردىكى چوغ.

چوغدىن ئوت، ئوتتىن گۈلخان پەيدا بولىدۇ.

دېكابىردىكى چوغنىڭ ھارارىتىدىن قار شاھزادىنىڭ ۋۇجۇدى چوغقا ئايلىنىپتۇ، ئىككى چوغنىڭ ھارارىتىدىن دېكابىر باھارغا ئايلىنىپتۇ...

باھار گۈللىرى نېمىدېگەن نازاكەتلىك، خۇش پۇراق ـ ھە !

دېكابىرنىڭ باھارغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ شاھزادىنىڭ باغرىدىكى چوغمۇ بىر تال ئەتىرگۈلگە ئايلىنىپتۇ.

ئەتىرگۈل نېمىدېگەن ئوماق، نېمىدېگەن خۇش پۇراق ! شاھزادە پۇراپ ـ پۇراپ قانماپتۇ.

ئەتىرگۈل نېمىدېگەن ئوماق، نېمىدېگەن خۇش پۇراق ! ئەتىرگۈل بىرنى غۇنچىلاپتۇ، يەنە بىرنى غۇنچىلاپتۇ...

سەن دېكابىردىكى چوغ.

سەن سوغۇق لەپىلدەپ چۇشۇۋاتقان دېكابىرنى باھارغا ئايلاندۇرغان چوغ.

سەن دېكابىردىكى قار شاھزادىنى چوغلاندۇرغان چوغ.
سەن دېكابىردىكى باھاردا ئەتىرگۈلگە ئايلانغان چوغ.
سەن دېكابىردىكى چوغ، دېكابىردىكى ئەتىرگۈل.
مەن چوغقا، ئەتىرگۈلگە ئاشىق قار شاھزادە...

## ماھىرە

بەكمۇ سەبىي، بەكمۇ ئوماق كۈلۈمسىرەيسەن...

تاڭ سەھەردە غىپپىدىلا چىقىپ كېتىسەن. كۆزلىرىڭدە بىر بوغچا ئۇيقۇ، ئۆشنەڭدە بىر بوغچا كىتاب. «خوش دادا» دېمەيسەن

پەقەت. بىر بوغچا رەنجىشلىرىمنى بىر پىيالە ئەتكەنچاي بىلەن ناشتا قىلىمەن، خىيالىمدا كايىيمەن ساڭا:

— مەكتىپىڭگە خوش دەپ ماڭغىن ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ!

بەكمۇ سەبىي، بەكمۇ ئۇماق كۈلۈمسىرەيسەن...

چۈشلۈك تاماق داستىخىنى شۈنچىلىك مول، داستىخاننىڭ ئەتراپى شۈنچىلىك چوڭ. قوي يىلىلىق قىزىم قويدەك مەرەپ كىرەمدىكىن دەپ قارايمەن داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىگە، تەخسەمدىكى لەڭمەندەك ھەم ئۇزۇن، ھەم چىگىچ غەملىرىم سوپۇندەك قېتىپ قالغان. خىيالىمدا كايىيمەن ساڭا:

— چۈشلۈك تاماقتا كەلگىن ئۇلگۇرۇپ!

بەكمۇ سەبىي، بەكمۇ ئۇماق كۈلۈمسىرەيسەن...

كەچ بولغاندا مىسسىدە كىرىپ كېلىسەن، ئۆشنەڭدە بىر بوغچا تاپشۇرۇق. تۈيغۇلىرىڭ شۈنچىلىك ھارغىن. «مەن كەلدىم، دادا» دېمەيسەن پەقەت. تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئامراق سەن قەۋەت، رەنجىشلىرىم شۈنچىلىك ھارغىن، خىيالىمدا كايىيمەن ساڭا:

— تاپشۇرۇقنى تېزرەك ئىشلىگىن، ئۆي ئىشلىرىغا قاراشقىن ئاز - پاز.

بەكمۇ سەبىي، بەكمۇ ئۇماق كۈلۈمسىرەيسەن...

«ئاق تاش، كۆك تاش، دەريا بويى سۈزۈك تاش، ئوينايدىغان بالا بارمۇ!...»

بۇ سىنىڭ ئاۋازىڭ، ياق، مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمدىكى ئاۋازىم، ياق، بۇ سىنىڭ شۇنداقلا ئاداشلىرىڭنىڭ ئاۋازى.

«نېمانچە ئويۇن قېپى بۇ بالا. ئويناۋەرمەي قايتىپ كىرسە بولاتتى» دەپ غودۇڭشىيمەن ئۆزۈمچە. خىيالىمدا كايىيمەن ساڭا:

— چوڭ بولغىنىڭنى بىلمەيۋاتامسەن؟ قارا، ئەپتىڭگە...

بەكمۇ سەبىي، بەكمۇ ئۇماق كۈلۈمسىرەيسەن...

تاڭ سەھەردە شەبنەم سۆيگەن ئەتىرگۈل غۇنچىسىدەك، قويدەك ياۋاش قوي يىلىلىق قىزىم. ئاشۇ ئۇماقىنا كۈلۈمسىرەش ساڭا بىر ئۆمۈر نېسىپ بولغاي.

بەكمۇ سەبىي، بەكمۇ ئوماق كۈلۈمسىرەيسەن...

## ئادىلە

تاتلىققىنا، تاتلىققىنا غۇنچە ئەتىرگۈلۈم.

ئىڭەلەپ يىغلىغىنىڭنى ئوخشىتىپ باقتىم ئىڭەلەپ يىغلاشلىرىمنىڭ قۇلىقىدىن چوجاپ. «ھى...» قىلىپ يىغلاپ بولغۇچە كۆزلىرىمدىن ئاقتى تارام ياش، چۈۋۈلۈپ كەتكەن پوتىلىرىمىز ئوخشاش. مېنىڭ يىغامنىڭ داۋامىنى سەن يىغلاۋاتسەن خۇددى دادامنىڭ يىغىسىغا ئوخشاش، ئەمما سېنىڭ بالاڭنىڭ كۆزىدىن ئاقمىسۇن ياش.

تاتلىققىنا، تاتلىققىنا غۇنچە ئەتىرگۈلۈم.

— ئاي نېمىشقا يۇمىلاق پېتى تۇرىۋەرمەيدۇ؟

— ئادەملەرگە چوڭ نەرسىنىڭ ھامان كىچىكلەيدىغانلىقىنى، كىچىك نەرسىنىڭ چوقۇم چوڭىيىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن.

— نېمىشقا كۈندۈزدىن كېيىن كېچە بولىدۇ؟ كېچىدىن كېيىن كۈندۈز بولىدۇ؟

— چۈنكى، بۇ زۇلمەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنىڭ بېشارىتى.

— نېمىشقا شۇنداق بېشارەت بولىدۇ؟

— چۈنكى، ئادەملەرنى ئۈمىد - ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويمىسۇن دەپ.

— ئادەملەر ئۈمىد - ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويسا نېمە بولىدۇ؟

— قۇرت - قوڭغۇزدىن پەرقى بولمايدۇ.

سوئال سوراپ ھارمايسەن، جاۋاب بېرىپ ھارمايمەن. ئەقلىڭدىن سۆيۈنۈپ تايچاق بولۇپ بېرىمەن، ئەمما مېنى ئات قىلىپ مىنمەيسەن...

تاتلىقىنا، تاتلىققىنا غۇنچە ئەتىرگۈلۈم.

ھەر كۈنى مەكتىپىڭنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلايمەن. ئۆيگە قولۇڭدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ قويسام دەيمەن. مەكتەپتىن خۇشال ـ خۇرام چىقىسەن، مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا يۈگۈرەيسەن، بويىنۇمغا ئېسىلىپ مەڭزىمگە سۆيىسەن، ئاندىن قولىقىمغا پىچىرلايسەن:

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، دادا، ئەمدى مەكتەپ ئالدىدا ساقلىماڭ، يا مەن يەسلى بالىسى بولمىسام...

چوڭ بولغىنىڭدىن، ئۆزۈڭنى چوڭ ئادەمدەك تۇتقىنىڭدىن خۇش بولىمەن. ئەمما، مەكتىپىڭ ئالدىغا سېنى ئالغىلى بارمىسام غەملىرىمنى غالجىر ئىتلار تالايدۇ.

«قىزىم ئۆيگە كېتەلىگەنمىدۇ...»

تاتلىقىنا، تاتلىققىنا غۇنچە ئەتىرگۈلۈم. كەچ تەرەپلەردە ئائىلىمىزنى — كىچىككىنە ئەتىرگۈللۈكىمىزنى كۈلدۈرىسەن، تېلىقتۇرىسەن.

سەن ناخشا ئېيتىسەن:

«جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار،

ساناپ باقسام چېكى يوق...»

مەنمۇ ناخشا ئېيتىمەن:

«ساڭا ئىپار قوشقانمۇ؟
خۇش پۇراق سەن ئەتىرگۈل...»

قەستەن بىر ـ بىرىمىزنىڭ چىشىغا تېگىپ چاقچاقلىشىمىز، ھازىر جاۋابلىقتا سىنىشىمىز:

— چاشقان يىللىق قىزىم، تۇلۇم چاشقان.

— ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچقان.

— ئات يىلىلىق دادام، هۆرۈن ئات.
— مېنى تەرىپلەپ قوشاق قات.
— ...

ئاندىن ئويۇن ئويناشقا چۈشۈپ كېتىمىز. ئويۇن تۈرىنى، تەرتىپىنى، شەرتىنى سەن بەلگىلەيسەن. ئويۇننىڭ باشقۇرغۇچىسىمۇ ئۆزۈڭ بولىسەن، ھەممىمىز ئاغزىڭغا قارايمىز:

— تاقتا ـ تۇقتا، ئۇنچە ـ مارجان...
— چۈمۈلە، چۈمۈلە، نەگە بارغان چۈمۈلە...
— چىم ـ چىم باتۇر ئۆيدە بارمۇ؟ ...
— ...

تاتلىقتىنا ـ تاتلىقتىنا غۇنچە ئەتىرگۈلۈم.

«بىر تال ئاچقۇچ بولۇپ قالغان بولسام، ئاچقۇچ بېغىڭىزغا ئىلىنىۋېلىپ، يېنىڭىزدىن ئايرىلماي نەگە بارسىڭىز شۇ يەرگە باراتتىم، دادا...» دەيسەن بالىلىق ئوي ـ خىياللىرىڭنى ئىزھار قىلىپ.

سۆيۈنۈپ كېتىمەن.

سېنى مەن بېرىشنى ئارزۇ قىلغان، لېكىن بارالمىغان يەرلەرگە بارسىكەن، مەن قىلىشنى ئارزۇ قىلغان، لېكىن قىلالمىغان ئىشلارنى قىلسىكەن، كۆكتە قۇشتەك ئۇچسىكەن، دېڭىزدا بېلىقتەك ئۈزسىكەن... دەيمەن.

بىلمىدىم، سەندىن بىردەمگە ئايرىلىشقا يۈرەك چىدامدىكىنتالىڭ؟!

مانا، سەن ئۆيگە چاشقاندەك كىرىپ كەلدىڭ، ئاچقان قورسىقىڭغا يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ. شۇ ھامان ئەتىرگۈللۈكىمىز ۋىلىقلاپ كۈلدى...

تاتلىقتىنا، تاتلىقتىنا غۇنچە ئەتىرگۈلۈم.

2006 ـ يىلى مارت، يەكەن

# نورۇزغا تىلەك

## 1

قۇياش ساخاۋەتلىك تەپتى بىلەن پەسىللەر ئەركىسى باھارنى ئاستا نوقۇدى، خۇددى كۆيۈمچان ئانا ئۇيقۇچان ئەركە پەرزەنتىنى مېھرى بىلەن سۆيۈپ ئويغاتقاندەك. چەكسىز ئۇپۇقتىن تارىغان بىر ئىللىق ھارارەتتىن ئېرىپ ئاققان ئەگىز سۇلىرى بارچە ھاياتلىققا ياشاش ئۈمىدى ئاتا قىلدى، خۇددى جاپاكەش، تاغ يۈرەك ئاتىنىڭ پېشانىسىدىن تامچىغان مېھنەت تەرىدەك. باھار شامىللىرى شوخ ھەم لەرزان، يېقىملىق ھەم نازاكەتلىك ئۇسسۇللىرى بىلەن يىگىتلەرنىڭ چىناردەك بەستىگە يۆگىشىپ، مۇھەببەتلىك يۈرەكلىرىدىكى ئوتلارنى تېخىمۇ يېلىنجىتاتتى، قارلىغاچ قانىتىدەك بۇرۇتلىرى سۆلەت بېغىشلاپ تۇرغان لەۋلىرىگە لەۋ ياقتى، خۇددى ۋاپادار مەشۇقلاردەك. بوۋايلارنىڭ ساقاللىرىنى، مومايلارنىڭ لېچەكلىرىنى يەڭگىل يەلپۈتتى، خۇددى چۇچۇك تىللىق نەۋرىلەرنىڭ بۇدرۇق قوللىرىدەك...

شۇ دەقىقىدە پەسىللەر ئەركىسى باھار، باھارنىڭ گۈل تاجى نورۇز كەلگەنىدى، خۇددى ئىنساننىڭ ھايات مۇشكۇلاتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش ئىشەنچىنى ئۇرغۇتقۇچى يۈكسەك بىر ئارزۇ – ئۈمىدتەك. شۇڭلاشقىمۇ ئادەملەرنىڭ ياخشى تىلەكلىرى يۈرەكلىرىدىن بۇلدۇقلاپ تۆكۈلەتتى، خۇددى نورۇز بۇلاقىنىڭ زىلال قەترىلىرىدەك:

«ئىشىك بۇدەم ئوچۇق ساڭا، مەرھابا نورۇز !
گۈلۈڭ بىلەن ھويلىمىزنى يېڭىلا، نورۇز.»

## 2

تولۇن ئاي بولۇت يىرىپ چىقىپ مۇقەددەس يەر ئانىغا تەلمۈرەتتى، خۇددى باتۇر ئەجدادلىرىمىز يىراق ئۆتمۈش ئالۋۇنلىرىدىن ئۈمىدۋار پەرزەنتلىرىنى ئىقىپ كېلىۋاتقان بۇ ساخاۋەتلىك زېمىنغا كۆز تىكىۋاتقاندەك. يۇلتۇزلار كىرپىكمىدىن مېھىر تۆكۈلەتتى، خۇددى باتۇر ئوغۇز، باھادىر ئالىپ ئەرتۇڭا، تۇمارىس، دانىشمەن مەھمۇد كاشغەرىي، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، نەۋايى، سۇلتان سەئىدخان ۋە خانىش ئامانىنىسالارنىڭ چولپان كۆزلىرىدەك...

شۇ دەقىقىدە پەسىللەر ئەركىسى باھار، باھارنىڭ گۈل تاجى نورۇز كەلگەنىدى، خۇددى بوزرۇكۋار ئەجدادلارنىڭ كۈرەشچان ئەۋلادلارغا يوللىغان ئوتلۇق سالىمىدەك. شۇڭلاشقىمۇ ئەۋلادلارنىڭ پەخىرلىك ئەجدادلىرىغا يوللىغان چەكسىز سېغىنىشى يۈرەك ـ يۈرەكلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقاتتى:

«ئۇنتۇمىدۇق، سېغىندۇق بىز، مەرھابا نورۇز !
ھۆسنۈڭ بىلەن يولىمىزنى يېڭىلا، نورۇز.»

## 3

تۇمەنلىگەن پەررەندىلەر يېقىملىق سايرايتتى، شاختىن ـ شاخقا سەكرەيتتى، ساmادا ئەركىن پەرۋاز قىلاتتى، مۇللاق ئاتاتتى، كۆك قەرىگە كۆتۈرۈلەتتى، زېمىنغا قاراپ شوڭغۇيتتى، خۇددى ئادەملەر شادىيانە ئەۋجىدە ساماغا چۈشكەندەك، مۇقاملار ئەۋجىدە مەشرەپ ئويناۋاتقاندەك. قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۆپۈشقاقلىق، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق ناخشىسىنى ياڭرىتىۋاتقاندەك. يارشىملىق بادام دوپپىسىنى چېكىسىگە قوندۇرۇپ كىيىۋالغان دېھقان يىگىت سوپىكىنى تاتىلداتقىنىچە

ھەيدەپ ئۇسىغا قانغان تۇپراقلارنى چوڭقۇر ئاغدۇراتتى، خۇددى ھۇرۇنلۇق، چىدىماسلىق، قىتىغۇرلۇق، نادانلىق، داغۋازلىق، مەمەدانلىق، بىغەملىك... تىن ئىبارەت نىجىس ئىللەتلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاۋاتقاندەك...

شۇ دەقىقىدە پەسىللەر ئەركىسى باھار، باھارنىڭ گۈل تاجى نورۇز كەلگەنىدى، خۇددى ۋۇجۇدلارنى چىرمىۋالغان ئەبگار ئىللەتلەرنى يۇيۇپ تازىلىغۇچى شىپالىق يامغۇر ياغقاندەك. شۇڭلاشقىمۇ ئادەملەرنىڭ مۇدھىش ئىللەتلەرگە بولغان نەپرىتى قايناپ تېشىۋاتاتتى:

«يوقالسۇن شۇ مۇدھىش ئىللەت، مەرباھا نورۇز !
ھېكمەت بىلەن ئورنىمىزنى يېڭىلا، نورۇز .»

**4**

دۇتار، قالۇن، داپ، تەمبۇرلار جاراڭلاپ، مۇقاملارنىڭ سېھىرلىك كۈيلىرىدىن نورۇز مەشرىپى ئەۋجىگە چىققانىدى. شوخ يىگىتلەر، نازاكەتلىك قىزلار، تىمەن بوۋايلار، تېتىك مومايلار، كەپسىز، سەبىي باللار ئۇسسۇل ئويناپ ھارمايتتى، خۇددى ئاجايىپ كاتتا توي بولغاندەك. ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم، تەڭرىتاغلىرى، شەربەتلىك باغراش، سايرام كۆللىرى، ئەزىم ئىلى، تارىم، تۇمەن، يەكەن دەريالىرى ئاجايىپ بىر ھاياجاندىن سىلكىنەتتى، چايقىلاتتى، شارقىرايتتى، خۇددى پەرزەنتلىرىنىڭ كاتتا تويى مەرىكىسىدىن ھاياجانلانغان بۇزرۇكۋار ئاتا ـ ئانىلاردەك...

شۇ دەقىقىدە پەسىللەر ئەركىسى باھار، باھارنىڭ گۈل تاجى نورۇز كەلگەنىدى، خۇددى بۇ ساخاۋەتلىك زېمىنغا قۇت ـ بەخت ئەلچىسى كەلگەندەك. شۇڭلاشقىمۇ ئادەملەر چوڭ ـ كىچىك، باي ـ گاداي، ئەمەلدار ـ پۇقرادىن ئىبارەت پەرقىنى چۆرۈپ تاشلاپ،

بىر كاتتا بەختىنىڭ تەنتەنىسىدە ئورتاق كۈلۈشەتتى:

«نۇر ئوينىسۇن زىننىخلاردا، مەرھابا نورۇز !
كۈلكەڭ بىلەن تۈيغۇمىزنى يېڭىلا، نورۇز.»

## 5

قولى گۈل قىز ـ جۇۋانلار كەڭرى دالاغا ئېسىلغان قازان بېشىدا ئالدىراش يۈرۈشەتتى. قازانلاردا شېرىن تەملىك سۈمۈلەك ـ نورۇز ئاشلىرى قايناۋاتاتتى. گۈلدەك ياسانغان گۈل يۈزلۈك كېلىنچەكلەرنىڭ چېۋەر قوللىرىدا تەييار بولغان كۆك چۆچۈرىسى، كۆك سامسىسى، پوشكال ـ توقاچلار، ساڭزا ـ بوغۇرساقلار نورۇز داستىخىنىنى مول نازۇنېمەتلەر بىلەن بېزىگەنىدى، خۇددى چۆچەكلەردىكى سېھىرلىك ئېچىل داستىخاندەك...

شۇ دەقىقىدە پەسىللەر ئەركىسى باھار، باھارنىڭ گۈل تاجى نورۇز كەلگەنىدى، خۇددى نورۇز بوۋاي باي ـ باياشاتلىق ئەلچىسىنى باشلاپ كەلگەندەك. شۇڭلاشقىمۇ نورۇز داستىخىنى ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى مېھىر ـ شەپقەت دەرياسىنى دولقۇنلىتىۋاتاتتى:

«بۇ كونىچە داستىخانغا مەرباھا نورۇز !
مېھرىڭ بىلەن نېمەتلەرنى يېڭىلا، نورۇز».

## 6

ئېتىز ـ قىرلاردا تۇپراق يېرىپ بىخ سۈرگەن مايسىلارمۇ يېشىل، ئەگىز سۈيىدە ياشىرىپ، باھار شامىلىدا نازاكەتلىك ئۈسسۈل ئويناۋاتقان مەجنۇنتاللارنىڭ ياپراقلىرىمۇ يېشىل، چەكسىز دالاغا كىمخابتەك پاياندار سالغان كۆكتات ـ

گىياھلارمۇ يېشىل، قىزىل ـ چوكانلارنىڭ ئەگىم ئايدەك قاشلىرىغا قويۇۋالغان ئۇسمىسىمۇ يېشىل، خۇددى خاسىيەتلىك نورۇزنىڭ ساخاۋىتىدىن بۇ زېمىنىنىڭ كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخىنى، ھەيۋەتلىك تاقىر تاغلىرى، قۇرۇپ كەتكەن دەريا ـ كۆللىرىنىڭ قىرغاقلىرى، قاقاس ساي ـ دالىلىرى يېشىللىققا پۈركەنگەندەك...

شۇ دەقىقىدە پەسىللەر ئەركىسى باھار، باھارنىڭ گۈل تاجى نورۇز كەلگەندى. خۇددى خاسىيەتلىك نورۇز ئادەملەرنىڭ دىلىغا ئاقلىق، زېمىنغا يېشىللىق باشلاپ كەلگەندەك. شۇڭلاشقىمۇ ئادەملەر باھادىرلىق كەمىرىدە بەللىرىنى مەھكەم باغلاپ، يېشىللىق ئۈچۈن بۇ ساخاۋەتلىك ئانا زېمىننى كۆكەرتىپ، باغرىنى گۈللەرگە پۈركەش ئۈچۈن غەيرەت ـ شىجائەتكە تولغانىدى:

«يەر كۆكەرسۇن، دىل ئاقارسۇن، مەرھابا نورۇز،
ناخشاڭ بىلەن ئېڭىمىزنى يېڭىلا، نورۇز.»①

2003 ـ يىلى مارت، يەكەن

① قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان مىسرالار ھاجى مىرزاھىت كېرىمىنىڭ.

# گۈل بەرگىدىن تۆكۈلگەن شەبنەم

سۇبهى بىلەن تەڭ ئۇپۇقتىن تارىغان قىزغۇچ نۇردىن ئوزۇق ئېلىپ، پورەكلەشكە باشلىغان ئەتىرگۈل غۇنچىسى ئەتراپىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ ئارىسىدا تولىمۇ مەغرۇر تۇراتتى. ئۇنىڭ قان ئۇيۇپ قالغاندەك قىپقىزىل يۇمران بەرگىلىرى ئالتۇندەك قۇياش نۇرىدا چوغدەك تاۋلىناتتى.

— سەتلەر، — دېدى ئۇ ئەتراپىدىكى بەرگىلىرى قورۇپ، توزۇشقا باشلىغان گۈللەرگە مەسخىرىلىك قاراپ، — بىچارە ئەخمەقلەر، — ئۇ يەنە ئەتراپىنى چىرايلىق بېزەپ تۇرغان يېشىل ياپراقلارغا مەغرۇرانە كۆزىنى تىكتى.

— قولۇڭنى تارت! ئەپتىڭگە قاراپ مېنى ئۇز، سەن مېنىڭ خىلىم ئەمەس، — دېدى ئۇ پۇراش ئۈچۈن ئەمدىلا قول ئۇزارتقان گۈلچى يىگىتنىڭ بارماقلىرىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن تىكەنلىرىنى سانجىپ.

ئەتىرگۈل تولىمۇ گۈزەل، مەغرۇر ۋە ھاكاۋۇر ئىدى. ئۇنىڭ مەغرۇرانە ھاياتى ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. شۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ ئۆزىگە ئاشىقانە تەلمۈرگەن، پۇراش ئۈچۈن ئىنتىلگەن يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ئاشۇ گۈزەللىكى، ھاكاۋۇرلۇقى بىلەن يەككە ـ يېگانە قالدى...

ئۇپۇق چوغدەك قىزىرىپ، ئۇنىڭ قىزىل نۇرلىرى قارا تۇننىڭ باغرىنى قىلىچتەك كېسىپ، زېمىنغا تارىدى. بارلىق مەۋجۇداتلار يېڭى بىر كۈننى خەندان ئۇرۇپ كۈتۈۋالدى. بىراق، ھېلىقى چىرايلىق ئەتىرگۈل تولىمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ

ئەسلىي گۈزەللىكىنى يوقىتىپ، قۇرۇشقا باشلىغان بەرگىلىرىدىكى سۇبھى شەبنەملىرى قىزىل نۇر تالالىرىدا رەڭدار مەرۋايىتتەك جۇلالايتتى... قۇياش كۆتۈرۈلدى. پۈتكۈل ھاياتلىق ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرىنى خۇددى ئانا سۈتىنى ئەمگەن بوۋاقتەك ئىشتىھا بىلەن ئەمدى... بىراق ئەتىرگۈلنىڭ تېخىمۇ بەك قۇرۇشقا باشلىغان بەرگىلىرىدىن مەرۋايىتتەك شەبنەملەر قىز كۆزىدىن ئاققان ياشتەك سىرغىپ چۈشۈپ تۇپراققا سىڭىپ كەتتى. ياق، بۇ شەبنەم ئەمەس، بەلكى ھاكاۋۇر ئەتىرگۈلنىڭ ھەسرەت ــ نادامەت يېشى ئىدى. قاراڭلار، ئۇ يىغلاۋاتىدۇ، بوغۇلۇپ، ئۆكسۈپ، پۇشايمان ئىلكىدە تولغىنىۋاتىدۇ...

1990 ــ يىلى دېكابىر، يەكەن



# باھار

كائىنات ئاپپاق رەڭدە لىباس كىيگەن مۇشۇنداق سائەتلەردە كىمنىڭمۇ كۆڭلى يېشىللىققا ئورالغان رەڭگارەڭ مۇھىتقا تەلپۈنمىسۇن؟ خىلمۇخىل گۈللەر ئېچىلغان باغچىلارنى، قۇشلار نەغمە ـ ناۋا قىلىۋاتقان، بۇلاقلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بوستانلىقلارنى كىممۇ ئىنتىزارلىق بىلەن ئەسكە ئالمىسۇن !؟


ئېھ، باھار ! سېنىڭ رەسىدە بولغان قىزغا ئوخشاش ۋۇجۇدۇڭدا ئەنە ئاشۇ تەنگە ھۇزۇر، ھاياتقا لەززەت، يۈرەككە شادلىق، ئىجادقا ئىلھام بېغىشلىغۇچى ھەممە، ھەممە سۈپەتلەر مۇجەسسەملەنگەن.

سەن ئىجادكارنىڭ ئىلھام پەرىلىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىغان سەيلىگاھى، سەن ئىشچانلارنىڭ مېھنەت تەرىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرىدىغان مۆجىزات ئىلاھى، سەن قىزىلگۈلگە ئاشىق بۇلبۇلنىڭ مۇقەددەس سەجدىگاھى، سەن زىمىستاندا مۇزلىغان يۈرەكلەرنىڭ ئىللىق قۇياشى !

ئېھ، باھار ! تەبىئەت دۇنياسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان، ساڭا تەلپۈنمەيدىغان مەۋجۇداتمۇ بارمىدۇ !؟ يوق ! پۈتۈنلەي يوق! چۈنكى سەن بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ۋۇجۇدىغا جۇشقۇنلۇق بەخش ئەتكۈچى ھاياتلىق ئابىدىسىسەن. سېنىڭ ئىللىق نۇرۇڭدىن، نازلىق تەبەسسۇمۇڭدىن ۋىلىقلاپ كۆلگەن ئانا تەبىئەت ئۆز ۋۇجۇدىدىكى سوغۇقنىڭ نامايەندىسى بولغان توڭنى ئېرىتىپ، ئۈسۈملۈكلەرگە گۈل ـ غۇنچە ئاتا قىلىپ، ھاياتلىققا يېڭى بىر

تۇس بەرگۈسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن بىلەن قاقاس چۆللەر بولغۇسى بوستان، يازسام تەرىپىڭ تۈگىمەس مىڭلارچە داستان.

2000 ـ يىلى ئاپرېل، يەكەن



# ئەسسالام، يېڭى يىل

ئالدىمدا بىر پارچە ئاپپاق قەغەز، قەلەمنى تۇتۇپ ئولتۇرىمەن خىيالغا پېتىپ، ئۇپۇقتىن خەنجەردەك كۆتۈرۈلگەن قىزىل نۇر تالالىرى تارىماقتا سۇبھى پەردىلىرىنى يىرتىپ، مۇقەددەس قۇياش نۇرلۇق جامالىنى زېمىنغا كۆرسەتمەكتە ئوت شارىدەك تاۋلىنىپ، تاڭ خەۋەرچىلىرى بەس ـ بەس بىلەن چىللاشماقتا زوقلىنىپ، يېپيېڭى بىر تاڭ ئاتماقتا كائىنات ئاقىرىپ.

ئالدىمدا بىر پارچە ئاپپاق قەغەز، قەلەمنى تۇتۇپ ئولتۇرىمەن خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ، نەزەر سالدىم ئۆتكەن يىللىرىمغا قىياقتا يۈرۈپ، يۇزۇم چوغدەك قىزاردى ئىزسىز يوللىرىمنى كۆرۈپ. شۇ ئان قارىدىم ئەينەككە، بېشىمغا چۈشۈپتۇ قىروۋ ـ ئاق، يىللار سوۋغا قىپتۇ ماڭا ئۇنى بىر تال ـ بىر تالدىن ھەر كۈنى ھەر ۋاق، دەرھال ۋاراقلىدىم ئۆمۈر كالېندارىمنى، تۇرۇپتۇ ھەربىر بەتلىرى ئاپپاق. ئېھ، سېخىي يىللار! ساڭا نېمىنى سوۋغا قىلالىدىم، تۇرۇپ ۋۇجۇدۇم ساپساق؟ شۇنداق ئىزسىز ئۆتەمدۇ بۇ ئۆمرۇم؟ ياق، ياق!

ئالدىمدا بىر پارچە ئاق قەغەز، سىزماقچىمەن ئۇنىڭغا گۈزەل غايىلىرىم سۈرىتىنى سىجىل. ئەمەستۇر بۇ قۇرۇق ۋەدەم، يىگىتلىك ۋىجدانىم كېپىل. چۈنكى، تۇرار ئالدىمدا ئىمكانىيەتلەرنى تولۇق بېرىپ ئاپپاق قەغەز كەبى يېڭى يىل، ماڭا يولباش ۋە قولداشتۇر ساپ نىيەتلىك سانسىزلىغان دىل. شۇڭا، ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىپ دېدىم:

— ئەسسالام، يېڭى يىل!

1989 ـ يىلى يانۋار، يەكەن

# پۇشايمان

## 1

— توختا، دوستۇم، يەنە بىر قەدەملا چامدىساڭ خەتەرلىك، چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىسەن.

— ئىشىڭنى قىل، نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن.

ئۇ مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمغا قۇلاق سالماي مېڭىشىنى داۋاملاشتۇردى.

— خوش بولاي، مېنى تېزدىن قۇتۇلدۇرۇۋال !

مەن شۇنداق قاراپلا ئۇنىڭ ھاڭنىڭ لېۋىگە ئېسىلىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ چاققانلىق بىلەن بىر قىيا تاشقا ئېسىلىۋاپتۇ، بولمىغان بولسا...

— تېز بولساڭچۇ، مەن پەقەتلا بولالمىدىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرى مۆلدۈرلەيتتى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئىككى پۇتى دەسسىگۈدەك يەر تاپالماي پىلتىڭلايتتى. مەن دەرھاللا ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ھاڭدىن تارتىۋالدىم. ئەپسۇس ! مانا ئۆزۈم ئۇنىڭ بىر تېپىكى بىلەنلا بۇ خەتەرلىك، چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن، ئەمدى مېنى كىم قۇتقۇزۇۋالار؟ ئىسىت...


## 2

ئۇ قەلبىمدىكى ھۆرمەت تەختىنىڭ يېگانە سۇلتانى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى تەڭداشسىز ھېكمەت، خاتاسىز نەسىھەت دەپ بىلەتتىم. ئۇ يالغۇز ماڭىلا ئەمەس،

باشقىلارغىمۇ ئىنساب ـ دىيانەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ۋاپا، ۋىجدان ھەققىدە سۆزلەيتتى، نەسىھەت قىلاتتى. شۇڭلاشقا، كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ ئاشۇ سىمىز، ئىگىزرەك كەلگەن گەۋدىسى گويا ئۇلۇغ بىر گىگانت ئوبراز بولۇپ نامايان بولاتتى ـ دە، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئەقىدەم ھەسسىلەپ ئاشاتتى.

ئەپسۇس ! ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، بۈگۈن ئۇنىڭ قەلبىمدە پەيدا بولغان گىگانت ھەيكىلىنى نەپرەت ئوقلىرىم بىلەن چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىپ تاشلىدىم. سەۋەبى: ئۇ بۈگۈن مىنىڭ قېشىمغا ئەڭ يېقىن دوستىمنى چېقىشتۇرۇپ، بىر تالاي غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىپ كەپتۇ. بۇرۇن مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن غەيۋەتخورلۇق، چېقىمچىلىقنىڭ ئەڭ نەپرەتلىك ئىللەت ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭلاشقا، ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق نىقابىغا كىرىۋالغان بۇ غەيۋەتخور، چېقىمچى «جاناب»نى قەلبىم تۆرىدىكى ھۆرمەت تەختىدىن غۇلىتىپ، تۇكۇرۇپ تاشلىدىم. ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر ئىنساننى ئۇلۇغلاپ، ھەمسۆھبەت بولغانىكەنمەن، ئىسىت...

2001 ـ يىلى ئۆكتەبىر، يەكەن



# ئەمەل تەگكەندە

دوستۇم، نېمە بولدۇڭ؟ تېخى تونۇگۇنگىچە كىچىك پېئىل، خۇش تەبىئەتلىك ئىنسان ئىدىڭغۇ؟

توۋا، بۈگۈنكى بۇ ئەلپازىڭنى كۆرۈپ كۆزۈمگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى: قەددىڭ قېتىپتۇ خۇددى چوكىمۇزدەك، سالامغا سالام قايتۇرمايسەن بەئەينى خادا يۇتۇۋالغاندەك، ھوقۇقنى دەپ دوستلۇقتىن كېچىپسەن، بىر كېچىدىلا تەكەببۇرلۇق لىباسىنى كىيىپسەن.

قارا، دوستۇم، ياخشىراق قارا، ھازىرلا ساڭا سالام قىلغان، قىزغىنلىق بىلەن بىرنەچچە ئېغىز «سەن ئەزەلدىن ياخشى كۆرىدىغان» دوستلۇق چاقچىقىنى تەكرارلىغان كىشى كىچىكىڭدە بىللە پادا باققان قەدىناس دوستۇڭ ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ شۇنچە قىزغىن سالىمىغا جاۋاب قايتۇرمايسەن؟ ھەتتا ئۇنى تونۇمايدىغاندەك قاراپمۇ قويمايسەن؟

«دادا — ئەڭ ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك ئىنسان»، بۇ سېنىڭ ئاغزىڭدىن چۈشمەيدىغان، سۆز، ئەجەبا بۈگۈن سېنىڭ نەزىرىڭدە داداڭمۇ قىلچىلىك ھۆرمىتى يوق ئادەم بولۇپ قاپتۇغۇ ئەمدى؟

ئەنە، ئاۋۇ يەردە سەن ئۆزۈڭگە ئەزەلدىن ناتونۇش كىشىگە شۇنچىۋالا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، خۇشامەت، تەزىم بىلەن ھال ـ ئەھۋال سوراپ كەتتىڭ، نېمە، ئۇ كىشىنى «باشلىق، كاتتىباش» دەمسىنا؟ ھە، چۈشەندىم، پۈتۈنلەي چۈشەندىم، بۈگۈندىن ئېتىبارەن سېنىڭ نەزىرىڭدە پەقەت ھوقۇق ئىگىسىلا ھۆرمەتلىك ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقىسى مەيلى دوستۇڭ، مەيلى تۇغقىنىڭ، ھەتتا ئاتا ـ ئاناڭمۇ نەزىرىڭدە پەقەتلا بىر تىيىن...

ئەي قەدىرلىك دوستۇم، بۈگۈن چىۋىننىڭ قانىتىچىلىك ئەمەل ـ مەرتىۋىگە ئېرىشىپ بۆلۈنچىۋالا كېرىلىپ، قاسراق تاشلاپ ئۆزگىرىپ كەتسەڭ، ناۋادا ئەتىلىككە ئاشۇ ئەمەلدىن ئايرىلساڭ قانداق قىلارسەن؟ ئەمەل دېگەننىڭ ئىنسانغا مەڭگۈ باقمەندە ئەمەسلىكىنى ئۆزۈڭمۇ ياخشى بىلىسەنغۇ؟!

بىلىپ قوي، دوستۇم، ئەمەل دېگەن خەلقنىڭ ھۆرمەت ـ ئىشەنچى بىلەن مەۋجۇت، خەلقنىڭ ھۆرمەت ـ ئىشەنچى بىلەنلا قۇدرەتلىك. سەن خەلقتىن، ئۇلارنىڭ ھۆرمەت ـ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالساڭ، ئەمىلىڭ ھەرقانچە چوڭ بولسۇن، بەرىبىر دات باسقان خەنجەرگە ئوخشاپ قالىدۇ!

2001 ـ يىلى نويابىر



# ئىلتىجا

ياشلىقىڭ ئېسىڭدىمۇ، ئانا؟

سەن ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا قەدەم قويغاندا، قەلبىڭدە قانداق ئارزۇ ـ ئارمانلار بىخ سۈرگەن؟ پاك، سەبىي يۈرىكىڭ نېمىلەرگە ئىنتىلگەن؟ ئېيتقىنا، ئانا، ئەنە شۇ مەزگىللەردە چوڭ ئانام يۈزۈڭگە مەجبۇرىي چۈمپەردە تارتىپ، ئايرىم ھۇجرىغا بەند قىلىپ، ئەركىنلىكىڭنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭنى، ياشلىق ئىنتىلىشلىرىڭنى خۇراپىي ئادەت كۈشەندىلىرىنىڭ جاھالەت كىشەنلىرى بىلەن بوغۇپ قويغاندا، قانداق ھېسسىياتلاردا بولغانىدىڭ؟


بىلىمەن، ئانا، سەن دەسلەپ ئەركىنلىكىڭ، ھۆرلۈكۈڭ ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسەتتىڭ، چوڭ ئانامغا يېلىندىڭ، يىغلىدىڭ، ئاخىرىدا بۇ قىسمەتلەرنى تەقدىردىن كۆرۈپ تەن بەردىڭ، كۆندۈڭ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزۈڭنى خۇددى قەپەسكە سولانغان قۇشتەك، قانىتى بوغقۇچلانغان كەپتەردەك، ھەپسىگە ئېلىنغان مەھبۇستەك سەزدىڭ. سەن قارىغۇلارچە چوقۇنغان، نەزىرىڭدىكى مەڭگۈ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان «تەقدىر ئىرادە» مومالارنىڭ ئارزۇسىغا ھامىي بولۇپ، ئىچكى دۇنيايىڭغا مەڭگۈ چىقمايدىغان كۆرۈنمەس روھىي كىشەن بولۇپ سېلىندى.

ئاھ، ئانا! سەن بۇ كىشەنلەرنىڭ ئازابىغا ئوتتۇز ـ قىرىق يىل چىدىغانىدىڭ، تېخى ئۇنى قىزىڭغىمۇ مىراس قالدۇرماقچى، ئاڭسىز ھالدا ئۇنىمۇ ئاشۇ «تەقدىر»نىڭ قۇربانى قىلىپ، ئۆز قىسمىتىڭنى تەكرارلاتقۇزماقچى بولۇۋاتىسەن. قىزىڭ ئارزۇ ـ

ئىرادەڭگە خىلاپلىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتسە رەنجىۋاتىسەن...


رەنجىمە، ئانا، قىزىڭنى ئەركىگە قوي، ئۇنىڭ يۇمران قاناتلىرىنى بوغقۇچلىما. ئۇ ئەركىن پەرۋاز قىلسۇن، شۇ نەرسە ئېسىڭدىن چىقمىسۇنكى، قىزىڭ ھۆر دىيارنىڭ ئەركىن قىزى، ھەرگىزمۇ تەقدىرنىڭ قۇلى ئەمەس.

2001 ـ يىلى نويابىر



# بىز ۋە ئۇلار

مېنىڭ قولۇمدا بىر پارچە مايلىرى لىغىرلاپ تۇرغان لوق گۆش، ئاياللىرىمنىڭ قاچىسىدا قىيمىلىرى كۆرۈنۈپ، پۇراقلىرى دىماقنى يارغۇدەك گۇپۇلدەپ تۇرغان، ۋىل - ۋىل قىلىپ پىشقان پېتىر مانتا، ئوغلۇمنىڭ قولىدا توقاچ بىلەن هالۋا... بىراق، بىز بىلەن ئارىتام قوشنا ئۆيدە ئاۋۇ بوۋاي بىلەن موماي قوللىرىدىكى ئەتىگەندىن بېرى تىلەپ تاپقان، هاۋانچىدا سوققۇدەك قېتىپ كەتكەن نانلىرىنى چىشى قالمىغان ئاغزىدا يۇمشىتالماي قاقشىماقتا. سۆيى قۇرۇپ كەتكەن بولاقتەك نۇرسىز كۆزلىرىنى ياشلىماقتا... سىز بۇ ئىككى قېرىنى كىمكىن دەپ قالماڭ، ئۇلار باشقا بىرسى ئەمەس، دەل مېنىڭ ئاتا - ئانام.



# تويلۇق

مېنىڭ بەختىم ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدا ۋەيران بولدى !

مەشۇقۇمنىڭ ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن ماڭا سېلىنغان بەش مىڭ يۈەن تويلۇق يۈرىكىمگە خۇددى دەقيانۇسنىڭ زەھەرلىك تۆمۈر تىرناقلىرىدەك چاڭگال سالدى. مەندە نەدىمۇ ئۇنچىلىك ماددىي بايلىق بولسۇن؟ مەن بارلىق مەنىۋى بايلىقىمنى پاك يۈرىكىمگە قوشۇپ جانانىمغا بېغىشلىغانىدىم. ئەپسۇس، مېنىڭ بۇ بايلىقىمنى بەش تىيىنغىمۇ تەڭ قىلمىغان مەشۇقۇمنىڭ ئاتا - ئانىسى بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزگە چەك قويدى. ياق، ئارىمىزغا تويلۇقتىن ئىبارەت ئاشقىلى بولمايدىغان خەتەرلىك بىر داۋاننى پەيدا قىلدى.

بىز كۆز يېشىمىزنى سەلدەك ئاقتۇرۇپ، ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

2001 - يىلى نويابىر، يەكەن

# تىنىقلىرىم

مەن ئوغرى مۈشۈكتەك ماراپ، لالما ئىتتەك تىمىسقىلاپ مىڭىپ مۈشەققەتتە ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئوتلۇق لەۋلىرىمدىن تارقالغان ئاتەشتەك تىنىقلىرىم بۇ يات ئۆينى باھاردەك ئىللىتىپ، يۈرەكلەرگە ھۇزۇر بېغىشلاپ، بەڭباش ھېسسىياتلىرىمنى ئويغاتتى، بىز تەشنالىق ۋە ۋىسال لەززىتىدىن پاراغەت ئۇيقۇمىزنى باشلىدۇق.

مەن خادا يۇتۇۋالغاندەك غادىيىپ، ھۆكۈمرانلاردەك گىدىيىپ، چىرايىمدىن قار - يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۆز ئۆيۈمگە كىردىم. مۇزدەك لەۋلىرىمدىن تارقالغان زەھەرلىك تىنىقلىرىم بۇ ئۆينى شۇۋىرغان بۆرىدەك ھۇۋلاپ، زەھەرلىك يىلاندەك نەشتەر سانجىپ تۇرغان غېرىب - غۇرۋالار كەپىسىگە ئوخشىتىپ قويدى. تىنىقلىرىمدىن تارقالغان سوغۇقنىڭ تەسىرىدە، ئايالىمنىڭ بوتا كۆزلىرىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى ئازاب، ھەسرەت ۋە خورلۇقتىن سارغىيىپ بېھىغا ئوخشاپ قالغان مەڭزى ئۈستىدە چوكىمۇز بولۇپ قاتتى.

2001 - يىلى دېكابىر، يەكەن

# كۈتۈش

مېنى كۈتكىن دېمىگەنمىدىڭ؟

كەچكى قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى يىغقاندا، سەن ماڭا تۇنجى قېتىم ئاشىقانە كۆز قىسقان كۆۋرۈك بېشىغا بېرىپ سېنى كۈتتۈم. شوخ كۆزلىرىڭ كىرپىكىمگە ئىلىندى.

مېنى كۈتكىن دېمىگەنمىدىڭ؟

زېمىن ئانا قارا شايى لېچەكىنى بېشىغا سالغاندا، سەن تۇنجى قېتىم يۈرىكىمگە يۇرەك سىرىڭنى تۆككەن مەھەللە سىرتىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىگە بېرىپ سېنى كۈتتۈم. يېقىملىق پىچىرلاشلىرىڭ پۈتكۈل ئەزايىمنى قۇلاققا ئايلاندۇردى.

مېنى كۈتكىن دېمىگەنمىدىڭ؟

ھىلال ئاي جامالىمغا ھەسەتخورلۇق بىلەن كۆز تاشلىغاندا، سەن تۇنجى قېتىم ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان قوللىرىمدىن تۇتۇپ، لەۋلىرىمدىن غۇنچە ئۈزگەن ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ سېنى كۈتتۈم. چوغدەك تاۋلانغان لەۋلىرىمدىكى غۇنچىلار رەڭسىز بەرق ئۇردى.


مېنى كۈتكىن دېمىگەنمىدىڭ؟

ئاسمان ــ زېمىنغا ھەسرەتلىك كۆز يېشى تۆككەن سىياھتەك قارا تۈندە سەن ۋۇجۇدۇمدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ نېپىز ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بىر پەردىنى تۇنجى قېتىم يىرتىپ تاشلىغان تاشلاندۇق ئۆيگە بېرىپ سېنى كۈتتۈم. ئاسمانغا جور بولۇپ زېمىنغا، مېنى ئىلكىگە ئالغان يەرگە كۆز ياشلىرىمنى يامغۇر قىلىپ سەپتىم.

يۈرىكىم ھازىرلا پارتلايدىغاندەك دۈپۈلدىمەكتە. مەن ئۇنى

نازۇك بارماقلىرىم بىلەن مەھكەم بېسىۋالدىم.
مېنى كۈتكىن دېمىگەنمىدىڭ؟ ...

1992 ـ يىلى ئىيۇن، يەكەن



# ياۋا چېچەك

## 1

سەن ئۇنى مەڭگۈ سۆزلەتمەسلىك ئۈچۈن تىلىنى كېسىپ تاشلىدىڭ، لېكىن ئۇنىڭ نىگاھى يۈرىكىمگە ھەممىنى پىچىرلاپ سۆزلەپ بەردى.

## 2

ماڭا دوستلۇق، ۋاپا، ساداقەت بابىدىكى پەلسەپىلىرىڭنى مىڭ يىل سۆزلىگىنىڭ بىكار. ئەگەر مېنى ئۆزۈڭگە ھەقىقىي ئىشەندۈرمەكچى بولساڭ، ئەڭ ئاۋۋال كۆزلىرىڭگە يوشۇرغان پالتا ـ پىچاقلىرىڭنى يوقات.

## 3

«قۇلۇڭ بولاي» دېدىڭ، كۆزلىرىڭدىن ھىجران يېشى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلدى.

«گۈلۈم بولغىن» دېدىم. ئۆيۈمنىڭ تۆرىگە باشلىدىم.

مانا بۈگۈن مېنى قۇلۇڭ ئورنىدا كۆرۈۋاتىسەن. كۆزلىرىڭدە مۇردىدەك قېتىپ قالغان رەھىمسىزلىك تۇمانلىرى ماڭا «قۇلۇم بولغىن» دەپ پىچىرلاۋاتىدۇ.

## 4

تۈن قوينىدا يول مېڭىۋاتقان يولۇچى ھامان ئۇپۇق

سىزىقىنىڭ ئاقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ پۇتكۇل ئەزالىرى قۇلاققا ئايلىنىپ، خورازلارنىڭ چىللاشلىرىنى، بوۋاقلارنىڭ ئىڭەلەشلىرىنى تىڭشايدۇ. پۇتكۇل ۋۇجۇدى كۆزگە ئايلىنىپ، تۈن قوينىدىن بىرەر تال يۇلتۇزنىڭ جىمىرلاپ چىقىشىنى ۋە ئۆزگە يول باشلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئۇ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇش ئالدىدا چولپان يۇلتۇزنىڭ مەڭزىگە سۆيىدۇ.

**5**

ھاقارەتكە زىيادە ئۇزاق سۇكۇت قىلىپ تۇرغان ئىنساننى ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر دېگەندىن كۆرە، توشقانغا ئوخشاش قورقۇنچاق مەخلۇق دېيىش توغرىراق.

**6**

گۈزىلىم، بېشىمغا ھەرقانچە بالالارنى، ئازابلارنى سالساڭمۇ سال، لېكىن يېنىمدىن نېرى كەتمە !

**7**

يېنىڭدىكىنى كەتكۈزۈۋېتىش، قولۇڭدىكىنى يوقىتىۋېتىش ئاسان، لېكىن كەتكەننى قايتۇرۇۋېلىش، يوقنى بار قىلىش تەس.

**8**

ئادەملەر ئىككى ئىتنى تالاشقا سېلىپ، ئىككى خورازنى چوقۇشتۇرۇپ، ئىككى قوچقارنى سوقۇشتۇرۇپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئۇرۇشۇپ ـ مۇشتلاشقىنىنى كۆرسە، ئېچىنىپ چىن يۈرىكىدىن خۇداغا يىغلايدۇ.

## 9

ھەقىقەتنىڭ تىلىنى كېسىپ، كۆزىنى ئويۇپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ، تېنىنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىپ يەر تېگىگە كۆمۈپ تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. لېكىن، سەنمۇ ھەقىقەت كۆمۈلگەن يەردىن قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىسەن.

## 10

مېنى شان ـ شەرەپكە ئىگە قىلغاندا، ئۇنى مال ـ دۇنياغا نېسىپ قىل. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان ھەسەت ئۇچقۇنلىرى يۈرىكىمنى ئۆرتىمىسۇن.

## 11

مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن مەڭگۈ گۇمانلىنىپ ئۆتەي، لېكىن سەن قولۇڭغا قوش پىچاق ئېلىپ، ماڭا كۆكرىكىڭنى يېرىپ كۆرسەتمە!

## 12

مېنىڭچە، كۆزىدىن ياش چىقىرىپ قويغانلىكى ئىنسانغا ھېسداشلىق قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش، تەسەللى بېرىش تولىمۇ بىمەنىلىك، ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك! چۈنكى بۇنداق يىغىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئايرىۋالماق تەس.

## 13

رەزىل كىشىلەر ئۇچۇن چىرايلىق نەرسە يوق. ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇلار ھاجەت بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسى چىرايلىق.

چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھاجىتى ئىشەككە چۈشسە، ئۇ ھالدا ئىشەكمۇ ئۇلارغا دۇنيادىكى ھەممە مەخلۇقاتتىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

چۈنكى يامان مەقسەتكە، پەس ھەۋەسكە قول بولغان ئىنساننىڭ كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ھەرگىز نورمال بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆپىنچە ھاللاردا ئىشەك تېزىكى ئاي كۆرۈنىدۇ.

## 14

ھېرىسمەنلىك ئادەمنىڭ سەۋر قاچىسىنى چاقىدۇ. جەمئىيەتتە پايدىلىق، ساۋابلىق ئىشلارغا ـ نەرسىلەرگە ھېرىس قىلىدىغانلاردىن كۆرە، پايدىسىز، تايىنى يوق، يامان ئىشلارغا ھېرىس قىلىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيا نادانلار دۇنياسى، شۇڭلاشقا ئاقىللاردىن نادانلارنىڭ كۆپ بولۇشى دەرھەقىقەت.

## 15

مەن دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنى، ھەرقانداق كەسىپنى شۇ ئىشنىڭ، شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولغان ئادەمنىڭ قىلىشىنى، مەسئۇل بولۇشىنى ئانچە ئارزۇ قىلىپ كەتمەيمەن. چۈنكى، گاچىنى سەھنىگە چىقىرىپ قويغاندا، ئاندىن ھەقىقىي ناخشىچىنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئىشەكنى مۇنبەردە كۆرگەندە، ئاندىن ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ئەتىۋارى بولىدۇ. ئەتراپىڭنى پۈتۈنلەي پاقىنىڭ كۇركىرىشى، ئىشەكنىڭ ھاڭرىشى قاپلاپ كەتكەندە، بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىغا شۇنچە تەشنا، شۇنچە زوقمەن بولىسەن.

پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ئەقىل ـ ۋىجدان ئۆلچىمى بويىچە رەتكە

تىز نشقا توغرا كەلسە، جاھىلىيەت پىرلىرى بىلەن مەرىپەت چولپانلىرىنى پەرق ئېتەلمىگەن ئادەم چوقۇم توگگۈزنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ.

## 16

«يازغۇچى ــ زامانىنىڭ ۋىجدانى»، ئۇ ھەرگىزمۇ مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى، يامانلارنىڭ غالچىسى ئەمەس! لېكىن پارقىرىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بولمىغىنىغا ئوخشاش، قولىغا قەلەم ئېلىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچى بولالمايدۇ!

## 17

نادان ئادەملەر بەئەينى لالما ئىتقا ئوخشايدۇ. خۇددى لالما ئىت بىر تال سۆڭەكنى تالىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئۆز نەسلىم ئىكەن دەپ ئاياپ ئولتۇرماي تالاشقىنىغا ئوخشاش. نادان ئادەملەرنىڭمۇ دىلىدا ئىنساب، مېھىر ـ شەپقەت، كۆيۈمچانلىق، خەيرخاھلىق... دەيدىغان نەرسىلەرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمايدۇ.

## 18

قورقۇنچاق ئادەم كېچىسى يول ماڭسا، ناخشا توۋلاپ ماڭىدۇ.

## 19

بەخت ــ ئىنسانلار ئەڭ تەستە ھامىلىدار بولىدىغان بوۋاق. بىراق، ئىنسانلار ئۇنى ئاي ـ كۈننى توشتۇرۇپ تۇغۇپ، قانغۇدەك بىر قېتىم باغرىغا باسالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئەتىۋارلىق «بوۋاق» ئىنسانلارنىڭ بويىدىن ئاسانلا «ئاجراپ» كېتىدۇ.


## 20

تاڭ پەيتىدە ئويغىنىپ، ئىنسانلارنى ئويغاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خوراز بولمىغىنىدەك، ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ پەند ـ نەسىھەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاقىل ـ دانىشمەن بولىۋەرمەيدۇ.

## 21

دەرياغا كەلكۈن كەلسە، تۇغانلار، قورۇلمىلار ۋەيران بولىدۇ. ئىنسان روھىيىتىگە كەلكۈن كەلسە، ۋەيرانچىلىقنىڭ ئوبيېكتىنى مۆلچەرلىمەك قىيىن.

1992 — 1994 ـ يىللار، يەكەن كاچۇڭ



# بوران

تومۇز ئىسسىقتا، دوزاخقا ئايلانغان زېمىندا سەلكىن شامالغا ئۆزگەردىڭ ـ دە، كاۋاپتەك كۆيۈپ ئازابلىنىۋاتقان ۋۇجۇدۇمنى سەگىتتىپ، كۆڭلۈمنى ئۇتماقچى بولۇپ، چاچلىرىمدا، لەۋلىرىمدە، مەڭزىمدە ناز ـ كەرەشمىلىك ئوينىدىڭ. بىراق، مەن تېنىمنى راھەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ساڭا باغرىمنى ئاچمىدىم.

چۈنكى، مەن سېنىڭ سەلكىن شامىلىڭ ئارقىلىق قەلبىمدە يېلىنجاۋاتقان قىساس ئوتىنى ئۆچۈرمەكچى بولغانلىقىڭنى بىلىمەن.

قەھرىتان سوغۇقتا، مەۋجۇداتلار قېتىپ مۇزغا ئايلانغان زېمىندا، مۇزتاغلاردەك مۇستەھكەم ئىرادەمنى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يومران نوتىلىرىنى ئەگكەندەك ئەگمەكچى، سۇندۇرماقچى بولۇپ، ھەيۋەتلىك بورانغا، ۋەھشىي شىۋىرغانغا ئايلىنىپ، ۋۇجۇدۇمغا زەرب بىلەن ئۇرۇلدۇڭ، ياقىلىرىمدىن تارتتىڭ، گەجگىلىرىمدىن ئىتتەردىڭ. بىراق، مۇستەھكەم دەسسەپ تۇرغان ئانا تۇپرىقىمدىن بىر قەدەممۇ داجىتالمىدىڭ. قورقۇنچلۇق ئۇشقىرتىپ چىرقىراشلىرىڭغا پەرۋامۇ قىلمىدىم. نەشتەردەك سوغۇقلىرىڭدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى دالدىغىمۇ ئالمىدىم.

چۈنكى، مەن سېنىڭ زىمىستاندىكى سوغۇقلىرىڭ ئارقىلىق ۋۇجۇدۇمدىكى ئىرادە مۇنارىمنى سۇندۇرماقچى بولغانلىقىڭنى ئوبدان بىلىمەن.

بوران — سەن زېمىندىكى بارلىق چاڭ ـ توزان، ئەخلەت ـ چاۋارلارنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ، مېنى كۆمۈۋەتمەكچى، يوقاتماقچى

بولدۇڭ، ئەمما ۋۇجۇدۇمنى كۆمەلمەيدىغانلىقىڭنى، پاك قەلبىمگە چاڭ ـ توزانلىرىڭ ئارقىلىق كىر قوندۇرالمايدىغانلىقىڭنى زىنھار بىلمىدىڭ.

بىلىپ قوي، قارا يۈزۈڭگە يېزىپ قوي. «ھەقىقەت ئېگىلسىمۇ سۇنمايدۇ» ھەم مەڭگۈ كۆمۈلمەيدۇ.

سەن بىردەملىك غالىبىيىتىڭ بىلەن پەقەت قامىغاقلارنىلا ئۇسسۇلغا سالالايسەن، بىچارە بوران!

1994 ـ يىلى 19 ـ سېنتەبىر، يەكەن چارەك

# مەسخىرە

— تۈز ئورنۇڭدىن، يالغاۋلۇق قىلماي سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇر !

مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

— نېمانچە شاپاشلايسەن؟ ئىزا تارتماي ئالدىمغا كىرىۋالغىنىڭنى قارا، ئۆزىدىن چوڭ ئادەمگە يول بېرىشنى بىلمەيدىغان ئەدەپسىز.

مەن ئۇنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاپ دەرھال قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم ۋە مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.

— ئىست، سىنىڭ ياشلىقىڭدىن ئايىغىمنىڭ پاشنىلىقى ياخشى ئىكەن. شۇنچە كۈچ - قۇۋۋىتىڭ بىلەن ئالدىمغا ئېشىپ كېتەلمىسەڭمۇ، مەن بىلەن تەڭ ماڭالىدىڭمۇ؟ — ئۇ مەنزىلگە يېتىۋېلىپلا باشقىلارنىڭ ئالدىدا مىنى ئاشۇنداق دەپ مەسخىرە قىلدى.

1994 - يىلى 25 - سىنتەبىر، يەكەن چارەك

# مېۋە

قوشنام شۇنچە نەسىھەتلىرىمگە قۇلاق سالماي ئوتياشلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈنۈپ چىققان ئۆرۈك كۆچىتىنى يۇلۇپ تاشلىۋەتتى.

— بۇ كىچىككىنە كۆچەت چوڭ بولۇپ مېۋە بەرگۈچە مەن بارمۇ، يوق، — دېدى ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن.

مەن ھېلىقى ئۆرۈك كۆچىتىنىڭ يىلتىزىنى نەم توپىغا ئوراپ، ھويلامغا تىكىپ قويدۇم ۋە كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلدىم.

بىرنەچچە باھار ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى كۆچەت چوپچوڭلا دەرەخ بولۇپ قالدى ۋە غۇچچىدە مېۋە بەردى.


ئۆرۈك تازا مەي باغلاپ پىشقان بىر كۈنى سىرتتىن ھويلىغا كىرىپ تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى، قوشنام ھېلىقى بىر تۈپ ئۆرۈكۈمنىڭ تۈۋىدە ۋايجانلاپ يېتىپتۇ. ئەسلىدە قوشنام مېنىڭ يوقلۇقۇمنى كۆرۈپ ھويلىمىزنىڭ پاسىل تېمىغا چىقىپ، ھېلىقى ئۆرۈكتىن بىر قورساق يېمەكچى بولغانىكەن. ئەپسۇسكى، بىر تال ئۆرۈكنى ئاغزىغا سېلىپ بولغۇچە تامدىن مۇدۈرۈلۈپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشۈپ بىر قولىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ.

1994 ـ يىلى 25 ـ ئۆكتەبىر، يەكەن

# ئالدىنىش

يىگىت: مەن ئۇنى ھېسابسىز بايلىقىم ئارقىلىق ئۇندەككە كەلتۈردۈم.
قىز: مەن ئۇنى گۈزەل جامالىم بىلەن قولۇمغا چۈشۈردۈم.

1994 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىر، يەكەن



# تۆگمەن

پەلەكنىڭ چاقى تۆگمەنمۇ،
ئۇن تارتامدۇ ئادەمدە؟

— ئۇيغۇر خەلق قوشىقى

تۆت پەسىل ئالمىشىپ تۇرىدىغان ھاياتلىق دۇنياسى ھەر خىل ھايات ھەلەكچىلىكى بىلەن پالاقشىپ يۈرگەن خىلمۇخىل ئادەملەرگە تولغان، خۇددى ئۇگۇت قاچىلانغان ئۇسكەندەك قىستا ـ قىستاڭ بازار.

تاق، تاق، تاق...

شار، شار، شار...

بۇ تۆگمەننىڭ چىقىلدۇرغۇچىنىڭ ئاۋازى. بۇ چاقپەلەكنى ئايلاندۇرۇۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى. بۇ مۇزىكا، قەدىمىي سىمفونىيە. ئىككى تۆگمەن تېشىنىڭ سۈركىلىشى بىلەن ئۇگۇتنىڭ ئېزىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.

ياق، بۇ كۈلكە،

يىغا

ناخشا

تىل ـ ھاقارەت !

بىر تەرەپتە ئاغزىنى مەھكەم بوغۇپ، تەرتىپسىز يۆلەپ قويغان تاغارلار.

ئۇ تۈگمەندە تارتىلغان ئۈن، ياق، زومچەك ـ زومچەك قەبرىلەر. يەنە شۇ ناخشا، قەدىمىي ئەمما مەڭگۈ يېڭى تۈيغۇ بېرىدىغان سىمفونىيە !

1994 ـ يىلى 3 ـ سېنتەبىر، يەكەن



# سۆيگۈ ئىلاھى بىلەن سۆھبەت

— سۆيگۈ قانداق شارائىتتا قۇدرەتلىك بولىدۇ؟

— بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ئالدىغا سۆيۈلۈشنى تەلەپ قىلىپ بارغىنىدا.

— سۆيگۈ قانداق ۋاقىتتا گۈزەل بولىدۇ؟


— سۆيگۈ تەلىپى قوبۇل قىلىنغاندا، يەنى سۆيۈلگەندە.

— سۆيگۈ قانداق شارائىتتا ئەڭ قەدىرلىك بولىدۇ؟

— ھىجراندا.

— سۆيگۈ قانداق شارائىتتا سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ؟

— بۇنىڭ كۆپ خىل ئامىللىرى بار، يەنى ئۆچىنچى شەخس ئارىلاشقاندا، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە چىن يۈرىكىدىن «سەنسىز ياشىيالمايمەن» دېگەندە، پىتنە - پاساتقا ئالدانغاندا ...



# مۇھەببەت، خىيانەت ۋە جىنايەت

**1**

دىلبەر، نىگاھىڭدىن بالقىغان ئاتەش نۇرلار يۈرىكىمدىكى ئىشق قەسرىنىڭ مۇستەھكەم تېمىدىن تېشىپ كىرىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن مۇھەببەت ئىلاھىنى ئويغاتتى.

مەن بەخت ئالىمىنىڭ پولات قوۋۇقىنى چېكىشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

**2**

دىلبەر، نىگاھىڭدىن سۈرىتىمنى، يۈرىكىڭدىن ۋۇجۇدۇمنى ئىزدىدىم، لېكىن بىر توپ ئالامان ئارىسىدىن ئىزدىگىنىمنى تاپالماي تېڭىرقاپ قالدىم.

ئەسلىدە يۈرىكىڭدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالىغان ئىنسان يالغۇز مەنلا ئەمەس ئىكەنمەن.

خىيانەت زىندانىغا قامىلىپ، دوزاخ ئوتىدا ئۆرتەندىم.

دىلبەر، ئەقىدە گۈلدەستىلىرىمنى قايتۇرۇپ بەر!

بىلىمەن، ئۇنى توزۇتۇۋەتتىڭ، لېكىن بىھۇدە تۆكۈلگەن بەرگلەرنى كىرپىكلىرىم بىلەن سۈپۈرۈۋالىمەن، كۆز ياشلىرىم ئۇنىڭ يىلتىزىنى قايتىدىن ياشارتىدۇ.

قايتىدىن غۇنچە تۈزگەندە ئەقىدە گۈللىرىمنى كۆرۈپ كۆزۈڭ قىزارمىسۇن.

شۇنى بىل!

سەن قاچان جىنايىتىڭ ئۈچۈن مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغىنىڭدا، مەن ئەقىدە گۈللىرىمدىن يەنە گۈلدەستە تىزىپ ساڭا سوۋغا قىلىمەن.

1994 ـ يىلى ماي، يەكەن

# ئالقىش

سەھنىدە بىر كومپوزىتورنىڭ ئەجدادلارنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئىجاد قىلغان يېڭى بىر سىمفونىيەسىنى ئوركېستىر دۇتار، راۋاب، تەمبۇر، داپ، ساتار بىلەن يۇقىرى ماھارەتتە ئورۇنلىماقتا ئىدى. سىمفونىيە تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، بۇلاق سۈيىگە ئوخشاش يېقىملىق، سۇبھى شامىلىغا ئوخشاش راھەتلىك، كۆيلىرى زوقلانغۇچىغا تولىمۇ شېرىن لەززەت بېغىشلايتتى. بىراق، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، پەستە پەقەت ئون نەچچىلا تاماشىبىن قالغان بولۇپ، قالغان تاماشىبىنلار كۆلۈپنىڭ سىرتىدىكى ئۇنئالغۇدىن چىقىۋاتقان پاشىنىڭ غىڭىلدىشىغا، چىۋىننىڭ گىژىلدىشىغا، پاقىنىڭ كۇركىرىشىغا ئوخشاش بىر چۈشىنىكسىز غىتىي ـ غىتاڭ مۇزىكىغا بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەنىدى. ئۇلار بۇ چۈشىنىكسىز، يات مۇزىكىنى شۇنداق بېرىلىپ ئاڭلاپ كەتكەنىدىكى، شۇ تۇرقىدا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ھېچقانداق بىر مۆجىزە بۆلۈۋېتەلمەيتتى. تۇيۇقسىز ئاشۇ زوقلانغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى كىشى پىچىرلىشىپ قالدى:

— خۇدا ھەققى، بۇنىڭ نەرى مۇزىكا ئەسىرى بولسۇن؟ — دېدى يېنىدىكىگە پىچىرلاپ، — بۇ مۇزىكا ماڭا زوق بېرىش تۈگۈل پۈتكۈل نېرۋىلىرىمنى مالىماتاڭ قىلىۋەتتى.


— مەنمۇ شۇنداق بىزار بولدۇمكى، كاللام ھازىرلا پارتىلاپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كەتتى.

— قاراپ تۇرغۇچە كىرىپ كەتمەيمىزمۇ؟

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ جىم تۇر، بۇ دېگەن چەت ئەلنىڭ مۇزىكىسى. چەت ئەللىك دېگەن مەدەنىيەتلىك خەق، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق نەرسىسى بىزنىڭكىدىن ياخشى. بىز بۇ يەردىن شۇنداقلا كېتىپ قالىدىغان بولساق، باشقىلار بىزنى مەدەنىيەتسىز، سەۋىيەسى يوق دەپ مازاق قىلىدۇ، كۆزگە ئىلمايدۇ.

ئۇلارنىڭ پارىڭى تۈگىشى بىلەنلا ئۇنئالغۇدىكى چۈشىنىكسىز مۇزىكىمۇ ئاخىرلاشتى. ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي بۇتتەك قېتىپ قالغان كىشىلەر ئارىسىدىن بىرسىنىڭ باش بولۇپ چاۋاك چېلىپ بېرىشى بىلەن چۆچۈشۈپ ئالمان ـ تالمان چاۋاك چېلىشتى. بارىكاللا، ئالقىش سادالىرى ياڭرايتتى، ھېلىقى ئىككى كىشىمۇ باشقىلاردىن كېيىن قالماسلىق ئۈچۈن ئالىقانلىرى قىزارغۇچە چاۋاك چېلىشتى ۋە مۇزىكىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماختاپ كېتىشتى.

1989 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇست، قەشقەر



# ئېھ، پۇراقسىز گۈل

ھەر كۈنى سەھەر... ئوخشاشلا شۇ يول، شۇ كوچا، شۇ گۈل بازىرى، شۇ تونۇش گۈلچى يىگىت...

قىزنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى يۈز - كۆزىنى چالا - بۇلا يۇيۇپ ئالدىراپ كىيىنىش ۋە ئۇدۇل گۈل بازىرىغا يۈگۈرۈش، چىرايلىق خۇمار كۆزلىرى بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىن تونۇش گۈلچى يىگىتنى ئىزدەش...

مانا بۈگۈنمۇ قىز ئىنتىزارلىق بىلەن گۈل بازىرىغا يېتىپ كەلدى - دە، ئادەملەر ئارىسىغا بويۇنداپ قارىدى. دەستە - دەستە، رەڭمۇرەڭ، خىلمۇخىل گۈللەر قاچىلانغان گۈل سېۋىتىدىكى گۈللەرگە ئەمەس، يىگىتكە بىتاقەتلىك بىلەن تەلمۈردى، يىگىت ئۇنى بۈگۈنلا كۆرۈۋاتقاندەك پەرۋاسىزلا سورىدى.

— گۈل ئالامسىز؟

قىزنىڭ ۋۇجۇدى يىگىتنىڭ بۇ سوئالىدىن ياپراقتەك تىترىدى، تومۇرلىرىدىكى قان ئۆركەشلەپ يۈرىكى دۈپۈرلىدى. ئۇ يىگىتنىڭ سوئالىغا جاۋابەن يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن پىنھان سىرلىرىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن گىلاستەك لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى - يۇ، لېكىن قىزلىق ئار - نومۇس كۆڭلىدىكى سۆزنى ئاشكارىلاشقا يول قويمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ سوئالىغا بېشىنى لىڭشىتىش ئارقىلىق جاۋاب بەردى.

— قايسى خىلىدىن ئالىسىز؟

— قايسى خىلىدىن بولسا بولىۋېرىدۇ.

قىز ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا پورتماندىن پارچە پۇل ئىزدەشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئەخمەق گۈلچى يىگىتنىڭ كۆزى قىزنىڭ ئازاب ۋە ھەسرەتتىن مۆلدۈرلەپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىگە ئەمەس، بەلكى پورتماندىكى كىرلىشىپ، پۇرلىشىپ كەتكەن پارچە پۇللارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن مىختەك قادالغانىدى.

قىز سېتىۋالغان گۈلدەستىنى باغرىغا بېسىپ قېنىپ ــ قېنىپ پۇرىدى ــ دە، تۇيۇقسىز خىيالىدىن نېمىنىدۇر ئۆتكۈزۈپ قولىدىكى گۈلدەستىگە نەپرەتلىك چەكچەيدى ۋە غەزەپ بىلەن يولنىڭ چېتىدىكى ئەۋرەزگە تاشلىۋەتتى. ئاھۇ كۆزلىرىدىن مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئېھ، سېھىرلىك گۈلدەستە، دىلنى مەھلىيا قىلىدىغان پۇراقسىز گۈل!

1989 ــ يىلى 11 ــ ئاۋغۇست، قەشقەر

# پىنھان كېچىدە كۆرگەن چۈشلىرىم

## 1

ئۇ بىرلا قارىغان يىگىتنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك گۈزەللەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئانچە سەتمۇ ئەمەس ئىدى. قارا بۇلۇتتەك يېيىلىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرى، يىڭنىنىگە ئوخشاش تال - تال كىرپىكلىرى ۋە بۇلاق كۆزلىرى تۈكسىز قېشى ۋە بۇرنىنىڭ پاناقلىقىنى چاندۇرمىغانىدى. ئۇ تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشتىلا كۆزۈمگە خېلىلا ئىسسىق كۆرۈندى. بىز شۇنىڭدىن باشلاپ ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتمىگەن بولساقمۇ، لېكىن يېقىنلاردىن بولۇپ قالدۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ خىلۋەت كوچىلارنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرى، ئايدىڭ كېچىلەردىكى مەجنۇنتاللارنىڭ سايىلىرى، ئۆستەڭ بويلىرى، ئورمانلىقلار ۋە يۇمشاق چىملىقلار شېرىن سۆيگۈمىزنىڭ جانسىز شاھىتلىرى بولۇپ قالدى.

— بىلەمسىز، مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالدىم، بىز دەرھال توي قىلايلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— توي قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مېنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ماددىي جەھەتتىن مۇۋاپىق رازى قىلىسىڭىز، توي كېچىسىدىكىدەكلا بارلىق لەززەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولالايسىز، — دېدى ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بەخىرامان ھالدا.

مەن كۈتۈلمىگەن بۇ جاۋابتىن ھەيران قالدىم. كۆزۈمگە زېمىن پىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇنى سۆيۈشكە تەشنا بولۇپ

تۇرغان چوغدەك لەۋلىرىم شاپپىدە سوۋۇدى. ئويلىنىپ تۇرمايلا ئۇنىڭ قېشىدىن دەرھاللا يىراقلاشتىم.

## 2

ئۇنىڭغا قاراپ تەلمۈرۈشلىرىم، جىلمىيىشلىرىم، كۆز قىسىشلىرىم، قاش ئېتىشلىرىم پەقەتلا كار قىلمايتتى. ئۇ ئۆز ئەتراپىدا پەرۋانىدەك يۈرۈۋاتقان بىرەر يىگىت مەۋجۇت ئەمەستەك ماڭا كۆزىنىڭ قىرىنى سېلىپمۇ قويمايتتى.

بۈگۈن كېچە ئاي قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىك مەھكەم تاقاقلىق ئىدى. مەن تەقەززالىق بىلەن ئىشىكنى ئاستا چەكتىم. ئۆگزىگە چالما تاشلىدىم، لېكىن ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. ئايلىنىپ بېرىپ ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىكى روجەكنىڭ قېشىغا كەلدىم. قارا چىراغنىڭ ئاجىز نۇرى ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. مەن تامغا يامىشىپ تۇرۇپ روجەكتىن ئۆي ئىچىگە نەزەر تاشلىدىم. شۇ ھامان گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، پۇت - قولۇم بوشىشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. چۈنكى، ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك، پالەچ يىگىتنىڭ ئورنىنى خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئورنىنى قۇرۇقداپ زاكىلىغاندەك ئىخلاس بىلەن قۇرۇقداۋاتاتتى. ئۇنىڭ گۈزەل چېھرىدە ئازابلىنىش، سەسكىنىش، بىزار بولۇش ئالامەتلىرى ئەمەس، بەلكى بەخت، خۇشاللىق نۇرلىرى جۇلالايتتى.

## 3

قولۇمدا مەرھۇم چوڭ ئانامدىن تەۋەررۇك قالغان بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكلا قالغانىدى. بۇنىمۇ رەھمەتلىك ئانام قازا قىلىش ئالدىدا بولغۇسى كېلىنىگە ئۆز قولۇم بىلەن سېلىپ قويۇشۇمنى تاپىلاپ ئامانەت قالدۇرغانىدى. مەن بۇ ئۈزۈكنى خېلى كۆپ

قىزلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ بۇ تەۋەررۇك ئۆزۈكنى سېلىشنى خالىمىدى. چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىمارۋاز، نەشىكەش، جېدەلخور، ھورۇن ئىكەنمەن.

— بوپتۇ، قىزلار ياراتمىغان بۇ ئۆزۈكنى تاۋۇكا ياتلىمايدۇ، — دەپ ئويلىدىم مەن ئەلەم بىلەن، ھەش - پەش دېگۈچە بىر دەتتىكام بىلەن پۇتۇن ۋۇجۇدۇمنى سوغۇق تەر باستى. كۆزلىرىم تورلاشتى. چۈنكى، ئاتقان ئوشۇقۇم چۇ چۈشكەنىدى. مەن ئانامدىن قالغان پۇتۇن بىر ئۆي، ھويلىنى، ياغاچ - تاشلىرىنى ۋە باشقا خېلى - خېلى نەرسىلەرنى ئۇتتۇرۇۋەتكەندىمۇ، كۆزۈمنى مىت قىلىپ قويمىغانىدىم. بىراق، بۇ ئۆزۈك ئانامنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدى، تەۋەررۇكى ۋە ئامانىتى ئىدى. تۇيۇقسىز ئۆزۈك جىن ئەپقاچقاندەك ئالىقىنىمدىلا غايىب بولدى. ئۆزۈكنى ئۇتۇۋالغۇچى بولسا مېنى قىستاشقا باشلىدى. مەن تەڭلىكتە قالدىم، ئۆزۈك راستىلا يوقالغانىدى.

تۇيۇقسىز پۇتۇن ۋۇجۇدۇم قاتتىق سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. شۇنداق قارىسام، ھېلىقى كىشى ئۆزۈكنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئوڭ قولۇمنى گال پىچاقتا كېسىۋېتىپتۇ.

1989 - يىلى 16 - ئاۋغۇست، قەشقەر

# ئەقىدە ۋە ئۈمىد

ئاپتور ئىلاۋىسى:

مۇۋەششەھ — شېئىرىيىتىمىزدە ئەزەلدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر شەكىل، بۇ شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلار ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كەلگەنىدى. مەن بۇنى نەسردە قوللىنىپ بېقىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، 1992 - يىلى نورۇزدا يەكەندىكى بىر قىسىم دوستلىرىمغا نەسرىي مۇۋەششەھ يېزىپ باققانىدىم. كېيىن بۇلاردىن بىرقانچىسى تاللىنىپ «يەكەن گېزىتى»دە «ئەقىدە ۋە ئۈمىد» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان ۋە بىر قىسىم ئۇستازلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەنىدى. كېيىن بۇ شەكىلدە قەلەم تەۋرىتىش نېسىپ بولمىدى. باشقىلارمۇ نەسرىي مۇۋەششەھ يازمىدى.

مەن يېزىپ باققان نەسرىي مۇۋەششەھ نەسرچىلىكىمىزدە مۇشۇ نام بىلەن قوبۇل قىلىنامدۇ، يوق، بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما، بۇنىڭدىن ئون بەش - ئون ئالتە يىل بۇرۇن سىناق تەرىقىسىدە يازغان بۇ يازمىنى مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈپ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشنى لايىق تاپتىم. مۇمكىن بولسا ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بېقىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

## 1

رەھىمسىزلىك بىلەن دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى قارغاش.

ئەگەر ھەممە كىشى قارغاشنى ساڭا ئوخشاش ئاچچىق ـ چۈچۈك مەسخىرىگە ئايلاندۇرالىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە !

ھېلىقى ھۆرمەت تەختىنىغۇ خۇددى ياغاچ كەسكەندەك ھەرىدىۋەتكەنسەن.

ئىلاج يوق دەمسەن؟

مەيلىلا، قارغىشلىرىڭ ئۈزۈلمىسۇن.

ئالەمگە سىغماس يۈرىكىڭ قۇياشتەك كۈيلەرنى تۆكىدۇ.

بۇلاق مىسالى ئىلھاملىرىڭدىن پۈتكەن مىسرالار تەشنالارنىڭ دىلىغا زەمزەمدۇر.

لېكىن، كۈي ـ قارغاشلىرىڭدىن رەنجىپ يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس، ئۈمىدىم شۇ:

ئىشەنچىڭنى يوقاتما،

زامان ساڭا موھتاج.

## 2

ئازابلىق تۈنلەردىن شىپالىق زىيا ئىزدەپ يۈرۈۋاتامسەن، دوستۇم؟ !

بۇلبۇل ناۋاسىغا تەڭكەش بولۇپ قەدىمىي بۆشۈكنى غىچىرلىتىپ تەۋرىتىۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن.

داۋانلاردىن ئاشۇنداق ئاشماقچىمۇ سەن؟

ئېھتىمال خىلۋەتتىكى چېقىنلاردىن تەڭرى بىلەن شەيتاننى ئىزدەۋاتقانسەن.

روھلار ئىسيان كۆتۈرگەندە ئىمانىڭنى پاكلىۋال.

شۇنداق قىلساڭ «ئەۋلىيالار»نىڭ غەزىپىدىن نېرى بولىسەن.

ئىشىنىمەن، سەنمۇ ئۆزۈڭنى تۇغۇۋاتىسەن.
ئالماس قەلىمىڭنىڭ تىنىمسىز شىرىلداشلىرى تاتلىق تولغىقىڭنىڭ نىداسى.
هالسىزلانغان خىياللىرىڭدىن ئۆكۈنمە.
ئىزلىرىڭ مەڭگۈلۈك تاشتا.
مۇڭلىنىۋاتىسەنغۇ دوستۇم.
ئىللىق شارابلار ياقۇت قەدەھلەرگە لىق تولدى.
تۇت، شارابنى قولۇڭغا ئال، ئىچىۋەت، جاھاننىڭ قىسمەتلىرى گويا بىر چۈش.

## 3

ئامەتنىڭ كۆزى قارىغۇ.
بەزىدە باھارسىز يازمۇ بولۇپ قالىدۇ.
دۇنيانىڭ قىسمەتلىرىنى چۈشەنمەك تەس.
ئۇنداق ئەمەس دەمسەن؟ ئىشەنمەيمەن، چۈنكى سۈكۈتتە تۇرۇشۇڭ بىكار ئەمەس.
كۆزلىرىڭدە ئەكس ئەتكەن ئۇندەش بەلگىلىرى بۇ سۆزۈمنىڭ دەلىلى.
ئىختىيارىڭنى، بەڭباش ئىختىيارىڭنى تىزگىنلە!
روھىڭنى ئىزدەپ باشلىغان قۇتلۇق سەپىرىڭ مۇشكۇلاتلار داۋىنى بىلەن تولغان.
ئىشىنىمەن، سەن مەنزىلىڭگە داۋراڭ، غوۋغاسىز يېتىپ بارماقچى.
مۇشكۇلاتلار ئۈچىقىدا ۋۇجۇدۇڭنى تاۋلاۋاتىسەن.
ئويغاقسەن، سۈكۈتتە تۇرۇشۇڭ ئۇخلىغىنىڭ ئەمەس.
سەن «ئون توققۇز كۆكلەم»دىن ئاۋۋال بىخ سۈرگەن نوتا.
مېھرىگىياھ سېنىڭ يۈرىكىڭدىن ئۈرنەك ئالغان.
ئالەمنىڭ گۈزەللىكى، ئانىلارنىڭ ھىدى مىسرالىرىڭغا

مۇجەسسەملەنگەن.

نە ھاجەت يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش !

## 4

قەدىردانلار ئۈچۈن سەجدە تەمە قىلىش بىھاجەت، چۈنكى قەلبىنىڭ قىبلىسى يوق.

ئۇلۇغ يۈرىكىڭنىڭ بۇ سۆزۈمنى ئىنكار قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

«رېستوراندىكى لەتىپە» بۇ قاراشلىرىمنىڭ پولاتتەك دەلىلى.

باھار ــ گۈلنىڭ ئەلچىسى، گۈل ــ بەختنىڭ، ئەزگۈلۈكنىڭ سىمۋولى.

«ئازابقا تولغان جەننەت»تە باھار بولغانمۇ؟

نۇر ـ زىياغا ئورالغان «پەرىشتە»نىڭ جامالى قۇياش، باھار ئىدى.

تىنىمسىز قەلىمىڭ ھارمايدۇ.

ئويغاق ۋۇجۇدۇڭ ئۇخلىمايدۇ.

خامىنىڭ ــ ئىجاد چەشمىلىرىڭدىن تاغ ياسىغان خامىنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

تۈۋلىغىن، مەدھىيەڭنى جاراڭلىق ياڭراتقىن.

«ئېھ زەرەپشان، ئېھ ئالتۇن دىيار.»

## 5

مۇمكىنسىز ئۆلجىلار سېنىڭ ئوۋ نىشانەڭ.

ئەمەلىيەتتە، سەن جاڭگالغا بارمايدىغان ئوۋچى.

مەرگەنلىكتىن ماھارەت كۆرسەتكەندە يېڭىلىپ قالمىدىم دەمسەن؟

ئەجەبلەنمەيمەن، قەھرىمانغا نۇسرەت ھەرقاچان يار ئەمەس.

تەگرىدىن باشقا ھەرقانداق مەخلۇقات يېڭىلىدۇ.

ئەپسۇسلانما، ناخشىنى جانان بىلەن تەنھا ئېيتالمىدىم دەپ.

خۇشاللىقىڭدا ھېسلىرىڭ ساماغا ئۆرلەپ، ئايىنى باغاشلايدىغان پەيتلەرمۇ كېلىدۇ.

مۇدۇرۇپ يول مېڭىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىرادە، پەقەت تەۋرەنمەس ئىرادىلا ھەممىنى ھەل قىلىدۇ.

دېھقان مېھنىتىدەك ئەجىرلىك بول.

ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ مېنىڭمۇ ئىشەنچىم بار.

## 6

يۈرىكىڭ قۇياش، ۋۇجۇدۇڭ قۇياش.

ئۆزۈلمەس ئىلھاملىرىڭ شولىلاشقا تۇغىدۇ ساخاۋەتلىك «قۇياش».

سەن يەكەننىڭ سۈيى ياشناتقان ئانا يۇرتنىڭ گىياھى.

ئۈمىدلىك قەلىمىڭ بۈيۈك نەۋايىنىڭ سوۋغىسى.

پەخىرلىنىسەن، پەخىرلىنىشكە ھەقلىقسەن، چۈنكى «ۋەتەن ئوغلىمەن» سېنىڭ ھەقىقىي ناخشاڭ، ئىجادىڭدىن يىللارغا تۇتقان سوۋغاڭ.

جاۋاھىرلارنىڭ، بارلىق جاۋاھىرلارنىڭ «جەۋھىرى» پەقەت ساڭا، بىر ساڭىلا خاس.

ئارمانلىرىڭ «قەلبىم ياپرىقىدىكى سۆزۈك شەبنەملەر»دەك سۈزۈك، «ئانىلارغا سۇنۇلغان گۈلدەستىلەر»دەك خۇشبۇي.

نە ئارمان بارچە كىشى ساڭا ئوخشاش مېھنەتتىن تاپسا بەختىنى.

باھار سەن ئۈچۈن تۆت پەسىلنىڭ گۈل تاجى، چۈنكى سەن باھاردىلا ئىلھام پەرىسى بىلەن «سەھەر پەيزى»نى سۈرەلەيسەن.

ئالدىڭغا، ئەتراپىڭغا، رېئاللىققا قارا، دوستۇم، «كەسمەيدىكەن پىچاق سېنى» دەپ مۇتلەقلەشۈرۈۋەتمە.

راست، راستلا «گۈلنىڭ ئۆمرى قىسقا ۋە لېكىن...» قېنى ئەمدى ئاشۇ لېكىننىڭ ئايىغىنى دېگىن.

ئالەمدە جاۋابسىز قالغان سوئاللار كۆپقۇ دەمسىنا؟

تاشقا، تاش ئابىدىگە پۈتۈلگەن بىر سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ «مەن مىسالى كۆكتىكى قۇياش». ئىشىنىمەن، سەن ئۇپۇقتا بالقىۋاتقان قۇياش.

# 7

ئالتۇندىن قەلىمىم بولغان بولسا، ئالماستىن ئۈچ سالدۇرۇپ ساڭا تەقدىم قىلغان بولاتتىم، دوستۇم.

باھاردەك غايەڭ يولىدا «كېسەل»لىرىڭگە شىپا ئىزدەۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن.

دۇنيانىڭ قىسمەتلىرى ئالدىدا ئاداشمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

ئۇنداق ئەمەس دەمسىنا؟

قويغىنا، زىيادە كەمتەرلىك ئىنساننىڭ پەزىلىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ.

لېكىن، مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭدىنمۇ مەغرۇرلانما، مەغرۇرلۇق مەغلۇبىيەت بىلەن قوشكېزەك.

كۆز كۆڭۈلنىڭ دېرىزىسى، لېكىن سەن «كۆز»لەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش باھا بېرىۋەرمە.

ئېسىڭدە تۇت، ئىنساننىڭ تۇرقىغا ئەمەس، كۆزىگە قاراپ باھا بېرىش كېرەك. چۈنكى، كۆزىگە قاراپ يۈرىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

راست شۇنداقمۇ؟

ئىشەنگىن، ئۆزۈڭگە، قابىلىيىتىڭگە ئىشەنگىن.

مۇۋەپپەقىيەت ھامان ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ.

## 8

ئۆمۈر مەنزىللىرىگە قۇچاق ـ قۇچاق گۈلدەستىلەر بىلەن يېتىپ بېرىش سېنىڭ گۈزەل ئارزۇيۇڭ.

مىللەتنى، سۆيۈملۈك خەلقىڭنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش سېنىڭ ئالىي غايەڭ.

ئەل ئۇچۇن، ۋەتەن ئۇچۇن دېگەن بۇ ئۇلۇغ سۆز ئاتەش يۈرىكىڭگە نەقىش بولۇپ ئويۇلغان.

راست، راستلا شۇنداق.

«ئويغاق ئەۋلادلار»نى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

سوراۋاتىمەن سەندىن.

مۇشۇ زامان، مۇشۇ دەۋر، مۇشۇ دەقىقە سەندىن «بۇنداق تەلەپنى قويغىلى بولمايدۇ» دەپ لاغايلاپ يۈرۈۋېرىشنى كۈتمەيدۇ.

ئاھاي، قويغىنا، يەنە بىر ئاز ئۇخلىۋالاي دەمسىنا؟

ياق، ياق، يېتەر ئەمدى شۇنچە ئۇخلىغانلىرىڭ!

نومۇس قىلغىنا دوستۇم، ھۆپۈپكە ئوخشاش قورسىقىڭدىكى ئىلمىڭنى چىرىتىۋەتكىنىڭگە نومۇس قىل!

## 9

ھاياتىدا ئۆزىگە ئوخشايدىغان ئىنساندىن قانچىسى باردۇ؟

ئاقىلانە جاۋاب بەرگەندە ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى بىر ئۆمۈر ئۆزىگە ئوخشاش ئۇچۇن تىرىشىدۇ.

جېنىڭ تېنىڭدە ئامان بولسىلا، ئۆزۈڭنى ھارماي ئىزدەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

ئېھتىمال ئۆزىنى تېپىۋېلىش بەختى پەقەت ساڭىلا نېسىپ بولۇپ قالار.

قارا، ھۆپۈپنىڭ سايراشلىرىغا تانسا ئوينايدىغانلار نېمىدېگەن

كۆپ ـ ھە !


ئاز بولسىمۇ ھېلىقىدەك «غەيۋەتلەر» ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ.

ۋىجدان بىلەن قولۇڭغا قەلەم ئالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ئىلھام پەرىسى ساڭا ئانچە چىراي ئاچمايۋاتسا كېرەك.

ئۇسسۇلۇقۇڭغا شاراب ئىچ، قەلىمىڭنىڭ مەستلىكى يېشىلسۇن.

لېكىن، ئۆزۈڭنى ئىزدەش يولۇڭدا چەككەن رىيازىتىڭدىن ۋايسىما.

1990 ـ يىلى مارت، يەكەن



# ماقالە ۋە ئەسلىمە

# يازغۇچىنىڭ ۋاقتى

كىملەرگىدۇر ۋەدە بېرىپ ياكى قىلىشنى پىلانلاپ قويۇپ قىلالمىغان ئىشلارنىڭ سەۋەبى تولا. كۆپىنچە ھاللاردا «ئالدىراشچىلىقتا ۋاقىت چىقمىدى» دەپلا جاۋاب بېرىمىز. مەنمۇ ھەم شۇنداق. «ئالدىراشچىلىقتا ۋاقىت چىقمىدى». بۇ بەكمۇ چىرايلىق سەۋەب. بۇ سەۋەبكە باشقىلار ئاسانلا ئىشىنىدۇ. قىزىق يېرى، ئۆزىمىزمۇ ئىشىنىپ قالىمىز تېخى.

راستلا ۋاقىت چىقمامدۇ؟ ھەقىقەتەن شۇنچىۋالا ئالدىراش ئىشلەيمىزمۇ؟ ماقۇل، سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىدا، تۈرلۈك كەسپىي ـ مەمۇرىي خىزمەتلەر ۋە ئاللىقانداق سەۋەبلەر بىلەن ۋاقىت چىقماسلىقى، ئالدىراش بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، ئاشۇ سەككىز سائەتنىڭ سىرتىدىكى ۋاقىتتىچۇ؟ ھەر ھەپتىدە كېلىدىغان ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشتىچۇ؟

ھەئە، ۋاقىت ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش. چىڭ تۇتالىغان، ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىغان ئادەم ئۈچۈن ۋاقىت ئىنتايىن كەڭرى. چىڭ تۇتالمىغان، ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمىغان ئادەم ئۈچۈن بەكمۇ قىس، يازغۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

يۇقىرىدىكىلەر مېنىڭ لۇشۇن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا بارغاندىن كېيىن، ۋاقىت ھەققىدە سۈرگەن خىياللىرىمنىڭ ئاز بىر قىسمى.

خوش، مەن نېمە ئۈچۈن ۋاقىت ھەققىدە بۇنداق خىيال سۈرۈپ قالدىم؟

گەپنى سەل باشتىنراق باشلاي:

دوست ـ بۇرادەر، تونۇش ـ بىلىشلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام، ئۇلارنىڭ سورايدىغان سوئاللىرى ئاساسەن ئوخشاش.

— ياسىنجان، نېمە يېزىۋاتىسىز؟

— چوغلان ئەپەندىم، يەنە بىرەر ئەسەرگە تۇتۇش قىلىۋاتامدۇق قانداق؟

— ئىجادىيەتتىن باشقا ئوي ـ خىياللىرىڭىز باردۇ ھەرقاچان؟

— كۆز تەگمىسۇن، خېلى ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىۋاتىلا. ئاخىر يەكەندىنمۇ بىر يازغۇچى چىقتى مانا. قەلەمنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىسىلا.

بۇ قىزىقىش، قايىللىق، تەلەپ، ئۈمىد ئارىلاش سورالغان سوئاللارغا خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمىغان ھالدا، كېرىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىمەن:

— ھەئە، بىر پوۋېست يېزىۋاتىمەن.

— بىر رومان يېزىش خىيالىم بار.

— خەنزۇ تىلى ئۆگىنەيمىكىن دەيمەن. خەنزۇ تىلى سەۋىيەم خېلىلا تۆۋەن.

— مېنىڭ ئاشۇنچىلىك بىرنەرسە يېزىش قولۇمدىن كېلىدىكەن، خۇدايىم بۇيرۇسا تىنىقىم توختىغۇچە قەلەمنى توختاتمايمەن.

ئەمەلىيەتتىمۇ بەرگەن بۇ جاۋابلىرىم ھەرگىز يالغان ئەمەس. ئۆزۈمنىڭمۇ ھېكايە، پوۋېست، رومان يېزىش، خەنزۇ تىلىنى خەنزۇچە ئەسەرلەرنى لۇغەتنىڭ ياردىمىسىز كۆرەلىگۈدەك ئۆگىنىش پىلانىم بار.

ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلالىدىممۇ؟

ھېلىقى جان كۆيەر قېرىنداشلىرىم مەندىن «چوغلان ئەپەندىم، ھېلىقى پىلانلىرى ئەمەلگە ئېشىۋاتامدۇ يا؟» دەپ سوراپ قالسا قىزارمايلا جاۋاب بېرىمەن:

«ئالدىراشچىلىقتا ۋاقتىم يوق...» ھەئە، بەرگەن بۇ جاۋابىمغا

ئىشىنىپ قالىمەن تېخى.

ئەمەلىيەتتە، سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدە ئۈنچىۋالا ئالدىراشمۇ بولۇپ كەتمەيمەن (كاماندىروپكىغا چىققان ۋاقتىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا). ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۆيگە كېلىپ ئايالىم تاماق ئېتىپ بولغۇچە تېلېۋىزور كۆرىمەن. تاماقنى يەپ بولۇپ، ياستۇقنى قىرلاپ يانپاشلىغىنىمچە كەچ سائەت ئون ئىككى ـ بىرلەرگىچە يەنە تېلېۋىزور كۆرىمەن. ناۋادا ئەل ـ ئاغىنە، تونۇش ـ بىلىشلەر مېھماندارچىلىققا، سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىپ قالسا ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەيلا بېرىپ، كەچ سائەت ئون ئىككى ـ بىرلەرگىچە ھاراق ئىچىمەن. ئەتىگىنى خىزمەتكە كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنۇمدىن تۇرىمەن. ئايالىم تەييارلاپ بەرگەن ناشتىلىقنى چالا ئۇيقۇچىلىقتا ئېزىلىپ يەيمەن...

قانداق، مەن ئالدىراشمىكەنمەن؟ ئاشۇ پىلانلىرىمنى ئورۇنلىغۇدەك ۋاقتىم يوقمىكەن؟ ھۇرۇنلۇقۇمدىن سەمرىپ كەتكىنىمنى، ئورۇقلايمەن دەپ تۇرۇپ بىر ئولتۇرۇشۇمدا ئىككى تەخسە لەڭمەننى كۆرمىدىم دەپلا يەۋېتىشلىرىمنى، سورۇنلاردا بىر قولۇمدىن رومكا، بىر قولۇمدىن چوكا چۈشمەيدىغانلىقىنى، شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى چۈش ـ پېشىنغىچە ئېزىلىپ ئۇخلايدىغانلىقىمنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار.

— ياسىنجان، ئانچە ـ مۇنچە ئارام ئېلىڭلا، سالامەتلىكىڭلىنىمۇ ئاسراڭلا...

بۇ ياخشى نىيەتلىك دوستلىرىمنىڭ سەمىمىي نەسىھەتى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ نەسىھەتىدە «ئايىغى ئۈزۈلمەس سورۇنلاردىن ئۆزۈڭلىنى تارتىڭلا، ھاراقنى ئازراق ئىچىڭلا، كېچە ـ كېچىلەپ داۋاملىشىدىغان ھاراق سورۇنلىرىمۇ ئادەمنى ھاردۇرۇۋېتىدۇ. ھاراق سالامەتلىككە زىيانلىق» دېگەن مەنە بار بولغىيدى. ئەمما، مەن بۇنى خاتا چۈشىنىۋاپتىمەن. مېنى «ئانچە ـ مۇنچە ئارام

ئېلىپ يېزىقچىلىق قىلىڭلا، يېزىقچىلىق قىلىمەن دەپ ئۆزۈڭلىنى ھاردۇرۇۋەتمەڭلا» دېگەن ئوخشايدۇ دەپ 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ قولۇمغا تۇزۇك قەلەم ئالماپتىمەن.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، 2004 ـ يىلى باھاردا يەكەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ دىلكەش دوستى، قوللىغۇچىسى ھۆرمەتلىك ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى ئەپەندىم «جاللات خېنىم» رومانىمنىڭ نەشر قىلىنىش شەرىپىگە زىياپەت ئۇيۇشتۇردى ۋە ماڭا «ياسىنجان، ئاڭلىسام ھاراقنى جىق ئىچىدىكەنسىز. سىزنى مۇبارەكلەپ سورۇنلارمۇ جىق ئۇيۇشتۇرۇلۇۋېتىپتۇ. خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىڭىزنى قىلغىنىدىن بەكمۇ خۇش بولدۇم. ئەمما، ھاراقنى سۇ ئىچكەندەك ئىچسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، سىز دېگەن يازغۇچى، خەلقىمىزنىڭ يازغۇچىسى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىز ئۆزىڭىزگە تەۋە ئەمەس. شۇ تاپتا مېنىڭ ئورنۇمغا ھاكىم بولۇشقا مىڭلاپ ئادەم چىقىشى مۇمكىن، ئەمما سىزنىڭ ئورنىڭىزغا يازغۇچى بولۇشقا ئادەم چىقمايدۇ. شۇڭا، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، ھاراقنى ئاز ئىچىڭ، مۇمكىن بولسا ئىچمەڭ. بۈگۈندىن باشلاپ قىرىق كۈنگىچە ھاراق ئىچمەڭ. ناۋادا قىرىق كۈنگىچە ھاراق ئىچكەنلىكىڭىزنى بىلىپ قالسام، ئىككىنچىلەپ سىزدەك دوستۇم يوق» دەپ نەسىھەت قىلدى. مەنمۇ دەرھاللا ۋەدە بەردىم. سورۇندىكىلەرمۇ ھاكىمنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇشتى. ئەمما، مەن تۆت كۈندىن كېيىنلا ھاراق ئىچتىم. ھاكىمنىڭ سەمىمىي نەسىھەتى ئېسىمدە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، «بىلمەيدۇ، بىركىممۇ دەپ يۈرمەيدۇ» دەپ ئويلىدىم. بەلكىم مېنىڭ ۋەدەمدە تۇرمىغىنىمنى ھاكىم ئاڭلىغاندۇ. شۇنداقتىمۇ، بىرنەچچە قېتىم داستىخان سېلىپ ئىززىتىمنى قىلدى، ھۆرمەت بىلدۈردى. مەن بولسام ئالدىراشچىلىقتا ھاراق ئىچىپ يۈرۈۋەردىم. يېزىقچىلىق قىلىشقا «ۋاقتىم» يەتمىدى.

2004 ـ يىلى 6 ـ ئايلار بولسا كېرەك، ئۈرۈمچىدىكى

كۆيۈمچان دوستۇم ئىمىنجان، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى شائىر دوستۇم ئەيسۇ ياقۇپ بىيجىڭغا بېرىپ لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا تۆت ئاي ئوقۇيدىغانلىقىم ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت ـ مۇھاكىمە كۇرسى بولۇپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەنىكەن. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ، شۇنداقلا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر ئاكىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن شىنجاڭغا تەقسىم بولغان تۆت سانىنىڭ بىرسى ماڭا تەقسىم بوپتۇ. خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەم خۇش بولدۇم، ھەم جىددىيلەشتىم. خۇش بولۇشۇم — مۇشۇنداق كاتتا پۇرسەتنىڭ ئۈرۈمچىدىن بىر مىڭ بەش يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئانچە نامى چىقمىغان مەندەك بىر ھەۋەسكارغا بېرىلىشى ئىدى. جىددىيلەشكىنىمدىكى سەۋەب — ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقى ھەققىدىكى ئەندىشىلىك خىياللار ئىدى. ئىلتىماس يېزىپ ئىدارە پارتكومىنىڭ شۇجىسى ھەبىبۇللا كېرىمۇللا ئاكىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش بىزنىڭمۇ مەجبۇرىيىتىمىز. بۇ ياخشى پۇرسەت ئىكەن، مەن قوللايمەن. ياخشى ئوقۇپ كېلىڭ، ئۇكام» دېدى ئىلتىماسىمنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققان ھەبىبۇللا شۇجى ئەندىشىلىرىمنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىپ.

بۇ خۇش خەۋەرنى تېلېفون ئارقىلىق دەرھال ئەيسۇ ياقۇپقا يەتكۈزدۈم. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندە تۆت ئايلىق كۇرس ۋاقتىنى بەك ئۇزاق ئىكەن دەپ قالدىمۇتاڭ، يالتىيىپ قالدىم. ئەيسۇ ياقۇپقا تېلېفون بېرىۋىدىم، ئۇ كەسكىنلا رەت قىلىۋەتتى: «ئەخمەق بولما. بۇ دېگەن سەن ئۈچۈن بىر پۇرسەت، يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئادەم تاپالماي سېنى بېكىتكەن ئىش يوق. ئارامخۇدا

ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىۋالىسەن، كاللاڭ ئىچىلىپ قالىدۇ. ھېچبولمىسا تۆت ئاي ئوبدان ئارام ئېلىۋالىسەن.»

«ئارام ئېلىش» دېگەن سۆز قۇلىقىمغا ياغدەك ياقتى، ئۆزۈمنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئارام ئالمىغاندەك، تىنىم تاپماي جاپالىق ئىشلەۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. «بېيجىڭغا بېرىپ ئىچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەرنى كۆرۈپ راسا بىر ئوينىۋالىمىسام...» دەپ شېرىن خىياللارنىمۇ قىلدىم تېخى.

نىھايەت، لۇشۇن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا كەلدىم. كاللامدا قانغۇدەك ئارام ئېلىۋېلىش، پۇخادىن چىققۇدەك ئويناۋېلىش خىيالى ھۆكۈمران ئىدى. چوڭى ئەللىك ياش، كىچىكى يىگىرمە يەتتە ياش ئۆپچۆرىسىدىكى يىگىرمە ئۈچ مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئەللىك ئۈچ نەپەر ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىنستىتۇتنىڭ كىچىككىنە قورۇسىغا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا جەم بولدۇق. ھەپتە ئىچىدە تارتىنىشلىرىمىز تۈگىدى، ئىككى ھەپتىدە ئاساسەن تونۇشۇپ چىقتۇق. مەن بەكمۇ مەغرۇر ئىدىم. «ئون نەچچە پارچە كىتاب نەشر قىلدۇردۇم، بۇلار قانچىلىك بىرنەرسە يازالىغاندۇ. ھەرقانچە نوچىلىرىمۇ ماڭا يەتمەسلىكى مۇمكىن» دەپ ئويلايتتىم ئۆزۈمچە. ھەر كۈنى كەچتە بىرنەچچە ياتاقتا ھاراق سورۇنى تۈزۈلەتتى، ھاراق ئىچكەچ ناخشا توۋلايتتۇق. باشقا ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ قولىغا رومكا چىقسىلا ناخشا ئېيتىشى ماڭا قىزىق تۇيۇلاتتى. مەنمۇ نۆۋەتتە كەلگەندە ئانچە - مۇنچە خەلق ناخشىلىرىغا غىڭشىپ قوياتتىم. ئۇلار ھاراقنى رومكىنىڭ تېگىدە قويۇپ ئىچەتتى، مەن لىققلاپ قويۇپ ئىچەتتىم. ھەئە، ھاراق ئىچىشتىمۇ ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش خىيالىم بار ئىدى. «ھاراقنى يالغۇز مەنلا ئىچمەيدىكەنمەن، باشقىلارمۇ ئىچىدىكەنغۇ، بىراق مەندەك ئىچەلمەيدىكەن» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. باشقىلار بىرنەچچە رومكا ئىچىشىپ كاللىسى قىزىسىلا بولدى قىلاتتى. مەن بولسام

مەست بولمىغۇچە، خۇدۇمنى بىلمىگۇچە بولدى قىلمايتتىم. كېيىن ھېس قىلدىمكى، ئۇلار ئازراق ھاراق ئىچىپ قىزىۋالغاندىن كېيىن ياتاقلىرىغا كىرىپ، كېچىچە ئىجادىيەت قىلىدىكەن. مەن بولسام خورەكنى دۈك تارتىدىكەنمەن.

مەكتەپنىڭ نەشر قىلدۇرغان ئەسەرلىرى بارلار بىرنەچچە نۇسخىدىن ئەكېلىش تەلىپى بويىچە، مەنمۇ «جاللات خېنىم» رومانىدىن بىرنەچچە نۇسخا ئېلىۋالغانىدىم. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ياتاقلارغا كىرىپ پاراڭلىشىش، نەشر قىلدۇرغان كىتابلىرىمىزنى كۆرۈش، پىكىرلىشىش، چۈشىنىش ھاسىل قىلىش جەريانىدا ھېلىقى مەغرۇرلۇقۇم، پوچىلىقىم بىردىنلا يوقالدى. باشقا ساۋاقداشلارنىڭ كىتابلىرىدىكى تەرجىمىھالىنى، نەشر قىلدۇرغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆرۈپ بىردىنلا ھېلىقى مەغرۇرلۇقۇم، پوچىلىقىم ئىچىمگە كىرىپ كەتتى. ھەئە، خەقنىڭ باللىرىمۇ جىم ياتمىغانىكەن. نەسر، ھېكايە، پوۋېست توپلاملىرىنى دېمەيلا قويا، نەشر قىلدۇرغان رومانلىرىمۇ ئۈچ ـ تۆت پارچىدىن كەم ئەمەس ئىكەن، ھەتتا يەتتە ـ سەككىز پارچە رومان نەشر قىلدۇرغانلارمۇ بار ئىكەن.

لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا كېلىپ بىر ئاي بولا ـ بولمايلا ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇدۇم. خىجىل بولدۇم، قىزاردىم، نومۇس قىلدىم. ئاخىر قايتىدىن غەيرەتكە كەلدىم. چۈنكى، ئۇلارمۇ سەككىز سائەت ئىشلەيدىكەن. تۇرلۇك كەسپىي، مەمۇرىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئىجادىيەتنى خىزمەتنىڭ سىرتىدا قىلىدىكەن. يېزىقچىلىققا ۋاقتى چىقىدىكەن.

نېمە ئۈچۈن خىجىل بولدۇم؟

«ئون نەچچە كىتاب نەشر قىلدۇردۇم. مەندەك نوچى بارمۇ» دەپ كۆرەڭلەپ كەتكىنىمگە خىجىل بولدۇم. باشقىلار نېمە قىلىۋېتىپتۇ؟ بىرنەچچە قىسقا مىسال كەلتۈرەي:

لو يۈك، ئەر، يىگىرمە يەتتە ياش، يىزۇ مىللىتىدىن. گۈيجۇۋ ئۆلكىسى چىڭنىڭ ناھىيەسى ساۋخەي بازارلىق ھۆكۈمەت

ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى. ھازىرغىچە ئۈچ پارچە رومان نەشر قىلدۇرۇپ بولغان. لۇشۇن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا تۆتىنچى رومانىنى قايتا ئىشلەپ چىقتى.

بەيما ناجىن، ئايال، ئوتتۇز يەتتە ياش، زاڭزۇ مىللىتىدىن. شىزاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى. ھازىرغىچە تۆت پارچە رومانى نەشر قىلىنغان. بەشىنچى رومانىنى يېزىپ تاماملاپ بولغان.

تاڭ يىڭ، ئايال، ئوتتۇز توققۇز ياش، جۇاڭزۇ مىللىتىدىن، جاڭشا شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خادىمى. ئۈچ پارچە رومانى، بەش پارچە پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. لۇشۇن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدىكى ۋاقتىدا يەنە بىر پارچە رومانى نەشر قىلىندى. بىر پوۋېست يېزىپ تاماملىدى.

دەي يەنجۇن، ئەر، قىرىق تۆت ياش، خۇيزۇ مىللىتىدىن. تيەنجىن شەھىرى نىڭخې ناھىيەسى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى. ھازىرغىچە يازغان ئىككى يۈز قىسىمدىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە سىنارىيەسى سۈرەتكە ئېلىنغان. لۇشۇن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىر پارچە پوۋېست، يىگىرمە قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى يېزىپ تاماملىدى.

ئىركەش قۇرمانبېك، ئايال، قىرىق ئۈچ ياش، قازاق مىللىتىدىن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن. بىر پارچە چوڭ ھەجىملىك نەسرلەر توپلىمى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان. لۇشۇن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىر كىنو سىنارىيەسى يازدى. بىر پارچە قازاقچە رومانىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى...

يېزىپ كەلسەم بۇنداق مىساللار نۇرغۇن. نېمە ئۈچۈن قىزاردىم؟

«باشقىلارمۇ ھاراق ئىچىدىكەنغۇ، مەندەك ئىچەلمەيدىكەن تېخى» دەپ ئۆزۈمنىڭ ھاراق كۆتۈرەلەيدىغانلىقىمنى كۆز - كۆز قىلىپ يۈرۈپتىمەن. لېكىن، ئۇلار كاللىسى قىزىغۇدەكلا ھاراق

ئىچكەندىن كېيىن بولدى قىلىپ، كېچىلەپ ئىجادىيەت قىلىدىكەن. مەن بولسام غەرق مەست ھالەتتە خورەكنى دۈڭ تارتىپ ئۇخلاۋېرىپتىمەن.

نېمە ئۈچۈن نومۇس قىلدىم؟

ئاشۇ مەن بىلەن تەڭدىمەتلىك ياكى يېشى مەندىن كىچىك يازغۇچىلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى، ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى، ۋاقىتنىڭ، پۇرسەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ ئىجادىيەت قىلىشلىرىنى بىلگىنىمدە، ئۆزۈمنىڭ «ئالدىراشچىلىقتا ۋاقتىم يوق» دەپ بەخىرامان يۈرۈۋېرىشلىرىمدىن نومۇس قىلدىم.

كىمدۇر بىرسىنىڭ «دۇنيادا ئۇيغۇردەك ۋاقتى جىق مىللەت بولمىسا كېرەك» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. بەلكىم بۇ بىزنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىمىزنى مەنىسىز ئويۇن - تاماشا، يەپ - ئىچىشلەرگە سەرپ قىلىۋاتقىنىمىزغا قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز بولسا كېرەك. شۇنداق، ئەسلىدە مېنىڭمۇ ۋاقتىم جىق ئىكەن. لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا بېرىپ تەخمىنەن بىر ئايدىن كېيىن، ئىجادىيەت قىلىدىغان ۋاقتىمنىڭ نەقەدەر جىق ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيەت قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغۇدەك ئۇنچىۋالا ئالدىراش ئادەم ئەمەسلىكىمنى ھېس قىلدىم. پېشقەدەم ئۇستازلاردىن ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، ئابدۇراخمان قاھار، مۇھەممەت پولات، ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن، ئابدۇللا ئەخمىدى، ئابدۇللا تالىپ، ھاجى مىرزاھىت كېرىمى، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، توختى سابىر، مۇھەممەتجان راشىدىن، مۇھەممەتجان سادىق، بۇغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇت، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، تۇرسۇنئاي يۇنۇس، ئايشەم ئەخمەت، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، مۇھەممەت رېھىم... قاتارلىق پېشۋالارنىڭ ياشتا چوڭ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي نېمە ئۈچۈن ئالدىراش ئىجادىيەت قىلىدىغانلىقىنى، ھەر يىلى ئىجاد مېۋىلىرىدىن خامان ئۇسۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. ھەئە، ئۇلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشنى، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى، ۋاقىتتىن

پايدىلىنىشنى بىلگەنىكەن. شۇنداق، ۋاقىت ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش ئىكەن. بىر يازغۇچىدا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولسىلا، ئىجادىيەت قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاخىر بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن غەيرەتكە كەلدىم. ئۆزۈمنى ئىنستىتۇتنىڭ 308 ـ نومۇرلۇق ياتىقىغا بەند قىلدىم. ئىككى يىلدىن بېرى پىلانلاپ قويۇپ «ئالدىراشچىلىقتا ۋاقىت يوق» دەپ ئۆزۈمنى ۋە باشقىلارنى ئالداپ، بۇ تۇتۇرۇقسىز سەۋەبكە ھەم ئۆزۈم ئىشىنىپ يازمىغان رومانىمنى يېزىشقا كىرىشتىم. نىھايەت، 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھازىرقى زامان شەھەر ياشلىرىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن «نازىنىن قىزلار» ناملىق مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە، ئەخلاق تېمىسىدىكى رومانىمنى يېزىپ تاماملىدىم.

نۆۋىتى كەلگەندە، لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا مېنى خۇشال قىلغان كىچىككىنە بىر ئىشنىمۇ سۆزلەپ ئۆتەي. بۇ قېتىمقى كۇرستا يىگىرمە ئۈچ ئاز سانلىق مىللەتتىن تەركىب تاپقان كۇرسانتلار ئىچىدە ئانا تىلدا يېزىقچىلىق قىلىدىغان يازغۇچىدىن سەككىزەيلەن بار ئىكەنمىز. ئانا تىلدا يېزىقچىلىق قىلمايدىغان باشقا كۇرسانتلار بىزگە، بولۇپمۇ ماڭا ئالاھىدە ھەۋەس قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئانا تىلى بولسىمۇ يېزىقى يوق ئىكەن، يېزىقى بولسىمۇ ئىستېمالدىن قېلىپ قاپتۇ ياكى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇلار مېنىڭ «جاللات خېنىم» رومانىمنى كۆرۈپ بەكمۇ زوقلاندى، ھەۋەس قىلدى. رومانىمنىڭ باسما سۈپىتى ئۇلارنى قايىل قىلغانىدى. ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى بۇ نەشر بۇيۇمى ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋەتكەنىدى. «سىلەر ئۇيغۇرلار ئانا تىل يېزىقىڭلارنى مۇكەممەل ساقلاپ قاپسىلەر، مەتبۇئاتلىرىڭلارنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشى ئىكەن. چوقۇم ئانا تىل يېزىقىڭلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىڭلار. ئانا تىلنى قوغداش يازغۇچىلارنىڭ زىممىسىدىكى ئېغىر ۋەزىپە. بىزنىڭمۇ سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش

تىل ـ يېزىق شارائىتىمىز بولسىدى، چوقۇم ئانا تىلىمىزدا يېزىقچىلىق قىلاتتۇق...» دېيىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەككىز مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، سەنئەتكارلىرىنى بەكمۇ قەدىرلەيدىغان ئۇلۇغ بىر مىللەتنىڭ پۇشتى بولغانلىقىمدىن چەكسىز پەخىرلەندىم ھەم ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك مىللىتىمگە قەرزدار ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىجادىيەت قىلىش مەن ئۈچۈن قەرزنى قايتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ «ئىجادىيەتكە ۋاقتىم يوق» دېگەن سۆزلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. چۈنكى، يازغۇچىنىڭ ۋاقتى بار، ۋاقىت دەل ئۆزىنىڭ ئىلكىدە. ھەئە، يېزىش كېرەك، توختىماي يېزىش كېرەك. ساندىن چوقۇم سۈپەت چىقىدۇ. ئاشۇ يازمىلىرىم ئۆيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت كۆندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، كۆركەملىشىپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ پۇتۇۋاتقان كاتتا ئىمارەتنىڭ بىر تال ۋاسىسى ياكى بىر تال كېسىكى، ھېچبولمىغاندا بىر چاڭگال لېيى بولالىسا، خەلقىم ئاشۇ يازمىلىرىمنى يارىتىپ ئوقۇسا، مېنى «يازغۇچى» دەپ ئېتىراپ قىلسا بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختىم.

مەن مۇشۇ نىشان ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقتىمنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ ئەسەر يازىمەن.

2005 ـ يىلى مارت

# شېئىر ئۇلۇغ، شائىر مۇقەددەس

مەن شائىر ئەمەس، لېكىن شېئىرنى ياخشى كۆرىمەن. شېئىرنى سۆيۈپ، سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئوقۇيمەن. چۈنكى، ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللىتىمىز ئەزەلدىن شېئىرنى ئۇلۇغلاپ، سۆيۈپ ئوقۇپ، شائىرنى مۇقەددەس بىلىپ ھۆرمەتلەپ كەلدى. مەتبەئە، نەشرىياتلار بولمىغان زامانلاردىمۇ ئۇلۇغ پىركامىللارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان دىۋانلىرىنى، قىسسىلىرىنى، ساياھەتنامە، داستانلىرىنى قومۇش قەلەمدە ئەڭ گۈزەل ھۆسنخەتلەر بىلەن كۆچۈرۈپ، كۆن مۇقاۋىلار بىلەن چىرايلىق، پۇختا مۇقاۋىلاپ ئەل ئارىسىغا تارقاتتى، مۇقەددەس كىتابلىرىمىز بىلەن بىر قاتاردا تەكچىلەرگە تىزىپ قەدىرلەپ ساقلىدى.

ئەجدادلىرىمىز شېئىرنى ئۇلۇغلاپ، شائىرنى مۇقەددەس بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش يۈز يىل، ھەتتا مىڭ يىللار ئاۋۋالقى شېئىرىي مىسرالار نۇرغۇن زامانلارنى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىنى، ئاچارچىلىق، تەبىئىي ئاپەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپمۇ بىزگىچە ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلدى. ئەدىب ـ تەتقىقاتچىلىرىمىز، مەتبۇئات ـ نەشرىياتلىرىمىز، مۇھەررىرلىرىمىز بۇ قىممەتلىك بايلىقلارنى ئەل ئارىسىدىن ئىزدەپ يىغىپ، توپلاپ، رەتلەپ، قايتا نەشرگە تەييارلاپ، نەچچە مىڭ تىراژدا بېسىپ ئەل ئارىسىغا تارقاتتى. خەلق بۇ مىسرالارنى خۇددى چۆلدە چاڭقاپ كەتكەن ئادەم ئالدىغا ئۇچرىغان بۇلاققا تەشنا بولغاندەك تالىشىپ سېتىۋالدى، سۆيۈپ ئوقۇدى، قەدىرلەپ

ساقلىدى. خەلقىمىز شېئىرنى ئۇلۇغلاپ، شائىرنى مۇقەددەس بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇنداق بولدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شېئىرنى ئۇلۇغلاش، شائىرنى مۇقەددەس بىلىش ئەنئەنىسى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ!

خوش، ئۇنداق بولسا ھازىر جەمئىيەتتە ئەپقاچتى پاراڭلار بىلەن بىر قاتاردا ئېقىپ يۈرگەن، مەتبۇئاتلىرىمىزدىمۇ پات - پاتلا كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان «ئوقۇرمەنلەر شېئىردىن زېرىكتىيەي»، «شېئىر ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈردىيەي»، «شېئىر پاخاللىشىپ كەتتىيەي»، «شائىر دېگەن ساراڭ كېلىدۇ يەي»... دېگەندەك شېئىر ۋە شائىرنىڭ نام - ئابرۇيىغا داغ چۈشۈرۈۋاتقان، ھاقارەت كەلتۈرۈۋاتقان پاراڭلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ پاراڭلار راستمۇ، يالغانمۇ؟ خەقنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگىنى يالغان دېسەك، مەتبۇئاتلاردا بېسىلغىنىغا نېمە دەيمىز؟ راستلا ئەسىرلەردىن بېرى شېئىرنى ئۇلۇغلاپ، شائىرنى مۇقەددەس بىلىپ كەلگەن مىللىتىمىز شېئىردىن چاندىمۇ؟ شائىردىن تاندىمۇ؟ شېئىرنى سۆيۈش ئەنئەنىسىدىن ياندىمۇ؟ شائىرلار راستلا ساراڭمۇ؟

ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس!

شېئىر ۋە شائىر بۇرۇنمۇ ۋە ھازىرمۇ خەلقىمىز قەلبىدە ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە. ھېلىھەم خەلقنىڭ نەزىرىدە شېئىر ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى، شائىر شۆھرىتىنى يوقاتقىنى يوق.

پەقەت يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە، ئەنئەنىۋى شېئىرلار بىلەن يېڭىچە شېئىرلار ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە، قىسمەن پېشقەدەملەر بىلەن قىسمەن ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىغا ئەگىشىپ، خۇددى «يېڭەنگە ئوت كەتتى» دېسە، «يەكەنگە ئوت كېتىپتۇ» دېگەندەك ياكى «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىغاندەك» پەيدا بولغان، شېئىر ۋە شائىرنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان يۇقىرىقىدەك ئەپقاچتى پاراڭلار

خەلقىمىز ئارىسىدا خۇددى قوغۇنلۇقتا چىققان شۇمبۇيىدەك بىخلاندى. قاچانلاردىندۇر تېپىۋالغان ئەپقاچتى گەپلەرگە ئامراق، غەيۋەتخور، پىتنە - ئىغۋالارغا ئاسان ئىشىنىدىغان خۇي - پەيلىمىز ئەمدىلا بىخلانغان بۇ «شۇمبۇيا»نى تېزلا پەرۋىش قىلىپ بازارغا سالدى. سۆيۈملۈك، قەدىرلىك مەتبۇئاتلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ بۇرچىنى، مەسئۇلىيىتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، خۇددى ساختىتا تاۋارغا ئېلان بەرگەندەك، بۇ زەھەرلىك «شۇمبۇيا»غا ئۆزىنىڭ سەھىپىلىرىدىن كەڭتاشا ئورۇن بەردى. شۇنىڭ بىلەن ساددا ئوقۇرمەنلەر گاڭگىرىدى، ھەتتا بۇ پىتنە - ئىغۋالارغا ئىشەندى. شېئىر ۋە شائىر سوغۇق مۇئامىلىگە يولۇقتى، ناھەقچىلىككە، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدى. نەتىجىدە نەشرىياتلار شېئىر توپلاملىرىنى ئالدىراپ نەشر پىلانلىرىغا كىرگۈزمەيدىغان، كىرگۈزسىمۇ كىتابخانىلار زاكاز يوللىمايدىغان، زاكاز قىلسىمۇ ئىنتايىن ئاز زاكاز بېرىدىغان ئەپسۇسلىنارلىق ھالەت شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبى بىرلا: «ئوقۇرمەنلەر شېئىر ئوقۇمايدىغان بولۇۋالدى.»

ئەمەلىيەت راستىلا شۇنداقمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

ھەممەيلەنگە مەلۇم، مانا مۇشۇنداق پىتنە - ئىغۋالار تازا ئەۋجىگە چىقىۋاتقان ئۆتكەن بىرقانچە يىلدا شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «قار گۈلى»، «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، «چوغ سورىغان بالا»، «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا»، «شاراب تومۇرى»، «جىمجىت ئاۋاز»، «تەتۈر چېقىن»، «ئەللەي تەبىئەت»، «ھىجران چۆلى»، «چۈنكى مەن نامەرد»... قاتارلىق بىر بۆلەك شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنىپ بازارغا سېلىنىۋىدى، كىتابخانىلارنىڭ كىتاب جاھازلىرى ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا قۇرۇقدىلىپ قالدى. بۇ شېئىر توپلاملىرى كىتاب جازىسىدىن ئۆزىچىلا غايىب بولۇپ كەتمىدى ياكى قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتمىدى. بەلكى ئۇنى سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلىرىمىز بەس - بەستە سېتىۋالدى، سۆيۈپ ئوقۇدى. سېتىۋالمىغانلىرى سورىدى،

ئىزدىدى، سىتىۋالالماي ئارماندا قالدى. ئەمەلىيەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ شېئىردىن زېرىكمىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ھېلىقىدەك پىتنە ـ ئىغۋالارنى تارقاتقانلار، مەتبۇئاتلارغا ماقالە يازغان «ئوبزورچى»، «تەنقىدچىلەر» جاۋاب بېرىپ باقسۇنچۇ قېنى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن ئەخمىدى، مۇھەممەتجان راشىدىن، قۇربان بارات، مۇھەممەتجان سادىق، بۇغدا ئابدۇللا، ئارسلان، روزى سايىت، ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن، تاھىر تالىپ، مىرزاھىت كېرىمى ... قاتارلىق پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياش شائىرلارنىڭ قايسى شېئىرلار توپلىمى قايسى كىتابخانىنىڭ كىتاب جازىسىدا سېتىلماي توپا بېسىپ تۇرۇپ قاپتۇ؟

خەلق شېئىرنى سۆيىدۇ، خەلق شېئىرنى ياخشى كۆرىدۇ، خەلقنىڭ نەزىرىدە شېئىر مەڭگۇ ئۆلۈغ، شائىر مەڭگۇ مۇقەددەس. ئەجدادلىرىمىزغا، شېئىر ۋە شائىرغا يۈز كېلىشنى ئويلىغان سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە پاراڭ سالماقچى بولساق، ئەڭ ياخشىسى «بىسمىللا» دەۋېتىپ سۆز باشلايلى:

«ئاغزىغا تاش، شائىر پالان دېگەننىڭ،
شائىرلىرىم ياشاپ كەتكىن تۇمەنمىڭ.»

1996 ـ يىلى ئاپرېل، يەكەن

# ئۆمرىمىز بەرىكەتلىك بولغاي

مەن بۇ ئىككى يىلنى ھەسرەت، پىغان بىلەن ئۆتكۈزگەنىدىم. چۈنكى، بۇ ئىككى يىلدا مېنى ئوغلىمدەك كۆرۈپ ھۆرمىتىمنى قىلىپ كەلگەن قېيىنئانام تاجىگۈل مۇسادىن، دوستۇم باتۇر روزى، نەۋرە ئاكام نۇرمۇھەممەت ئەلەم، گۇمىدىكى يازغۇچى ھەم جامائەت ئەربابى دوستۇم مۇھەممەد ئېلىدىن، سۆيۈملۈك ھامىمام جەمىلە قاسىمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالدىم. دوستۇم، ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچى مەرھۇم باتۇر روزىنى پات ـ پات ياد ئېتىپ تۇراتتىم. ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇسىبەت ئازابى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىمۇ ئۈچ ـ تۆت ئايدا ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ئۇنتۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. راست گەپنى قىلسام، رەھمەتلىك دوستۇم باتۇر روزىنى يەرلىكىدە قويۇپ تولۇق ئىككى ئاي گاراڭ ھالەتتە يۈردۈم. بۇ ئىككى ئاي ئىچىدە تورمۇزلىنىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنى ئىجادىيەتكە ھەرقانچە زورلاپ باققان بولساممۇ قەلىمىم بىر قۇرمۇ خەت يازالمىدى. يەكەندىكى دوستلىرىمنى سېغىناتتىم. شۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ بىرەر ـ يېرىمدەم دىلكەشلىك قىلغۇم كېلەتتى. ئەمما، ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنلا پارىڭىمىز تەبىئىي ھالدا رەھمەتلىك باتۇر روزى ھەققىدە بولاتتى ـ دە، مۇسىبەت ئازابى ۋۇجۇدۇمنى قايتىدىن چۇلغىۋالاتتى. سورۇندىن تېزرەك قايتىشقا ئالدىرايتتىم. كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. تولۇق يېرىم يىل ئۆتكەندە بۇ خىل روھىي ھالەتتىن ئاساسەن قۇتۇلۇپ كەتتىم. بۇ رەھمەتلىكنىڭ سىيماسى قەلبىمدە خىرەلەشكىنىدىن

ئەمەس ئىدى. خىزمەتنىڭ بېسىمى، ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكى، يېزىۋاتقان تارىخىي رومانىم «باھادىرنامە»گە قايتىدىن جان ـ جەھلىم بىلەن كىرىشىشىم بۇ خىل روھىي ھالەتتىن قۇتۇلدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، دوستۇم باتۇر روزىنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتىم، ئۇنتۇپ كېتىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، يەكەندىكى ئەدەبىيات ئاشىناسى، مەن دېمەتلىك ئەقلى ئويغاق يىگىتلەرنىڭ سەركەردىسى، گۈلباغ يېزىسىنىڭ باشلىقى دوستۇم ئەركىن ئاۋۇت، دوستلۇقتا ۋە دوستىغا تولىمۇ ئەقىدە قىلىدىغان كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل ياش جامائەت ئەربابى، يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى دوستۇم ئۆمەرجان ئوسماننىڭ قىلغان تېلېفونى رەھمەتلىكنى قايتىدىن ئېسىمگە سالاتتى. «ئاداش، ئەتە كۈنگە شەنبە ئىكەن، ئەتىگەندىلا باتۇرنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ كىرەمدۇق» دەيتتى ئۇلار تېلېفوندا. ناھىيە بازىرىدىن يەتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يەكەن دەرياسى بويىغا جايلاشقان مەرھۇم دوستىمىزنىڭ قەبرىسىگە چىقىپ ئۆزىمىز بىلگەنچە قىرائەت قىلىپ، مەرھۇمنىڭ كېسەلچان ئانىسىنى يوقلاپ قايتىپ كېلەتتۇق. بېرىپ كەلگۈچە بىر يۈز قىرىق كىلومېتىرلىق يولنى بېسىپ بولغۇچە ماشىنىنىڭ ئىچىنى سۈكۈت قاپلايتتى. ئادەتتە تولىمۇ خۇش چاقچاق، بىر ئامالالارنى قىلىپ مېنى چاقچاقتا كەلتۈرۈۋالمىسا كۆنەلگۈسى ئۇيۇمايدىغان ئەركىنمۇ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە دىدار ـ مۇلاقەتتە بولۇش نېسىپ بولغان ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىرلىرىمىزدىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، بۇغدا ئابدۇللا، ئابدۇكېرىم راخمان، قۇربان بارات، ئازاد سۇلتان، مۇھەممەد باغراش، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، ئارسلان... لار ھەققىدە پۇرسەت تاپسىلا پاراڭ سېلىپ بېرىدىغان ئۆمەرجانمۇ شۈكلەپ قالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يۇرتىمىزغا ساياھەت ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن كېلىدىغان

ئەدەبىيات ساھەسىدىكى دوستلار بىرىنچى بولۇپ باتۇر روزىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئارزۇسىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلارنى تۇپراق بېشىغا باشلاپ چىقاتتىم. ئويلاپ باقسام، بۇ ئىككى يىلدا يەكەنگە كەلگەن ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ نەچچە قېتىم خانىش ئامانىنىساخان ئانىمىزنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان بولسام، شۇنچە قېتىم رەھمەتلىك دوستۇم باتۇر روزىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپتىمەن. ھەئە، ئاشۇ زىيارەتچىلەر رەھمەتلىكنى ئۇنتۇلدۇرمايتتى. يەكەنگە كېلىش پۇرسىتى بولمىغان يىراق - يىراقلاردىكى دوستلارمۇ قىلغان تېلېفونلىرىدا رەھمەتلىكنىڭ ئايالى، بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى. بۇمۇ رەھمەتلىكنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، قەلبىمدىكى ئىككى يىللىق قايغۇ - ھەسرەت ئازابى تېخى بېسىلمىغانىدى. بۇ ئىككى يىلدا قۇرداش، يېقىن دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئاچچىق ئازابىنى يەتكۈچە تېتىغانىدىم. شۇڭىمۇ دوستلىرىمغا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيتتىم. بۇ مەندىكىلا روھىي ھالەت بولمىسا كېرەك. جانجىگەر دوستلىرىمدىن ئاقسۇدىكى ئابباس مۇنىياز تۇركقان، تۇرپاندىكى ئۆمەرجان سىدىق، گۇمىدىكى مەمەت ئەزىز، خوتەندىكى مەتسېلىم مەتقاسىم، ئۈرۈمچىدىكى ئىنى ئاغىنەم ئەمەتجان سايىتلار پات - پات ئەھۋال سوراپ تېلېفون قىلاتتى. «سالامەتلىكىڭنى ئاسرا» دېيىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. بۇ ئۇلارنىڭ رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا دەۋاتقان گېپى ئەمەسلىكىنى، يېقىن دوستلىرىدىن، يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئاچچىق ئازابىنى ماڭا ئوخشاشلا تېتىغان قەدىردانلىرىمنىڭ يۈرەك سۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. كۆز چاناقلىرىم لىق ياشقا تولاتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇلارنى شۇنداق سېغىناتتىمكى، بېرىپلا كۆرۈشكۈم، باغرىمغا بېسىپ كەپتەردەك بۇقۇلداپ راسا يىغلىۋالغۇم كېلەتتى.

بۇ ئىككى يىلدا دوستلۇق، قېرىنداشلىق ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ماڭا بەك تەسىر قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەر تەبىئىي ھالدا مېنى تىزناپ دەرياسى بويىدىكى پادا بېقىۋاتقان يېرىمدىن قولۇمدىن يېتىلەپ شەھەرگە ئەكىرىپ ئوقۇتقان، كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن ھامىمام جەمىلە قاسىمنى، نەۋرە ئاكام، جەمەتىمىزدىكى بىردىنبىر ئەركەك قېرىندىشىم، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى داڭلىق ۋاسكېتبولچى، يېتىلگەن پېداگوك نۇرمۇھەممەت ئەلەمنى، تۇنساقسىز ئەختەتتەك پەزىلەتلىك بىر قىزنى ئۆستۈرۈپ ماڭا ھالال نىكاھلاپ جۈپ قىلىپ بەرگەن رەھمەتلىك قېيىنئانام تاجىگۈل مۇسانى ئېسىمگە سالاتتى. دوستلۇق ھەققىدىكى ئەسەرلەر رەھمەتلىك دوستۇم باتۇر روزى بىلەن مۇھەممەد ئېلىنى ئېسىمگە سالاتتى. ئۆتكەن يىلى (2008 - يىلى) 10 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - دوختۇرخانىدا سالامەتلىكىمنى تەكشۈرتكەچ ئىككى ھەپتە يېتىپ قالدىم. شۇ چاغدا ھەر كۈنى دېگۈدەك مېنى يوقلاپ، ئەھۋال سوراپ تۇرغان «قەشقەر» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، دوستۇم ئەنۋەر ئىبراھىم «زېرىكىپ قالسىڭىز ئوقۇغاچ ئولتۇرارسىز» دەپ سەككىز - ئون پارچە ژۇرنال ئالغاچ كەپتۇ. شۇ ژۇرناللارنىڭ ئارىسىدا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 5 - سانىمۇ بار ئىكەن. ژۇرنال ئوقۇش ئادىتىم بويىچە ئاۋۋال شېئىرلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ياش، تالانتلىق شائىر ئىنىم مۇتەللىپ مەنسۇر ئۇۋچىنىڭ بىر يۈرۈش شېئىرلىرى ئارىسىدىكى «دىلمۇرات» ماۋزۇلۇق شېئىرىنى ئوقۇۋېتىپ ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدىم. ئۇۋچىنىڭ ۋاقىتسىز قازا قىلغان دوستىغا يازغان بۇ شېئىرى يۈرىكىمنى شۇنچىلىك ئەزدىكى، ھۆڭرەپ يىغلاپ ساپتىمەن. ياتاقدىشىم قېشىمغا ئەھۋال سوراپ كەلگەندىلا ئېسىمنى يىغدىم. «ھېچقىسى يوق، يىغامنىڭ سەۋەبىنى سىلەرگە

سەل تۇرۇپ دەپ بېرىمەن» دەپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدىم. دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىمچە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيال سۈردۈم. كۆز ئالدىمدا بىردە رەھمەتلىك دوستۇم باتۇر روزىنىڭ، بىردە رەھمەتلىك دوستۇم مۇھەممەت ئېلىنىڭ سىماسى زاھىر بولاتتى. كېيىنكى ئۆمرىدە تەقدىرنىڭ نۇرغۇن ئۆگەيلەشلىرىگە، ھاياتنىڭ نۇرغۇن دوقاللىرىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ قىلچىلىك قاقشىماي، باش ئەگمەي ياشىغان باتۇر روزىنىڭ جاسارىتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى، ئەڭ قىيىنچىلىق شارائىتتىمۇ ئادىمىيلىكىدىن گۇمانلانغان ئادەملەرگە قىلچىلىك يېلىنماي غۇرۇر بىلەن ياشىغىنىدىن تولىمۇ قايىل بولاتتىم.

دەسلەپتە گۇما ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كېيىن گۇما ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان دوستۇم مۇھەممەد ئېلى تولىمۇ مەرد، تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، كىبىر، ئەمەننادىن خالىي ئېسىل پەزىلەتلىك يىگىت ئىدى. 2001 ـ يىلى بولسا كېرەك، ئۇ گۇمىدىكى ئابدۇقادىر سادىر مۇئەللىم، مەمەت ئەزىز، ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنى باشلاپ يەكەنگە مەخسۇس مېنى يوقلاپ كەلگەنىكەن. «ئاستانىدىكى ئەزىزلەرگە سالام بەرگىلى كەلدۇق» دېگەنىدى تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا قولۇمنى مەھكەم سىقىپ. شۇ كۈنى كەچ ئىدارىمىزنىڭ كەلكۈن مۇداپىئە دېجورنىلىقىدا تۇرغان بولغاچقا، يازغۇچى دوستۇم نۇرمۇھەممەت ئايۇپ قۇربانىڭ ئۆيىدە داستىخان ھازىرلىدۇق. سائەت ئونغىچە ئۇلارغا ھەمراھ بولالىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇردۇق. «مەن بارالمايدىكەنمەن، سىلى يەكەندىكى بۇرادەرلەرنى ئەكېلىڭلار، ماشىنا ئەۋەتەي» دەيتتى. ئۇنىڭ بارالمايمەن دېيىشىنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلەتتىم. يەكەنگە مېھمان بولۇپ كېلىپ مېنى ساھىبخانىلىق خىزمىتىگە سېلىشنى ھەم مېنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن چىقىمدار قىلىشنى

خالىمايتتى. بولمىسا ماشىنا ئەۋەتەلەيدىغان يەردە ئەلۋەتتە ماشىنىغا چىقىپ كېلەلەيتتى. تۇنجى قېتىم گۇمىغا بارغاندىن تارتىپ گۇمىغا بېرىشقا ئامراق بولۇپ قالغانىدىم. چۈنكى، گۇمىدىكى ئابدۇقادىر سادىر، مۇھەممەد كامال، ئابلىكىم تالىپ، مۇھەممەد ئەزىز، ئابلىكىم ئابلەت تاغتېكىن، ئەخمەتجان تۇرۇپ، ئابلەت ئەخمەت قاتارلىق ئوت يۈرەك يازغۇچى، شائىرلار دوستۇم مۇھەممەد ئېلىگە ئوخشاشلا زىيادە ھۆرمىتىمنى قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇما بىلەن يەكەننىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. گۇمىغا بارسام بىرەر ئاي ئارام ئېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالاتتىم. قوشتاغنىڭ ساپ ھاۋالىق دالالىرى، يازغۇچى ئابلىكىم ئابلەت تاغتېكىننىڭ مېھرى ئىسسىق، ئوقۇمۇشلۇق ئاتا ـ ئانىسى، شائىر ئابلىكىم تالىپنىڭ داچىدىن قېلىشمايدىغان جىنەستىلىك ھويلا ـ قورۇسى ئۆز ئاتا ـ ئانام، ئۆز ئۆيۈمدەك تۇيغۇ بېرەتتى. 2008 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دىيارىمىزدا دەھشەت سوغۇق بولدى. قېلىن قار يېغىپ يوللار مۇز تۇتۇپ كەتتى. ئىدارىمىزنىڭ 2007 ـ يىللىق خىزمەت خۇلاسە يىغىنىنى ئەمدىلا باشلىغانىدۇق، يان تېلېفونۇم ئەنسىز جىرىڭلىدى. دوستۇم مۇھەممەد ئەزىزنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. «ئاداش، مۇھەممەد ئېلى دوستىمىز كېچىدىن رەھمەتلىك بولۇپ كەتتى، مېڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ، قان بېسىمى بار ئىدى. مېيىتىنى تۇغۇلغان يۇرتى كىلياڭغا دەپنە قىلماقچى، نامازمۇ شۇ يەردە بولىدۇ. ساڭا خەۋەر قىلىپ قوياي دېدىم...» مۇھەممەد ئەزىز بۇقۇلداپ ـ بۇقۇلداپ تېلېفوننى بېسىۋەتتى. ئەمما، مېنىڭ ۋۇجۇدۇم پۈتۈنلەي مۇزلىدى. يېرىم سائەتچە قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلەلمىدىم. بۆلۈم باشلىقىمنىڭ يېنىغا كېلىپ رۇخسەت سورىدىم. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا كۆزۈمگە قارىدى، رۇخسەت سورىغانلىقىم ئۈچۈن كۆزلىرىدە كۈچلۈك نارازىلىق بار ئىدى. بۇ نارازىلىقنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەتتىم. چۈنكى، ئىدارىمىزنىڭ يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىگە بۆلۈمىمىز باشتىن ـ

ئاخىر تەييارلىق قىلاتتى. بۆلۈمدىكى سەككىز نەپەر خادىم ئىككى كۈن تولۇق خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ھەربىرىمىزنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىمىز ئالدىن بېكىتىلگەنىدى. «بۈگۈن رۇخسەت سورىساڭ بولمايدۇ، — بۆلۈم باشلىقىم چىرايىمدىكى نارازىلىقنى كۆرۈپ سەل يۇمشىدى، — ئەڭ ياخشىسى مېنى تەڭلىك قىلما. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول بەك خەتەرلىك، ساپلا مۇز، ھە دېسە قاتناش ھادىسىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاۋاتىمىز. گۇمىغا تۆت سائەتسىز بارالمايسەن، بەلكىم قاتناش ساقچىلىرى يولنى توسۇۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن»، باشلىقىم شۇنداق دەپ ئاستا يېنىمدىن كەتتى. بۇ مېنى يازغۇچى دەپ خېلىلا ھۆرمەتلەيدىغان خەنزۇ باشلىقىمنىڭ «قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل» دېگىنى ئىدى. جاھىللىق بىلەن بېكەتكە چىقتىم. قاتناش تازماقلىرى بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ يەكەن بىلەن قاغىلىقنىڭ ئارىلىقىدىكى قاتناشنى ھەقىقەتەن توختىتىپتۇ. يەكەندىن گۇمىغا بىۋاستە ماڭىدىغان ئاپتوبۇس يوق ئىدى. خوتەنگە ماڭىدىغان يولۇچى بولمىغاچقا ئاپتوبۇس قۇپقۇرۇق تۇرۇپتۇ. دەرھال دوستۇم ئەركىن ئاۋۇتقا تېلېفون بەردىم. ئۇنىڭ ماشىنىسىنى سورىماقچىدىم. قېرىشقاندەك تېلېفونى ئېتىك چىقتى. ئۇ ناھىيە ئاچقان يىغىنلارغا قاتناشسا تېلېفوننى ئېتىۋېتەتتى. ئىلاجسىز سالپىيىپ قايتىپ كەلدىم. شۇنداق قىلىپ، بۇ رەھمەتلىك دوستۇمنىڭ مېيىت نامىزىغا بارالمىدىم. «كېيىن چوقۇم بېرىپ قەبرىسىنى يوقلايمەن» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەرگەن بولدۇم. لېكىن، مەن قارا يۈز ھازىرغىچە بۇ ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. ھېچكىم مەندەك ۋاپاسىز بولمىغاي.

ئۆلۈمنىڭ ياش - قېرىغا باقمايدىغىنى راست. ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار. ھەر قېتىم ياش كەتكەن رەھمەتلىك ئىككى دوستۇمنى ئەسلىگىنىمدە ئۆلۈمنى ياد ئېتىمەن. بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمغا تۇۋۋا قىلىمەن. ئەمما،

قۇدرەتلىك تەڭرىدىن ئۈچىنچى قېتىم قۇرداشلىرىمنى ئېلىپ كېتىپ يۈرىكىمنى ھەسرەت ئوتىدا پۇچىلىماسلىقىنى تىلەيمەن. ئادەمنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ، يەنە كېلىپ دېمەتلىكلىرىنىڭ ئۆلۈمىگە چىدىمىقى بەكمۇ تەس ئىكەن. لېكىن، يۈرىكىم يەنە بىر قېتىم تىلغاندى.

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتە ئەتراپىدا ئۆيى تېلېفونۇم ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. تۇرۇپكىنى ئېلىپلا دوستۇم ئەركىن ئاۋۇتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئۇرۇمچىگە كەتكىنىدىن خەۋىرىم بار ئىدى.

— ئاداش، بۈگۈن تاڭ سەھەردە دوستىمىز ھۈسەيىن تاش قازا قىلىپ كېتىپتۇ. مەن ھازىر ئىمىنجان، پولات قاتارلىق ئاغىنىلەر بىلەن باگاڭغا كېتىۋاتىمىز. ئۇرۇمچىدىكى ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ ئاندىن ھۈسەيىن تاشنى يوقلارمەن دەپتىكەنمەن...

ئەركىن ئاۋۇتىنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. تىترىگەن قوللىرىمدىن تۇرۇپكا چۈشۈپ كەتتى. ئۆيۈمنىڭ ئىچى پىرقىراۋاتاتتى. كاللامدا «ھۈسەيىن تاش» دېگەن بىرلا ئىسىم جاراڭلايتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ تولىمۇ ئورۇق گەۋدىسى، قولاقلىرىنى يېپىپ تۇرغان بۈدۈر چېچى، سەممىيەتلىك چىقىپ تۇرغان چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالغانىدى.

— ھە، ياسىنجان ئاداش، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ؟ ئەركىن شياڭجاڭ دېھقان باشقۇرۇپ، ئۆمەرجان مۇخبىرلىق قىلىپ، ئابدۇرېشىت سۇلايمان كېسەل داۋالاپ، توختى ئارش، نۇرمۇھەممەد ئايۇپ، ھاجى ئېھسان قاۋۇل ئەسەر يېزىپ يۈرۈۋاتامدۇ؟

رەھمەتلىك مەن بىلەن مەيلى كۆرۈشكەندە، مەيلى تېلېفونلاشقاندا بولسۇن ئاشۇنداق ئەھۋال سورايتتى. ھېلىمۇ ھەم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ئاشۇنداق ئەھۋال سوراۋاتاتتى.

— نېمە بولدى سىلىگە؟ يىغلاپسىلىغۇ، بايا كەلگەن

تېلېفون...

ئايالىمنىڭ ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ تەستە زوۋان سۇردۇم:

— ھوسەيىن تاش كېتىپتۇ. 7 ـ ئايدا خوتۇن ـ باللىرىمنى ئېلىپ كېلىمەن دېگىنى يالغان ئىكەن...

يوتقاننى بېشىمغا پۈركەپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم، تەسەللىسىز خېلى ئۇزاق يىغلىدىم. بىر چاغدا يوتقاندىن بېشىمنى چىقىرىپ قارىسام، چوكىنىم يېنىمدا كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بايا ئۇ «تەسەللى بەرگىنىمدىن كۆرە قانغۇچە يىغلىۋالسا يەڭگىللەپ قالار» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

— بىچارە پاتىگۇل نېمىمۇ بولۇپ كەتكەندۇ شۇ تاپتا.

ئايالىم شۇنداق دېگىنىچە ئۆپكىلىدى. ئۇ شۇ تاپتا بىر تەرەپتىن رەھمەتلىك دوستۇمنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرسا، بىر تەرەپتىن رەھمەتلىكنىڭ ئەڭ كۆيۈمچان، ئەڭ سۆيۈملۈك ئايالى پاتىگۇلنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تەسەللى بېرەلمىگىنىگە، بىرلىكتە ھازا ئاچالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىۋاتاتتى. بىر مىڭ بەش يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بار ئىدى ئارىلىقىمىزدا، ئەمما كۆڭلىمىز شۇنچىلىك يېقىن ئىدى. ئايالىم قېشىمدا مىشىلداپ ئولتۇرىۋەرسە مېنىڭ تېخىمۇ ئازابلىنىشىمدىن ئەنسىرىدىمۇ يېنىمدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

يالغۇز ئولتۇرۇپ رەھمەتلىك بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن چاغلارنى ئەسلىدىم.

ئۇ 1994 ـ يىلى گۈزەل غۇلجىدا 6 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى ئېچىلغان مەزگىل ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئانچە نامىم چىقمىغان ھەم خېلىلا تارتىنچاق مەزگىللىرىم ئىدى. غۇلجىدىكى پېشقەدەم ئۇستازلار، بولۇپمۇ ياش ئەدىبلەردىن ئابدۇرۇسۇل سىيىت، دولقۇن روزى، ئەيبۇ ياقۇپلار مېنى خۇددى بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان زاكا ئاغىنىلىرىدەك كۆرۈپ قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا بازاردىن سېتىۋالغان توخۇدەك

يىغىن ئەھلىگە ئاربلاشماي يالغۇز يۈرەتتىم. تاماق ۋاقتىدا قاراقاشتىن يىغىنغا قاتناشقىلى كەلگەن يازغۇچى دوستۇم ئايمۇھەممەت ساھىبىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋالاتتىم. ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ خېلىلا ئۆزلەشكەن ئوخشايمەن، مەيلى چاپچال ناھىيەسىنىڭ يايلىقىدىكى، مەيلى جىلىلىيۈزىنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغىدىكى باراۋەتتە بولسۇن، گاھى مۇھەممەت پولات ئاكامنىڭ يېنىدا، گاھى ھۆرمەتلىك رەھبىرىمىز مىجىت ناسىر ئاكىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرىدىغان، چوڭلارنىڭ پارىڭىغا قوشۇق سالماي جىم تۇرۇپ ئاڭلايدىغان بولدۇم. يىغىننىڭ ئاخىرقى كۈنى بىرىلگەن كەچلىك خوشلىشىش زىياپىتىدە تەبىئىي ھالدا شائىر دولقۇن روزى ساھىبخانىلىقنى ئۈستىگە ئالغان ياشلار ئۈستىلىگە كېلىۋاپتىمەن. خېلى قىزغىن تۇرغاندا سورۇنىمىزغا چاقماق كۆڭلەك كىيىۋالغان، زىيادە ئورۇق، بۇدۇر چاچ بىر يىگىت «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ قېتىلدى.

— يازغۇچى ھۈسەيىن تاش دېگەن ئاغىنىمىز بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ساقىيلىق قىلىۋاتقان دولقۇن روزى.

— شۇنداق، خىزمەت ئورنۇم ئاپتونوم رايونلۇق باگاڭدا، — دېدى ھۈسەيىن تاش قىزىقچىلىق قىلىپ، — خوش، بۇ سورۇندىكى بۇرادەرلەر بىلەن تونۇشۇۋالاي.

دولقۇن روزى بىزنى بىر قۇر تونۇشتۇرغان بولدى. ھۈسەيىن تاش ھەربىرىمىز بىلەن قايتىدىن قول ئېلىشتى.

ھۈسەيىن تاش دېگەن بۇ ئىسىم ماڭا خېلىلا تونۇش ئىدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئېلان قىلىنغان ھېكايىلىرىنى قالدۇرماي ئوقۇغان، تالانتىغا قايىل بولغانىدىم.

— ئىدارىدىن غۇلجىغا ساياھەتكە تەشكىللىگەنىدى. مەنمۇ ئەتە قايتىمەن. بۈگۈن غۇلجىغا جەم بولغان قەلەمكەشلەر بىلەن كۆرۈشۇۋالاي دەپ سورۇنۇڭلارغا بېسىپ كىردىم، — دېدى

ھۈسەيىن تاش ۋە ئايمۇھەممەت بىلەن ماڭا قاراپ، — ھەرقاچان ئىككىڭلار ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئاندىن قايتىسىلەر، ئۈرۈمچىگە بېرىپلا مېنى ئىزدەڭلار.

ئايمۇھەممەت بىلەن ئىككىمىز رەسمىيەت يۈزىسىدىن چوقۇم شۇنداق قىلىمىز دەپ قويدۇق. ئايمۇھەممەت مەندىنمۇ كەم سۆز ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كەم سۆزلۈكىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. ئۈرۈمچىگە بىللە بېرىپ يۇرتقا قايتىشنى ۋەدىلەشكەنىدۇق. ئايمۇھەممەت نېمىنى ئويلىدى بىلمەيمەن، ئەمما مەن ھۈسەيىن تاشنىڭ بۇ تەكلىپىنى يېڭىدىن تونۇشقانلارنىڭ رەسمىيەت سۆزى دەپ چۈشەنگەنىدىم. بىراق، ئۈرۈمچىگە كېلىپلا دۆڭكۆۋرۈكتە ھۈسەيىن تاش بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. ئايمۇھەممەت بىلەن چۈشىدىغان ئەرزانراق مېھمانخانا ئىزدەۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز ھۈسەيىن تاش ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدى.

— ئۈرۈمچىدە كۆرۈشىدىغانغا ۋەدىلەشكەنىدۇق، يېنىمدىن قارىمايلا ئۆتۈپ كېتىۋاتىسىلەر، مېنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنسىلەر، ئاغىنىلەر؟

مەن پىخىلداپ كۈلۈۋەتتىم، ئۇنىڭ ئاشۇ ئالاھىدە چىرايىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟!

— بىز سەھرالىق بولغاندىكىن چوڭ شەھەردە بېشىمىز قېيىپ، كۆزىمىز ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئاداش، — دېدىم.

— ياسىنجان، سىلىنى مۆرىمەسمىكىن دېسەم خېلى گېپىڭلا بار ئىكەنغۇ؟ ھە، ئاپتونوم رايونلۇق باگاڭغا چىكىتەمدۇق؟

— ئۈرۈمچىگە ئەمدى چۈشتۇق. بىرەر - ئىككى كۈن تۇرارمىز، — دېدى ئايمۇھەممەت.

— ئەتىگىچە چىقارمىز، ئاداش، — دېدىم مەنمۇ، — تېخىچە ئۆيۈڭگە چىقمىغاندەك قىلىسەن.

— تۈنۈگۈن كەچتە كەلگەن، ئۆيگە چىكىتەي دەپ تۇرغان.

— مەيلى، ئۇنداق بولسا ئەتە - ئۆگۈنگىچە كۆرۈشەرمىز.

— بۇ گېپىڭلىدىن باگاڭغا چىقىدىغانىدەك قىلمايسىلەر. بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مەنمۇ سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىنى ئايلاندۇراي، ئۈرۈمچىدىن زېرىككەن ۋاقتىڭلاردا ئاندىن باگاڭغا بىللە ئاچىقاي.

ئۇ بىزنىڭ ئەرزانراق مېھمانخانا ئىزدەۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ «كادىرلار مېھمانخانىسى»غا باشلاپ باردى. ياتاق ئاچۇرۇپ، يۈز - كۆزىمىزنى يۇيۇۋالدۇق.

— قورسىقىڭلار ئاچتىغۇ دەيمەن. يۈرۈڭلار، تاۋا كاۋىپى ئوخشايدىغان بىر ئاشخانا بار، شۇ يەردە قورساقنى ئەستەرلەيلى.

ھۈسەيىن بىزنى كونسۇل كوچىسى ئەتراپىغا جايلاشقان بىر ئاشپۇزۇلغا باشلاپ مېھمان قىلدى.

— ئەمدى نەگە كۆڭلۈڭلار تارتىدۇ، ئاغىنىلەر؟

گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، 1986 - يىلى شىنجاڭ سۇ ئېلېكتىر مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن بېرى ئۈرۈمچىگە ئىككىنچى قېتىم كېلىشىم ئىدى. ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىمدە شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىدىكى جانجىگەر دوستۇم ئىلھامجان ئابلىز، شۇ چاغدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان ئىنى ئاغىنەم ھاجى قاۋۇل بىلەن كۆرۈشۈپلا يانغانىدىم. قايتىدىغان چاغدا پۇلۇم تۈگەپ كېتىپ ئاكام ئەكبەر ئېلىنى ئىزدەپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ باققانىدىم. شۇ چاغدا ئەكبەر ئاكام بىلەن رەسمىي تونۇشمايتتۇق. ھاجى قاۋۇل «ئەكبەركام بەكمۇ مەرد ئادەم، يەكەنلىكلا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمگە يۇرت ئايرىماي ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ گېپى راست چىقتى. ئەكبەركام مەقسىتىمنى بىلىپ ئارتۇق گەپ سورىمايلا قولۇمغا پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى. «ئۈرۈمچىگە كەلسەڭ مېنى ئىزدە، ياخشى ياز» دەپ تىلەك بىلدۈردى. ھەئە، ئۈرۈمچىدىكى تەھرىر بۆلۈمىگە ئاشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن تۇنجى كىرىپ بېقىشىم ئىدى. بۇ نۆۋەت ئۈرۈمچىگە كېلىشىمدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەرقايسى ژۇرنال،

نەشرىيات تەھرىر بۆلۈملىرىگە كىرىپ مۇھەررىرلەر بىلەن كۆرۈشۈۋېلىش، يازمىلىرىمنى ئېلان قىلدۇرۇشقا يول تېپىش مۇددىئايىم بار ئىدى. مەقسىتىمنى ھۇسەيىن تاشقا يوشۇرمايلا دېدىم.

— ئاۋۋال قايسى تەھرىر بۆلۈمىگە بارغۇڭلار بار؟ — دېدى ئۇ.

— «تارىم»غا بارايلى، — دېدى ئايمۇھەممەت.

مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ شۇ ئىدى.

ھۇسەيىن تاشنىڭ يول باشلىشىدا تارىم ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە تارتىنىپ كىرىپ كەلدىم. باشقا مۇھەررىرلەر بالدۇرلا ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، يازغۇچى ئالىمجان ئىسمايىل ئاكا بار ئىكەن، ئەمما ئۇمۇ زۆرۈر ئىشى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆزرە ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

— روزىمۇھەممەت جۇمە ئاكا بولغان بولسا بىز بىلەن ئىككى ئېغىز مۇڭدىشىپ بېرەتتى، — دېدى ئايمۇھەممەت ساھىبى كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا.

— تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر بىلەن مۇڭداشقۇڭلار بولسا يۈرۈڭلار، «تەڭرىتاغ»قا ئاپىراي، — دېدى ھۇسەيىن تاش.

تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇرلار بىلەن غۇلجىدا كۆرۈشۈپ تونۇشۇپ بولغانىدۇق. ھەر ئىككىلىسى بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلغان، ئۈرۈمچىگە بارساق ئىزدىشىمىزنى تاپىلىغانىدى. ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمىز قىس بولغاچقا كۆرۈشكەنلەر بىلەن تەكرار كۆرۈشمەي، كۆرۈشمىگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تونۇشۇۋالغۇمىز بار ئىدى.

ھۇسەيىن تاش بىزگە ئۆيلىنىشقا پۇرسەت بەرمەيلا باشلاپ باردى. تەھرىر بۆلۈمىدە پولات ھېۋزۇللا بىلەن ئەركىن نۇر خۇددى بىزنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا بار ئىكەن. ئۇلار بىزدىن قايتا قىزغىن ئەھۋال سورىدى. ھۇسەيىن تاش ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ ئۇلگۈردى. قايسى كۈنى بەرگەن ھېكايىسىنىڭ تەقدىرىنى

سوريدى.

— ئىككىڭلارنىڭمۇ ئەۋەتكەن ئەسەرىڭلار بارمىدى؟ — سوريدى پولات ھېۋزۇللا.

ئايمۇھەممەت ھېكايە ئەۋەتمىگەنىكەن. مەن ھېكايەم بارلىقىنى ئېيتتىم.

— ئىسمىنى دېگىن، — دېدى پولات ھېۋزۇللا.

— ھېكايەمنىڭ ماۋزۇسى «يا ئۇچارمەن، يا چۇشەرمەن».

— قىزىقلا بىر ماۋزۇكىنە بۇ، — دېدى ھۇسەيىن تاش خىرىلداپ كۈلۈپ.

ئەركىن نۇر تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ ئارگىنالىلىرى ئارىسىدىن بىر دەمدىلا «يا ئۇچارمەن، يا چۇشەرمەن» دېگەن ھېكايەمنىڭ ئارگىنالىنى تېپىپ چىقتى.

— ژۇرنالغا بەرسەك بولىدىكەن دەپ ئايرىپ قويغانىكەنمىز، — دېدى ئەركىن نۇر.

پولات ھېۋزۇللا ھېكايە ئارگىنالىنى قولىغا ئېلىپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى، مەنمۇ كۈلۈۋەتتىم، لېكىن كۈلۈۋېتىپ قىزاردىم. چۈنكى، ئارگىنالىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «بۇ ھېكايەم ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسىمۇ، تەھرىرلەرنىڭ بىر قېتىم ئوقۇپ قويۇشىغا ئەرزىيدۇ» دەپ يېزىپ قويغانىدىم. بايا پولات شۇ خەتنى ئوقۇپ كۈلۈپ كەتكەنىدى.

— بۇنداق يېزىپ ئەسكەرتىپ قويمىساڭلىمۇ تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن ھەرقانداق ئەسەرنى چوقۇم ئوقۇپ چىقىمىز، — دېدى پولات ھېۋزۇللا، — مانا بۇ ئەركىننىڭ ئىمزاسى، ژۇرنالغا بەرسەك بولىدۇ دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

— مېلى نوچى بولسا، ئېلانىنىمۇ ئاشۇنداق قوشۇپ ئەۋەتەلەيدۇ، — دېدى ھۇسەيىن تاش گەپنى چاقچاققا بۇراپ.

— يۇرۇڭلار، تاماق يەيلى، — دېدى پولات ھېۋزۇللا.

ئەسلىدە ئايمۇھەممەت بىلەن تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنى مېھمان قىلىشقا مەسلىھەتلەشكەنىدۇق. لېكىن، پولات ھېۋزۇللا بىلەن

ئەركىن نۇر بىزگە قىلچىلىك يول قويمىدى. بىر كېچە مۇڭداشتۇق. ھوسەيىن تاش پات ـ پات مېنىڭ ھېلىقى ئارگىنالنىڭ بېشىغا يېزىپ قويغان «ئىبلان» سۆزۈمنى تىلغا ئېلىپ ئۇ ئىككىسىنى تېرىكتۇرمەكچى بولاتتى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن ئەسەرلەرنى ئوقۇمايلا تاشلىۋېتىدىغان ئوخشايسىلەر. بولمىسا ياسىنجان ئالاھىدە خەت يېزىپ قويمايتتى. ئاپتورلارنىڭ ئەمگىكىنىمۇ ھۆرمەت قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، ئۇلار ئەسەرلىرىنى ئاجايىپ چوڭ ئۈمىد بىلەن ئەۋەتىدۇ.

شۇ سورۇندا ئەركىن نۇر ھوسەيىن تاشنىڭ قۇتراتقۇلۇقىغا ئىزاھات بېرىش ئۇچۇنمۇ ياكى ماڭا تەسەللى بېرىش ئۇچۇنمۇ مۇنداق دېگەنىدى:

— ياسىنجان، مەنمۇ ئەسەر ئىبلان قىلدۇرالماسلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان. بىر يازغۇچى ئۇچۇن ئەسەرلىرىنى ئىبلان قىلدۇرالماسلىقنىڭ ئازابىدىن يازغانلىرىنىڭ چالا قالدۇرۇلماي ئىبلان قىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئازابى ئېغىر بولىدۇ.

ئادەتتە ماڭا تولىمۇ كەم سۆز، ئېغىر ـ بېسىق تۇيغۇ بېرىدىغان ئەركىن نۇرنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە شۇ چاغدا يەتمىگەنىكەنمەن. بايا ئۇ مەندىن ئىجادىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلغانىكەن. بۇ سەممىي تەلەپنى تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلدىم. ئەسەرنى قىزغىنلىق بىلەن يېزىپ سوغۇققانلىق بىلەن ئىبلان قىلدۇرۇش كېرەك ئىكەن.

— ھوسەيىن ھەرقانداق ئەسىرىنى ئاۋۋال «تارىم» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىدۇ، ئاخىرىدا يەنە بىزنىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئىبلان قىلىمىز، — دېدى پولات ھېۋزۇللا.

— مەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن «تارىم» ژۇرنىلىغا ئەسەر ئەۋەتسەم، ياسىنجاننى دوراپ «ئىبلان» قىستۇرۇپ ئەۋەتسەم بولغۇدەك، — دېدى ھوسەيىن تاش پولات ھېۋزۇللانىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

شۇ كۈنى مەن ئۈچۈن تولىمۇ ھاياجانلىق سورۇن بولدى. ئۆزۈمنى ياقا يۇرتتىكى كىچىككىنە ئاپتورچاق ھېسابلايتتىم. تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر چوڭ يازغۇچىدەك ھۆرمىتىمنى قىلىۋاتاتتى.

ئەتىسى ھۇسەيىن تاش تەلىپىم بويىچە خەلق نەشرىياتىغا باشلاپ باردى.

— سەن كىرىپ كۆرۈشمىدىغانلار بىلەن كۆرۈشىۋەر، مەن سىرتتا ساقلاپ تۇراي، — دېدى ئۇ.

— مەنمۇ شۇنداق قىلاي، — دېدى ئايىمۇھەممەت.

ئۇلارنى بىللە كىرىشكە زورلىيالماي تەمتىرەپ - تارتىنىپ خەلق نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمىگە كىردىم. كىرمىسەم بولمايتتى، چۈنكى «داۋان» ناملىق رومانىم خەلق نەشرىياتىدا ئىدى. غۇلجىدىكى يىغىندا خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى، يازغۇچى مەمتىمىن شىپە ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا:

— «داۋان»نىڭ ئاپتورى سىز ئىكەنسىز - دە، ئۇكام، رومانىڭىزنى مەن ئوقۇپ چىققان. خېلى چوڭ ئادەممىكىن دېسەم كىچىككىلا باللا ئىكەنسىز. رومانىڭىز بولىدىكەن. ئەسلىدىمۇ نەشرىياتىمىزنىڭ ياشلارنى قوللاش، يۆلەش پىرىنسىپى بار. مەن غۇلجىدا يەنە ئون بەش - يىگىرمە كۈن تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن. سىز ئۈرۈمچىگە بارسىڭىز تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ مەسئۇل كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈڭ، رومانىڭىز بولمايدىكەن دېسە، گەپ قىلماي قولتۇقلاپ يېنىپ چىقماي، نەرى بولمايدىكەن، بولمايدىغان يېرىنى دەپ بەرسىلە، ئىشلەپ بېرەي، دەڭ. بىز قېرىلارمۇزە، تازا مۇتەئەسسىپ كېلىمىز. نەشرىياتتا ماڭا ئوخشاش مۇتتەئەسسىپلەردىنمۇ بىر - ئىككىسى بار. رومانىڭىزنىڭ تەقدىرىنى ئاشۇلار بەلگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ دېگىنى بويىچە تۈزەتسىڭىز تەھرىرلىكنى ئۆزۈم قىلىپ بېرىمەن، — دېگەنىدى.

يازغۇچى مەمتىمىن شىپە ئاكامنىڭ مۇشۇ رىغبەتلەندۈرۈشى

بىلەن كۆزۈمگە يولۋاس ئۆڭكۈرىدەك سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان تەھرىر بۆلۈمىگە يالغۇز كىرىشكە جۈرئەت قىلغانىدىم. كېيىن رومانىمنى قايتا ئىشلىدىم. ئەمما، قىزغىن قوللىغۇچىم ئابلىز ئۆمەر ئاكا، دىلبەر ياقۇپ ھەدىلەرنىڭ تەھرىرلىكىدە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردۇم. شۇ چاغدا ئابلىز ئۆمەر ئاكا نەشرىيات باشلىقى، دىلبەر ياقۇپ ھەدە باش مۇھەررىر ئىدى. ئەمما، رومانغا بولغان ئىشەنچىمنى يازغۇچى مەمتىمىن شىپە ئاكام تۇرغۇزغانىدى.

ھۈسەيىن تاش دېگىنىنى قىلىپ ئايمۇھەممەت ساھىبى ئىككىمىزنى «ئاپتونوم رايونلۇق باگاڭ»غا باشلاپ چىقتى. رەھمەتلىكنىڭ ئۆيىگە چىققان ۋاقتىمىزدا خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. چوڭ قىزى تېخى قۇچاقتا ئىكەن. ئايالى پاتىگۈل بالىدىن خەۋەر ئالغاچ بىزگە تاماق ئېتىپ بەردى. تېخى ئىككى ـ ئۈچ تەخسە قورۇما تەييارلاپ بېرىپمۇ ئۈلگۈردى. بۇ مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىدىكىلەرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشۇم ھەم خۇدايى قوناق بولۇپ كەچلەپ قېلىشىم ئىدى. دوستۇم ئىلھامجان ئابلىزنىڭ كاتەكتەك بىر ئېغىز ئۆيىدە ئالدىنقى قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە قونۇپ قالغانىدىم.

پاتىگۈل تولىمۇ قىزغىن، كۈلۈپ تۇرىدىغان چوكان ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۈسەيىن تاشنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشى ماڭا بەك يارىغانىدى. ھۈسەيىن تاشنىڭ ئۆيىمۇ خېلىلا كىچىك ئىكەن. ئايمۇھەممەت بىلەن ئىككىمىزگە مېھمانخانا ئۆيدىكى كىرىپسىلو، تاماق شىرەسىنى سىرتقا ئاچىقىۋېتىپ ئورۇن سېلىپ بەردى. ئەمما، مەرھۇم دوستۇمنىڭ ھەم چوكىنى پاتىگۈلنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن خۇددى پادىشاھلارنىڭ كاتتا سارىيىدا ياتقاندەك ئازادە ياتتىم.

كېزى كەلگەندە شۇنىمۇ دەپ قوياي. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە بىر قېتىم پولات ھېۋزۇللانىڭ، بىر قېتىم ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە دوستۇم

ھوسەيىن تاش بىلەن بىللە قونۇپ قالدىم. پولات ھېۋزۇللانىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغاندىمۇ كىرپىسلو، تاماق شىرەسىنى سىرتقا ئاچىقىۋېتىپ ياتقانىدۇق. كېيىنكى ۋاقىتلاردا پولات ھېۋزۇللانىڭ ئايالى دوكتور راھىلە داۋۇت خانىم «ياسىنجان، ئەمدى خېلى كەڭرى ئۆيگە كۆچۈۋالدۇق، مېھمانخانىدا ياتماي ئۆيگە كېلىڭ. بىزمۇ قىسىلىپ قالمايمىز، سىزمۇ قىينىلىپ قالمايسىز» دەپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغاندا ھوسەيىن تاشتىن باشقا قارامايدىكى شائىر، يازغۇچى دوستۇم ئوسمان قاۋۇلمۇ بار ئىدى. گەرچە كىرپىسلو، تاماق شىرەلىرىنى سىرتقا ئاچىقىۋەتمىگەن بولساقمۇ، بىر تەرەپكە يىغىۋېتىپ ئورۇن سېلىپ ياتقانىدۇق. ھەئە، ئۈرۈمچىدىكى بۇ دوستلارنىڭ ئۆيى ئاشۇنداق تار بولسىمۇ كۆڭلى تولىمۇ كەڭرى ئىدى.

2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئايالىمنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردىم. بۇ ئىنىم ئەمەتجان سايىتنىڭ توي قىلغىنىغا ھەپتە بولغان ۋاقىتلار ئىدى. بىر كۈنى يېڭى كېلىنچەك زۇلخۇمارنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا يوقلاپ چىقىپتۇ.

— تونۇشقىنى ئاچاممۇ خېلى ئوڭشىلىپ قاپتۇ، بۇ ئەتراپنىڭ تامىقى ئانچە ياخشى ئەمەس. كەچتە يەنىمۇ يولى تەرەپتە كۆرۈشۈپ بىرەر ۋاخ تاماقنى بىللە يەيلى، — دېدى ئەمەتجان.

— تايىنلىق يېڭى تۇتقان ئۆيۈڭلاردىلا مېھمان بولمامدۇق، — دېدىم مەن.

— ئاشخانا جابدۇقلىرىم تازا تولۇق ئەمەس ئىدى، — دېدى زۇلخۇمار تارتىنىپقىنا.

— ئۇنچە قىلىشىپ كېتىش ھاجەتسىز. بىر ۋاخ تاماق يېسەكلا بولدى. ئۆز قولىمىز بىلەن ئېتىپ يېمەمدۇق، — دېدى ئايالىم.

تونۇشقىنى بىلەن ئىككىمىزنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشىمىزدا

ئەمدىلا ۋىسال شارابىنى ئىچكەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ يېڭى توتقان ئۆيىنى كۆرۈپ مۇبارەكلەپ قويۇپ قايتىش نىيىتىمىز بار ئىدى. چۈنكى، ئەمدى كەتسەك خېلى ۋاقىتقىچە ئۇرۇمچىگە بىللە كېلەلىشىمىز ناتايىن ئىدى.

كەچتە ئەمەتجاننىڭ يېڭى توتقان ئۆيىگە كىرىپ تۇرۇشىمىزغا يان تېلېفونۇم جىرىڭلىدى.

— ياسىنجان، خانىمىڭنى ئېلىپ نەگە قاچتىڭ؟ ئالدىراپ كېتىپ بىرەر مېھمانخانىغا كىرىۋالمىغانسەن؟

بۇ ھۆسەيىن تاشنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئۇنىڭغا ئەمەتجاننىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— ئايالىڭنى يوقلاپ كېلەيلى دەپ سۆيۈملۈك خوتۇنۇم پاتىگۈلنىمۇ بىللە ئەكەلگەن، بوپتۇ، سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بارايلى.

بىرەر سائەت ئۆتمەيلا ھۆسەيىن تاش پاتىگۈل بىلەن ئەمەتجاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. پاتىگۈلنىڭ قولىدا بىر دەستە گۈل بار ئىدى. تونۇساقىز بىلەن پاتىگۈلنىڭ تونجى كۆرۈشۈشى ئىدى.

— قىچقارمىساڭلارمۇ كېلىۋەردۇق، — دېدى ھۆسەيىن تاش ساھىبخانىلارغا چاقچاق قىلىپ.

— بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى زۇلخۇمار، — يېڭى توتقان ئۆيىمىزگە تونجى قېتىم قانداقراق مېھمان كېلەركىن دەپ ئويلىغانىدۇق. بىزنىڭ تەلىيىمىز بار ئىكەن، تونجى قېتىم بىر ـ بىرىدىن ئېسىل مېھمانلار كەلدى. بىزنى بەكلا خۇش قىلىۋەتتىڭلار.

ھۆسەيىن تاش بىلەن پاتىگۈل ھەقىقەتەن ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ماسلاشقان ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئىدى. توختىماي چاقچاقلىشاتتى. مەندىن باشقىلار بۇ ئەر ـ خوتۇنلار بىلەن تونجى كۆرۈشۈۋاتقانلاردىن بولسىمۇ ئارىدا تارتىنىش، ياتسىراش بولمىغانىدى. ئەنە ئاشۇنداق قىزغىن كەيپىياتتا كېچە

سائەت ئون ئىككىگىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇق.

— قوپۇڭلار ئەمدى، ئاپتونوم رايونلۇق باگاڭغا چىقىپ كېتىمىز، — دېدى ھۆسەيىن تاش ئايالىم بىلەن ماڭا قاراپ، — ئەمەتجان بىلەن زۇلخۇمار چاقىقان چىقىپ سىلەرنى ياتاقتىن ئەكېتىپتۇ. پاتىگۇل بىلەن سىلەرنى بۈگۈن ئۆيگە ئەكېتىمىز دېگەن تەييارلىق بىلەن كەلگەن.

— بۇ كېچىدە يول ماڭماڭلار، مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭلار، — دېدى ئەمەتجان.

— تاكسى بىلەن ماڭساق بىر سائەتلىك يول، سىلەرمۇ بىللە چىقىڭلار، — دېدى پاتىگۇل.

ئەمەتجان ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، ئەتە ئەتىگەندە دەرسى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە قويدى.

— يېڭى تۇتقان ئۆيىمىزدە تۇنجى مېھمان بولۇپ بىزنى خۇشال قىلىۋەتتىڭلار. ئېسىل مېھمان تۇنجى قېتىم قونۇپ بەرسە يېڭى تۇتقان ئۆي تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ بېرىدۇ دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. مۇمكىن بولسا قونۇپ بېرىڭلار. پەقەت ئۇنىمىساڭلار ياسىنجان ئاكام بىلەن تۇنساقىز ئاچامنى ئۆيىمىزدە قونغىلى قويۇڭلار، — دېدى زۇلخۇمار.

— ئۆزۈڭ بىر نېمە دېگىن، — دېدى ھۆسەيىن تاش تەكلىكتە قېلىپ.

ئايالىم ئوپېراتسىيەدىن چىققىنىغا تېخى ئالتە كۈن بولغانىدى. ئۇنى چارچاپ كەتمىسۇن دەپ ھۆسەيىنگە ئۆزرە ئېيتتىم. ئەمەلىيەتتە، توي قىلغىلى ئون كۈنمۇ بولمىغان بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىپ تېخى قېنىشىپ بولالمىغان ۋىسال پەيزىگە ھالاقىت يەتكۈزگۈمىز يوق ئىدى.

ھۆسەيىن بىلەن پاتىگۇل بىزدىن باگاڭغا چىقىشقا قايتا - قايتا ۋەدە ئېلىۋېلىپ كېچىلەپ قايتىپ كەتتى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، ئۆيدىن ئايرىلغىنىمىزغا بىر ئاي بولاي دەپ قالغاچقا ئىككى قىزىمىزنى، ئاتا - ئانىمىزنى سېغىنغانىدۇق. شۇڭا،

ۋەدىمىزدە تۇرالماي يەكەنگە قايتىپ كەتتۇق.

مەن ئۇرۇمچىگە كەلسەملا ھۇسەيىن بىلەن كۆرۈشمەي، باگاڭغا چىقىپ ئۇنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئاخشام قونماي قايتمايتتىم. شۇڭىمۇ رەھمەتلىكنىڭ باگاڭدىكى ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىلەن تونۇشاتتىم. ھەر قېتىم ئۇرۇمچىگە بېرىپ قايتىپ كەلسەم، تۇنساقىز «باگاڭغا چىقتىڭىزمۇ؟ ھۇسەيىن تاش، پاتىگۇللەر ياخشى تۇرۇپتۇمۇ؟» دەپ سورايتتى. ھۇسەيىن تاشتەك دىلكەش بىر ئاغىنەمنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ھۇسەيىن تاشنىڭ ئەسەرلىرىنى قالدۇرماي ئوقۇيتتى. «ھۇسەيىن تاشنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇسا پاتىگۇل توغرا چۈشىنىدىغاندۇ ـ ھە. ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىيات ئىنسان تەبىئىتىنى ئاشۇنداق ئىپادىلىشى كېرەك. قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق ئىشق ـ مۇھەببەت ھېكايىلىرى ئادەمگە خۇددى ھىندىستان كىنولىرىدەك بىمەززە تۇيغۇ بېرىپ قويىدىكەن» دەيتتى رەھمەتلىكنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىدا.

2007 ـ يىلى يازدا رەھمەتلىك دوستىمىز باتۇر روزىنىڭ مۇسىبىتى كۆڭلىمىزدىن چىقماي قايغۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەردە بىزگە بىر خۇشاللىق نېسىپ بولدى. ئۇ بولسىمۇ دوستۇم ھۇسەيىن تاشنىڭ ئايالى پاتىگۇل ۋە ئىككى سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى ئېلىپ يەكەنگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئىدى. بۇ كاتتا ئىش بىزنىڭ ئائىلىمىزنىلا ئەمەس، دوستۇم ئەركىن ئاۋۇتنىڭ، دوستۇم ئۆمەرجان ئوسمانىنىڭ ئائىلىسىگىمۇ ئوخشاشلا خۇشاللىق نېسىپ قىلدى. بىرلىكتە باتۇر روزىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىدۇق. قايتىپ كىرىپ قايغۇ ـ ھەسرەتنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇپ، يەكەننىڭ قايناق رەستىلىرىنى، خانىش ئامانىساخان ئانىمىزنىڭ مەقبەرىسىنى، ئەركىن ئاۋۇت ئالدىنقى نۆۋەت بىر قارار يېزا باشلىقى بولغان باغئاۋات يېزىسىنىڭ تەكلىماكانغا تۇتاشقان قۇملۇقىنى زىيارەت قىلدۇق. مەشرەپ ـ باراۋەتلەردە قىزغىن مۇڭداشتۇق. ھۇسەيىن تاش بالىۋاقىلىرى

بىلەن بىر ئاخشام مېنىڭ ئۆيۈمدە، بىر ئاخشام ئەركىننىڭ ئۆيىدە خۇدايى قوناق بولۇپ بەردى.

ئۇنىڭ ئايالى پاتىگۈل خانىم، مېنىڭ ئايالىم تۇنساقىز، ئەركىننىڭ ئايالى پاشاگۈل خانىم، ئۆمەرجاننىڭ ئايالى ئاسىگۈل خانىم بىلەن ئون - يىگىرمە يىللىق كونا دوستلاردەك چىقىشىپ قالغانىدى. تۆت ئايالنىڭ گېپى تۈگىمەيتتى.

— بىزنىڭ غەيۋىتىمىزنى قىلىشىۋاتىسىلەر - ھە، — دەيتتى ھۇسەيىن ئۇلار بىلەن چېقىشىپ.

— ئىشقىلىپ، بىزنىڭ مۇسۇلمان ئەركىن ئاۋۇتىنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىدۇق، — دەيتتى پاشاگۈل خانىم تېلىقىپ كۈلۈپ، — خۇدۇكلىرى بولمىسا خاتىرجەم ئولتۇرۇۋەرسىلە.

پاشاگۈل خانىم گەپ - سۆزلىرى ئورۇنلۇق، بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيىدىغان، مەيلى ئائىلىسىگە، مەيلى دوستلىرىغا ئوخشاشلا كۆيۈمچان شەرەنداز چوكان ئىدى. ئاسىگۈل خانىم كەم سۆزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن كىچىك پېئىل، ھۆرمەت - تەۋازۇغا بەكلا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينايدىغان چوكان ئىدى. ئايالىم تۇنساقىز ئەخەتنى داڭلىشىمنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار ئەنە ئاشۇنداق پەزىلىتى بىلەن پاتىگۈل خانىمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغانىدى. شۇڭا، بىز پاتىگۈلنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەشنى ئاشۇ ئاياللارغا تاشلاپ بېرىپ ھۇسەيىن تاش بىلەنلا بولدۇق. يەكەندىكى توختى مەمەت ئارش، ئابدۇرېشىت سۇلايمان، نۇرمۇھەممەت ئايۇپ، ھاجى قاۋۇل، توختى ماموت ئىزچى، ئابدۇرۇسۇل مەمەت... قاتارلىق قەلەمكەشلەرنى يىغىپ ئايرىم سورۇنمۇ تۈزۈۋالدۇق تېخى.

تۆتىنچى كۈنى ھۇسەيىن تاش خوتەنگە مېڭىشقا تەرەددۇتلاندى. ئۇنى يەنە ئىككى كۈن تۇرغۇزغۇمىز بار ئىدى. يازغۇچى توختى مۇھەممەت ئارش، شائىر ئابدۇرېشىت سۇلايمان ئايرىم داستىخان سېلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى، لېكىن

ھۇسەيىن تاش چىرايلىقچە رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى.
— خوتەنگە بارماي تۇرۇپ كاجلىق قىلمىغىن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — توختىكام بىلەن ئابدۇرېشىتنىڭ كۆڭلى يەردە قالمىسۇن.
— خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە كېلىمەن، — دېدى ھۇسەيىن.
— خوتەنگە بارماي يەكەندىلا تۇرساق بولمامدۇ، — دېدى پاتىگۇل تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن.
ھەي، ئۇ ئاياللىرىمىزدىن ئايرىلىشقا قىيماۋاتاتتى.
— ھەي، مۇشۇ مىنكوخەن (خەنزۇچە ئوقۇغان) خوتۇنىمىزە. گەپنى جايلاپ قىلىشنىمۇ بىلمىگەن، — دېدى ھۇسەيىن تاش، — يەكەنگە يەنە كېلىمىز، خوتۇن، بۇ ئاغىنىلەرنىڭمۇ قىلىدىغان ئىشى بار، ھېلىمۇ ئاۋارە قىلغىنىمىز يېتەر.
— ئەمىسە بۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرگە كەلسەك يەكەنگە چوقۇم كېلىمىز.
— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى ھۇسەيىن تاماكىسىنى پۈرقىرىتىپ چېكىپ تۇرۇپ.
ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئايالىنىڭ بۇ يۇرتقا كېلىپ رازى بولغانلىقىدىن خۇشاللانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— گۇمىدا بىرەر كۈن توختىغۇم بار. خوتەندە ئايمۇھەممەت بىلەن تونۇشلۇقۇم بولسىمۇ، باشقا دوستلار بىلەن ئانچە تونۇشلۇقۇم يوق. سەن خەۋىرىمنى بېرىۋەت، — دېدى ئۇ ماڭا كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي.
ھۇسەيىنگە خوش دەپ قويۇپ گۇمىدىكى ئاغىنىلەرگە تېلېفون بېرىۋەتتىم.
ئابدۇقادىر سادىر، مۇھەممەت ئېلى، مەمەت ئەزىز، ئابلىكىم تالىپ، مۇھەممەت كامال، ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك، ئابلىكىم ئابلەت تاغتېكىن، ئابلەت ئەخمەت قاتارلىق گۇما يىگىتلىرى ھۇسەيىن تاشنى كاتتا ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. قوشتاغ، كىلياڭغا ئاچىقىپ ئويناتىپتۇ تېخى.

قاراقاشتىكى دوستۇم ئىمۇھەممەت ساھىبى بىلەن خوتەندىكى شائىر ئىنىم ئابدۇرېشىت ئېلىغا تېلېفون بېرىۋەتكەنىدىم. ئۇلارمۇ دوستلۇق، مېھماندارچىلىقنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپتۇ. ھۇسەيىن تاش ئۇلارغا بولغان رازىمەنلىكىنى گۇمىدا ۋە خوتەندە تۇرۇپ تېلېفون ئارقىلىق بىلدۈردى. 2008 - يىلى 3 - ئايدا ئۈرۈمچىدە كۆرۈشكىنىمىزدە ئاشۇ ئاغىنىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، قىلغان دوستلۇقىغا، دىلكەشلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

2008 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - دوختۇرخانىدا سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ئۈچۈن بالنىستتا ياتتىم.

— ئاداش، ھۇسەيىن تاشنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقانسىلە ھەرقاچان، — دېدى مېنى يوقلاپ كەلگەن دوستۇم قۇربان ئەمەت.

— ھۇسەيىنگە نېمە ئىش بوپتۇ؟ — چۆچۈپ سورىدىم.

— ئاشقازان راكى ئىكەن، دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ.

تاپىنىمدىن كىرگەن بىر ئوت مېڭەمدىن چىقىپ كەتتى. ياتاقنى بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى. قۇربان ئەمەتنىڭ چىرايىغا قايتىدىن سەپسالدىم، ئۇ خېلىلا تۆگىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھۇسەيىن تاشنىڭ ئالىي مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەكمۇ ھۇزۇرلىناتتى. ھۇسەيىن تاش ھەققىدە پاراڭ بولسا پەخىرلىنىپ زوق - شوق بىلەن سۆزلەيتتى. ساۋاقدىشىنىڭلا ئەمەس، ھەرقانداق بىر دوستىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت - تۆھپىسىدىن پەخىرلىنىش قۇربان ئەمەتنىڭ قالتىس پەزىلىتى ئىدى. قۇربان ئەمەت بىلەن ھۇسەيىن تاش ھەققىدە ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. «خۇدايىم بۇيرۇسا يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بولۇپ قالماس، خوتۇن - بالىلىرىنىڭ بەختىگە بولسىمۇ شىپا تېپىپ قالار» دېيىشتۇق.

— بىر ئامالنى قىلىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ يوقلاپ كېلىمەن، — دېدى قۇربان ئەمەت.

كەچتە ياتاقتا ھۆسەيىن تاشنىڭ يەنە بىر ساۋاقدىشى، شائىر ئابلاجان بوۋاقى يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭمۇ باغرى شۇنداق سۇنۇق ئىدى. ھۆسەيىن تاشنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى دەپ ئۆلۈغ ـ كىچىك تىناتتى.

— ھۆسەيىنگە تېلېفون قىلايلى، — دېدى ئابلاجان تاماق ئۇستىدە.

— ئەتىگەچە تېلېفون قىلايلى، — دېدىم تازا كۆڭلۈم تارتماي.

چۈنكى تېلېفون قىلساق ھۆسەيىنگە نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. خۇشاللىقنى تېلېفون بېرىپ تەبرىكلىمەك ئاسان بولغان بىلەن خاپىلىق ئىشنى تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سورىماق تەس ئىدى.

ئابلاجان بوۋاقى تېلېفون بەردى، ئىككى ئېغىز سۆزلىشىپ تېلېفوننى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ھۆسەيىن ئاداش، سالامەتلىكىڭ خېلى ياخشىلىنىپ قالدىمۇ، مەنمۇ قەشقەردە ياتاقتا يېتىۋاتىمەن.

ھۆسەيىنگە نېمە مەقسەتتە ئۆزۈمنىڭ ياتاقتا ياتقىنىمنى دېگىنىمنى بىلمەيمەن. ئەسلىدە بالنىستتا ياتقىنىمنىڭ دېگۈچىلىكى يوق ئىدى. دوختۇرلار ئۈچ ـ تۆت كۈن ھەر خىل تەكشۈرۈشلەرنى قىلىپ بېقىپ سالامەتلىكىڭ ياخشى ئىكەن، دېگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ياتاقتىن چىقماي ئاشقازان ئاغرىقىمغا ئوكۇل ئاستۇرۇۋاتاتتىم.

— ساڭا نېمە بولغاندۇ، ئاداش، مۇڭگۇزدەك يىگىتتىڭغۇ؟ نېمە كېسەل ئىكەنسەن؟ ئەھۋالىڭ قانداقراق، ئېغىر ئەمەستۇ؟ ئۈرۈمچىگە كېلىپ چوڭراق دوختۇرخانىدا تەكشۈرتۈپ باقامسەن يا؟

ھۆسەيىننىڭ يامغۇردەك سوئاللىرى ئاستىدا ئۆپكەم قازاندەك ئېسىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بىلەن بولماي مەندىن ئەنسىرەپ قالغان، غېمىمنى يەۋاتقانىدى. كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى،

ئەمما چاندۇرماي كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم.

ــ چوڭ چاتاق يوق ئىكەن، ئاداش، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇرۇمچىگە بارىمەن.

ئاۋازىم تىترەپ كەتتىمۇ ياكى ھۇسەيىن سېزىۋالدىمۇ بىلمىدىم، بىرنەچچە دەقىقە شۈكلەپ كەتتى.

ــ سالامەت بولساڭلا ياخشى، ئىشقىلىپ، سەندىن چاتاق چىقمىسۇن. مېنى دوختۇرلار ئاشقازان راكى ئىكەن دەيدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىدىغان ئوخشايدۇ، كەلسەڭ كۆرۈشەرمىز. يەكەندىكى ئەركىن ئاۋۇت قاتارلىق ئەل - ئاغىنىلەرگە سالام ئېيت، ھۇسەيىننىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئىكەن، دەپ قويغىن.

ئارتۇق گەپ قىلماي تېلېفوننى قويۇۋەتتىم.

يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇربان ئەمەت، ئابلاجان بوۋاقىلارنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىپ ھۇسەيىننى يوقلاپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. بۇ چاغدا ھۇسەيىن ئاللىبۇرۇن ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ بولغانىدى. ئۇرۇمچىدىن كەلگەن خەۋەرلەر بىر - بىرىدىن يامان ئىدى. «ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بوپتۇ، لېكىن ھۇسەيىننىڭ ئاشقازىنىنى تولۇق ئېلىۋېتىپتۇ. ئۇزاق ياشىيالمايدىغاندەك قىلىدۇ» بۇنداق گەپلەرنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىمدا يۈرىكىم قوقاسقا چۈشكەندەك پۈچىلىنىپ كېتەتتى.

ئايالىم بىلەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ ھۇسەيىننى يوقلاپ كېلىشنى مەسلىھەتلەشكەندۇق، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بوسۇغا داۋاندىن ئاتلىيالماي قىشنى يېرىملاشتۇرۇۋەتتۇق. بۇ ئارىلىقتا دوستۇم ئەركىن ئاۋۇت چوكىنى پاشاگۈل خانىمنى ئېلىپ ئۇرۇمچىگە بېرىپ ھۇسەيىننى يوقلاپ كەلدى. ھەئە، بالنىست ياتىقىدا تۇرۇپ ھۇسەيىن بىلەن مېنى كۆرۈشتۈردى. يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالنى تەپسىلىي دەپ بەردى.

ــ خېلى ياخشى ياتىدۇ، ساقىيىپ كېتىشىدە ئۈمىد باردەك

قىلىدۇ، — دېدى ئەركىن.

بۇ ئۇنىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياسىغىنىمۇ ياكى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن دېگەن گېپىمۇ بىلەلمىدىم.

— بىچارە پاتىگۈلنىڭ چېچى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كېتىپتۇ. شۇنچە ئۇستىخانلىق چوكان ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ، — دېدى پاشاگۈل خانىم كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ.

— ئورۇمچىگە بارايلى دېسەم ئەجەب ئېغىرلىق قىلدىڭلا، بېرىپ يوقلاپ كەلسەك بولاتتى، — دېدى ئايالىم ئۆيگە قايتىۋېتىپ.

يەنە بىر ئاي ساقلايلى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن توختاملاشقان ۋاقىتمۇ 3 ـ ئايدا توشىدۇ. يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى پەردە مالىك خانىم خۇلاسە يىغىنى ئاچىمىز، چوقۇم كەلمىسىڭىز بولمايدۇ، دېگەن، تايىنلىق ئىككى يولنى بىر ماڭايلى، — دېدىم مەن.

تەقەززا بولغان 3 ـ ئايمۇ، 4 ـ ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى خۇلاسە يىغىنى ئاچىمىز دەپ ئۇقتۇرۇش قىلمىدى. بۇ ئارىلىقتا دوستۇم ئۆمەرجانمۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئورۇمچىگە بېرىپ ھۆسەيىننى يوقلاپ كەلدى، ئەھۋالى خېلى ياخشى ئىكەن، دېدى.

— ئەمدى يىغىنغا ساقلىماي بېرىۋېرەيلى، — دېدىم ئايالىمغا، — مېنىڭ رۇخسەت ئالمىقىم ئاسان، ناھايىتى كەلسە يىللىق دەم ئېلىشىمنى ئالسام بولىدۇ. سىلى باشلىقىڭلاردىن رۇخسەت ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلا.

ئايالىم ئىدارىسىنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئايىغى چىقماس باھالاشلار ھەلەكچىلىكىدە ھە دېگەندە رۇخسەت ئالالمايتتى. ئەنە شۇ تىت ـ تىتلىقتا تۇرغاندا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىش بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان قۇربان ئەمەت يەكەن ناھىيەسىنىڭ

«ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە كېلىپ قالدى.

— ئاداش، ئەمدى ئۈرۈمچىگە بارماي تۇرۇڭلا، ھۆسەيىن مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە قەشقەرگە كېلىدۇ. بىرەر ئاي تۇرىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ.

راست دېگەندەك ھۆسەيىن تاشىنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدىم.

— پاتىگۈلنى ئەكەلگەن بولسا بىزمۇ پاشاگۈل، تۇنساقىزنى ئېلىپ بارايلى. يالغۇز كەلگەن بولسا ئۆزىمىزلا بېرىپ يەكەنگە ئەكېلەيلى. بىرەر ھەپتە يېنىمىزدا تۇرسۇن، ئالدىمىزدىكى شەنبە كۈنى بارايلى، — دېدى ئەركىن ئاۋۇت.

ئەپسۇسكى، ئالدىمىزدىكى شەنبە كۈنى كېلىپ بولغۇچە ئەركىنگە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە بىر ھەپتە ئوقۇيدىغان قىسقا كۇرس چىقىپ قالدى. ئەركىن ئۆزى كەلگۈچە تەخىر قىلىشىمنى تاپىلىغان بولسىمۇ، قۇربان ئەمەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قەشقەرگە باردىم.

بۇ كۈنى قەشقەردىكى قۇربان ئەمەت، ئابلاجان بوۋاقى، ئابدۇسالامجان قاتارلىق دوستلار «مەپتۇن» كاتتا تېز تاماقخانىسىنىڭ ئايرىمخانىسىدا ھاجى ئەخمەد كۆلتېگىن، تاھىر تالىپ، مىرزايىت كېرىمى قاتارلىق ئۇستازلار بىلەن ساقلاپ تۇرغانىكەن. مەن كېلىپ ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن ھۆسەيىنمۇ توقۇزاقتىن يېتىپ كەلدى. قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. قارىسام روھىي ھالىتى، رەڭگىرويى شۇنداق ياخشى تۇرۇپتۇ. بۇيرۇتقان غىزالارنىڭ يەڭگىللىرىنى تاللاپ يامان ئەمەس غىزالاندى. ئۈچ سائەتكە يېقىن پاراڭلاشتۇق. نېمىشقىدۇر قۇربان ئەمەتنىڭ سەل خۇيى تۇتۇپ قالغانىدى.

— نېمە بولدۇڭلا، ئاداش؟ — دېدىم ئۇنى تالاغا شەرەتلەپ چىقىپ.

— ئەسلىدە بۇ سۆھبەتكە دوستىمىز دىلمۇرات تۇرسۇنمۇ كەلمەكچىدى، كېلىپ سورەتكە تارتىپ قويماقچى بولغان، تېخىچە

كەلمەيۋاتىدۇ، ــ دېدى قۇربان ئەمەت.
ئەسلىدە خاتىرە سۇرەتكە چۈشۈش ئىشىنى قۇربان ئەمەت بىلەن تېلېفوندا مەسلىھەتلىشىپ قويغانىدۇق. ئاپپارات بولمىسا بولمايتتى. ئۈچ پېشقەدەم ئۇستازنى يەنە گەپكە تۇتۇپ ئولتۇرالمايتتۇق.

ــ ھۆسەيىننى بۇنداق ئۇزاق ئولتۇرغۇزساق بولمايتتى، ــ دېدى قۇربان ئەمەت تىت ـ تىت بولۇپ، ــ ماۋۇ دىلمۇرات ھېچقاچان قىلمىغان ئىشنى قىلدى بۈگۈن.

دىلمۇرات تۇرسۇننى ئوبدان بىلەتتىم. دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان، مەرد، ئوغۇل بالىدارچىلىقى بار، ئېسىل يىگىت ئىدى، ئالدىراپ تۇتامى يوق ئىشنى قىلمايتتى.

ــ بەلكىم زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغان چېغى، بوپتۇ دىلمۇراتنى ئەمدى ساقلىمايلى. ئابدۇسالامجاننىڭمۇ ئاپپاراتى بار ئىدىغۇ، شۇنىڭدا خاتىرە قالدۇرايلى.

ئابدۇسالامجان دىلمۇراتنى كېلىدۇ دەپ ئاپپاراتىنى ئالماي كەلگەنىكەن، بۇيرۇدۇق، شۇ ھامان چېپىپ كەتتى. كۆكەرتىش كومىتېتىدا ئىشلەيدىغان ئابدۇسالامجان بىلەن تونۇشقىنىمغا ئانچە ئۇزاق بولمىغانىدى. ئەمما، كىچىك پېئىللىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، كىبىر ـ تەمەننادىن خالىي مۇئامىلىسى بىلەن ماڭا قالتىس ياراپ قالغانىدى. ھۆسەيىن تاش قەشقەرگە كەلگەندىن بېرى توققۇزاقتا پات ـ پات چىقىپ يوقلاپ تۇرغان، ھۆسەيىننىڭ ئەھۋالىنى ماڭا تېلېفوندا خەۋەر قىلىپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ ھۆسەيىن تاش بىلەن چوڭقۇر دوستلۇقى بار ئىدى.

ئابدۇسالامجان ئون بەش مىنۇتتىلا ئاپپاراتنى ئېلىپ كەلدى. دەسلەپتە ئۆپچە سۇرەتكە چۈشتۇق. ئاندىن ئۈچ پېشقەدەم ئۇستاز بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم، ھۆسەيىن تاش بىلەنمۇ ئايرىم ـ ئايرىم سۇرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردۇق.

مېھماندارچىلىقتىن يېنىپ ئۈچ پېشقەدەم ئۇستاز بىلەن خوشلاشتۇق ـ دە، ھۆسەيىننى ئېلىپ ھېيتگاھقا باردۇق، بۇ

يەردىمۇ بىرقانچە پارچە خاتىرە قالدۇردۇق.

— بۇگۈن توققۇزاقتا قونۇپ قالايلى، — دېدى ھۇسەيىن ماڭغا.

مېنىڭمۇ توققۇزاقتا چىقىپ ئۇنىڭ ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشكۈم بار ئىدى.

— بولىدۇ، ئاداش، ئىشقىلىپ، نەدە بولسۇن سەن بىلەن بىر ئاخشام مۇڭدىشىۋالسام بولىدى، — دېدىم مەن، — يۈرە، كىتابخانىغا كىرىۋېتىپ ماڭايلى.

— كىتابخانىدا نېمە قىلىمىز؟ — سورىدى ئابدۇسالامجان.

— «شەرەنداز ئايال»دىن بىرنى ئېلىۋالاي، ھۇسەيىنگە تەقدىم قىلىمەن.

— كىتابنىڭ ۋىلايەتلىك كىتابخانىدا يوق، شەخسىي كىتابخانىدا بارمىكىن، — دېدى ئابدۇسالامجان.

بىرقانچە شەخسىي كىتابخانىنى قېرىۋەتتۇق، تېخى نەشردىن چىققىلى ئانچە ئۇزاق بولمىغان بۇ رومانىم تۈگەپ كەتكەنىكەن. مىڭ تەسلىكتە ئارقا كوچىدىكى شەخسىي كىتابخانىدىن ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تال كىتابنى سېتىۋالدىم.

ئابدۇسالامجان بىلەن قايتىپ كەلسەك، ھۇسەيىن تاش مەمۇرىي مەھكىمە يېنىدىكى دوستۇم غەيرەتنىڭ كىتابخانىسىدا ئابدۇرېھىم غازى، نىياز ئىمىن قۇربانى، نۇرمۇھەممەت مېھمان قاتارلىق بۇرادەرلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا «ئەجەب ساقلاتتىڭلار، يۈرۈڭلار» دېگىنىچە ئوردا كەنت رېستورانىغا سۆرەپ ماڭدى. ھۇسەيىننىڭ رايىغا باقتۇق. رېستورانغا بېرىپ يېرىم سائەت ئىچىدە ئوتتۇز كىشىلىك ئايرىمخانا ئەل - ئاغىنىلەر بىلەن لىق تولدى. ئابدۇرېھىم غازىلار ھۇسەيىننىڭ خەۋىرىنى تېلېفوندا يەتكۈزۈپ شۇنچىۋالا جىق ئاغىنىلەرنى يىغقانىكەن. بۇ سورۇندىن كەچ سائەت ئوندا تارقاشتۇق. ئابدۇسالامجان بىلەن ھۇسەيىننى ئېلىپ كېچىلەپ توققۇزاققا چىقتۇق. يولىمىزغا قاراپ تۇرغان ئاكىسى خەيرۇللا

ۋە تاغىسى بىلەن كۆرۈشتۇق.
هۇسەيىن بىلەن خاس بىر ئاخشام مۇڭداشقۇم، تىنىقىنى ھىدلاپ يېتىۋالغۇم بار ئىدى. ئاكىسى خەيرۇللا مىنىڭ ئۆيۈمدە قونۇپ قىلىڭلار، دەپ تۇرۇۋالدى. مىڭ تەستە يالۋۇرۇپ قايىل قىلىپ، هۇسەيىننى ئابدۇسالامجاننىڭ تۇمەن كۆلى بويىدىكى ئۆيىگە ئاچىقتۇق. ئەمدىلا خاس پارىڭىمىزنى باشلىشىمىزغا يەكەندىن ھەمراھ قىلىپ ئېلىۋالغان ئابدۇرۇسۇل مەمەت خورەككە چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇسالامجاننىڭ خاس كۇتۇپخانىسىغا يۆتكىلىپ، ئۈچىمىز ئەتىگەن سائەت بەشكىچە مۇڭداشتۇق. هۇسەيىننى چارچاپ كەتتى، ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ ئىككى سائەت ئۇخلىغان بولدۇق.
ئەتىگىنى بىر تېز تاماقخانىغا كىرىپ ناشتىغا ئولتۇرساق، دوستۇم ئابدۇرېھىم غازى يېتىپ كەلدى.
— مانا يىگىت، — دېدى ئۇ هۇسەيىنگە بىر تال ئايروپىلان بېلىتىنى تەڭلەپ، — شۇنچە تۇتسام كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭلا. شۇڭا ئەتە چۈشنىڭ ئۇرۇمچىگە ئۇچىدىغان بېلىتىنى ئالغاچ چىقتىم.
ئايروپىلان بېلىتىگە قاراپ، تونۇغۇن غەيرەتنىڭ كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدا ئابدۇرېھىم غازىنىڭ «جىددىي لازىم بولۇپ قالدى، هازىرلا قايتۇرۇپ بېرىمەن» دەپ هۇسەيىننىڭ كىملىكىنى ئېلىۋېلىشىنىڭ سىرىنى ئاندىن چۈشەندىم. ئۇنىڭ هۇسەيىنگە ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ بەرگىنىدىن هەم خۇش بولدۇم، هەم ئاچچىقىم كەلدى. خۇشلۇقۇم ئابدۇرېھىم غازىنىڭ ئادەمگەرچىلىكىدىن، ئاچچىقىم هۇسەيىننىڭ رايىغا بېقىپ مەجبۇرىي يولغا سېلىۋەتمەكچى بولغانلىقىدىن ئىدى.
قەشقەردە ئادۇوكاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئابدۇرېھىم غازى ئاز، ئەمما ساز شېئىر يازاتتى، گېپى ئوچۇق، تۈز يىگىت ئىدى. دوستلۇقنى بەكلا قەدىرلەيتتى. بۇنىڭدىن ئالتە ـ يەتتە يىل ئىلگىرى قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ يۈەن پۇل

چىقىرىپ «غازى ئوغلى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلىپ، ياش ھەۋەسكارلارنى ئىلھاملاندۇرغانىدى.

بىز ناشتا قىلىپ قوپۇپ ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتۇق خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي سېلىشنى پىلانلىغان قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇلاقبېشى، جانقورغان، ئوراڭقاي، ئوردا ئىشىكى، زەرگەر كوچىسى، بەشئېرىق، كەسكەنيار، ئوردا ئالدى قاتارلىق قەدىمىي كوچا ـ مەھەللىلەرگە بېرىپ سۈرەتكە چۈشتۇق. سىرلىق ئوردىغا ئوخشاش خالتا كوچىلار، ئەجدادلارنىڭ روھى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان مېھرى ئىسسىق مەھەللىلەرگە مەپتۇن بولۇپ، ئىككى ـ ئۈچ سائەت ۋاقىتنى بىردەمدىلا ئۆتكۈزۈۋەتتۇق.

— ياسىنجان، ھېرىپ قالدىم، ئاداش، — دېدى ھۇسەيىن.

خاتىرە قالدۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ ھۇسەيىننىڭ ئاغرىقلىقىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمدىن خىجىل بولدۇم. ئادەتتىمۇ ئۇ خېلى ـ خېلى ئېغىر ئىشلارغىمۇ ۋايسىمايدىغان غۇرۇرلۇق، چىداملىق يىگىت ئىدى.

— ئېسىڭدە بار، ئاخشام ئەسقەر ئەخمىدى مۇئەللىم بۈگۈن چۈشتە ئۆيىگە تاماققا چىللاپ قويغان، ۋاقتى بولاي دەپ قاپتۇ، شۇ يەرگە بارايلى، — دېدىم.

— مەن ئابدۇسالامنىڭ ئۆيىدە بىردەم ئارام ئېلىۋالاي. سەن بېرىپ ئۆزرەمنى يەتكۈزۈپ قوي، ئىككى سائەتتىن كېيىن كۆرۈشەيلى، — دېدى ئۇ.

ھۇسەيىننىڭ كېچىدىن ئۇيقۇسىز قالغىنىنى ھەم ئەتىگەندىن بېرى پىيادە مېڭىپ ھېرىپ كەتكىنىنى نەزەرگە ئېلىپ ماقۇل بولدۇم. قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم ئەپەندىمنىڭ «ئىسكەندەر» مۇز قايماقخانىسىغا كىرىپ بىر ئىستاكاندىن سوت ئىچكەچ بىرئاز ئارام ئالدۇق.

ئابدۇرېھىم غازى بىلەن ئابدۇسالامجان ئۇنى تاكسىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

ئەسقەر ئەخمىدى مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابلاجان سىيىت، قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەنۋەر ئىبراھىم، شائىر نىياز ئىمىن قۇربانى قاتارلىق ئون نەچچە ئاغىنىلەر ساقلاپ تۇرغانىكەن. يالغۇز كىرگىنىمنى كۆرۈپ ئىشىككە قاراپ قويدى، كۆزلىرى ھۇسەيىن تاشنى ئىزدەۋاتاتتى.

— ھۇسەيىن سەل ھېرىپ قالدى. ئابدۇسالامنىڭ ئۆيىدە ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ يولغا سېلىۋېتىپ ئۆزۈم كەلدىم، — دېدىم چۈشەنچە بېرىپ.

ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا سۇس ئەپسۇسلۇق چىقىپ تۇراتتى. غىزالانغاچ ھۇسەيىن تاش ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇسەيىن تاشنى يوقلاپ توققۇزاقتا بىر-ئەر ـ ئىككى قېتىمدىن چىقىپ كىرگەنلەر بولسىمۇ، يەنە دىدار مۇلاقەتتە بولغۇسى بار ئىدى. ھۇسەيىن تاشقا قانمىغاندەك قىلاتتى.

ھۇسەيىن تاشنىڭ قولىدا يېزىپ پۈتكۈزۈپ قويغان رومانى بارلىقىنى بىلەتتىم، ئابلاجان سىيىتقا روماندىن ئۇچۇر بەردىم.

— ھۇسەيىن بىلەن سىلى سۆزلىشىپ بېقىڭلا، خالىسا بىزنىڭ نەشرىياتىمىزغا بەرسۇن، — دېدى ئابلاجان سىيىت.

ئابلاجان سىيىتنىڭ سەگەك نەشرىياتچىلارغا خاس بۇ خېرىدارلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈندۇم، تېزلا جاۋابىنى بېرىشكە ۋەدە قىلدىم.

بۇ كۈنى يەكەنگە قايتمىسام بولمايتتى. مېھمانلارغا ئۆزرە ئېيتىپ ھۇسەيىن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرىدىم. ئەسقەر ئەخمىدى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىشىمغا قۇربان ئەمەتتىن تېلېفون كەلدى.

— ئاداش، ھۇسەيىن ئابدۇرېھىم غازى، ئابدۇسالاملار بىلەن بىللە غەيرەتنىڭ كىتابخانىسىغا كەلمەكچى، سىلىمۇ مۇشۇ يەرگە كېلىڭلار. مەنمۇ يېڭىشەھەردىن ھازىرلا كىرىشىم، — دېدى.

قۇربان ئەمەت تۇنۇگۇن ئوردا كەنت رېستورانىغا بېرىشقا

كۆڭلى تارتماي، ھۆسەيىن بىلەن مەندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئۆيىگە چىقىپ كەتكەنىدى.

غەيرەتنىڭ كىتابخانىسىغا ھۆسەيىن بىلەن تەڭلا كەپتىمىز، غەيرەت بىر قاچا تاماقنى بىللە يەيمىز دەپ تۇرۇۋالدى.

ھەم مائارىپچى، ھەم شەخسىي كىتابخانىسى بار بۇ دوستۇمنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە ھەققىدە ئۆزگىچە قاراشلىرى بار ئىدى. قەشقەردە ئۇچرىشىپ قالساقلا زىيادە ھۆرمىتىمنى قىلىپ خىجىل قىلاتتى. كۆن خىلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى. دەرھال ماڭمىسام ئاپتوبۇس توختاپ كېتەتتى، ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيماي خوشلاشتىم.

— چوغلانبەگ، ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇڭ، كېيىن پۇشايمان يەپ قالارسەنمىكىن، — دېدى ئابدۇرېھىم غازى مېنى قويۇپ بەرگۈسى كەلمەي.

غەيرەت كۆرۈشۈپلا كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقىمغا باتناپ تەتۈر قارىۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بىلەن جاھىللىق قىلىپ خوشلاشتىم.

«قەشقەردىكى ئاغىنىلەر يېنىمدىلا، ئىككى ـ ئۈچ سائەت يول جاپاسىدىن قورقمىسام بېرىپ كۆرۈشەلەيمەن، ھۆسەيىننى پات يېقىندا ئۇرۇمچىگە بېرىپ يوقلايمەن» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم.

ۋادەرىخ! ئابدۇرېھىم غازىنىڭ چاقچاق قىلىپ دېگەن گېپىنىڭ راست چىقىپ قېلىشىنى كىم ئويلىغان؟ داغدا قالدىم، ھەسرەتتە قالدىم.

ئەركىن ئاۋۇتنىڭ ئۈرۈمچىدىن بەرگەن مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپلا يان تېلېفونۇمنى ئېتىۋەتكەنىدىم. چۈنكى، ئۇ كۈنى كەچكىچە ماڭا توختىماي مۇسىبەت خەۋىرى كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. ئايالىم بىرقانچە قېتىم، ناشتا قىلىۋېلىڭلا، دېدى، لېكىن كۆڭلۈم غىزا تارتمايتتى. چۈشتىن كېيىن ئۆي تېلېفونۇم يەنە جىرىڭلىدى،

يۈرىكىم جىغىلدىغان ھالدا تېلېفوننى ئالدىم. دوستۇم ئۆمەرجان ئوسماننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاداش، مەن ھازىر قەشقەردە... — ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى، — تېلېفوننى ئابدۇرېھىم غازىغا بېرەي.

ئۇلارنىڭ ماڭا نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

— ئاداش ياسىنجان... — ئابدۇرېھىم غازى ئۆپكىلەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

ئاخىر مەن گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ئاداش، خەۋەر تاپتىم، جانجىگەر دوستىمىزدىن ئايرىلىپ قاپتىمىز، ئەتىگەندىن بېرى يان تېلېفونۇمنى شۇڭا ئېتىۋالغان...

ئابدۇرېھىم غازى بىلەن تېلېفوندا بىرپەس يىغلىشىۋېلىپ ئۈن - تىنسىز تېلېفوننى قويۇۋەتتۇق. كەچتە ئايالىم مېنى مەجبۇرلاپ كوچا ئايلاندۇرغىلى ئاچىقتى.

— ئۆيگە سولىنىۋالماڭلا، بۇنداق قىلساڭلا تېخىمۇ ئازابلىنىسىلە، — دېدى ئۇ.

سىرتقا چىققاندىن كېيىن قىزىمغا دەيدىغان گەپ چىقىپ قېلىپ يان تېلېفونۇمنى ئاچتىم. شۇ ھامان ساقلاپ تۇرغان ئۇچۇرلار تېلېفونۇمغا كىرىشكە باشلىدى.

«ئاداش، ھۈسەيىن تاش بۈگۈن سەھەر بىزنى تاشلاپ كېتىۋالدى. گۈلساي قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدۇق، ئامان بول» دەپ يازغانىدى دوستۇم ئىلھامجان ئابلىز.

«ئاداش، ھۈسەيىن تاش ھەققىدە بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدىم، ئىلاھىم يالغان بولغاي» دەپ يازغانىدى ئابباس مۇنىياز تۇركقان.

كۆڭلۈم يەنە بۇزۇلدى، ئىلھامجان ئابلىز ئۇ رەھمەتلىكنىڭ ئۈرۈمچىدىكى يېقىن دىلكەشلىرىدىن ئىدى. ھۈسەيىن تاش بىلەن ئالاقىلىشالماي قالسام گېپىمنى، سالىمىمنى ئىلھامجان ئابلىز ئارقىلىق يەتكۈزەتتىم. چۈنكى، ئۇلار يانفونى توختاپ قالغان

ياكى ئېتىكلىك ھالەتتىمۇ ئۇچرىشالايتتى.

ئابباس مۇنىياز تۇركقان بىلەن كۆرۈشسەكلا ھۇسەيىنىنىڭ گېپىنى قىلىشماي قالمايتتۇق. ھۇسەيىننى قەشقەرگە يوقلاپ بېرىپ، ھېيتگاھتا رەسىمگە چۈشۈۋاتقاندا ئاببىاستىن يان تېلېفونۇمغا ئۇچۇر كەلگەنىدى. سالامەتلىكىمنى سورىغانىكەن، قەشقەردە ھۇسەيىن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ ئۇچۇر يوللىدىم. ئابباس يەنە ئۇچۇر يوللاپ ھۇسەيىنگە سالام ئېيتتى، سالامىنى دەرھال ھۇسەيىنگە يەتكۈزدۇم. ئەسلىدە ئىككىسىنى تېلېفوندا كۆرۈشتۈرگۈم بار ئىدى. بىراق، مېنىڭ بۇ ئەبجەق يان تېلېفونۇمدا شاۋقۇن - سۈرەنلىك كوچىلاردا سۆزلەشمەك تەس ئىدى. قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئابباس مۇنىياز يان تېلېفونۇمنىڭ بۇ كېسىلىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، تېلېفون بەرمىگەنىدى، ئادەتتىمۇ كۆپىنچە ئۆي تېلېفونۇمغا تېلېفون بېرەتتى.

ھۇسەيىن تاش يالغۇز يازغۇچىلا ئەمەس، ئەدەبىي تەرجىمان، ئوبزورچى ئىدى. ئاپتورغا ئەمەس ئەسەرگە ئوبزور يازاتتى. ماقالىلىرى ئىلمىي، قايىل قىلارلىق ئىدى. ياقتۇرغان ئەسەرلىرى ھەققىدە ھۇزۇرلىنىپ سۆزلەيتتى. كىشىنىڭ ھالىغا بەكمۇ يېتەتتى. «نازىنىن قىزلار» رومانىم نەشر قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە قىزىق بىر مەيدان بەس - مۇنازىرىگە سەۋەب بولدى. رومان ھەققىدە ئىلمىي نۇقتىدىن چىقىپ ماقالە يازغانلاردىن كۆرە، ئاغزىدا ئوبزور يازىدىغانلار كۆپ ئىدى. ھۇسەيىن «نازىنىن قىزلار تىراگېدىيەسى» ناملىق بىر پارچە ئوبزور يېزىپ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئەدەبىي بېتىدە ئېلان قىلدۇردى. ئوبزوردا رومانىم خېلى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىنغانىدى. بۇ ماقالە رايونىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق پارتىيە گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بولغاچقىمۇ ياكى قايىل قىلىش كۈچى چوڭقۇرمۇ، ئەيتاۋۇر ۋاڭ - ۋاڭ بەس - مۇنازىرىگە خاتىمە بەردى.

«ئاداش، بىزدە ئازراق بىرنەرسە بىلىۋالسا ئۆلىمالىق، قارىلىق

قىلىپ پەتىۋا چىقىرىدىغانلار تولا. يامان يېرى بىر قىسىم چوڭلىرىمىز ئەنە ئاشۇ پەتىۋاچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاسان ئىشىنىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ پەتىۋاچىلار ئەدەبىيات كوچىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بىر توپ چەرەندىلەر. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ رو چىۋىنلىرى. سەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلما. ئىلمىي نۇقتىدىن چىقىپ يېزىلغان ماقالىلەردىن باشقىلىرىغا دىققەت قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز يېزىش» دېگەندى 2008 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكىنىمىزدە. كېزى كەلگەندە شۇنىمۇ دەپ قوياي، ئۇ كىتاب ئوقۇشقا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇشقا بەك ئامراق ئىدى. ئوقۇغان ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. بۇنىڭدىن ئون يىللار ئىلگىرى بولسا كېرەك، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا يازغۇچى تۇرسۇنجان سادىقنىڭ «كېچىكىپ قىزارغان ئۇپۇق» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى. ھۇسەيىن تاش ماڭا تېلېفون بېرىپ پوۋېستنىڭ تولىمۇ ئېسىل يېزىلغانلىقىنى ئېيتىپ، تۇرسۇنجان سادىققا سالام ئېيتىشىمنى تاپىلىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تۇرسۇنجان سادىق بىلەن تونۇشمايتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن بولسىمۇ بىر سەپتىكىلەرنىڭ ئەمگىكىنىڭ قەدرىنى قىلاتتى.

ھۇسەيىن تاش گەپنى تۈز، ئوچۇق قىلىدىغان، غەيۋەت ـ شىكايەتتىن خالىي ئىدى. بىركىمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپمۇ بولسا خۇشامەت قىلىپ قويۇشنى بىلمەيتتى. مىللەتنىڭ نۇقسان ـ ئەيىبلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئىناقلىققا، بىرلىككە، ئىتتىپاقلىققا ئۈندەيدىغان ماقالىلەرنى بولدى دېگۈچە يېزىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكىنى كەچۈرەلمەي ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ ياشايدىغان زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئەپ ئۆتەتتى. ئۇ مەزھەپتىكىلەر، بۇ گۇرۇھتىكىلەر دەپ ئايرىمايتتى. «سۈرۈشتە قىلىپ كەلسە

ئۆلارنىڭ ئۆنچىلا قىلىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. نېمانچە قىلىشىدىكىنە بۇ ئاغىنىلەر» دەيتتى ئىچى پۇشۇپ.

ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئامال يوق. ھۇسەيىن تاشنىڭ كۆيۈمچان ئايالى، سۆيۈملۈك ئىككى پەرزەنتى، ئاكا - سىڭىللىرى ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنى تاشلاپ كەتكىنى راست. ئۇنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە، پەرزەنتلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرى بار ئىدى. ئايالى، بالىلىرى، قېرىنداشلىرى، دوستلىرىنى قان - يىغلىتىپ كېتىپ قالدى. تېخى ئەمدىلا قىرىق ياشتىن ئاشقاندا، قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندا كېتىپ قالدى. قىرىق ياشتىن ھالقىغان يىگىتنىڭ ئايالى ئەر مېھرىگە، پەرزەنتلىرى ئاتا مېھرىگە تازا موھتاج بولاتتى ئەمەسمۇ. نەچچە يىلدىن بېرى باغرىدا ئەركىلىتىپ، كۆزىنىڭ قارىقىغا دەسسىتىپ قاتارغا قوشۇۋاتقان پەرزەنتلىرىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ۋاقتى ئىدى ئەمەسمۇ. ئەمدى ئاشۇ بالىلارنىڭ غېمىنى يېيىش بىچارە ئانىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپ قالدى.

ھەسرەتلەنسەكمۇ، يىغلىساقمۇ ئامال يوق. تەقدىرنىڭ يازمىشى ئاشۇنداق، تۇغۇم بار يەردە ئۆلۈممۇ بار. ھېچكىم بۇ تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئەمەس. شۇڭا، ھاياتلار بىر - بىرىمىزنىڭ قەدرىگە يېتەيلى، سالامەتلىكىمىزنى ئاسرايلى. ئىلاھىم، ھاياتلارنىڭ ئۆمرى بەرىكەتلىك بولغاي!

2009 - يىلى 10 - ئىيۇن، يەكەن

# سۆھبەت ۋە دىل بايانلىرى

# ئارزۇيۇم: خەلق ئېتىراپ قىلغۇدەك يازغۇچى بولۇش (1)

### ھاجى ئېھسان قاۋۇل بىلەن سۆھبەت

ياسىنجان سادىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان تالانتلىق ياش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرسى. ئۇ ئۆزىنىڭ «قورۇپ كەتكەن دەريا»، «بېلىقچى ھەققىدە ھېكايە»، «چاشقان ئاپىتى» قاتارلىق سەرخىل پوۋېست، ھېكايىلىرى بىلەن بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. مەن ياسىنجان سادىقنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى ۋە ئەدەبىيات قاراشلىرى ھەققىدە ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىزنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.

سوئال: سىزنىڭ ئىجادىيەت سېپىگە كىرىشىڭىزدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئامىل قايسى؟

جاۋاب: بىرىنچى ئامىل — بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ يېتىلدۈرگەن كىتابخۇمارلىق. ئىككىنچى ئامىل — تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىنىڭ سەبىي قەلبىمگە تۇتاشتۇرغان ئىجادىيەت ئىشتىياقى. ئۈچىنچى ئامىل — ئاشىقلىق. چۈنكى، دەسلەپكى ئەسەرلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلدى. تۇنجى سۆيگۈنىڭ ئازابىدا يۈرىكى ئۆرتىنىۋاتقان بولمىغان كىم بار دەيسىز؟ ئىنىم ھاجى، سىزمۇ بۇ ئازابتىن مۇستەسنا ئەمەسقۇ دەيمەن؟

سوئال: ئىجادىيەتتە بەلگىلىك نەتىجە ياراتقان ئەدىبلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغانلىقى ياكى ئەدەبىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەردە تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئەمما، سىز سۇچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان ھەم ھېلىمۇ شۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇپ ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىدىڭىز، بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

جاۋاب: تەربىيىلىنىشنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات كەسپىدە تەربىيىلىنىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولىدىغان تەسىرىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلى چىڭ بولسا ئىمارەت مۇستەھكەم بولىدۇ. پەمىمچە، ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇماي تۇرۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇئەييەن نەتىجە قازانغانلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ئىلىم بىلەن سىستېمىلىق تونۇشقانلار. چۈنكى، مەنمۇ ھازىر ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە تولۇق كۇرسنى تاماملاي دەپ قالدىم.

سوئال: بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «سۆگەل» ناملىق ھېكايىڭىز سېھرىي رېئالىزم ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەر. لېكىن، كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا ئەسەر ئېلان قىلدۇرمىدىڭىز. بۇ توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىشنى خالامسىزكىن؟

جاۋاب: مەن شۇ چاغقا قەدەر بىرەر «ئىزم»غا سېلىپ تۇرۇپ ئىجادىيەت قىلىشنى ئويلاپ باقمىدىم. ئەمما، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، مەن رېئالىزمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭچە، يازغۇچى قايسى «ئىزم»دا ئەسەر يېزىشنى ئەمەس، ئوقۇرمەنلەر ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان تېمىدا ئەسەر يېزىشنى ئويلىشى كېرەك.

سوئال: «قۇرۇپ كەتكەن دەريا» ناملىق پوۋېستىڭىز «تارىم»

ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك زىلزىلە قوزغىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب نېمە؟

جاۋاب: «قۇرۇپ كەتكەن دەريا»نىڭ شۇ قەدەر ئالقىشلىنىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب شۇكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى دۇچ كەلگەن قىسمەتلەرنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئەكس ئەتكۈزگەنلىكىمدە. چۈنكى، ئەسەردىكى يېرىم دەريانىڭ قىسمىتى دەل تارىم دەرياسىنىڭ قىسمىتى ئىدى. مەن بۇ ئېكولوگىيەلىك بۇزۇلۇشنى ئەڭ دەسلەپ ھېس قىلدىم ۋە ئەسەرىمدە ئىپادىلىدىم. مانا ھازىر تارىم دەرياسىنىڭ بۇزۇلغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن دۆلەت مالىيەسىدىن قانچىلىك خىراجەت چىقىم قىلىۋاتقانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس.

سوئال: «داۋان» ناملىق تۇنجى رومانىڭىز ھەققىدە قانداق ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىڭىز؟

جاۋاب: «داۋان» ھەققىدىكى ئىنكاسلار ھەر خىل. ئاساسلىق روماندىكى پېرسوناژلىرىمنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە بېشارەت بەرمىگەنلىكىم توغرىسىدا بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ھاياتنىڭ ئۆزى بىر داۋان، ئىنسان بۇ داۋاندىن مەڭگۈ ئېشىپ بولالمايدۇ.

سوئال: «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئۆتكەن يىللىق 10 ـ، 11 ـ سانلىرىدا «كۆنلەر ئىقلىمى» ناملىق تارىخىي پوۋېستىڭىز ئېلان قىلىندى. «جاللات خېنىم» ناملىق ئىككى قىسىملىق تارىخىي رومانىڭىز نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. سىز نېمە سەۋەبتىن تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشقا قىزىقىپ قالدىڭىز؟

جاۋاب: مېنىڭ تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشىمنى قىزىقىپ قېلىش دەپ چۈشەنسەڭ ئانچە توغرا بولماس. چۈنكى، ھەرقانداق ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئادەم ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىغا قىزىقىدۇ. خانىش ئامانىنساخان بىلەن جاللات خېنىم

تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر جامائەت ئەربابى، ئايال ھۆكۈمرانلاردۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى يۇرتىمىز يەكەندە ئۆتكەن. شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ ئىككى بۈيۈك ئايال تارىخىي شەخس ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ ھېسابلىدىم.

سوئال: سىز ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تىلىغا قانداق ئىشلەيسىز؟

جاۋاب: ئەسەرلىرىمنىڭ تىلىغا خۇددى سەھرا قىزلىرى قول ياغلىققا گۈل كەشتىلىگىنىدەك مېھنەت سىڭدۈرىمەن.

سوئال: يېزىقچىلىق سۈرئىتىڭىزنىڭ تېزلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنىڭدا بىرەر «سىر» بارمۇ قانداق؟

جاۋاب: مەندە ھەيران قالغۇدەك ھېچبىر سىر يوق. ئاددىيلا قىلىپ ئېيتسام، مەن ھەرقاچان يازماقچى بولغان ئەسەرلىرىم ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىمەن. پىكىر كاللامدا پىشقان ھامان قولۇمغا قەلەم ئالىمەن ـ دە، يېزىشنى باشلايمەن. بۇنداق چاغلاردا تاماق يېيىش، دەم ئېلىش ۋە ئۇيقۇ دېگەنلەرگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيمەن.

سوئال: سىز مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتلىرىغا كۆپ قېتىم نائىل بولدىڭىز. بۇنىڭ ئىجادىيىتىڭىزگە بولغان تەسىرى قانداق بولدى؟

جاۋاب: ھەر خىل مۇكاپاتلار مەندىكى ئىجادىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

سوئال: سىز «گۈلزار» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قانداق قارايسىز؟ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: «گۈلزار» ئەدەبىيات مۇكاپاتى خەلقىمىزنىڭ ئۆز يازغۇچىلىرىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت ـ ئەقىدىسىنىڭ، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنىڭ سىمۋولى. مەن بۇ ھۆرمەت ـ ئەقىدىگە چوقۇم ئېرىشىمەن.

سوئال: سىز ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا قانداق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدىڭىز؟ سىزنىڭچە، يازغۇچى قانداق

شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىم ھەققىدە توختالسام گەپ ئۇزىراپ كېتىشى مۇمكىن. يىغىنچاقلىغاندا، كۆپلەپ كىتاب ئوقۇش، ئىجادىيەتتە ئىزچىللىقنى ساقلاش. يازغۇچى ئەڭ ئاۋۋال ئادەم بولۇشتىن ئىبارەت شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك. بىرەر پوۋېست ياكى داستان ئېلان قىلىپ ئالچاڭلاپ كېتىش بىلەن ھەممە خەلق ئېتىراپ قىلغان ئەدىبلەر ھەققىدە پىتنە ـ ياسات تارقىتىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزۈش بەدىلىگە يازغۇچى، شائىر ئاتىقىنى ئېلىش بەكمۇ كۈلكىلىك، چۈنكى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدە ئەخلاقتىن قوپۇرۇلغان مۇنارى بار.

سوئال: سىز ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: تەنقىدچى بىلەن ئىجادىيەتچى ھېچقاچان رەقىب ئەمەس. نورمال تەنقىدنىڭ ئىجادىيەتكە پايدىسى بار. ئەمما، يېقىنقى بىر مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر قىسىم كىشىلەر ئەدەبىي تەنقىدتىن ئۆز مۇددىئاسى ئۈچۈن پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد تۆھمەتخور، چىدىماس، روھى زەيىپانە كىشىلەرنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

سوئال: سىز قايسى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيسىز؟

جاۋاب: مەن چەت ئەل يازغۇچىلىرىدىن چىڭغىز ئايتماتوف، ياشار كامال، دوستويېۋسكىي، ئېھسان ئابدۇقۇددۇس، ئابدۇللا قادىرى، جىبران خېلىل جىبران، تۇرگېنىۋ، تاگور قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى؛ ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن مەمتىمىن ھوشۇر، زوردۇن سابىر، ئەختەم ئۆمەر، خالىدە ئىسرائىل، مۇھەممەت باغراش، نۇرمۇھەممەت توختى، ئەخمەت ئىمىن، ئابدۇراخمان قاھار، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، شائىرلاردىن ئوسمانجان ساۋۇت،

روزى سايىت، قۇربان بارات قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى؛ ياشلاردىن ئابدۇقادىر جالالىدىن، باتۇر روزى، ھۈسەيىن تاش، ئابباس مۇنىياز، ئەنۋەر مۇھەممەد، تۇرسۇنجان مۇھەممەد، رىزۋانگۇل يۈسۈپ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن.

سوئال: ھازىر قايسى ئەسەرلىرىڭىز ئۈستىدە ئىشلەۋاتىسىز؟

جاۋاب: تېخى رەسمىي يېزىشنى باشلىمىغان ئەسەر ئۈستىدە مەلۇمات بەرگۈم يوق. بەلكىم بىر مەزگىل ھېكايە يېزىشىم مۇمكىن.

سوئال: ئاخىرىدا ئوقۇرمەنلىرىڭىزگە دەيدىغان قانداق يۈرەك سۆزلىرىڭىز بارلىقىنى ئاڭلاپ باقساق.

جاۋاب: ئەسەرلىرىمنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغان ئوقۇرمەنلىرىمگە، شۇنداقلا مېنىڭ ئىجادىيىتىمنى قوللىغان مەتبۇئاتلارغا، دوستلىرىمغا، خىزمەتداشلىرىمغا، ئايالىمغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئەلۋەتتە بۇ سەممىي قوللاش، ياخشى تىلەكلەرگە قايتۇرىدىغان ئەڭ ياخشى جاۋاب تېخىمۇ نادىر ئەسەر يېزىش. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل.

2000 ـ يىلى 1 ـ مارت، يەكەن

# ئارزۇيۇم: خەلق ئېتىراپ قىلغۇدەك يازغۇچى بولۇش (2)

ئەخمەتجان خۇما بىلەن سۆھبەت

ئىلاۋە: «جاللات خېنىم» رومانى نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن ئەخمەتجان خۇما ياش يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلان بىلەن مەخسۇس سۆھبەتلەشتى. تەھرىراتىمىز كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ ياش يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ «سۆھبەت»نى ئېلان قىلدۇق. ئەلۋەتتە، «سوئال» ئەخمەتجان خۇما نامىدىن، «جاۋاب» ياسىنجان سادىق چوغلان نامىدىن يۈرۈشىدۇ.

سوئال: سىز ئىزچىل تۈردە رېئال تېمىدا يېزىپ كېلىۋاتقانىدىڭىز. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان «جاللات خېنىم»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي ئەسەرلەرنى يازدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسەرلەر خاسلا سەنئەتدىيە دەۋرى توغرىسىدا يېزىلىپتۇ. سىز قانداق بولۇپ تارىخىي تېمىغا قىزىقىپ قالدىڭىز؟ سەئىدىيە دەۋرىگە ئالاھىدە قىزىقىشىڭىزدا سەۋەب بارمۇ، قانداق؟

جاۋاب: تارىخىي تېمىدا يازغان ئەسەرلىرىمنى ياسىنجان مەنمۇ تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىپ باقايچۇ دەپلا يازغان

ئوخشايدۇ دەپ پەرەز قىلغان بولسىڭىز پۇتۇنلەي خاتالىشىسىز. مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى — مەيلى ئۇ پەخىرلىك ياكى ھاقارەتلىك تارىخ بولسۇن — بىلىش ھوقۇقى بار. شۇنداقلا، ھەرقانداق بىر ئەقىل - ھوشى جايىدا ئادەم چوقۇم ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىغا قىزىقىدۇ. مەنمۇ ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ مىللىتىمنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىزدىنىپ كېلىۋاتىمەن. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاستانىسى بولغان قەدىمىي شەھەر يەكەندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىم ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن. شۇڭلاشقىمۇ، سەئىدىيە دەۋرىگە قىزىقىشىملا ئەمەس، چەكسىز مۇھەببىتىم بار.

سوئال: «جاللات خېنىم» رومانىنى يېزىشقا تەرەددۇت قىلىشىڭىز ۋە يېزىپ چىقىشىڭىزغا نېمە تۈرتكە بولدى؟

جاۋاب: «جاللات خېنىم»دىن ئىبارەت بۇ زىددىيەتلىك تارىخىي تېمىنى تاللاپ قېلىشىمنىڭ تاسادىپىي سەۋەبى بار. 1995 - يىلى بولسا كېرەك، يامغۇر يېغىپ يول پاتقاق بولۇپ كەتكەن بىر كۈنى، ئانام بىلەن ئۆيىمىز جايلاشقان «خانىقا دەرۋازىسى»دىن سودىلىققا چىقتۇق. ئادەتتە بىر كىلومېتىرغا يېقىن يول ماڭساق شەھەر ئىچىگە كىرگىلى بولاتتى. يول بەك پاتقاق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىمكان بار يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ ئات - ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ پاتقاق چاچرىتىشىدىن ساقلىنىپ كېتىۋاتاتتۇق. ئانام تۇيۇقسىز توختاپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئەتراپقا قارىسام يولنىڭ ئىككى تەرىپى پۇتۇنلەي تۇرالغۇ ئۆي، دۇكان. ئەجەبلىنىپ ئانامدىن سورىدىم. ئانام «ئالدىمىزدىكى مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدا جاللات خېنىمنىڭ مازارى بار، شۇڭا روھىغا دۇئا قىلىپ ئۆتتۇم» دېدى. «جاللات خېنىم» دېگەن سۆز بەكمۇ غەلىتە ئاڭلانغاچقا، «بىر جاللاتنىڭ روھىغىمۇ دۇئا قىلغان بارمۇ؟» دەپ سورىدىم ئانامنىڭ چىشىغا قەستەن تېگىپ. بۇ سوئالىمنى ئاڭلاپ ئانام قاپىقىنى سەل تۈرۈپ، «ئۇنداق دېمەك،

بالام، جاللات خېنىمنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر قىساسكار خېنىم» دېدى. مەن يەنە بىرمۇنچە سوئال سورىغان بولساممۇ، ئانام قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلمىدى ـ دە، مېنى جاللات خېنىم مازارىغا باشلاپ بېرىش بىلەن كۇپايىلەندى. شۇ كۈنى مەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇ بۈيۈك ئايال ھۆكۈمدارنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر داۋۇت ئاكا ۋە يازغۇچى ساۋۇت داۋۇت ئاكىلار مېنىڭ جاللات خېنىم ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمنى تولۇقلىدى. بۇ ھەقتە ئەسەر يېزىش پىلانىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنى نۇرغۇن بىرىنچى قول تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. يەنە يەكەن ناھىيەلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ سابىق دىرېكتورى مەرھۇم ئابلەت مۇھەممەت ئاكا ۋە ئۆمەرجان ئوسمان، نۇرمۇھەممەت ئايۇپ، ئادىل ئىمىن قاتارلىق دوستلىرىم ئىقتىسادىي، مەنىۋى جەھەتتىن يار ـ يۆلەكتە بولدى. 1999 ـ يىلى «تۇلپار» مۇكاپاتىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈنمىڭگە بارغىنىمدا ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر بىلەن بىر ياتاقتا چۈشتۇم. ئۇمۇ «جاللات خېنىم»نى يېزىشۋاتقانلىقىمنى ئاڭلاپ مېنى رىغبەتلەندۈردى. خەلقىمىزنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بۇ ياش يازغۇچىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە سەمىمىي تىلىكى ئىشەنچىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى ئاكىمنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە ۋە بىرمۇنچە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشىگە نائىل بولدۇم. رومانىم پۈتمەي تۇرۇپلا شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى خېرىدارلىق قىلدى. مۇھەررىر ئەركىن ئىبراھىم ئەپەندى رومانىم پۈتۈپ بولغۇچە، ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك تېلېفون بېرىپ سۈيلەپ تۇردى. مەن ئەنە شۇنداق سەمىمىي قوللاش، خالىس ياردەم ۋە ياخشى تىلەكلەر بىلەن رومانىنى يېزىپ تاماملىدىم.

سوئال: شۇڭا، رومانىي ئانىڭىزغا بېغىشلىغان ئىكەنسىز ـ دە؟

جاۋاب: مېنىڭ ئانامغا بېغىشلاپ بىر ئەسەر يازغۇم بار ئىدى. گەرچە ئۇنى يازالمىغان بولساممۇ، مىللىتىمىز تارىخىدىكى بۇ بۈيۈك ئانىنىڭ ھاياتىغا بېغىشلاپ يازغان بۇ ئەسىرىمنى سۆيۈملۈك ئانامغا ۋە بارلىق خانىم ـ قىزلارغا بېغىشلىدىم. بۇ ئىشىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن.

سوئال: رومانىڭىزدىكى تارىخىي ئەينەكلىك خېلى كۆپ بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق تېخىمۇ جۇلالىنىپ، ئۇلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئۆتۈشۈپ كېتىپتۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ماس، مول تەسەۋۋۇر كەم ئۇچرايدۇ. سىز بۇ بەدىئىي توقۇلمىلارنى تارىخىي ئەينەنلىككە قانداق ئايلاندۇرالىدىڭىز؟ بولۇپمۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ خاراكتېرى، پىسخىكىلىق زىددىيەتلىرى، ھالىتى شۇ قەدەر ئوبرازلىق، جانلىق، قايىل قىلارلىق تەسۋىرلىنىپتۇ. سىز ئۇلار بىلەن ساماۋى سۆھبەتتە بولمىغانسىز؟

جاۋاب: «جاللات خېنىم»نى يېزىشقا باشلىغاندىن تارتىپ تاكى ئاخىرلاشتۇرغۇچە ئاجايىپ بىر ھاياجان ئىلكىدە قەلەم تەۋرەتتىم. كەيپىياتىم قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يېزىق ئۈستىلىگە كېلىپ قولۇمغا قەلەمنى ئالسام ھاياجان، ئىلھام، تەپەككۇرۇم خۇددى سەلدەك يامراپ تۇردى. مەن ئاشۇ پېرسوناژلىرىم بىلەن چەكسىز تەپەككۇر ئالىمىدە سىرداشتىم. ئاشۇ قەدىم ماكان ـ زاماننى تەپەككۇر كۆزۈم بىلەن تەپسىلىي كۆرۈشكە تىرىشتىم.

سوئال: مېنىڭچە، تارىخىي ئەسەر يېزىشتا يازغۇچى تىل جەھەتتىكى ئەينەنلىك بىلەن بۈگۈنگە ماسلاشتۇرۇشتا ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىز مەيلى پېرسوناژ تىلى بولسۇن ياكى ئاپتور تىلى جەھەتتە بولسۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك نەمۇنە يارىتىپسىز. بۇنىڭدا بىرەر سىر بارمۇ، قانداق؟

جاۋاب: بۇنىڭدىكى سىر ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ چەكسىز پاساھەتلىك سېھرىي كۈچىدە. ئاندىن قالسا ئانا تىلىمىزدا ئەسەر يېزىۋاتقان مېھنەتكەش ئۇستازلىرىمىزنىڭ

نادىر ئەسەرلىرىدە.

سوئال: روماندا باشتىن - ئاخىر ۋاقىتنى كونكرېتلاشتۇرماي «ئۈجمە پىششىقى»، «ياز»، «قىش» دېگەندەك پەسىل خاراكتېرلىك ۋاقىت ئۇقۇمى ئىشلىتىپسىزغۇ؟

جاۋاب: مەن خېلى ئىزدىنىپمۇ مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ كونكرېت ۋاقتىنى تاپالمىدىم. بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بىرنەچچە خىل مەنبەلەردىكى ۋاقتى ئوخشىمىغان ھالدا خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرقىمۇ خېلىلا چوڭ. شۇڭلاشقا كۆزۈمنى يۇمۇپلا مانچىنچى يىلى مانچىنچى ئاينىڭ مانچىنچى كۈنى دەپ ئېلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي مەۋھۇم ۋاقىت ئۇقۇمى ئىشلەتتىم.

سوئال: «جاللات خېنىم» ئارقىلىق «قۇرۇپ كەتكەن دەريا»دىن كېيىن ئىجادىيىتىڭىزنىڭ يېڭى پەللىسىنى يارىتىپلا قالماي، ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن بىر مۇنەۋۋەر رومان تەقدىم قىلدىڭىز. سىز داۋاملىق تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازامسىز؟ مەسىلەن، سەئىدىيە تارىخىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدىغان تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

جاۋاب: راست گەپنى قىلغاندا «جاللات خېنىم»نى يېزىش جەريانىدا تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ جاپاسىنى يەتكۈچە تارتقانلىقىم ئۈچۈنمۇ تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازماسمەن دەپ ئويلىغانىدىم. «جاللات خېنىم» نەشردىن چىققاندىن كېيىن ئاشۇ جاپانىڭ تەمىنى يەنە بىر مەرتەم تېتىغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، يەنىلا سەئىدىيە تارىخىغا نەزەر تاشلايمەن.

سوئال: «جاللات خېنىم» سىزنىڭ نادىر ئەسىرىڭىز. سىز روماننى ئۆمۈرلۈك ئىجادىيىتىڭىزنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارامسىز؟ شۇنداقلا بۇ رومانىڭىزنىڭ «گۈلزار ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلامسىز؟

جاۋاب: «جاللات خېنىم»نىڭ ئۆمۈرلۈك ئىجادىيىتىمنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ قېلىشىنى قەتئىي خالىمايمەن. «گۈلزار

ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ كاتتا ئەدەبىيات مۇكاپاتى. ئۇ چوقۇم ئۆز ئىگىسىنى تېپىشى كېرەك. مەن چوقۇم بۇ مۇكاپاتنى ئالغۇدەك ئەسەر يېزىشقا تىرىشىمەن.

سوئال: «جاللات خېنىم»نىڭ نەشر قىلىنىش جەريانىدىن (مۇھەررىرلىك، كوررېكتورلۇق، مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلەرنى لايىھەلەش ۋە تۈپلەش) رازىمۇسىز؟

جاۋاب: «جاللات خېنىم»نىڭ كوررېكتورلۇقىدىن كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. تەھرىرلىكىدىن، مۇقاۋا، ئىچ بەت، باسمىدىن رازى بولدۇم. ئەركىن ئىبراھىم ئەپەندىم بىلەن مۇھەممەتتۇردى مىرزائەھمەد ئەپەندىمگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

سوئال: رومانىڭىزنىڭ بازارغا سېلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىڭىز ۋە ئاۋامغا ئېيتىدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: ئوقۇرمەنلىرىم «جاللات خېنىم»نى سېتىۋالغان پۇلىغا رازى بولسا بەكلا خۇش بولغان بولاتتىم.

سوئال: ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەلگىلىك نەتىجە ياراتقان ئەدىبلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغانلىقى ياكى ئەدەبىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسپلەر ئارقىلىق تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئەمما، سىز سۇچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان ھەم ھېلىمۇ شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپ تۇرۇپ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ياش يازغۇچىلاردىن بولۇپ قالدىڭىز. سىز ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قاچان، قەيەردە، قايسى ئەسىرىڭىز بىلەن كىرىشكەن؟

جاۋاب: تەربىيەلىنىشنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات كەسپىدە تەربىيەلىنىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولىدىغان تەسىرىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلى چىڭ بولسا ئىمارەت مۇستەھكەم بولىدۇ. پەقەتچە، ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇماي تۇرۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇئەييەن نەتىجە قازانغانلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ

ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ئىلىم بىلەن سىستېمىلىق تونۇشقانلار. چۈنكى، مەنمۇ ھازىر ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە تولۇق كۇرسنى تاماملىدىم.

مەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە 1986 ـ يىلى شىنجاڭ سۇ ئېلېكتىر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن كىرىشكەن. شۇ چاغدىكى خىزمەت ئورنۇم يەكەن ناھىيە بازىرىدىن يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەريا بويىغا جايلاشقانىدى. پونكىتىمىزنىڭ ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز قومۇشلۇق ئىدى. ياتىقىمىزنىڭ ئارقا دېرىزىسىدىن بۇ قومۇشلۇققا قاراپ ئولتۇرۇپ ئاجايىپ چەكسىز خىياللارغا چۆمەتتىم. دادامنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، كىتابخۇمارلىق بالىلىق ۋاقتىمدىكى ماڭا چاپلاشقان «كېسەل» ئىدى. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بۇ كېسىلىم بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ھەپتىسىگە ئاز دېگەندە ئىككى پارچە كىتاب ئوقۇيتتۇم. ھەر ھەپتىسى يەكەن ناھىيەلىك كۇتۇپخانىغا كىتاب ئارىيەت ئالغىلى كىرسەم، كۇتۇپخانا خادىملىرى ماڭا ھەم ھەيرانلىق، ھەم قايىللىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇشاتتى. گەرچە مەن كىتاب ئوقۇشقا شۇنچە ئامراق بولساممۇ، ئەمما ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. بىر كۈنى خىزمەتدىشىم (ياتاقدىشىم)نىڭ شىرەسىدىن بىر پارچە قول يازمىنى كۆرۈپ قالدىم. قاراپ باقسام بەكمۇ ناچار بىر مەشىق ئەسىرى ئىكەن. خىزمەتدىشىم ئۇنى «ھېكايە» دەپ ئەتىۋارلاپتۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈنمۇ خىزمەتدىشىمنىڭ يازغان بۇ «ھېكايە»سىنى پەقەتلا ياراتمىدىم ۋە پىكرىمنى ئوچۇقلا ئېيتتىم. شۇ چاغدا خىزمەتدىشىم كۈلۈپلا قويغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاشۇ كۈلكىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان قاتتىق رەنجىشىنى سەزمىگەنىكەنمەن. كېيىن ئۇقسام، باشقا خىزمەتداشلىرىمغا، «ياسىنجان ئۆرۈمچىدە ئوقۇپ كەلدىم دەپ

تولا پوچىلىق قىلماي، ئاۋۋال تۆت تاغار سامانغا قاملاشتۇرۇپ ھۆججەت يېزىشنى ئۆگىنىپ ئاندىن مېنىڭ يازغانلىرىمغا پالان ـ پۇستان دېسۇن» دەپ ئاغرىنىپ بېرىپتۇ. بۇ گەپ قاتتىق غۇرۇرۇمغا تەگدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ خىزمەتدىشىمغا «ھېكايە» (ئەدەبىي ئەسەر)نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز قولۇم بىلەن يېزىپ كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئەمما، ئاشۇ سەۋەب بىلەن ئىجادىيەتكە تەلۋىلەرچە كىرىشىپ كېتىشىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن. شۇنداق قىلىپ، ھېكايە، پوۋېستلارنىمۇ تاشلاپ بىراقلا «باھاردا تۆكۈلگەن ياپراق» ناملىق رومانىمنى يېزىشقا كىرىشتىم ۋە 1988 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يېزىپ تاماملىدىم. گەرچە بۇ تۇنجى ئەسىرىم شۇ يىللاردا شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىش پىلانىغا كىرىپ بولۇپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆزۈمگە قايتۇرۇلغان ۋە ھازىرغىچە مېنىڭ قايتا ئۆزگەرتىپ ئىشلىشىمنى كۈتۈپ ياتقان بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنى تۇنجى ئەسىرىم دەپ قارايمەن.

سوئال: ئۇنداقتا ئاشۇ خىزمەتدىشىڭىزغا رەھمەت ئېيتسىڭىز بولغۇدەك:

جاۋاب: بۇ سوئالنى ناھايىتى ياخشى سورىدىڭىز. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاشۇ خىزمەتدىشىمغا رەھمەت ئېيتىمەن. راستىنى ئېيتسام، مەندە كىچىكىمدىن بىر يازغۇچى بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەمما، ئىشەنچ يوق ئىدى. لېكىن، مېنىڭ يېزىشقا بەل باغلىشىم ئاشۇ بىر ئېغىز گەپنىڭ تەسىرىدىن بولمىغان. مەن ئوقۇغان نۇرغۇن ئەسەرلەر ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىمنى ئويغاتقان. ھەتتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمنىڭ تەسىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

سوئال: سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كېلىشىڭىزگە قانداق ئامىللار تۈرتكە بولغان؟ ھازىرغىچە قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتىڭىز؟

جاۋاب: ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ قېلىشىمدىكى سەۋەبنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتتۇم. ئەمما، ئۇ پەقەت سەۋەبلا، خالاس. لېكىن، ئويلاپ باقسام مەندە ئەزەلدىن يازغۇچىلىق خۇرۇچى بار ئىكەن. نېمىشقا دېسىڭىز، بالىلىق چاغلىرىمدىكى كىتابخۇمارلىقىمنى دېمەيلا قويايلى، تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىم تاپشۇرۇق ماقالىلىرىمنى ئالاھىدە ماختايتتى. يەنە بىر چوڭ ئامىل ئاشىقلىق. ئاشۇ ئون سەككىز ــ يىگىرمە ياش مەزگىللىرىمدىكى قىزلارنى ئاسانلا ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان خاراكتېرىم مېنى نۇرغۇن ئاشىقلىق ئازابىغا دۇچار قىلغانىدى. مەن ئاشۇ قىزلارغا يۈرەك سىرىمنى ئاغزاكى ئەمەس، خەت ئارقىلىق ئىزھار قىلاتتىم. ئويلاپ باقسام، ئاشۇ سۆيگۈ خەتلىرىنى يېزىش ئارقىلىق خېلى يامان ئەمەس يېزىقچىلىق ماھارىتى يېتىلدۇرگەنىكەنمەن. ھېسابلاپ باقسام، قولۇمغا رەسمىي قەلەم ئالغىلى ئون بەش ــ ئون ئالتە يىل بولۇپ قاپتۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان تەلۋىلەرچە تىرىشچانلىقىمدىن تەسىرلەندىممۇ قانداق، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تارىم» ژۇرناللىرىدىكى ئۇستاز مۇھەررىرلەر يازمىلىرىمغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، كەڭ ــ كۇشادە ئورۇن بەردى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىق ئۇستازلار رىغبەتلەندۇرۇپ قويساق ئىز بېسىپ قالار دېگەن خالىس نىيەتتە 1999 ــ يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتى بويىچە 6 ــ نۆۋەتلىك تۇلپار مۇكاپاتىنى بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاشۇنداق خالىس نىيەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە 6 ــ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا، «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 50 ــ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «ئالتۇن توي» مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم.

سوئال: سىزنىڭ رېئال تېمىدىكى ئەسەرلىرىڭىزنىڭ تېمىسى خېلىلا كەڭ بولۇپ، دېھقانلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن

ئەسەرلىرىڭىز باشقا تىللارغا قارىغاندا ئالاھىدە ياخشى چىقتى ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا، ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، دېھقانلار تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەمسىز قانداق؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىزنى سەھرا يازغۇچىسى دېگۈم كېلىدۇ. سىز نېمە سەۋەبتىن بۇ تېمىنى ئاساسلىق تاللىۋالدىڭىز؟

جاۋاب: ئالدى بىلەن مېنى سەھرا يازغۇچىسى دەپ تەرىپلىگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت. مەن مۇشۇ نامغا ھەقىقىي ئېرىشەلىسەم قىلچىلىك ئارمىنىم قالمايتتى. دېھقانلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانىسى ھەم دادىسىدۇر. ئەلۋەتتە شۇنداق ئىكەن، ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە ئەسەر يېزىش ھەربىر قەلەم ئىگىسىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىدۇر. بەزى ياخشى نىيەتلىك دوستلىرىم سەھرا تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىم ھەققىدە توختىلىپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ چىنلىق تۇسى ئىنتايىن قويۇق بولسىمۇ، سەنئەتلىك تۈسىنىڭ ئاجىزلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك گەرچە ھازىرچە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشسىمۇ، كەلگۈسىدە ئۇنى ھېچكىم ئەدەبىي ئەسەر دەپ قارىمايدىغانلىقىنى، ھەتتا چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ قالسىمۇ، قاراپ قويمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ، سەمىمىي تىلىكىنى ئېيتىشتى. ئەمما، مەن كۆرگەن سەھرا دەل مېنىڭ ئەسەرلىرىمدىكى سەھرا، دېھقانمۇ ھەم شۇ. مەن بۇلارنى ماغدۇرۇمنىڭ يېتىشىچە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتكۈزىمەنكى، قىلچىلىك پەردازلىمايمەن. مەيلى كەلگۈسى ئەۋلادلار ياكى چەت ئەللىكلەر مېنى يازغۇچى دېمىسە دېمەۋەرسۇن. كەلگۈسىدىكى مەشھۇرلۇقنى دەپ ھازىرقى رېئاللىقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرغۇم يوق. ھازىرغىچە دېھقانلار تېمىسىدا يازغىنىمدا، ئەپسۇس، دېھقانلارنىڭ شادلىقىدىن كۆرە خاپىلىقىنى، ھەسرىتىنى كۆپرەك يېزىپ قالدىم. خۇشاللىقىنىمۇ يازسام ئىكەن دەيمەن.

سوئال: بۇ گەپچە دېھقانلار تۇرمۇشىنى تېما قىلغان يىرىك

ئەسەرلەرنىمۇ يېزىش ئارزۇيىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

جاۋاب: دېھقانلار تۇرمۇشىدىن يىرىك ئەسەر يېزىش پىلانىم بار. بەلكىم بۇ ئەمگىكىم بىلەن ئوقۇرمەنلىرىم پات يېقىندا يۈز كۆرۈشىدۇ.

سوئال: ھېس قىلىشىمچە، «قۇرۇپ كەتكەن دەريا»نىڭ مەڭگۇ ئاخىرى چىقمايدىغاندەكلا. پوۋېستىنىڭ مەزمۇنىدىن، جەلپكارلىقى ۋە بەدىئىي ئۇتۇقىدىن كۆرە ئاشۇ مەڭگۈلۈكلۈكى مېنى بەكرەك جەلپ قىلىدۇ. سىز يېزىپ ـ يېزىپ ئاخىرىغا كەلگەندە ئوقۇرمەنلىرىڭىزنى بارسا كەلمەس يولغا سېلىپ قويۇش مەقسىتىدە قەستەن ئورۇنلاشتۇرغانمۇ ياكى ئىستىخىيەلىك ھالدا توختاپ قالدىڭىزمۇ؟

جاۋاب: رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشى، دەريا ـ كۆللەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، تەبىئىي ئورمانلارنىڭ كۆلىمى تارىيىپ، ئېكىنزارلىقىمىزنىڭ قۇملىشىپ كېتىشى رېئال ئەھۋال. مەركەزنىڭ بۇ تەڭپۇڭسىزلىقنى تۈزەيمىز دەپ نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىۋاتقانلىقىمۇ ھەقىقەت، تارىم دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن بۆلىكىگە سۇ باشلانغىنىغا مانا ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. قاراڭ، مەن قەستەن توختاتمىغاندەك قىلامدىمەن، قانداق؟

سوئال: ھازىرغىچە ئون ئىككى پارچە كىتابىڭىز نەشر قىلىندى. ئىجادىيەت مۇساپىڭىزنىڭ ھەر يىلغا ئاساسەن بىردىن كىتاب يېزىپسىز. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا سىزنى مول ھوسۇللۇق يازغۇچى دېسەك بولىدۇ. ئادەتتە يېزىش بىلەن خىزمەت، تۇرمۇش ۋە باشقا كەلدى ـ كەتتى مۇناسىۋەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسىز؟ پەمىمچە، ئېلان قىلىنغان ۋە يازما ھالەتتە ئىككى ـ ئۈچ كىتاب چىققۇدەك ئەسىرىڭىز بارغۇ دەيمەن. بولسا بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە بىرنەچچە كىتاب نەشر قىلدۇرۇش ئويىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: مېنى خىزمەت، تۇرمۇش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت

جەھەتتە ناھايىتى ئالدىراش ئادەم ھېسابلىنىسىز بولىۋېرىدۇ. ئەمما، مۇشۇ ئالدىراش ئادەم ۋاقىت ئىچىدىن يېزىقچىلىق قىلىشقا پۇرسەت ئىزدەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، خوتۇنىنى داڭلىغان ئەخمەق سانىلىپ قالسامۇ دەۋېرەي، يەڭگىڭىز تولىمۇ ئىشچان، قابىل، كۆيۈمچان ئايال. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئائىلىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغا باش قاتۇرۇپ زېھنىمنى چېچىپ يۈرمەيمەن. قولۇمدا پىلانلاپ قويغان بىرنەچچە پارچە ئەسەر بار. مۇۋاپىق خېرىدار چىقسا نەشر قىلدۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

سوئال: «قۇرۇپ كەتكەن دەريا»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلىرىڭىز كۆپ قېتىم مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. شۇنداقلا، ئوبزورچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. تېخى يېقىندىلا «تارىم» ژۇرنىلىدا «سۈكۈتتىكى زېمىن» ھەققىدە ئوبزور ئېلان قىلىندى. سىز بۇ شان - شەرەپ ۋە باھالارغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: مەن دېمەتلىكلىرىمگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن كۆپرەك مۇكاپاتقا نائىل بولدۇم. بەلكىم بۇ مېنىڭ ئۇلاردىن تەلەيلىك ئىكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك ياكى ئاشۇ مۇكاپاتنى باھالىغان ئۇستازلار مېنى رىغبەتلەندۈرۈشنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. ماڭا نىسبەتەن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇستازلىرىمنىڭ ماڭا بولغان ئارزۇ - ئۈمىدى. مەن ئۇنى ئاقلاشقا تىرىشىمەن.

سوئال: «قۇرۇپ كەتكەن دەريا» ناملىق پوۋېستىڭىز ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك زىلزىلە قوزغىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب نېمە؟

جاۋاب: بۇنىڭدىكى بىردىنبىر سەۋەب 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى دۇچ كەلگەن قىسمەتلەرنى، نوقۇل مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئۈچۈن قارىغۇلارچە بىنەم ئېچىشتىن، چاقماق تېزلىكىدە كېڭىيىۋاتقان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشىنى بەدىئىي يول بىلەن سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىمدە. ئەسەردىكى ئاشۇ دەريانىڭ قىسمىتى دەل تارىم دەرياسىنىڭ

قىسمىتى ئىدى. مەن بۇ ئېكولوگىيەلىك بۇزۇلۇشنى ئەڭ دەسلەپ بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتكۈزدۈم. گەرچە بۇ ئەسىرىم «ئالتۇن تويى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ھېچقانچە ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قىممىتى يوق مەسىلىلەر ئۈستىدە جان ـ جەھلى بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ بۇ ئەسىرىم ھەققىدە ئىككى قوۋۇز گەپ قىلىشقا پەقەتلا ۋاقتى چىقمىدى.

سوئال: ئەدەبىياتنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى ئومۇملۇققا ئايلاندى. سىزمۇ ئەسەرلىرىڭىز ئارقىلىق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە قىزىقامسىز؟ يەنى ئەسەرلىرىڭىزنىڭ يۇقىرى قەلەم ھەققى، يۇقىرى مۇكاپات سوممىسىغا ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلامسىز؟ ياكى قەلەم ھەققىنى ئويلاشمايمەن دەمسىز؟

جاۋاب: بىزدە ھەقىقەتەن قەلەم ھەققى تۆۋەن. مەن ئەسەرلىرىم ئارقىلىق يۇقىرى قەلەم ھەققى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى، پۇل بولمىسىمۇ بولمايدۇ.

سوئال: سىز پىروزىنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە قەلەم تەۋرىتىپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز. مەلۇم تېمىنى كۆزەتكەن ۋە شۇ ھەققەتە پىكىر يۈرگۈزگەندە ھېكايە، پوۋېست ياكى رومان يېزىشىڭىزنى ئالدىن بەلگىلىۋالامسىز ياكى يېزىش جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن ئايان بولۇشىغا قويۇۋېتەمسىز؟

جاۋاب: مەن ئادەتتە پىلانسىز ئەسەر يازمايمەن. ئەمما، پوۋېست يازىمەن دەپ ئولتۇرۇپ ھېكايە يېزىپ قالغان ئەھۋاللىرىم بار. «جاللات خېنىم»نى ئىككى قىسىم قىلىپ يېزىشنى پىلانلىمىغانىدىم.

سوئال: قەلەم ئىگىلىرى ئىجادىيەت جەريانىدا ھەم ئەسەر ئېلان قىلىش، نەشر قىلدۇرۇش جەريانىدا ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە بىر قىسىم مۇھەررىرلەرنىڭ قوللىشى، يېتەكلىشىگە موھتاج بولىدۇ، ھەم يېتەكلەش، قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. سىزنىڭچە شۇنداقمۇ؟ سىزمۇ يېتەكلەش، قوللاشقا ئېرىشكەنمۇ؟

جاۋاب: مانا مەن ھەر تەرەپتىن ئەڭ كۆپ قوللاشقا، يېتەكلەشكە ئېرىشكەن. مېنىڭ يازمىلىرىمنى ئېرىنمەي كۆرۈپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تەھرىرلىگەن مۇھەررىر ئۇستازلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.
سوئال: ئىجادىيەت تەجرىبىڭىز ۋە يازغۇچىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟
جاۋاب: مەندە تېخى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگۈدەك تەجرىبە يوق. شۇنداقتىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىزچىللىقنى، مەسئۇلىيەتچانلىقنى، كەمتەرلىكنى، تىرىشچانلىقنى تەكىتلەيمەن. مېنىڭچە، يازغۇچى ئەڭ ئالدى بىلەن ئادەم بولۇشتىن ئىبارەت كاتتا شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك. چۈنكى، ھەركىم ئادەم بولالىغاندىلا ئاندىن ئادەمنىمۇ، دۇنيانىمۇ چۈشىنەلەيدۇ ھەم ئۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ.
سوئال: يېقىنقى تۆت ـ بەش يىل مابەينىدە ئەدەبىياتىمىزدا بىر خىل تۇرغۇنلۇق بار. سىزمۇ شۇنداق قارامسىز؟
جاۋاب: شېئىرىيەتتە تۇرغۇنلۇق بار دېگىلى بولماس. ئەمما، پىروزىمىزدا ھەقىقەتەن تۇرغۇنلۇق بار. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، مۇھەممەت باغراش، خالىدە ئىسرائىل، نۇرمۇھەممەت توختى، توختى ئايۇپ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم... قاتارلىق داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزدىن كۆرىمەن. چۈنكى، يېقىنقى تۆت ـ بەش يىلدىن بېرى ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئاز كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى.
سوئال: سىزنىڭچە، ئەدەبىيات ساھەسىدە پېشقەدەملەر بىلەن ياشلار، تەنقىدچىلەر بىلەن يازغۇچىلار قانداق مۇناسىۋەتتە بولسا ياخشى بولار؟
جاۋاب: پېشقەدەملەر بىلەن ياشلار ئۇستاز بىلەن شاگىرتتەك، تەنقىدچى بىلەن يازغۇچى بىر ئاكوپتا جەڭ قىلىۋاتقان سەپداشتەك مۇناسىۋەتتە بولسىكەن، دەپ ئويلايمەن.
سوئال: ئەدەبىياتىمىز ۋە تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە قانداق قارايسىز؟
جاۋاب: بىزنىڭ تەنقىدچىلىكىمىز چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

تەنقىدچىلىرىمىز گاڭگىراۋاتىدۇغۇ دەيمەن. تەنقىد بەك تاتلىق بولۇپ كەتسە ئوقۇرمەن رازى بولمايدۇ، ئاچچىق بولۇپ كەتسە يازغۇچى رازى بولمايدۇ. مېنىڭچە، بولغاندا تەنقىدچى يۈزسىز، يازغۇچى چىداملىق بولغىنى ياخشى ئىدى. چۈنكى، تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك، لىللا باھاسى يازغۇچىلارنى مەسئۇلىيەتچان قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىدىن چوقۇم ياخشى ئەسەر چىقىدۇ. مېنىڭچە، مەتبۇئاتلىرىمىز تەنقىدچىلىكىمىزگە كەڭرەك سەھىپە ئاجراتسا تەنقىدچىلىرىمىز نەزىرىنى ئاپتورغا ئەمەس، ئەسەرگە قاراتسا تەرەققىياتى چوقۇم ياخشى بولىدۇ.

سوئال: ياش قەلەمكەشلەر ئىجادىيەتتە ئىزدىنىش، يېزىش جەريانىدا قايسى تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بەرسە ئىجادىيىتىگە پايدىلىق بولار؟

جاۋاب: ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرسە، كۆپرەك كىتاب ئوقۇسا ئىجادىيىتىگە پايدىلىق. كۆپ قىسىم ياش ھەۋەسكارلىرىمىز بىر يىلدا بىرەر پارچە كىتاب سېتىۋالمايدىغان، بىرەر پارچە گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولمايدىغان ئەھۋال تولىمۇ ئېغىر. كىتاب ئوقۇماي تۇرۇپ يازغۇچى بولغىلى بولمايدۇ.

سوئال: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جاي ـ جايلاردا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرى ۋە ژۇرناللارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسى، مۇۋەپپەقىيىتى، شۇنداقلا خاس ئەسەرلەر ھەققىدە مۇھاكىمىلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. سىزنىڭچە، بۇلار يېتەرلىك بولدىمۇ ياكى تېخىمۇ كۆپ ۋە كەڭ دائىرىلىك ئېلىپ بېرىش زۆرۈرمۇ؟

جاۋاب: مېنىڭچە، پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسى خاتىرىلىنىدىغان پائالىيەت ۋە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ بولۇپ تۇرغىنى ياخشى. چۈنكى، ھاشۇ جاپاكەش ئۇستازلارنىڭ ئەمگىكى تېخى مۇناسىپ مۇكاپاتلانغىنى، قەدىرلەنگىنى يوق.

سوئال: ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە

قانداق قارايسىز؟ ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزگە قانداق يۈرەك سۆزلىرىڭىز بار؟

جاۋاب: تەنقىدچى بىلەن ئىجادىيەتچى ھېچقاچان رەقىب ئەمەس. نورمال ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىجادىيەتكە پايدىسى بار. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر قىسىم كىشىلەر ئەدەبىي تەنقىدنى قورال قىلىۋېلىپ، بىر – بىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن پايدىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاتاقلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزدىن مۇھەممەت پولات ئاكا بىلەن ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئاكا تەپسىلىي توختالغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ تىلىمنى چاينىشىم ھاجەتسىز. مېنىڭ بۇ يەردە ئەدەبىي تەنقىدچىلەرگە ئەمەس، ئەدەبىي تەنقىدنى قورال قىلىۋالغانلارغا دەيدىغان يۈرەك سۆزۈم شۇكى، ئەدەبىي تەنقىد ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىشى كېرەك. بۇنى چۈشەنگەن ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ قەلىمى ھەقىقىي، ئىللا تەۋرەيدۇ.

سوئال: ماختاش ھەركىمنىڭ قۇلىقىغا ئاجايىپ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. سىزنىڭچە، تەنقىدنى قوبۇل قىلىش تەسمۇ؟ دېمەكچىمەنكى، سىزنى مەن ياكى باشقىلار بولسۇن گېزىت – ژۇرناللاردا ئاشكارا تەنقىد قىلسا قانداق ھېسسىياتتا بولارسىز؟

جاۋاب: تەنقىدنى كۈتۈۋاتقىنىمغا خېلى بولدى، ئەمما تەنقىدنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپكە ھازىرغىچە نائىل بولالمىدىم. مېنىڭچە، تەنقىد ئاچچىق، ئەمما يازغان ئەسەرلىرى ھەققىدە ئوبزورچىلارنىڭ ئىككى ئېغىز گەپ قىلماسلىقى تېخىمۇ ئاچچىق. مەن ئانچە نېپىز ئادەممۇ ئەمەس، مۇمكىن بولسا ئاشۇنداق تەنقىدنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باقسام دەيمەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوبزورچىلارغا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ. ياسىنجان سادىق چوغلاننىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ قاراپ بېقىڭلار!

2004 – يىلى 1 – ماي، قەشقەر

# ئارزۇيۇم: خەلق ئېتىراپ قىلغۇدەك يازغۇچى بولۇش (3)

ئەمەتجان سايىت سەرقۇت بىلەن سۆھبەت

سوئال: مۇھىت ئىنساننىڭ خاراكتېرىگە نىسبەتەن تاشقى ئامىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنسان خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى ۋە تۇراقلىشىشىدىكى رولىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ بەلكىم ئىنساننىڭ ھايات يولى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويۇشى مۇمكىن. سىز بۇ ھەقتە — بالىلىق ھاياتىڭىز ۋە ياشاش مۇھىتىڭىز ھەققىدە نېمىلەرنى سۆزلەپ بېرىشنى خالايسىز؟

جاۋاب: مېنىڭ بالىلىقىم ئاساسەن سەھرادا، يەنە كېلىپ يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆتكەن. دادام ئەللىك نەچچىنچى يىللىرى يەكەن دەريا ۋادا باشقۇرۇش ئىدارىسى تۇنجى قۇرۇلغاندا ئىشچى بولۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقانىكەن. مەن ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى تەشكىلنىڭ خىزمەت يۆتكىشىگە بويسۇنۇپ، يەكەن بازىرىدىن يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان شەرقىي قىرغاق دەريا باشقۇرۇش پونكىتىغا يۆتكىلىپ چىققانىكەن. مەن ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ يەكەن دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك شارقىراشلىرىنى ئاڭلاپ، بەڭباش، رەھىمسىز كەلكۈنلىرىنىڭ نۇرغۇن ئادەم، ئات ـ ئۇلاغلارنى يالماپ يۇتۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ چوڭ بولدۇم دېسەممۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۆيىمىز جايلاشقان پونكىت قورۇسى شەرقىي قىرغاق ئۆستىڭى (بۇ ئۆستەڭنى شىمالدىكى قېرىنداشلىرىمىز كۆرسە دەريا دەپ قېلىشى چوقۇم) بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا

جايلاشقان بولۇپ، دەريا بىلەن بولغان ئارىلىقى يەتتە ـ سەككىز يۈز مېتىر، ئۆستەڭ بىلەن بولغان ئارىلىقى يۈز ـ يۈز ئەللىك مېتىر كېلەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىم بولسا كېرەك، دادام تەشكىلگە قايتا ـ قايتا ئىلتىماس يېزىپ يۈرۈپ تىزناپ دەريا باشقۇرۇش پونكىتىغا يۆتكەلدى. بۇ پونكىتنىڭ ئورنى يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئىگەچى بازىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرى تۇرغان ئورنىمىزغا سېلىشتۇرغاندا بۇ يەرنىڭ شارائىتى ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلاتتى. چۈنكى، بۇ يەردە ھەر ھەپتىدە قىزىيدىغان بازار، مەكتەپ، دوختۇرخانا، كىنوخانا قاتارلىقلار بار ئىدى. بىز دەريا بويىدىكى بىر ئادەمزاتسىز سايلىقتىن ئاۋات كۆجۈم بازارغا كېلىپ قالغانىدۇق. بۇ يەردىمۇ ئانچە ئۇزاق تۇرالمىدۇق. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىنى تۈگىتىپ تۇرۇشۇمغا پونكىت رەھبەرلىكى دادامنى تىزناپ دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمىدىكى بىر ئۆچاستىكىغا يۆتكىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئائىلە بويىچە يەنە بىر قېتىم كۆچتۇق. دادامنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنى يەكەن ناھىيەسىنىڭ بەشكەنت بازىرىغا قاراشلىق توقاي كەنتىدە بولۇپ، بۇ كەنتنىڭ نامى ھەققەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا ياراشقانىدى. چۈنكى، ئۆيىمىزدىن شەرققە ئىككى ـ ئۈچ يۈز مېتىر ماڭسىقلا تىزناپ دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ باراتتۇق. تىزناپ دەرياسى يەكەن دەرياسىدەك چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن كەلكۈن مەزگىلىدە ئۆزىگە تۇشلۇق سۇر ـ ھەيۋىسى بار ئىدى. يەكەن دەرياسىدەك ئۇنچە جىق ئادەم، ئات ـ ئۇلاغنى يۇتۇپ كەتمىسىمۇ، يىلدا بىر ـ ئىككى ئادەم، يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئات ـ ئۇلاغنى يۇتۇپ كېتەتتى. ھەقىقىي ئەقىل كىرگەن، جاھاننىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرىنى ئانچە ـ مۇنچە بىلگۈدەك بولغان ۋاقتىم مۇشۇ توقاي كەنتىدە ئۆتتى. مەھەللىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى دەريا ساھىلىغا جايلاشقان قويۇق توغراقلىق، توغراقلىقنىڭ يېنىدىكى تارام ـ تارام ئېرىقلارنىڭ پەللىسىگە

جايلاشقان «سۇپا تاش تۈگمەن» دەپ ئاتىلىدىغان، كېچە - كۈندۈز
غۇيۇلداپ ئايلىنىپ ئۇن تارتىپ تۇرىدىغان يىگىرمە - ئوتتۇز
تاش تۈگمەن، مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى دەريا ساھىلىنى
بويلاپ سوزۇلۇپ ياتقان كۆز يەتكۈسىز يۇلغۇنلۇق ۋە قومۇشلۇق
جاڭگال، بۇ گۈزەل مەنزىرە ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن پەقەتلا نېرى
كەتمەيدۇ. توقاي كەنتىدىكى قىسقىغىنا ئۈچ يىللىق ھاياتىم ھەر
كۈنى ئەتىگەن، كەچ تەرەپتە پادا بېقىش، ئاخشاملىرى
تەڭتۇشلىرىم بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئويناش، گاھى - گاھىدا
ئانام بىلەن دادامنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ بەش - ئالتە
كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باغتوغراق، باغئېرىق دەيدىغان
كەنتلەرگە كىنو كۆرگىلى، مەشرەپ ئوينىغىلى قېچىپ كېتىش
بىلەن ئۆتۈپتۇ. نامرات بولسىمۇ مەرد، چاقچاقچى، سەنئەتخۇمار،
كۈنى مەشرەپسىز ئۆتمەيدىغان توقايلىقلارنى تا بۈگۈنگىچە ئۇنتۇپ
قالغىنىم يوق. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا تىككۈچىلىكنىمۇ يامان
ئەمەس ئۆگەندىم دېسەم بولىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 -
يىللىقىغا چىققان ۋاقتىلىرىم بولسا كېرەك، دادام مېنى پادا
بېقىشتىن ئازاد قىلىپ، توقاي كەنتىدىكى بىردىنبىر تىككۈچى
ئۇستامغا شاگىرتلىققا بەرگەنىدى. ھەر كۈنى مەكتەپتىن يېنىپ
ئۇدۇل ئۇستامنىڭ ئۆيىگە باراتتىم. دۇكاندا مەندىن باشقا پۈتۈن
كۈن ھۈنەر ئۆگىنىدىغان بەش شاگىرت بار ئىدى. ئاخشاملىرى
ئۇستام قاچان ئۆيگە قايتىشقا ئىجازەت بەرسە، شۇ چاغدا ئۆيگە
كېلىپ قارا چىراغ يورۇقىدا (ئېلېكتىر چىراغ يوق ئىدى)
تاپشۇرۇق ئىشلەيتتىم. ئاشۇنداق قىلىپ ئىككى - ئۈچ ئاي
ئىچىدىلا ئۇستام كېسىپ بەرگەن ئىشتان - كۆڭلەكلەرنى
تىككۈدەك بولدۇم. باشقا شاگىرتلار تېخى بۇ سەۋىيەگە
يەتمىگەنىدى. مېنىڭ تېزلا ھۈنەر ئۆگىنىپ كەتكىنىمنى
كۆرۈپ، باشقا شاگىرتلارنىڭ ئاتا - ئانىسى «بالىلىرىمىزغا
ھۈنەر ئۆگەتمەپتۇ» دەپ ئۇستامدىن خېلىلا رەنجىدى. شۇ چاغدا
ئۇستامنىڭ «بالىلىرىڭلار كۆڭۈل قويمىسا، ئەقلىنى يۈگۈرتمىسە

مەن ئاغزىغا سىقىپ قوْيۇپ قويامدىمەن» دەپ رەنجىگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

سوئال: مەن ئىلگىرىكى پاراڭلىرىمىزدا سىزنىڭ «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن، ئالىي مەكتەپتە، بولۇپمۇ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان بولسام قانداقراق ئادەم بولاتتىمكىن» دېگىنىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم، ھازىر بۇ ھەقتىكى ئويلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار.

جاۋاب: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، دادام تېخنىكوملارغا ئىمتىھان بېرىشىمگە ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇشۇمغا پەقەتلا يول قويمىدى. «بىر ئوبدان ھۈنەر ئۆگىنىۋالدىڭ، ئەمدى ئوقۇيمەن دېمەي دۇكان ئاچ، ئەتە — ئۆگۈن پېنسىيەگە چىقسام ئورنۇمغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ ئىشلەيسەن» دەپ مېنى پەقەتلا ئېغىز ئاچۇرمىدى. ئۆزۈمنىڭ شۇنداق ئوقۇغۇم بار ئىدى. ئەمما، ئارزۇيۇمنى دەپ دادامنى رەنجىتمەيتتىم. دادامنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن ئوقۇغىلى قويمايدىغانلىقىنىمۇ چۈشەنمەيتتىم. ئەنە شۇنداق ھالەتتە بىرەر يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى. ئۇستامنىڭ يېنىدا تىككۈچىلىك ھۈنىرىمنى ئۆگىنىۋەردىم. ياندۇرقى يىلى ئوقۇش باشلاش مەۋسۇمى بولسا كېرەك، شەھەردىكى نەۋرە ئاچامنىڭ تويىغا ئائىلە بويىچە كىردۇق، تويدا كۈچۈمنىڭ بارىچە خىزمەت قىلدىم. توي تۈگەپ ئەتىسى ئۆيگە كېتىدىغان ۋاقىتتا ھامام تۇيۇقسىز ئانامدىن سوراپ قالدى: «ياسىن قارىي نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟»، «شۇ بېكار...» دېدى ئانام تىلىنى چاينىپ. «نېمىشقا ئوقۇمىدى؟»، «شۇ، دادىسى ئوقۇغىلى قويمىدى» دېدى ئانام دادامغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ. «بۇ بولماپتۇ، ئوقۇسۇن، يېزىدا ئوقۇماي شەھەردە ئوقۇسۇن، مانا مەن ئوقۇتىمەن» دېدى ھامام كەسكىنلا قىلىپ.

ياش ۋاقتىدا تېز پۈتكۈزۈش كۇرسىدا ئوقۇپ خىزمەتكە چىققان، بىر ئىدارىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ھامام ھەم

مەلۇماتلىق، ھەم مىجەزى چۈس ئايال ئىدى. ئانامنىڭ ياۋاش، رايىش خۇي ـ مىجەزى بۇ بىر ئانا ـ بىر دادىدىن تۆرەلگەن ئاچىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلاتتى. دادام ئانامنىڭ ئالدىدا تەڭداشسىز ھۆكۈمران بولغان بىلەن جەمىلە ھاممامدىن خېلىلا ھېيىقاتتى. شۇڭا، لام ـ جىم دېيەلمىدى. تويغا كەلگەن باشقا تاغا ـ ھاممىلىرىممۇ مېنىڭ ئوقۇشۇمنى بىر ئېغىزدىن قوللىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن يەكەن ناھىيەلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا بىر يىل قايتا ئوقۇدۇم. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىمتىھان بېرىپ شىنجاڭ سۇ ئېلېكتىر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ سۇ باشقۇرۇش كەسپىگە ئوقۇشقا ئۆتتۇم. لېكىن، بۇ چاغدىمۇ دادام ئوقۇشقا بېرىشىمغا يەنە قوشۇلمىدى. مەن ئاخىر دادامنى قايىل قىلالماي توقاي كەنتىدىن شەھەرگە پىيادە قاچتىم. ئەتىسى ئانام بىلەن دادام مېنى ئىزدەپ كىرگەن بولدى. ئەلۋەتتە، دادام ھاممامنىڭ ئالدىدا لام ـ جىم دېيەلمىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى دادام مېنى بىر كېچە قوينىغا ئېلىپ ياتتى. ماڭا دادامنىڭ قوينىدا ياتمىغىلى بەش ـ ئالتە يىل بولۇپ قالغان، يالغۇز يېتىپ كۆنۈپ قالغان بولغاچقىمۇ پەقەتلا قېنىپ ئۇخلىيالمىدىم. ھەربىر كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا دادامنىڭ ئۇخلىماي ماڭا تىكىلىپ قاراپ ياتقىنىنى كۆرەتتىم. شۇ كۈنى دادام بىر كېچە كىرپىك قاقماي ماڭا قاراپ ياتتى. پات ـ پات بېشىمنى، يۈزۈمنى سىلايتتى. باغرىغا مەھكەم بېسىپ تىنىقىمنى ھىدلايتتى. ئەمما، مەن شۇ چاغدىكى دادامنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي «ئازادە ئۇخلىغىلى قويمىدى، ئۇيقۇمنى بۇزۇۋەتتى» دەپ رەنجىگەنىكەنمەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاندىن چۈشەندىم، دادام مەندەك بىر ئەتىۋارلىق ئوغلىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي ئوقۇشقا بېرىشىمغا قوشۇلمىغانىكەن. بەكرەك قېنىۋالاي دەپ، چوپچوڭ بولۇپ قالغان ئوغلىنى قوينىغا ئېلىپ پۇراپ يېتىۋالغانىكەن (چۈنكى بىز سەككىز بالىنىڭ ئارىسىدا مەنلا ئوغۇل ئىدىم). مانا

ھازىرمۇ پات ـ پات يوقلاپ بارسام، ئالدىمغا كىچىك بالىدەك يۈگۈرۈپ چىقىدۇ، «كەلدىڭىزمۇ بالام» دەپ ئىككى قولۇمنى مەھكەم سىقىدۇ، ئۈششاق قورۇقلار، ئاپپاق ساقال باسقان چىرايىدىن مېنىڭ قۇياشىنىڭ تەپتى بالقىيدۇ. ماڭسام دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىدۇ، يانچۇقۇمدا پۇلۇمنىڭ، ئائىلەمدە قىيىنچىلىقنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورايدۇ. تېخى ئانام ئوبدانراق تاماق ئەتسە تېلېفون بېرىپ قىچقارتىدۇ. ھەي، بالا دېگەننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھرىنى چۈشەنمىكى تەس ئىكەن.

سوئال: بالىلىقىڭىزدىن ھازىرغىچە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلىك ھايات قارىشىڭىزغا، خاراكتېرىڭىزدىكى مۇلايىملىق، سەمىمىيلىك ۋە زورۇر شارائىتتىكى كەسكىنلىكىڭىزگە تەسىر كۆرسەتكەن، تۇرمۇشىڭىزغا سىڭىپ كەتكەن ئادەم، ۋەقە ھەققىدە سۆزلەپ بېرەمسىز؟

جاۋاب: ھاياتىمدا ھازىرغىچە بىردىنبىر تەسىر كۆرسەتكەن ئادەم يەنىلا ئەڭ كۆيۈمچان، ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ ئىشچان ئانام زىلەيخان. گەرچە ئانام ساۋاتسىز ئائىلە ئايالى بولسىمۇ، بالا بېقىشنى، بالا تەربىيەلەشنى بىلىدىغان ھەقىقىي بىر ئانا. تاماق ـ ئىچمەكلىك بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ مۇتەخەسسىسى، چۈنكى ئانام بالىلىقىمىزدا ئەمەس، ھازىرمۇ ئاغرىپ قالساق كېسەللىك ئەھۋالىمىزغا قاراپ ئېتىپ بەرگەن بىر قاچا تامىقىنى يەپ، دەرھاللا ساقىيىپ كېتىمىز. ئانام ھەقىقەتەن بىر مەسئۇلىيەتچان، كۆيۈمچان، ئىشچان ئانا. بىز ئانامنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن راست سۆزلۈكنى، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى، كىشىنىڭ ھەققىگە قارا سانىماسلىقى... كۆيۈمچانلىقىدىن كەڭ قورساقلىقنى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ئەپۇچانلىقنى... ئىشچانلىقىدىن ھالال ئەمگىكىمىزگە تايىنىپ ياشاشنى، ئەجىر قىلماي تۇرۇپ باشقىلار بەرگەن نېسىۋىنى ئالماسلىقنى، تىرىشچانلىقنى... ئۆگەندۇق. شۇنداق، ھەممە ئادەمنىڭ ئانىسى ئۇلۇغ. ئەمما، بالىلىرىنىڭ قورسىقى

بىلەن كارى بولماي ھەر كۈنى رېستورانغا، بەزمىخانىلارغا چاپىدىغان، بالىلىرىنىڭ كىيىمىنىڭ پاكىز ـ مەينەتلىكى، كونا ـ يېڭىلىقى بىلەن كارى بولماي مودا قوغلىشىپ، ھەپتىدە بىر كىيىم كىيىدىغان، بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكى بىلەن كارى بولماي ھەر خىل قىممەت باھالىق پەرداز بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، چىرايىنى ئالا چىپار بوياپ يۈرىدىغان بەزى ئانىلارغا سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ ئانام ئەڭ ئۇلۇغ ئانا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن قەھرىتان قىشتا ئانامنى شۇنداق ئەسكە ئالسام، ئىچ باغرىملا ئەمەس، پۈتكۈل ئالەم ئىللىپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن.

ئانام ساۋاتسىز بولغىنى بىلەن تۈگىمەس چۆچەكلىرى بىلەن قەلبىمدە ئەدەبىياتنىڭ ئۇرۇقىنى بىخلاتقان. مەن ھەر كۈنى ئانامدىن ئاڭلىۋالغان چۆچەكلىرىمنى مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرىمغا سۆزلەپ بېرەتتىم. ئانام چۆچەك ئېيتىشقا ھەقىقەتەن ئۇستا ئىدى. چۆچەكنى باشلاپلا ئاددىمنى جەلپ قىلىۋالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چۆچەكلەرنىڭ ئارىلىقىدا چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىگە ماس كەلگۈدەك نۇرغۇن قوشاقلارنى قىستۇراتتى. ئانام بىزنىڭ بالىلىق ۋاقتىمىزدىكى ئاشۇ ئاچارچىلىق يىللارنى ئېسىگە ئالغىنىدا «مەن سىلەرگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ، بىرەر ۋاخ تاماقنى ئېقتىساد قىلىپ قالاتتىم، چۆچەكنى بىر باشلىسام ھەممىڭلار چۆچەك ئاڭلاش بىلەن بولۇپ، قورساقىڭنىڭ غەلۋىسىنى قىلمايتتىڭلار» دەيدۇ پەخىرلەنگەن ھالدا. ھەئە، «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك داستانلارنىمۇ تۇنجى بولۇپ ئانامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانمەن.

ئانام مېنى ھەم ئوغلى، ھەم دوستى قاتارىدا كۆرۈپ كەلدى. بالىلىق ۋاقتىمدا نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلارنى قەلبىمگە سىڭدۈرۈۋەتكەن بولسا، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغىنىمدىن باشلاپ خۇددى بىر دوستىغا مەدەت بەرگەندەك ئاشۇ ئارزۇ ـ

ئارمانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇمغا مەدەت بەردى. نۇرغۇن كۆڭۈل سىرلىرىنى پەقەت ماڭىلا ئېيتىپ بەردى. شۇڭلاشقىمۇ هازىر ئانامنىڭ ئالدىدا بەش - ئالتە ياشلىق بالىدەك بولۇپ ئەركىلەيمەن، خۇيلىنىمەن، باتنايمەن. گاھىدا ئەڭ يېقىن دوستۇم بىلەن سىرداشقاندەك ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مۇڭدىشىمەن، خۇشاللىقىمنى، قايغۇ - ھەسرىتىمنى تۆكۈپ تاشلايمەن. ئەركىلىكىم زىيادە ئېشىپ كەتسە «ئەمدى چوڭ بولدىڭىز، بالىلىرىڭىز ئېڭىكىڭىزگە تاقاشتى، كىچىك بالىلىقنى تاشلاڭ» دەپ قويىدۇ. ئارتۇقچە ھال دادلاپ كەتسەم «كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بالام، خۇدايىم ئىشلىرىڭىزنى ئاسان قىلار» دەپ تەسەللى بېرىدۇ. ئانامنىڭ ئاددىي تەسەللىلىرىمۇ تاغدەك مەدەت بولىدۇ.

ئانام بىلەن ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە بىر قېتىم، خوشلاشقاندا بىر قېتىم ئاشۇ مېھرىلىك، يۇمشاق ئالىقانلىرى بىلەن يۈزۈمنى سىلاپ قويۇشنى بەكمۇ تەمە قىلىمەن. چۈنكى، كىچىكىمدىن باشلاپ ئانام مېنى مۇشۇنداق ئادەتلەندۈرگەن. مەكتەپكە ماڭسام ئالىقانلىرى بىلەن يۈزۈمنى سىلاپ «خوش» دەيتتى، كەلسەم يەنە يۈزۈمنى سىلاپ «ھارماڭ، بالام» دەيتتى. مانا قىرىق ياشقا كىرىپمۇ قالدىم. ئانام بۇ ئادىتىنى پەقەتلا ئۆزگەرتمىدى. ئانام ئالىقىنى بىلەن يۈزۈمنى مېھرىلىك سىلىسا ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بىر بەخت ئىلكىدە سېزىمەن، چۈنكى بۇ ئالىقانلاردا چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت بار، شۇڭلاشقا، ئانامنىڭ قولىنى پات - پات تۇتۇۋالىمەن، تىرناقلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېلىپ قويىمەن. مانا ھازىرمۇ دادام بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يەپ قالسام، دادامنىڭ قاچىسىغا تەمەگەرلىك بىلەن قارايمەنۇ، بۇ قىلىقىمدىن دەرھال خىجىل بولۇپ قالىمەن. چۈنكى، دادام كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپ قاچىسىدىكى گۆشلەرنى مېنىڭ قاچامغا سېلىپ بېرىپ كۆندۈرۈپ قويغانىكەن. داداممۇ كۆڭلۈمنى چۈشىنىدۇ، «چىشىم ئۆتمىدى» دەپ قويۇپ، قاچىسىدىكى گۆشلەرنى ماڭا يېگۈزمەكچى

بولىدۇ. دادامنىڭ قاچىسىدىن مېنىڭ قاچامغا چۈشكەن گۆش شۆنچىلىك لەززەتلىك تېتىيدۇ. ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى سىڭىپ كەتكەن.

بايا ئېيتقاندەك، بىز سەككىز قېرىنداش، مەن تىكەندەك يالغۇز ئوغۇل، تۆت ئاچام، ئۈچ سىڭلىم بار. بالىلىق دەۋرىمدە بەك ئېسىل، بەك يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ كېتەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن بىر قېتىممۇ مەينەت، كىر، يىرتىق كىيىملەرنى كىيىپ باقمىدىم، چۈنكى ئانامدىن باشقا ماڭا كۆيۈنىدىغان ئاچىلىرىم بار ئىدى. ئاچا ـ سىڭىللىرىم مېنى خۇددى شاھزادىدەك كۆرۈپ خىزمىتىمنى قىلىدى، كۆيۈندى. قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى تولۇقى بىلەن يەتكۈزدى.

سوئال: بالىلىقتىكى ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىڭىز، بۇ ھەقتىكى كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟

جاۋاب: بالىلىق ۋاقتىمدىكى ئارزۇيۇم شوپۇر ياكى كىتابخانىدا پىرىكازچىك بولۇپ ئىشلەش ئىدى. ئەلۋەتتە، شوپۇرلۇق شۇ چاغدىكى مەن دېمەتلىك بالىلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى. ئەمما، كىتابخانىدا پىرىكازچىك بولۇپ ئىشلەش ئارزۇيۇمنى كىتاب ئوقۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىم پەيدا قىلغان بولسا كېرەك. ئۇ چاغلاردا دادامنىڭ يانچۇقىدا ماڭا كىتاب ئېلىپ بەرگۈدەك ئۇنچە جىق پۇل يوق ئىدى. چۈنكى، بىر ئائىلىدىكى يەتتە ـ سەككىز جان دادامنىڭ ئازغىنا ئايلىق مائاشىغا تايىناتتۇق، ساۋاقداشلىرىمنىڭ قوللىرىدا كىتاب كۆرسەم ئاچ قالغان ئادەم تاماققا تەلمۈرگەندەك تەلمۈرەتتىم. قولۇمغا كىتاب چىقىپ قالسا ھەممىنى ئۇنتۇيتتۇم. باشقىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشۇمغا دەخلى قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەريا بويىغا، ئېتىزلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياكى باغنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىغا بېرىۋالاتتىم. قورسىقىمنىڭ ئاچقىنىنىمۇ بىلمەيتتىم. دادام ساۋاتسىز بولغانلىقى ھەمدە «كىتابنى تولا ئوقۇغان ئادەم نېرۋىسىدىن ئادىشىپ، ساراڭ بولۇپ قالىدۇ» دېگەن خاتا قاراشقا

ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن مېنىڭ تولا كىتاب ئوقۇشۇمنى چەكلەيتتى. ئانام بىلەن ئازادگۈل ئاچام بولسا مېنى قوللايتتى. ئىمكان بار كىتاب ئوقۇشۇمغا شارائىت يارىتىپ بېرەتتى. ئازادگۈل ئاچام ھەر قېتىم شەھەرگە كىرسە ماڭا بىرەر پارچە كىتاب ئالغاچ چىقاتتى. ئۇمۇ قولىغا تەلمۈرۈپ قاراپ قالىدىغانلىقىمنى، كىتابتىن باشقا نەرسىنىڭ مېنى خۇش قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

سوئال: ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋىسى بىر پارچە ئاشقانە ئوت. ئۇ ھەقىقىي يازغۇچى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا توختاۋسىز كۆيۈپ، لاۋۇلداپ تۇرىدۇ. قەلەم ئىگىسى بۇ ئوتنى تۇيۇقسىز نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بايقىشى ۋە شۇ كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە يېلىنجىشى مۇمكىن. سىز بۇ ئوتنى قاچان، نېمە سەۋەب تۈپەيلى بايقىغان؟ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىش جەريانىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟

جاۋاب: گەرچە مېنىڭ باللىق ۋاقتىمدىن تارتىپ يازغۇچى بولۇش ئارزۇيۇم بولسىمۇ، بىرەر پارچە ئەسەر يېزىشقا جۈرئىتىم يوق ئىدى. سۇ ئېلېكتىر مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئۆزىنى تولىمۇ بىلەرمەن چاغلايدىغان بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى. نىمشېھىت، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بىرەر كۇپلېتىنى قەغەزگە كۆچۈرۈپ، ئاشۇ ساۋاقدىشىمغا «ماۋۇ شېئىرنى ھازىر يازدىم» دەپ كۆرسىتەتتىم. ھېلىقى ساۋاقدىشىم مېنى مەنسىتمىگەن ھالدا «يازغان شېئىر»ىمنى تەھرىرلەشكە باشلايتتى. ئۇ بىرھازا ئاۋارە بولغاندىن كېيىن، شېئىرنىڭ ھەقىقىي ئاپتورىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىمىزدا بىرمۇنچە كۈلكە بولاتتى. ھېلىقى ساۋاقدىشىم خېلىلا ئوسال بولاتتى. لېكىن، بىلەرمەنلىكىنى پەقەتلا تاشلىمايتتى. شۇنداقتىمۇ، بىرەر پارچە ئەسەر يېزىپ باقمىغانىدىم. كېيىن ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئايرىلىش خاتىرىسىگە خېلىلا تەقلىد قىلىپ

ئۆزۈن بىر پارچە شېئىر يازغىنىم ئېسىمدە، گەرچە جايلاپ ئىككى مىسرا شېئىر يازالمىساممۇ، سالام خەت يېزىشقا خېلىلا ئۇستا ئىدىم. مېنىڭ سالام خەت يېزىشتىكى بۇ تالانتىمنى دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەن ئۇلار ئۇچۇن ياخشى كۆرگەن قىزلىرىغا سالام خەت يېزىپ بېرەتتىم. بەلكىم دەسلەپكى يېزىقچىلىق ماھارىتىم ئاشۇنداق سالام خەت يېزىش ئارقىلىق يېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدىكى يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان پونكىتتا ئىشلىدىم. خىزمەتداشلىرىم بەكمۇ ئېسىل ئادەملەر ئىدى. قاتناش شارائىتى قولايسىز بولغاچقا، ئۆيگە ئىككى ھەپتىدە بىرەر قېتىم كىرەلەيتتىم. ھەر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە ناھىيەلىك كۇتۇپخانىدىن ئۈچ - تۆت پارچە كىتابنى بىراقلا ئاچىقىۋالاتتىم. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ماڭا كىتاب ئوقۇيدىغانغا، سالام خەت يازىدىغانغا ۋاقىت كەڭتاشا چىققانىدى. قىرىق يەتتە نەپەر ساۋاقداشىمنىڭ ھەممىسىگە خەت يازاتتىم. جاۋاب خەت يازغىنىغىمۇ، يازمىغىنىغىمۇ ئوخشاشلا خەت يازاتتىم. شۇڭا، پوچتىدىن ماڭا كېلىدىغان خەتلەر ئۆكسۈمەيتتى. بىر كۈنى بىر خىزمەتدىشىم (ئۇ ھەم تاياقدىشىم ئىدى) ئىككى ۋاراق قەغەزنى «ھېكايە يازغانىدىم، كۆرۈپ بېقىڭلا» دەپ ماڭا بەردى. ئوقۇپ باقسام نە ھېكايىگە ئوخشىسۇن، شۇنداق قاملاشمىغان بىر نەرسە بوپتۇ. «بۇ يازغىنىڭلا بولماپتۇ» دېگىنىمچە قولۇمدىكى قەغەزنى يىرتىپ تاشلىۋەتتىم. مېنىڭ بۇ ئىشىم ئۇ خىزمەتدىشىمغا بەكمۇ ھار كەپتۇ. ئالدىمدا كۈلۈپ تاتىرىپ تۇرغىنى بىلەن، باشقا خىزمەتداشلىرىمغا «ياسىنجان ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلدىم دەپ گىدىيىپ يۈرگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە تۆت تاغار سامانغا قاملاشتۇرۇپ ھۆججەت يازالمايدۇ، قاراپ تۇرۇپ ئاران تەستە يازغان ھېكايەمنى يىرتىپ تاشلىۋەتتى» دەپ دادلاپ بېرىپتۇ. بۇ

گەپنى ئاڭلاپ ھەم خىجىل بولدۇم، ھەم تېرىكتىم. ئاشۇ خىزمەتدىشىمغا ھېكايىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم، مانا مۇشۇ سەۋەب ئوتنى ياقىشىمغا تۈرتكە بولدى. مەن شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېشىمچىلاپ كىرىپ كېتىشىمنى ھەرگىز ئويلىمىغانىكەنمەن. مەن دەسلەپتە ھېكايە، پوۋېستىنىمۇ تاشلاپ بىراقلا تۇنجى ئەسىرىم «باھاردا تۆكۈلگەن ياپراق» ناملىق رومانىمنى يېزىشقا كىرىشتىم ۋە 1988 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يېزىپ تاماملىدىم. گەرچە بۇ تۇنجى ئەسىرىم شۇ يىللاردا شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىش پىلانىغا كىرىپ بولۇپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆزۈمگە قايتۇرۇلغان ۋە مېنىڭ قايتا ئۆزگەرتىپ ئىشلىشىمنى كۈتۈپ ياتقان بولسىمۇ، مەن ئۇنى يەنىلا تۇنجى ئەسىرىم دەپ قارايمەن.

سوئال: ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنى ھەر تەرەپتىن تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بەرگىنىڭىز ئېنىق. بۇ جەھەتتە سىز كىملەرنىڭ قانداق يېتەكلىشى، مەدىتى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتىڭىز؟

جاۋاب: تەربىيەلىنىشنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات كەسپىدە تەربىيەلىنىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولىدىغان تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلى چىڭ بولسا ئىمارەت مۇستەھكەم بولىدۇ. پەمىمچە، ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇماي تۇرۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە نەتىجە قازانغانلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ئىلىم بىلەن سىستېمىلىق تونۇشقانلار. مەنمۇ ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ ئەدەبىيات كەسپىدە تولۇق كۇرسنى تاماملىدىم.

ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن كېيىن، ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت كىتابلارنى كۆپلەپ ئوقۇشقا باشلىدىم. ئەلۋەتتە، بۇ مەخسۇس بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىگىنىدەك بولمايدىكەن. شۇ مەزگىلدە يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا

خىزمەت قىلىشۋاتقان ئۆمەرجان ئوسمان بىلەن تونۇشۇپ دوستلىشىپ قالدىم. نۇرغۇن قاراشلىرىمىزنىڭ ئوخشاشلىقى ھەمدە ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ ئوخشاشلىقى دوستلۇق رىشتىمىزنىڭ مەھكەم چىڭىلىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتكۈزگەن بۇ دوستۇم ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئىنتايىن پۇختا ھەم ئىنتايىن ناتىق ئىدى. بىز تاكى توي قىلىپ ئۆز ئالدىمىزغا بىردىن ئائىلە تىكلىگۈچە كۆندە دېگۈدەك ئارىلىشىپ، ئىزدىشىپ يېقىن ئۆتتۇق. مانا مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۆمەرجان ئوسمان ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆگەنگەن بىلىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا تۆكۈپ بەردى. مەن ئۆزۈمنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ چىققاندەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم. دېمەك، بۇ دوستۇم ئۆز نۆۋىتىدە ماڭا ئۇستاز بولدى. بىرقانچە ھېكايەمگە ئوبزور يېزىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدى. ھەربىر پارچە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىمدىن مەندىن بەكرەك سۆيۈندى. ئەسەرلىرىمنى ئوقۇپ چىقىپ، سەممىيلىك بىلەن قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «جاللات خېنىم» رومانىمنى يېزىشقا كىرىشكەندىن كېيىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت سۆز، ئىبارە، ئاتالغۇلارنى ئىزدىدى. ئۆمەرجان ئوسمان ماڭا ھەم دوست، ھەم ئۇستاز بولۇپ، ئەدەبىيات كوچىسىدىكى تۇنجى قەدىمىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىشىم ئۈچۈن چوڭقۇر يار ـ يۆلەك، مەدەتكار بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن، تۇرسۇن نىياز، قۇربان مامۇت، روزىمۇھەممەت جۇمە، ئوسمانجان ساۋۇت، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، سارەم ئىبراھىم، جېلىل مۇھەممەد قاتارلىق مۇھەررىر ئۇستازلار مېنى مەتبۇئاتقا ئەۋەتكەن قول يازمىلىرىم ئارقىلىق بايقىدى، يازمىلىرىمنى يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تەھرىرلەپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدى. بولۇپمۇ قۇربان مامۇت

ئاكا كېيىنكى ئىجادىيىتىمگە، پىشىپ يېتىلىشىمگە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. مەندەك ياقا يۇرتتىكى بىر ھەۋەسكار ئاپتورچاققا ئېرىنمەي خەت يېزىپ تۇردى. يازغان خەتلىرىدە تەنقىدتىن كۆپرەك مەدەت، ئىلھام كۆپ ئىدى. نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش، تېمىنى قانداق تاللاش، تۇرمۇش دېتاللىرىنى قانداق تاۋلاش، تىلغا قانداق تەم كىرگۈزۈش ھەققىدە يول كۆرسەتتى، بېشارەت بەردى.

سوئال: «جاللات خېنىم» رومانى ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۆزىڭىزگە خاس ئورنىڭىزغا ئاساس سالغان ۋەكىللىك ئەسەرلىرىڭىزنىڭ بىرسى. سىز بۇ تېمىنىڭ پەيدا بولۇش، قەلەمگە ئېلىنىش ۋە نەشر قىلىنىش جەريانىدىكى ياردەم، قوللاشتەك ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملەردىكى ھاياجانلىق كەيپىياتىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟

جاۋاب: ئالدى بىلەن مېنى تۇنجى قېتىم «جاللات خېنىم مازارى»غا باشلاپ ئېلىپ چىققان، تۇنجى بولۇپ جاللات خېنىمدىن مەلۇمات بەرگەن ئانامغا، ئاندىن كېيىن ئۇيغۇر مازارلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ جاللات خېنىم ھەققىدە تەپسىلىيرەك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشۇمغا سەۋەبكار بولغان دوكتور راھىلە داۋۇت خانىمغا چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۈرىمەن. (مېنى نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللار، كىتابلار بىلەن تەمىنلىگەن ئابدۇقادىر داۋۇت، ساۋۇت داۋۇت ئاكىلارغا، دوستۇم نۇرمۇھەممەت ئايۇپ، ئادىل ئىمىنلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.)

«جاللات خېنىم»دىن ئىبارەت بۇ زىندىيەتلىك تارىخىي تېمىنى تاللاپ قېلىشىمنىڭ تاسادىپىي سەۋەبى بار. 1995 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، يامغۇر يېغىپ يول پاتقاق بولۇپ كەتكەن بىر كۈنى، ئانام بىلەن ئۆيىمىز جايلاشقان «خانىقا دەرۋازىسى»دىن سودىلىققا چىقتۇق. ئادەتتە بىر كىلومېتىرغا يېقىن يول ماڭساق شەھەر ئىچىگە كىرگىلى بولاتتى. يول بەك پاتقاق بولۇپ

كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىمكان بار يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ ئات ـ ئېشەك هارۋىلىرىنىڭ پاتقاق چاچرىتىشىدىن ساقلىنىپ كېتىۋاتاتتۇق. ئانام تۇيۇقسىز توختاپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئەتراپقا قارىسام يولنىڭ ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەي تورالغۇ ئۆي، دۇكان. ئەجەبلىنىپ ئانامدىن سورىدىم. ئانام: «ئالدىمىزدىكى مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدا جاللات خېنىمنىڭ مازارى بار، شۇڭا روهىغا دۇئا قىلىپ ئۆتتۇم» دېدى. «جاللات خېنىم» دېگەن سۆز بەكمۇ غەلىتە ئاڭلانغاچقا، «بىر جاللاتنىڭ روهىغىمۇ دۇئا قىلغان بارمۇ؟» دەپ سورىدىم ئانامنىڭ چىشىغا قەستەن تېگىپ. بۇ سوئالىمنى ئاڭلاپ ئانام قاپىقىنى سەل تۈرۈپ، «ئۇنداق دېمەڭ بالام، جاللات خېنىمنىڭ روهى قورۇنۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر قىساسكار خېنىم» دېدى. مەن يەنە بىرمۇنچە سوئال سورىغان بولساممۇ ئانام قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلمىدى ـ دە، مېنى جاللات خېنىم مازارىغا باشلاپ بېرىش بىلەن كۇپايىلەندى. شۇ كۈنى مەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇ بۈيۈك ئايال هۆكۈمرانىنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدىم. مېنىڭ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قىستۇرۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئانامغا بېغىشلاپ بىر ئەسەر يازغۇم بار ئىدى. گەرچە بۇ ئەسەرنى يازالمىغان بولساممۇ مىللىتىمىز تارىخىدىكى بۇ بۈيۈك ئانىنىڭ هاياتىغا بېغىشلاپ يازغان بۇ ئەسىرىمنى سۆيۈملۈك ئانامغا ۋە بارلىق خانىم ـ قىزلارغا بېغىشلىدىم. بۇ ئىشىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن.

خوش، ئەسلىي گېپىمگە قايتىپ كەلسەم، ئەنە شۇنداق ياردەم مەدەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە «جاللات خېنىم»نىڭ بىرىنچى بابىنى ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن يېزىشقا كىرىشىپ كەتتىم، لېكىن ئىككىنچى بابقا كەلگەندە تەرىتىمنىڭ بوشلۇقىنى هېس قىلدىم. يەنە قايتىدىن ماتېرىيال كۆرۈشكە، تۇرمۇش ئۆگىنىشكە باشلىدىم. بۇ جەرياندا هەتتا رومانىمنى يېزىشتىنمۇ يالتىيىپ قالدىم. ئەنە شۇنداق دىلغۇل بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئاي مۆككەن كېچە» ناملىق هېكايىلەر

توپلىمىنىڭ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بويىچە 6 ـ نۆۋەتلىك تۇلپار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىك خەۋىرى كەلدى. بۇ مەن ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن خۇش خەۋەر ئىدى. مۇكاپات ئېلىش ئۈچۈن كۈنمىڭ شەھىرىگە بېرىشىم كېرەك ئىكەن. گەرچە بۇ ئىشقا ئىدارەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرمىگەن بولسىمۇ، جەمئىيەتتىكى دوستلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن يولغا چىقتىم. كۈنمىڭگە بارغاندىن كېيىن «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى بىلەن بۇ مۇكاپاتقا نائىل بولغان مەشھۇر يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر بىلەن بىر ياتاقتا يېتىش شەرىپىگە ئېرىشىپ قالدىم. ئەلۋەتتە ئەختەم ئۆمەر بىلەن ئىلگىرى تونۇشاتتىم، لېكىن چوڭقۇر ئەسرالاشمىغانىدىم. مەندىن ئاران ئۈچ ياش پەرق قىلىدىغان بۇ يازغۇچىغا ئاجايىپ قايىل ئىدىم. غايىبانە ھۆرمەتلەيتتىم. ئەختەم ئۆمەرنىڭ مۆڭداشقاق، كىچىك پېئىل، كەمتەر خۇلق ـ مىجەزى مەندىكى تارتىنىش، قورۇنۇشلارنى بىراقلا يوقىتىۋەتتى. يىغىنىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بولسا كېرەك، ئۇخلايدىغان ۋاقتىمىزدا ئەختەم ئۆمەر بىلەن يەنە مۆڭدىشىپ قالدۇق. ئۇ تاسادىپىي ھالدا چوڭراق ھەجىمدىكى ئەسەرگە تۇتۇش قىلغان ـ قىلمىغانلىقىمنى سوراپ قالدى. مەنمۇ ئويلانمايلا «جاللات خېنىم» ناملىق بىر رومان يېزىشقا تەمشىلىپ تۇرغانلىقىمنى دېدىم ـ يۇ، لېكىن شۇ ھامان بىر خىل خىجىللىقتا تەمتىرەپ قالدىم. شۇ دەقىقىدە بۇ داڭلىق يازغۇچىنىڭ ئالدىدا رومان يېزىۋاتقانلىقىم ھەققىدە گەپ ئېچىشنىڭ بەكمۇ پوچىلىق، ئۆزىنى چاغلىمىغانلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالغانىدىم. لېكىن، ئەختەم ئۆمەرنىڭ يېقىملىق چىرايىدا قىلچىلىك مەسخىرە يوق ئىدى.

— «جاللات خېنىم» دېدىڭىزما؟ — دېدى ئۇ مېنى سۆزلەشكە ئۈندەپ.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ رومان يازالىغۇدەك تەييارلىقىمنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر «جاللات

خېنىم» ھەققىدىكى ئوي ـ پىلانلىرىمنى بىراقلا تۆكۈپ تاشلاپتىمەن. ئەختەم ئۆمەر بولسا خۇددى ئىنتىزامچان ئوقۇغۇچىدەك گېپىمگە بىر ئېغىزمۇ لوقما سالماي كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. مېنىڭ بىر سائەتكە يېقىن تىلىمنى چايناپ تۇرۇپ سۆزلىگەن سۆزۈم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەختەم ئۆمەر مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى.

— بىر رومانىنى يازالىغۇدەك تەييارلىقىڭىز پۈتۈپ بوپتۇغۇ مانا، يەنە نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسىز؟ يېزىڭ، دەرھال يېزىپ چىقىڭ. بايا سۆزلەپ بەرگەنلىرىڭىزدىن سىزنىڭ بۇ رومانىنى چوقۇم ياخشى يېزىپ چىقىدىغانلىقىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ. مەن سىزگە ئىشىنىمەن، چوقۇم يازالايسىز.

شۇ ھامان ھاياجاندىن كۆزۈمگە مۆللىدە ياش كەلدى. بۇ خۇشاللىق، مىننەتدارلىق يېشى ئىدى. يەكەندە بىر پېشقەدەمگە رومان يېزىش خىيالىمنى ئېيتىپ، مەسخىرىگە ئۇچراپ، بۇرنۇمغا يېگەنىدىم. ئەمما، پۈتۈن خەلق ئېتىراپ قىلغان بۇ ياش يازغۇچى بولسا ماڭا مەدەت بېرىۋاتاتتى، سەمىمىي تىلىكىنى چىن يۈرىكىدىن دەۋاتاتتى. شۇ دەقىقىدە مەن «جاللات خېنىم»نى يېزىش ھەققىدە قايتىدىن ئىشەنچكە تولغانىدىم.

يىغىن ئاخىرلاشقاندا، ئەختەم ئۆمەر ئانىسىنىڭ كېسىلىدىن ئەنسىرەپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتتى. مەن يۇرت كۆرۈپ مېڭىش ئۈچۈن پويىز بىلەن قايتتىم. ئۈرۈمچىگە كېلىپ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىكى ياسىن ئىمىن ئاكا بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم.

— سىزنى قانداق تاپارمەن دەپ بېشىم قېتىپ تۇراتتى، — دېدى ياسىنكام مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، — تۇنۇگۈن نەشرىياتىمىزنىڭ تېماتىكىلىق پىلان يىغىنىدا يېزىۋاتقان «جاللات خېنىم» ناملىق رومانىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىلانغا ئالدۇرۇپ قويدۇم. پۈتكۈزۈپلا بىزگە ئەۋەتىپ بېرىڭ، ئۇكام.

ياسىنكامنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم.

— مېنىڭ «جاللات خېنىم»نى يېزىۋاتقانلىقىمنى قانداق بىلىپ قالدىڭىز، ياسىنكا؟
— باشقىلاردىن ئاڭلىدىم.
— ئۇلار قانداق بىلگەندۇ؟
— ئەختەم ئۆمەردىن ئاڭلىمامدۇ؟ — دېدى ياسىنكام، — مەن ئەختەمنىڭ ئۆزى بىلەنمۇ كۆرۈشتۇم. ئەختەممۇ «چوقۇم ئېسىل چىقىدۇ» دەپ ماختاپ كەتتى «جاللات خېنىم»ىڭىزنى.

مەن يەنە بىر قېتىم ھاياجانلاندىم. ئەختەم ئۆمەرنىڭ پەزىلىتىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، مېنىڭ تېخى پۈتمىگەن رومانىمنى ئۈرۈمچىدىكى نەشرىيات ساھەسىدىكىلەرگە خالىس تەشۋىق قىلىپ قويغانىكەن. رومانىمنىڭ نامىنى ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈنمۇ نەشرىياتتىكىلەر ماڭا ئاشۇنداق قىزىققانىكەن.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە سەمىمىي تىلىكى ئىشەنچىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمغا تۈرتكە بولدى. رومانىم پۈتمەي تۇرۇپلا شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى خېرىدارلىق قىلدى. مۇھەررىر ئەركىن ئىبراھىم رومانىم پۈتۈپ بولغۇچە ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۇدەك تېلېفون بېرىپ سۈيلەپ تۇردى. مەن ئەنە شۇنداق سەمىمىي قوللاش، خالىس ياردەم ۋە ياخشى تىلەكلەر بىلەن رومانىنى يېزىپ تاماملىدىم. ياخشى يېزىلغان ئەسەر، خەلق ياقتۇرغان ئەسەر يازغۇچىغا ھەم ئىشەنچ، ھەم شەرەپ تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدىكەن. ئەختەم ئۆمەرنىڭ سەمىمىي تىلىكى ھەم ئىشەنچى مەندە «جاللات خېنىم» رومانىمنى يېزىپ تاماملاش ئىشەنچىمنى تۇرغۇزغان بولسا، «جاللات خېنىم» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ، كەسىپداشلىرىمنىڭ، ئۇستاز يازغۇچىلارنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان تەبرىكى مېنى «يازغۇچى بولغان ئوخشايمەن» دېگەن ئىشەنچكە كەلتۈردى.

سوئال: سىز بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ھاياتىڭىزدىكى ئامەت ۋە پۇرسەتلىرىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرەمسىز؟

جاۋاب: مەن ئۆزۈمنى ئامەتلىك يازغۇچى دېيەلەيمەن. چۈنكى، نەچچە ئونلىغان مەندىن ئىقتىدارلىق دېمەتلىكلىرىم ئارىسىدىن «تۇلپار مۇكاپاتى»غا ئېرىشىش، «لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى»دا ئوقۇش دېگەندەك ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان شەرەپ ۋە پۇرسەتلەر ماڭا نېسىپ بولدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا چوڭ ئۈمىد باغلىغان، مەدەت، ئىلھام بەرگەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە، جەمئىيەتنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن. بىر ياخشى تېمىنىڭ نېسىپ بولۇشىمۇ بىر يازغۇچىنىڭ ئامىتى، دەپ قارايمەن. چۈنكى، ماڭا «جاللات خېنىم»، «قۇرۇپ كەتكەن دەريا»، «قۇملۇق»، «تەنھا شەھەر»، «شاۋقۇنلۇق دەريا»، «چىلان تۇپراق»، «بۇلاڭچى»، «ئېچمل پاختام»، «تاۋۇس ئەللەيمەن»، «چاشقان ئاپىتى»، «بىلىقچىنىڭ ھېكايىسى»، «قارا قۇمچاق» دېگەندەك ياخشى تېمىلار نېسىپ بولدى.

سوئال: يېزىقچىلىق ئادىتىڭىز، ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە دىققەت قىلىدىغان، ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىشلىرىڭىز ۋە بۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىڭىز، ۋاقىت ئىشلىتىشىڭىز ھەمدە ئۆز ئۇسلۇبىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرەمسىز؟

جاۋاب: بەزىلەر مېنى «ياسىنجان كېچىسىمۇ ئۇخلىماي ئەسەر يازىدىغان ئوخشايدۇ» دېيىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. مەن مۇشۇ چاغقىچە كېچىنى ئەسەر يېزىشقا ئاجرىتىپ باقمىدىم. چۈنكى، مەن كېچىنىڭ ئۇيقۇسىدەك شېرىن ئۇيقۇ يوق دەپ قارايمەن. ئەمما، مەن ھەرقاچان ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويمىدىم. ئويلىغان تېمام كاللامدا پىشىپ يېتىلسىلا خۇددى ئاي - كۈنى توشقان ئايالنىڭ تولغىقى تۇتقاندەك، مېنىمۇ ئىجادىيەتنىڭ تولغىقى تۇتۇشقا باشلايدۇ. دەرھال قولۇمغا

قەلەمنى ئالىمەن - دە، كەلكۈندەك كەلگەن ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە شارقىرىتىپ يېزىشقا باشلايمەن. بۇنداق چاغدا مەن ھەرقانداق ۋاقىتتىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىمەن. يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ ھېسابلاپ تۇرۇپ ئىشلىتىمەن. چۈش مىجەزلىك، تېرىككەك بولۇپ قالىمەن. تاماكىنى يېگەندەك چېكىمەن. ئىجادىيەت قىلغان ۋاقىتتا تاماكا چېكىدىغان ئادەتنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلاۋاتىمەن.

يېزىش سۈرئىتىمنىڭ تېزلىكىگە قاراپ مېنى «كومپيۇتېردا ئىجادىيەت قىلىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ قېلىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، كومپيۇتېر سېتىۋالغىلى ئالتە يىل بولدى. كومپيۇتېردا ئاران بىر پارچە ھېكايە يېزىپ بېقىپتىمەن. كومپيۇتېرغا كۆنەلمىدىم. قەلەمدە يېزىپ ئادەتلەنگەچكە ھەمدە ھەرقانداق ئەسەرنى ئۈچ قېتىم كۆچۈرۈپ ئىشلەيدىغان ئادىتىم بولغاچقا، كومپيۇتېردا ئەسەر يازسام خام - خاتا چىقىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدىكەنمەن. مەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن بېرى پەقەت شېئىرلا يېزىپ باقماپتىمەن (سەۋەبى شېئىر يازالمايمەن). نەسر، ھېكايە، پوۋېست، رومان، ئەدەبىي ئاخبارات، ھەتتا ئۈچ - تۆت پارچە ئەدەبىي تەنقىدمۇ يېزىپتىمەن. ئەمما، يەنىلا ھېكايە، نەسر يېزىشنى ياخشى كۆرىمەن. شېئىر ئوقۇشقا ئالاھىدە ئىشتىياقىم بار. يارىغان شېئىرلارنى ئۆيگە يالغۇز سولىنىۋېلىپ، دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ كېتىمەن. پوۋېست، رومان يېزىشقا ئالاھىدە تەييارلىق قىلىمەن. بۇ چاغقىچە بىرەر ھېكايەمنى سوزۇپ پوۋېست، پوۋېستىمنى سوزۇپ رومان قىلىپ باقمىدىم. تەييارلىق بىلەن قىلغان ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىدۇ دەپ قارايمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئىمكانىيەت يار بەرسە رومان يېزىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمەن. بەلكىم تارىخىي تېمىدىكى رومانلاردىن رېئال تېمىدىكى رومانلارنى جىقراق يېزىشىم مۇمكىن. يېزا تېمىسىدا رومان يېزىشنى پىلانلاپ تېخىچە يازالمايۋاتىمەن. مۇشۇ سەۋەبتىن

ئۆزۈمنى دېھقانلارغا قەرزدار ھېسابلايمەن.

مەن ئۆزۈمنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچى دېيەلمەيمەن. ئەمما، مۇشۇنچىلىك بىرنەرسە يازالىشىمدا ۋاقىتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندىم دېيەلەيمەن. مەن تۆت پەسىلنىڭ يازدىن باشقا ئۈچ پەسلىدە بەھۇزۇر ئىجادىيەت قىلالايمەن. شۇڭا، مەن مۇشۇ ئۈچ پەسىلدىكى ۋاقىتمنى ئىنتايىن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇۋالىمەن. بۇ پەسىللەردىكى ۋاقىتمنى تايىنى يوق ئىشلار ئۈچۈن ئىسراپ قىلغۇم كەلمەيدۇ.

ئۇسلۇب ھەققىدە بىرنەرسە دېگۈم يوق. تېخىچە ئۇسلۇب يارىتالمىدىم. ئۆزۈمدە يوق نەرسىنى سۆزلەپ يۈرسەم ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ.

سوئال: خەلق ئېتىراپ قىلغان ھەقىقىي يازغۇچى ئەسەرلىرى سەۋەبىدىن بەزى كۆڭۈلسىزلىك، ئاۋارىچىلىكلەرگە ئۇچرىشى، ھەتتا يەنە شۇ ئەسەرلەر سەۋەبىدىن خۇشاللىققا ئېرىشىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، سىزنىڭمۇ مۇشۇنداق كەچمىشلىرىڭىزنىڭ بولۇشى چوقۇم. مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرەمسىز؟

جاۋاب: ئىلگىرى خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولساممۇ، يەنىلا «قۇرۇپ كەتكەن دەريا» ناملىق پوۋېستىم، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھېكايىلىرىم بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتىم ھەمدە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەرھالدا ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتىم دەپ قارايمەن. يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر «چاشقان ئاپتى» ناملىق ھېكايەمگە ئوبزور يېزىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەننىڭ سىرتىدا، مەندىن كۈتىدىغان ئىشەنچ ـ ئۈمىدلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مېنىڭ ئىجادىيەتتە يەنە بىر بۆرىلىش ياسىشىمغا تۈرتكە بولدى.

«قۇرۇپ كەتكەن دەريا» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بىر قىسىم باش ئاغرىقىمۇ تېپىۋالدىم. ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقى يەنىلا باش پېرسوناژىمدىن كەلدى. چۈنكى، شۇ مەزگىلدە بىر ئەمەس،

بەش پىروتوتىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ مەندىن رەنجىپ قالدى، لېكىن بۇنىڭ ھېچقانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۆزۈم سۇ ئىشلىرى سىستېمىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە تونۇشلۇق بولغان بۇ مۇھىمتنى ئاشۇنداق ۋايىگە يەتكۈزۈپ يازغانىكەنمەن. پوۋېستىم ئېلان قىلىنىپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش ھەققىدە جانلىق سىياسەت ـ تەدبىر بەلگىلەپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ، تۇپراق ئېكولوگىيەسى ھەققىدە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. قارىغۇلارچە بىنەم ئېچىش، تەبىئىي ئورمانلارنى ۋەيران قىلىش، سۇ بايلىقىنى پىلانسىز، قالايمىقان ئىشلىتىش ئىشلىرىغا خاتىمە بەردى. گەرچە بۇ ئىشلارغا مېنىڭ بۇ پوۋېستىم ھېچقانداق رول ئوينىمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەن شۇ چاغدىكى رېئال مەسىلىنى، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى دەل ۋاقتىدا بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتكۈزگەنىدىم.

دېھقانلار تۇرمۇشى ھەققىدە يېزىلغان ھېكايىلىرىم مېنى تولىمۇ پەخىرلەندۈردى. چۈنكى، كۆپ ساندىكى زىيالىيلار نەزىرىدىكى ساۋاتسىز، ئاڭسىز دەپ قارىلىدىغان دېھقانلار مەندەك بىر ئاددىي يازغۇچى بالىسىنى تونۇۋالدى.

سوئال: جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق كىرىزىسى ئەسەرلىرىڭىزدە خېلى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى، تەشەببۇسىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام بولامدۇ؟

جاۋاب: ھەربىر يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتكۈزۈشى كېرەك. چۈنكى، ئەخلاق بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئېچكى ئامىللارنىڭ بىرسى. ئەخلاقى بۇزۇلغان مىللەت خارابلاشماي قالمايدۇ. ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاقىمىز بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت ئوڭ تاناسىپ بولۇشى كېرەككى، ھەرگىز تەتۈر

تاناسىپ بولماسلىقى كېرەك. تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشىدىن هەم خۇشال بولىمەن، هەم ئەندىشە قىلىمەن. تېلېۋىزور پارتىيە - هۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنى تەشۋىق قىلىشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك ئاخبارات ۋاستىسى بولۇپ قالدى. خەلقىمىزنىڭ ئۇنتۇلۇش، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مەدەنىيەت، سەنئەت مىراسلىرى قېزىلىپ، تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق خەلقىمىزگە كۆرسىتىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق ئىشلار. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەلنىڭ نۇرغۇن سەۋىيەسى تۆۋەن كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى تەرجىمە قىلىپ كۆرسىتىلدى. بۇ فىلىملەردە تېررورلۇق، قىماسخورلۇق، شەهۋانىيلىق، هاراقكەشلىك ئوچۇق - ئاشكارا تەسۋىرلەنگەن بولغاچقا، ياشلار - ئۆسمۈرلىرىمىزگە ئەكس تەسىر بېرىپ قويۇۋاتىدۇ. هازىر ئالتە - يەتتە ياشلىق بالىلارمۇ بالىنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ كەتتى. توققۇز - ئون يېشىدىلا مۇهەببەتلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. تورخانىلار، دىسكوخانىلار بالىلىرىمىزنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىۋاتىدۇ. ياشلىرىمىزدا مەسئۇلىيەت، ئەركەكلەرچە غۇرۇر يوق.

سوئال: پېرسوناژلىرىڭىزنى ئادەتتە قانداق يارىتىسىز؟ پېرسوناژلىرىڭىز ئىچىدە ئاياللار سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، سىزنىڭچە بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: پېرسوناژلىرىمنىڭ تاشقى قىياپىتى، چىراي - شەكلى، كىيىنىشى، سۆزلەش ئادەتلىرىنى ئۆزۈمگە تونۇشلۇق بولغان ئادەملەرنىڭ قىياپىتىدىن تاللاپ ئالىمەن. تىلغا ئىمكان بار خەلق تىلى ئىشلىتىمەن. گەرچە خېلى سۆزمەنلەردىن بولسامۇ، تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاددىي كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇپ قالسام گاچا بولۇۋالىمەن. ئەسەرلىرىمدە نېمە ئۈچۈن ئايال پېرسوناژلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن. قەلبىمدە ئانامنىڭ ئوبرازى ئەڭ يۈكسەك ئورۇندا

تۇرغاچقىمىكىن ياكى ئاياللارغا مۇھەببەتلىك كۆزۈمدە قاراشقا ئادەتلەنگەنلىكىم ئۈچۈنمىكىن، ئايال پېرسوناژلارنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمەن. بەلكىم ئاياللارنى كۆپ كۆزەتسەم كېرەك ياكى ئاياللار دىققىتىمنى كۆپرەك جەلپ قىلسا كېرەك. لېكىن، يارانتقان ئاشۇ ئايال پېرسوناژلىرىمدىن خانىم ـ قىزلىرىمىز رازى بولسا ئىنتايىن خۇش بولاتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدىمۇ ئەرلەر جاپا تارتىشقا، ئاياللار راھەت كۆرۈشكە يارالغان. ھەقىقىي بىر ئەركەك چوقۇم ئاياللارغا راھەت كۆرسىتىشى كېرەك، دەپ قارايمەن؟!

ئىمكانىيەت يار بەرسە بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان داڭلىق ئاياللار ھەققىدە چوڭراق بىرنەرسە يېزىش ئارزۇيۇم بار. لېكىن، بۇ مۇمكىن بولارمىكىنتاڭ؟!

مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە «نازىنىن قىزلار»، «شەرەنداز ئايال» ناملىق ئىككى رومان ۋە «ئالتۇن جوۋان» ناملىق بىر پوۋېست يازدىم. بۇ ئەسەرلىرىمنى ئاياللارنىڭ ياقتۇرۇشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

سوئال: يازماقچى بولۇپ پىلانلاپ، تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئەسىرىڭىز ھەققىدە بېشارەت بېرىپ باقامسىز؟

جاۋاب: «جاللات خېنىم»نى يازغاندىن كېيىن، تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازماسمەن دەپ ئويلىغان، لېكىن «بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەندەك، يەنە تارىخىي تېمىدا رومان يېزىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىمەن. سەئىدىيە خانىدانلىقى تارىخىنى بەدىئىي يول بىلەن يېزىپ چىقىش پىلانىم بار. بىرىنچى قەدەمنى زالىم پادىشاھ مىرزا ئابابەكرىدىن باشلىماقچىمەن.

2006 ـ يىلى 2 ـ مارت، ئۈرۈمچى

# ئارزۇيوم: خەلق ئېتىراپ قىلغۇدەك يازغۇچى بولۇش (4)

## «شىنجاڭ ياشلىرى» رېداكسىيەسىدىكى يولداشلار بىلەن سۆھبەت

ئىلاۋە: ياسىنجان سادىق چوغلان كۆزگە كۆرۈنگەن ياش يازغۇچى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ھازىرغا قەدەر «يۈرىكىم يىغلايدۇ» (ھېكايىلەر توپلىمى)، «ئاي مۆككەن كېچە» (ھېكايىلەر توپلىمى)، «جانانغا يېزىلغان خەتلەر» (پوۋېستلار توپلىمى)، «كاككۇك بالىسى» (پوۋېستلار توپلىمى)، «داۋان» (رومان)، «سۇكۇتتىكى زېمىن» (پوۋېستلار توپلىمى) «جاللات خېنىم» (ئىككى قىسىملىق تارىخىي رومان)، «(دىۋانى مەشرەپ)كە تۆكۈلگەن قان» (پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى)، «نازىنىن قىزلار» (رومان) قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان. 1994 ـ يىلى ۋە 2006 ـ يىلى ئىككى قېتىم «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن؛ «ئاي مۆككەن كېچە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تۇلپار مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن؛ 2006 ـ يىلى «شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ياش يازغۇچىلار ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ «تۆھپە مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

سوئال: نەزىرىڭىزدىكى ئەڭ زور بەخت نېمە؟

جاۋاب: نەزىرىمدىكى ئەڭ زور بەخت ئۆزۈمنىڭ ۋە قىلغان ئەمگىكىمنىڭ باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ۋە قەدىرلىشىگە،

ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشىنى كۆرۈش ياكى ھېس قىلىش.

سوئال: باشقىلارنىڭ قايسى تەرىپىنى بەكرەك ياقتۇرىسىز، قايسى تەرىپىنى ياقتۇرمايسىز؟

جاۋاب: باشقىلارنىڭ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق، بىلىمگە ئىنتىلىشچان تەرىپىنى بەك ياقتۇرىمەن. كەمتەر، چىقىشچاق ئادەم بولسا تېخىمۇ ياخشى. ياسالما، تەكەببۇر، ئۆزىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىشكە، مەنسەپ ـ دەرىجىسىنى پەش قىلىشقا ئامراق كىشىلەرنى ياقتۇرمايمەن.

سوئال: ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىڭىز نېمە؟

جاۋاب: ھازىرقى ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىم — ئاتا ـ ئانام، چۈنكى ئۇلار ماڭا ھەر ۋاقىت بەخت ـ ئامەت تىلەپ تۇرىدۇ، مەنمۇ ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن.

سوئال: دوستلۇق ۋە دوست تۇتۇش مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: دوستلۇق، دوست تۇتۇش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم، مېنىڭ نەزىرىمدە، دوستى يوق ئىنسان ئەڭ بەختسىز ئىنساندۇر. ئەلۋەتتە، كۆيۈمچانلىق، ۋاپادارلىق — دوستلۇقنىڭ مۇھىم ئۆلچىمىدۇر.

سوئال: ئەڭ يېقىن دوستىڭىزنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟

جاۋاب: ئەقىللىك، كۆيۈمچان، ھەرقانداق ئىشقا تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. گەرچە ئۇلار بىلەن تەڭدېمەتلىك بولساممۇ، لېكىن ئۇلارنى ئاكامدەك ھېس قىلىمەن. ئۇلارمۇ ماڭا خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى، ئىنىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدۇ.

سوئال: سىز ئەڭ ئۆكۈنىدىغان ئىش قايسى؟

جاۋاب: مەن ئۆمرۈمدە ئىككى ئىشتىن ئۆكۈنىمەن، بىرسى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىقىم (گەرچە كېيىن ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ تولۇقلىۋالغان بولساممۇ)؛ يەنە بىرسى، كىچىك ۋاقتىمدا ئاتا ـ ئانام بىلەن تولا جاۋابلاشقانلىقىم (گەرچە كېيىن

ئۆلاردىن ئەپۇ سورىغان بولسامىمۇ).

سوئال: سىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىشى ياكى نەرسە نېمە؟

جاۋاب: مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىشى — ئايالىم، ئەڭ ياقتۇرىدىغان نەرسە — كىتاب. چۈنكى، ئايالىم بىلەن شۇنچە يىلدىن بېرى بەختلىك ياشاۋاتىمىز. كىتاب بولسا مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئۇستازىم.

سوئال: ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس ئىش قايسى؟

جاۋاب: پەرزەنتىمنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى ۋە تۇنجى كىتابىمنىڭ نەشر قىلىنىشى.

سوئال: سىزگە ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن كىشى كىم؟

جاۋاب: ئاتا ـ ئانام.

سوئال: ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىنى نېمە دەپ ئويلايسىز؟

جاۋاب: ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىم چىقىشقاقلىق، تىرىشچانلىق، ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمنى دەرھال ھېس قىلىش، كەچۈرۈم سوراشتىن خىجىل بولماسلىق.

سوئال: ئۆزىڭىزنىڭ قايسى تەرىپىنى ياقتۇرمايسىز؟

جاۋاب: بىرسى، سېمىز، كېلەڭسىز تۇرقۇمنى ياقتۇرمايمەن؛ يەنە بىرسى، كۆپىنچە ھاللاردا چاقچاق قىلدىم دەپ شۆپۈك ئېغىزلىق قىلىپ قويىمەن.

سوئال: قانداق ئادەم بولۇشنى بەكرەك ئارزۇ قىلىسىز؟

جاۋاب: قولۇم ـ قوشنا، تونۇش ـ بىلىش، دوست ـ بۇرادەرلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقان، بالىچاقىلىرى ھۆرمەتلەيدىغان، ئادىمىلىك پەزىلىتىگە قول قويىدىغان ئاددىي ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. يەنە خەلقىمنىڭ مېنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ يازغۇچى دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى بەكمۇ تەمە قىلىمەن.

سوئال: ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ خۇشال بولغان ۋاقتىڭىز قايسى؟

جاۋاب: 2004 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2005 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ۋاقتىم.

سوئال: ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتىنى نېمە دەپ ئويلايسىز؟

جاۋاب: مېنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتىم ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، ۋاقىتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئەدەبىياتنىڭ ئېگىز بوسۇغىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاتلىيالىدىم.

سوئال: ئەڭ چوڭ ئارزۇيىڭىز نېمە؟

جاۋاب: ئىنساننىڭ قەلبىدە ھەر خىل ئارزۇلار بولىدۇ. ھازىرقى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم جىقراق پۇل تېپىپ، ئاشۇ پۇل بىلەن ئىككى قىزىمنى ئالىي مەكتەپنى قىسىلدۇرماي ئوقۇتۇش.

سوئال: سىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىتاب قايسى؟ نېمە ئۈچۈن ياقتۇرىسىز؟

جاۋاب: مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىتاب «جالالات خېنىم»، چۈنكى بۇ كىتابنى مەن يازغان.



# ئارزۇيۇم: خەلق ئېتىراپ قىلغۇدەك يازغۇچى بولۇش (5)

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلىرىدىن ئايىسىمە ئىدرىس، مۇنىرىدىن شەمشىدىن، دىلبەر ئابلەتلەر بىلەن سۆھبەت

سوئال: يەكەن دىيارىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سىلى، رىزۋانگۈل يۇسۇپ، ئابدۇكېرىم قادىر ئۇچىگىلار نۆۋەتتىكى پىروزىمىزدا ئۇچ پۇتلۇق داڭقاندەك ھالەت ۋە ۋەزنىگىلار بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ بېرىۋاتىسىلەر، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلەردە بەزى ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىقلار بار ئىكەن. سىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىش، ئەدەبىياتىمىزغا قوشقان تۆھپەڭلەرنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، يېقىندا نەشردىن چىققان رومانلىرىڭلارنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە بۇ سۆھبەتنى ئۇيۇشتۇردۇق، سىلەرنىڭ سۆھبەتكە قارىتا پىكىرىڭلارنى ئاڭلاپ باقساق.

جاۋاب: ھازىر ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ھە دېسىلا سۆھبەت ئېلىپ بارساق، دەيدىغان بولۇۋالدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، كىشىلەر سۆھبەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇشقا خېلى قىزىقىدىكەن. ھازىر ھەقىقەتەن يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت كۆپرەك بولۇۋاتىدۇ. سۆھبەتنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمۇ كۆپ، بىراق ھەقىقىي تەتقىقات قىممىتى ئاز. سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئەسەرلىرىمنى ئوقۇپ،

تەسىرات بولسىمۇ يېزىپ باقساڭلارمىكىن، دەيمەن. بۇنىڭدا شۇ يازغۇچىغا ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىلمىي نۇقتىدىن باھا بەرگىلى، يېڭىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يول ئېچىپ بەرگىلى، شۇ ئارقىلىق ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەھلىل قىلغىلى بولامدىكىن، دەيمەن. لېكىن، يازغۇچىنىڭ نەزىرى بىلەن ئوقۇرمەنىنىڭ نەزىرى، چۈشىنىشى بىر يەرگە كەلمىكى تەس. يازغۇچى ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى بىلەن يازىدۇ. ئوقۇرمەنمۇ ئۆزىنىڭ مەنتىقىسى بىلەن چۈشىنىدۇ. شۇڭا، نوقۇل سۆھبەتلەر ئارقىلىق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

سوئال: چوغلان دېگەن تەخەللۇسىڭىز ئارقا كۆرۈنۈشىنى، سىلىگە نىسبەتەن ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا؟

جاۋاب: چوغلان مېنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسۇم ئەمەس، بەلكى فامىلەم. ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇرۇمچىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلار ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۆزلىرى باش بولۇپ فامىلە قوللاندى. شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە ئەدىب ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى مۇئەللىم بىلەن دىدار مۇلاقەتتە بولدۇم. ئۇ ماڭا فامىلە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. مېنى ۋاقتىدا فامىلە قوللىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى، ئاساسلىقى قەشقەردىكى ياشلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى فامىلە قوللىنىشقا يېتەكلەشكە دەۋەت قىلدى. گەرچە بەرقى مۇئەللىمنىڭ يېشى مەندىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەن قايىل بولىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان ياش قەلەمكەشلەرنىڭ بىرسى. شۇڭا، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم ـ دە، قايتا ئويلىنىش، تاللاش ئارقىلىق چوغلان دېگەن بۇ سۆزنى ئۆزۈمگە فامىلە قىلدىم.

سوئال: ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىد، ئوبزورچىلىقتا بولغان قاراشلىرىنى ئاڭلاپ باققۇمىز بار.

جاۋاب: ھازىر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ نەزەرىيەۋىچانلىقى

تولىمۇ ئاجىز. ئون يىل ئىچىدە بىرەر ئەسەر توغرىسىدا بىرەر ئىلمىي بەس ـ مۇنازىرە بولمىدى. سەۋەب: كىشىلىك مۇناسىۋەت بەكمۇ نازۇكلىشىپ كەتتى. ئالدى بىلەن ئاپتورغا قاراپ باھا يازىدىغان، شېرىن ـ شېكەر تىل بىلەن يازىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. بەزىلەر بىرنەرسە دەي دېسىمۇ، كىتابقا بەكرەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئوقۇمايدۇ. بەزى ئوبزورچىلاردا يەنە ئاز ـ تولا قېيىداشمۇ بار. جاپا چېكىپ يازسا نەشرىيات، مەتبۇئاتلاردا بېسىلىپ قېلىۋاتقان... ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا كۆپرەك ئورۇن بەردۇق، دېگەن خېلى چوڭ، نوپۇزلۇق ژۇرناللارمۇ بۇ خىل خاھىشتىن مۇستەسنا ئەمەس. مېنىڭ ئەسىرىمگە بىر پارچىلا ئوبزور يېزىلدى. قالغانلىرى كىتابخانلىق تەسىراتى، يۈزەكى تەسىرات.

ئوبزور دېگەن مۇكەممەل نەزەرىيە بىلەن ئوبيېكتىپ ئەسەرنىڭ بىرىكمىسى. ئوبزور ئەدەبىياتنىڭ ئاساسى. ئوبزور كۆپ بولسا ئەدەبىيات نەزەرىيەلىرىنى بېيىتىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەسىرى توغرىسىدا يېزىلغانلارنىمۇ تولۇق ئوقۇيمەن. باشقىلارنىڭ ئەيىبى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تېپىمۇ بىلگىلى بولىدۇ. تەتقىقاتتا نەزەرىيە ناھايىتى مۇھىم، ئەمما بىزدە نەزەرىيە نامراتلىقى خېلىلا ئېغىر.

مۇھەممەت پولات 1994 ـ يىلى غۇلجىدىكى «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنىدا مېنى خالىدە ئىسرائىل خانىم بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدى. شۇ چاغدا ئۇ خالىدە ئىسرائىلغا مېنى «ھازىر ياخشىراق بىرنەرسە يازمىدى، كېيىنچە يازسا چوقۇم ئوبزور يازىمەن» دېگەنىدى. لېكىن، ھازىرغىچە تېخى بىرنەرسە دېمىدى. مۇھەممەت پولات خالىدە ئىسرائىلغا «سىلىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، مەن ئوبزور يازالمىدىم» دەپ ئىنتايىن سەمىمىي گەپ قىلغانىدى. بىزدە تەنقىدچىلەر ئىنچىكە، كىچىك نۇقتىلار بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرمەي، ھەممىلا تەرەپكە تەڭ ئېسىلىۋالىدۇ.

كۆڭلۈمگە كەلگىنى «كىتابىڭنى ئەۋەتىپ بەرسەڭ، بىر نەرسە يېزىپ قوياي» دېگەنلەرمۇ بولدى. قاراڭلار، تېخى مەن تەنقىدچىلەرگە ئالايىتەن كىتاب ئەۋەتىپ بېرىپ ماقالە يازدۇرىدىكەنمەن. ناۋادا كىتابلىرىمنى تاپالمىسا باشقا گەپ، لېكىن بۇ تەلەپلەر ماڭا تازا ياقمىدى.

بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ماختاشقا بەك ئامراق. يالقۇن روزى يازغان بەزى ئوبزورلاردا شۇ نەرسىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇنىڭدا كەسكىن مەيدان ۋە جاسارەت بار. ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغان بەزى كىشىلەر چۆچۈدى، گەرچە مېنى بىر نېمە دېمىگەن بولسىمۇ، مەنمۇ دىققەت قىلىدىغان بولدۇم.

سوئال: ئەسەرلىرى ئەۋەتىشلىرى هامان ئېلان قىلىنغانمۇ؟ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنسا خۇشاللىق هېس قىلامدىلا؟

جاۋاب: دەسلەپتە يازغانلىرىم كۆپلەپ ئېلان قىلىنسا، ئۆزۈم نەشرىيات، مەتبۇئاتلاردا ئىشلەپ قالسام، دەپ خىياللارنى سۈرۈپ باقاتتىم. 1994 ـ يىلى ئەركىن نۇر بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ: «ئېلان قىلىنمىغاندىن ئېلان قىلىنغاننىڭ ئازابى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ» دېدى. كېيىن بۇ سۆزنىڭ تېگىگە ھەقىقەتەن يەتتىم. ئەدەبىيات پۇشايمان سەنئىتى. «جاللات خېنىم» رومانىمدا ئىسمائىلخان يوقاپ كېتىپتىكەن، نەگە كەتكەنلىكىگە ئۆزۈممۇ دىققەت قىلماپتىمەن. باشقىلارنىڭ دەپ بەرگىنىدىن بىلدىم. ئەسەرنى ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاۋۇ يەر، ماۋۇ يەرلىرىنى مۇنداق يازسام بوپتىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم... مۇمكىن بولسا بىر قىسىم ئەسەرلىرىمنى قايتا ئىشلەپ نەشر قىلدۇرغۇم بار...

سوئال: يېزىقچىلىق ئادەتلىرى قانداق؟

جاۋاب: يېزىقچىلىقنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. ياز پەسلىدىلا يازالمايمەن. مەن ئالدى بىلەن خاتىرىگە يازىمەن، مېنىڭ خېتىم ئەزەلدىن سەت، ئەپسۇسلۇق ھېس قىلسامۇ تۈزىتەلمەيمەن. يېڭى يېزىقتا ئوقۇغان، يازغانلىرىمنى باشقا

قەغەزگە يەنە كۆچۈرىمەن. لېكىن، ھازىر سالامەتلىكىمگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىنمۇ، ئۆزۈن بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. قولۇم ئىششىپ، بوينۇم قىڭغىر بولۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدى. يېزىۋېتىپ ئوقۇيمەن، بولمىغان يەرلىرىنى قايتا يېزىۋالىمەن، يازالماي قالسام يازغانلىرىمنى ئوقۇپ باقىمەن. كومپيۇتېرغا كۆنەلمىدىم.

(ياسىنجاننىڭ ئائىلە كىتابخانىسىدا ئۇنىڭ يىگىرمە يەتتە پارچە خاتىرىگە قول بىلەن يېزىلغان «باھادىرنامە» رومانىنىڭ دەسلەپكى قول يازما خاتىرىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ جاپاسىدىن ھەقىقەتەن تەسىرلەندۇق، ئۇ بۇ قول يازمىنى يەنە بىر قېتىم كۆچۈرىدىكەن.)

سوئال: تۇنجى ئەسەرلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرەملا؟ يېزا تېمىسىدىكى ئەسەرلىرى ھەققىدە كۆپرەك بىلگۈمىز بار.

جاۋاب: مەن تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرەتكەندە بىر رومان يېزىپ باققان، ئارگىنالىنى ساقلاپ قويدۇم. ئاندىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى قىز ـ ئوغۇللار مۇھەببىتىنى ھېكايە قىلىپ يازدىم. كېيىن يېزا تۇغرىسىدا يېزىپ باقتىم. يېزا تۇغرىسىدا يازغىنىم ئاساسەن تۇرۇلمىگە بولغان تونۇشۇم، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەكس ئەتكۈزۈش بولدى. «چىلان تۇپراق»، «چاشقان ئاپىتى»، «بېلىقچى ھەققىدە ھېكايە»، «قومۇلۇق» قاتارلىق ھېكايىلەر شۇ چاغلاردا يېزىلغان. ھازىر يازمىغىنىم يېزىلاردىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. كېيىن ئەخلاق تېمىسىنى يازدىم. تارىخىي تېمىدا يازدىم. ئەمما، بىرلا خىل تېمىدا يېزىۋەرسەم بىر ئىزىمغا سەكرەيدىغاندەك ھېس قىلدىم. ئەخلاق تېمىسىدىكى «تەنھا شەھەر»، «نازىنىن قىزلار»نى يازدىم. كېيىن يېزا تۇرمۇشى ئارىلاشقان «ئالتۇن جۇۋان»، «پاتىمەنىڭ كۆڭلىكى» قاتارلىقلارنى يېزىپ شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرماقچى بولدۇم.

سوئال: ئۆزلىرى بىلەن دەۋرداش رىزۋانگۈل يۇسۇپ،

ئابدۇكېرىم قادىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇيدىغانلا؟

جاۋاب: مەن ھەر ئىككىيلەننىڭ ئەسىرىنى قالدۇرماي ئوقۇيمەن. مۇنداقلا دەيلى، ئۈچىمىز يېزىغا بېرىپ، مەن ئۇ يەردە يېزىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى، تۈزۈلمىنىڭ دېھقانلارغا بولغان تەسىرىنى يازدىم، ئابدۇكېرىم يېزىدىكى بىر ئائىلىگە كىرىپ شۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىنى يازدى. رىزۋانگۈل شۇ ئائىلىدىكى بىر ئايالنى ياكى شۇ ئائىلىنىڭ قىزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى قېزىپ چىقتى.

سوئال: يازغۇچىلار كىتاب ئوقۇپ تۇرسا ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولىدۇ ـ ھە؟!

جاۋاب: كىتاب ئوقۇمىغان كىشى يازغۇچى بولالمايدۇ. بەزىلەر «مەن بەك تاللاپ ئەسەر ئوقۇيمەن» دەيدىكەن. مەن بەك تاللاپ كەتمەيمەن. لېكىن، جۇغلاپ قويۇپ ئوقۇيمەن. ھازىر ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلىدىغانلار بولسۇن ياكى خېلى نەتىجە قازانغانلار بولسۇن، ئانچە كۆپ كىتاب ئوقۇمايدىكەن. مەن ئەزەلدىن كىتابنى بەك ئوقۇيمەن. يېقىندىن بېرى «جالالىددىن رۇمى»نى ئۈچ قېتىم، «تەسەررۇپ پەلسەپىسى»نى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بولدۇم. مېنىڭ بىر ئەپسۇسلىنىدىغىنىم: ئادەم ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ئالالمىغان بىلىمنى كېيىن ھەرگىزمۇ ئېلىپ بولالمايدىكەن.

سوئال: يېزا تېمىسىدا ئەسەر يېزىشتىن ئېرىنمىگەنلا؟ شەھەر ئەدەبىياتى ھەققىدە دەيدىغانلىرى بارمۇ؟

جاۋاب: باشتا يېزا تېمىسىدا يازغان، ھازىرمۇ يېزا تېمىسىدا يېزىشنى ئويلايمەن. لېكىن، يازساممۇ بۇرۇنقى شەكىلدە يازمايمەن. يېقىنقى يىللاردا يېزا تېمىسى سۇسلاپ قالدى. تۇرسۇنجان سادىقنىڭ 1992 ـ يىلى تۇنجى «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «تاختا كۆۋرۈك» ھېكايىسىنىڭ تەمى ھېلىمۇ ئېسىمدە بار. بۇ ھېكايە ھەقىقەتەن يېزا تېمىسىدا

يېزىلغان قالتىس ھېكايىلەرنىڭ بىرسى ئىدى.

«شەھەر ئەدەبىياتى» بۇ بىر ھادىسە. شەھەر تۇرمۇشىمۇ يېزىلىشى كېرەك. شۇڭا، بىزدە شەھەر ئەدەبىياتى بولمىسا بولمايدۇ. ياخشى يېرى «تەڭرىتاغ»، «مايبۇلاق» ژۇرناللىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى بىلەن بۇ تېمىدا ياخشى سۆھبەتلەر، تەرەققىياتلار بولۇندى. «تەنها شەھەر»، «شەرەنداز ئايال»، «نازىنىن قىزلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىمدە شەھەر تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن.

سوئال: سىلىنىڭ ھەربىر ئەسەرلىرىنىڭ تىلىدا ئۆزگىچىلىك بار. ئەسەرلىرىنىڭ تىلىغا ئالاھىدە ئىشلەمدىلا؟

جاۋاب: يازمىلىرىمنىڭ تىلىغا ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئىشلەيمەن. يېزا تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىمدە دېھقانلارنىڭ ھەم ساددا، ھەم مەنىلىك تۇرمۇش تىللىرىنى يېزىشقا تىرىشتىم. «جاللات خېنىم»نى يازغاندا شۇ زاماندىكى مۇھىتقا كىرىپ تۇرۇپ يازىمەن دەپ ئويلىغان ھەم شۇنداق يېزىپ چىقتىم دەپ قارايمەن.

سوئال: تۇنساقىز، يازغۇچىنىڭ (ياسىنجاننىڭ) ئايالى بولغانلىقلىرىغا قانداق قارايدىلا؟

جاۋاب: بۇرۇن كەلگۈسىنى پەقەت ئويلىمايتتىم. ياسىنجان بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىم ئاشتى. ئەدەبىيات كۆز قارىشىم، دۇنيا قاراشلىرىم ئۆزگەردى. مەنمۇ ھازىر ئۆزۈمنى بىر يازغۇچىدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. نەزەر دائىرەممۇ كېڭەيدى. گەرچە ئەسەر يازالمىساممۇ ياسىنجاننىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى مەن. ئاددىي ئوقۇرمەن سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە پىكىر بېرىمەن. بەزى ئەسەرلىرىنى ئاقققا كۆچۈرۈشۈپ بېرىمەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈچۈن ئىشلەش مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىكى بىر ھوزۇر.

سوئال: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھەممەت باغراشتىن كېيىن ئادەت، قاراشلارنى، ئەپسانىلەرنى يېزىش بىر مەزگىل مودا بولۇپ قالغان، سىلىمۇ مۇشۇ يولدىن مېڭىپ باقتىلىمۇ؟

جاۋاب: مەن چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «قىيامەت»لەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەپسانىلىرىمىزنى ھازىرقى مەدەنىيىتىمىز بىلەن يۇغۇرۇپ يېزىپ باقاي دەپ ئويلاپ، «ئالتۇن جۇۋان»، «تاۋۇس ئەللەيىن»، «پاتىمەنىڭ كۆڭلىكى»، «قارا قاغا» قاتارلىق ئەسەرلىرىمگە ئازراق سىڭدۈرۈپ باقتىم. تاللىغان دېتالغا دەل چۈشسە، مېنىڭچە، ئەپسانىلەردىن پايدىلانسا ناھايىتى ياخشى. لېكىن، باشقىلارنى دوراپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مۇۋاپىق كېلىپ قالسا مەنمۇ ئەپسانىلەردىن پايدىلىنىپ يېزىشىم مۇمكىن.

سوئال: ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي توقۇلمىغا قانداق قارايلا؟

جاۋاب: رېئال ۋەقەلىك ماڭا نىسبەتەن ھاياجان قوزغىغۇچى خېمىرتۇرۇچ. مەن بەدىئىي توقۇلمىدىن پايدىلىنىمەن. باشقىلار دەپ بەرگەننى ئانچە ياخشى يازالمايمەن. بەدىئىي توقۇلما ئەدەبىي ئەسەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

بەزەن ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى بەك ئويلاپ كەتمەيمەن. قۇرۇلما شەكىللەنگەندىن كېيىن يازىمەن. بەزىدە ئۇنداق ـ مۇنداق دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

ئەسەرلىرىمدە سۇژېت، ۋەقەلىك بەك پۇختا. تىلغا كەلسەك، ھەرقانداق يازغۇچى تىلغا ئىشلىمىسە بۇ ئەسەر ياخشى چىقمايدۇ. مېنىڭ بىر توقاي پىسخىك تەسۋىر ۋە بايان تىلىغىمۇ بەك يېپىشىۋالغۇم يوق. تەسۋىرگە كەلسەم، مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ مۇھىتنىڭ ئىچىگە قويۇپ ئەركىن يازىمەن.

سوئال: سىلى شېئىر ئوقۇملا؟

جاۋاب: شېئىرنى بەك ياخشى كۆرىمەن، لېكىن شېئىر يازالمىغانلىقىمدىن بەك ئەپسۇسلىنىمەن. گۆڭگا شېئىرلاردىن ھۇزۇرلىنالمايمەن. ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتا يېزىلغان مۇخەممەس، غەزەللەردىن بەكرەك ھۇزۇرلىنىمەن. ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلار ماڭا بەك يارايدۇ. مەن ئەمەلىيەتتە شېئىردىن تىل ئۆگىنىمەن.

كىلاسسىك شېئىرلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. كىلاسسىك شېئىرلار قەلبىمدە ھاياجان قوزغايدۇ. شېئىر چۈشىنىشلىك بولسا، كىشىدە سىلكىنىش پەيدا قىلالىسا، دەيمەن.

سوئال: لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئاڭلاپ باقساق؟

جاۋاب: مەن بۇ ھەقتىكى تەسىراتىمنى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «يازغۇچىنىڭ ۋاقتى» ناملىق ماقالەمدە تولۇق ئوتتۇرىغا قويغان، شۇڭا قايتا بىرنەرسە دېگۈم يوق.

سوئال: تۇرمۇشتىكى ئارمانلىرى، ئەدەبىي غايىلىرى نېمە؟

جاۋاب: ئارمانلىرىم بەك تولا، شۇڭا سۆزلەپ ئولتۇرماي. ئەدەبىي غايەم خەلقىم ياقتۇرغۇدەك يازغۇچى بولۇش.

سوئال: ئوقۇرمەنلەردىن كۈتىلا؟

جاۋاب: ئوقۇرمەنلەردىن بىرنەرسە كۈتمەيمەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ مەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئاقلاشقا، تەلەپلىرىنى ئورۇنلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن.

2009 - يىلى يانۋار، يەكەن

# ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ


**ئاپتورى:** ياسىنجان سادىق

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** زىلەيخا ئەزىز

**مەسئۇل كوررېكتورى:** زەمىرە پىدائىي

**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن

**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**تېلېفون:** 0991 - 2827472

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى:** 830001

**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى:** 14.875

**نەشرى:** 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2013 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىراژى:** 1 - 3000

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 17045 - 6

**باھاسى:** 41.00 يۈەن